# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى

## نور اليقين في سيد المرسلين

**تۈزگۈچى:** مۇھەممەد خۇزەرى (مىسىرلىق)

**ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:** مۇھەممەد سالىھ

**كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:** ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

بۇ كىتاب 1908 ـ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1327 ـ يىلى) قازاندا نەشر قىلىنغان ئەرەبچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان)

Unicode UKIJ

www.munber.org



## مۇندەرىجە

ئېسىل نەسەپ........................................................................ 14
ئېمىتىش ........................................................................ 20
رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى ........................................ 20
رەسۇلۇللاھنىڭ شامغا قىلغان تۇنجى سەپىرى........................................ 22
فۇججار ئۇرۇشى ........................................................................ 23
خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى ........................................................................ 25
رەسۇلۇللاھنىڭ شامغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى .................... 26
رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچىگە ئۆيلىنىشى........................................ 27
بەيتۇللاھنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ........................................ 28
رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى تىرىكچىلىكى........................ 32
رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەخلاقى ........................ 33
رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى الله تەرىپىدىن كۆرگەن ھۆرمەتلىرى ........................................ 36
تەۋراتتىكى بېشارەت........................................................................ 38
ئىنجىلدىكى بېشارەت ........................................................................ 42
رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدىكى پىكىرلىرى ........................................ 43
ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى........................................................................ 46
ۋەھىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى........................................................................ 49
ۋەھيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى........................................................................ 50
رەسۇلۇللاھنىڭ يوشۇرۇن دەۋەتكە ئۆتۈشى ........................................ 51
رەسۇلۇللاھنىڭ ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشى........................................ 60
رەسۇلۇللاھنىڭ تارتقان ئەزىيەتلىرى ........................................ 66
ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى........................................................................ 75
ھەبەشىستانغا قىلىنغان دەسلەپكى ھىجرەت ........................................ 90

ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ..... 91
ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ..... 92
قارارنامىنىڭ يېزىلىشى ..... 96
ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت ..... 97
قارارنامىنىڭ بىكار قىلىنىشى ..... 98
نەجران ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى ..... 99
خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ..... 101
رەسۇلۇللاھنىڭ سەۋدەگە ئۆيلىنىشى ..... 102
رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىشەگە ئۆيلىنىشى ..... 103
رەسۇلۇللاھنىڭ تائىفقا ھىجرىتى ..... 105
رەسۇلۇللاھنىڭ مۇتئىم ئىبنى ئەدىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى ..... 108
دوس قەبىلىسىنىڭ ئەلچىسى ..... 108
رەسۇلۇللاھنىڭ قەبىلىلەردىن ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئۆتۈنۈشى ..... 114
ئەنسارىلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىشى ..... 117
دارۇننەدۋىدىكى كېڭەش ..... 123
رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى ..... 125
رەسۇلۇللاھنىڭ قۇباغا چۈشۈشى ..... 129
پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىجرىتى ..... 129
رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىكى ئىشلىرى ..... 131
قۇبا مەسجىدى ..... 132
رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كىرىشى ..... 133
دەسلەپكى ئوقۇلغان جۈمە نامىزى ..... 134
رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشى ..... 135
مۇھاجىرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ..... 136
ئىسلام قېرىنداشلىقى ..... 137
رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىنىڭ ھىجرىتى ..... 138
مەدىنىدىكى تەپ كېسلى ..... 139
ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى 139
مەسجىد سېلىش ..... 140

www.munber.org





ئەزاننىڭ پەيدا بولۇشى ..... 141
مەدىنە يەھۇدىيلىرى ..... 145
مۇناپىقلار ..... 147
يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ..... 148
مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشى ..... 149
ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ..... 152
قۇشۇن ئەۋەتىش ..... 153
ۋاپات بولغانلار ..... 154
ۋەددان غازىتى ..... 155
بەۋات غازىتى ..... 156
ئۇشەيرە غازىتى ..... 156
1 ـ قېتىملىق بەدرى غازىتى ..... 157
قۇشۇن ئەۋەتىش ..... 157
قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ..... 159
رامىزان روزىسىنىڭ پەرز بولۇشى ..... 160
سەدىقە پىتىر ..... 160
زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشى ..... 161
چوڭ بەدرى غازىتى ..... 162
ئەسىرلەرنى تۆلەم بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىش ..... 179
قەينۇقا غازىتى ..... 187
قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ كۆچۈپ كېتىشى ..... 189
سەۋىق غازىتى ..... 190
ھېيت نامىزى ..... 190
ئەلىنى فاتىمىگە ئۆيلىنىشى ..... 191
كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ..... 192
غەتافان غازىتى ..... 194
بوھران غازىتى ..... 196
قوشۇن ئەۋەتىش ..... 196
ئۇھۇد غازىتى ..... 197

www.munber.org

ھەمرا ئولئەسەد غازىتى ................................ 210
مۇشۇ يىل يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ................................ 211
قۇشۇن ئەۋەتىش ................................ 215
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 216
بەنى نەزىر غازىتى ................................ 218
زاتۇرىغا غازىتى ................................ 221
كىيىنكى بەدرى غازىتى ................................ 222
يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ................................ 223
دۇمەتۇل جەندەل غازىتى ................................ 224
بەنى مۇستەلەق غازىتى ................................ 225
ئائىشە توغرىسىدىكى تۆھمەت ................................ 229
خەندەك غازىتى ................................ 235
ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلىتىش ................................ 240
مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى ................................ 242
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەھشنىڭ قىزى زەينەبگە ئۆيلىنىشى ................................ 248
يۈزنى يېپىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ................................ 252
ھەجنىڭ پەرز قىلىنىشى ................................ 256
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 256
بەنى لىھيان غازىتى ................................ 258
غابە غازىتى ................................ 260
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 261
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 262
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 263
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 263
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 264
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 265
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 266
ئەبۇ رافىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ................................ 266
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 269


www.munber.org






ئوكەل ۋە ئورەينە ۋەقەسى ................................ 270
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 271
ھۇدەيبىيە غازىتى ................................ 272
رىزۋان بەيئىتى ................................ 277
ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ................................ 277
قەيسەرگە مەكتۇپ يوللاش ................................ 284
ئەبۇ سۇفياننىڭ ئېيتقانلىرى ................................ 284
بۇسرا ۋالىسىغا مەكتۇپ يوللاش ................................ 288
ھارىس ئىبنى ئەبى شىمىرگە مەكتۇپ يوللاش ................................ 289
مۇقەۋقىسقا مەكتۇپ يوللاش ................................ 290
نەجاشىغا مەكتۇپ يوللاش ................................ 292
كىسراغا مەكتۇپ يوللاش ................................ 293
مۇنزىر ئىبنى ساۋىغا مەكتۇپ يوللاش ................................ 294
ئومانىنىڭ ئىككى ۋالىسىغا مەكتۇپ يوللاش ................................ 296
ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە مەكتۇپ يوللاش ................................ 297
خەيبەر غازىتى ................................ 298
ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ................................ 304
فەدەكنىڭ فەتىھ قىلىنىشى ................................ 305
تەيما سۈلھىسى ................................ 305
ۋادى قۇرانىڭ فەتھى قىلىنىشى ................................ 306
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 307
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 307
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 309
ئۆمرەنىڭ قازاسى ................................ 310
رەسۇلۇللاھنىڭ مەيمۇنىگە ئۆيلىنىشى ................................ 311
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 312
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 313
قوشۇن ئەۋەتىش ................................ 314
موئتە غازىتى ................................ 314


www.munber.org

قوشۇن ئەۋەتىش ........ 318
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 319
مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ........ 320
رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىشى ........ 329
ئاياللارنىڭ بەيئەت قىلىشى ........ 336
ئۇززا بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ........ 337
سۇۋا بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ........ 338
مانات بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ........ 338
ھۇنەين غازىتى ........ 338
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 343
تائىف غازىتى ........ 343
غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ........ 346
ھاۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 350
جىئىررانە ئۆمرەسى ........ 352
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 353
سۇدا قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 353
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 354
تەمىم قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 354
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 356
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 357
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 358
ئەدى ئىبنى ھاتەمنىڭ كېلىشى ........ 359
تەبۇك غازىتى ........ 360
ئەيلە ھاكىمىنىڭ كېلىشى ........ 365
زىرار مەسجىدى ........ 367
تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان ئۈچ كىشى ھەققىدە ھېكايە ........ 367
سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 369
لات بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى ........ 372
ئىبنى ئۇبەينىڭ ۋاپاتى ........ 374




www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ تەرجىمىھالى


ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ ۋاپاتى ........ 374
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 374
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 375
يەمەنگە ۋالىلارنى تەيىنلەش ........ 376
ۋىدالىشىش ھەجى ........ 377
ۋىدالىشىش نۇتقى ........ 378
ئەلچىلەر ........ 382
نەجران ئەلچىلىرى ........ 382
زىمام ئىبنى سەئلەبىنىڭ كېلىشى ........ 384
ئەبدۇلقەيس ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 385
بەنى ھەنىفە ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 386
تەي قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 387
كەندە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 387
ئەزدىشەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 388
ھەمىدانىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 390
تۇجىبنىڭ ئەلچىلىرى ........ 391
سەئلەبە ئەرەبلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 392
بەنى سەئد ئىبنى ھۇزەيىم ئەرەبلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 393
فۇزارە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 394
بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ........ 395
بەنى ئۇزرە ئەلچىلىرى ........ 396
بەنى مۇھارىب ئەلچىلىرى ........ 396
غەسسان ئەلچىلىرى ........ 396
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ۋاپات بولۇشى ........ 397
قوشۇن ئەۋەتىش ........ 397
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كېسەل بولۇشى ........ 399
ئەبۇبەكرىنىڭ نامازدا ئىمام بولۇشى ........ 400
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى ........ 402
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى ........ 405




www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىنىڭ كامىللىقى ................................ 408
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىنىڭ پاساھەتلىكى ................................ 409
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ ئېسىللىكى ............................ 412
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ چوڭلۇقى.................... 414
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى، ئەپۇچانلىقى .......................... 418
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىلىقى.............................................. 421
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلىقى ............................................... 422
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياسى.................................................. 423
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش مۇئامىلىسى .................................. 423
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى .................................. 425
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقى ........................................... 427
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى ........................................... 428
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىللىقى، ئاددى ـ ساددىلىقى، لەۋزىدە تۇرۇشى، ئىپپەتلىكلىكى ۋە راستچىللىقى.......................................................... 429
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىقى، تەمكىنلىكى، سۆزلەش ۋە سۈكۈت قىلىشتىكى بەزى پەزىلەتلىرى............................................ 430
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماسىزلىقى............................................ 431
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائەت- ئىبادىتى ....................................... 433
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى........................................... 435

www.munber.org





بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىزگە توغرا يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن، كۆزىمىزدىن قايمۇقۇش پەردىسىنى كۆتىرىۋەتكەن الله، سېنى مەدھىيىلەيمىز. گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ بۇيرۇغۇڭ بويىچە دىنىڭغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە دۇئا ۋە سالام يوللايمىز. سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئىزلەپ، رازىلىقىڭنى تىلەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ساھابىلەر [مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇپ، سۆھبىتىدە بولغان ۋە مۇسۇلمانلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن كىشى، ـ ت] گە ۋە ئۇلارغا باشپانا، ياردەمچى بولغان، ئىسلام دىنىنى كۈچەيتىش يولىدا ھېچنىمىسىنى ئايىمىغان ئەنسارى *[مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ (كۆچۈپ) بارغاندا مۇسۇلمان بولۇپ، يار ـ يۆلەكتە بولغان مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار ئەنسارىلار دېيىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تاكى ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى مەككە پەتھى (ئىشغال) قىلىنغانغا قەدەر مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇسۇلمانلار مۇھاجىرلار دېيىلىدۇ، ـ ت]* لارغا دۇئا ۋە سالام يوللايمىز.

مەن كىچىكىمدىنلا ئۆتكەنلەرنىڭ تارىخىنى، قەدىمقىلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ، خۇشاللىقتىن يايراپ كېتەتتىم؛ ئۇلارنى ئىنسانلار ئەقلىنىڭ ئەڭ ياخشى تەربىيىچىسى، ئەڭ سادىق ئۇستازى

www.munber.org

دەپ قارايتتىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىدا ئۇ زاتنىڭ خەلقنى دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا تارتقان ئەزىيەتلىرىنى، كۆرسەتكەن زور چىدامچانلىقلىرىنى، ھەتتا ۋەتىنى، يۇرتىدىن ئايرىلىپ ھىجرەت قىلىشنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ زور روھىي تەربىيە دەپ قارىدىم، چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىدا مۇسۇلمانلارنى بۈرۈنقى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ؛ بولۇپمۇ ھۆكۈمرانلارغا كىشىلەرنى جەلپ قىلىش، قارىمۇ ـ قارشى كىشىلەرنى ئۆز ئارا دوستلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار؛ ئەسكەر باشلىقلىرىغا كىشىلەرنى ئويۇشتۇرۇش، تەييارلىقلارنى پۇختا ئىشلەپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار؛ ئاۋامغا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئوقۇپ ناھايىتى خوشاللىناتتىم، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى تاشلاپ قويغانلىقىغا تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتىم. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئاز ئۇچراتتىم. لېكىن بۇ ماۋزۇدا يېزىلغان كىتابلار تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇنى ئوقۇيالمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل تۇتاتتىم.

مەن مەنسۇرە (مىسىر) شەھرىگە كېلىپ، مەنسۇرە شەھەرلىك ئارىلاشما سود قازىسى مەھمۇد بەگ سالىم بىلەن سورۇنلاردا بىللە بولۇپ قالدىم. ئۇ شۇنداق بىر دىنىي ئالىم ئىدىكى، مەن ـ مەن دېگەن كىشىلەرمۇ، ئەللامۇلارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى، ئاندا ـ ساندا بىرەر دىنىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالسا، ئۇ ناھايىتى ئېنىق ۋە



www.munber.org



توغرا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى توغرىسىدا ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە ئىدى، ئۇششۇقچە سۆزلەردىن ۋە چېگىشلىكلەردىن خالىي، مۇسۇلمانلار ئاممىسى پايدىلىنىدىغان بىر تەرجىمىھال ئىشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ئىدىم. ئەجەبا، بۇ ھۆرمەتلىك تەقسىر مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك ئويلاپتۇ، دەيتتىم. بىراق، ئۇنىڭ كۈتكىنىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، ئۈمىدىنى ئورۇنلاشقا بولغان ئىرادەمنى ئاجىز ھېسابلايتتىم، چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تارىخي ئۈستىدە توختىلىش چوڭ ئىش، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار تېخىمۇ چوڭ ئىدى. لېكىن مەنسۇرەدىكى چوڭ ئەرباپلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتىن باش تارتىشقا بولمىدى. ئۇلار بۇنداق پايدىسى كۆپ ۋە ئومۇمىي بولغان بىر كىتابنىڭ ئىشلىنىپ چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن اللە غا سۆيۈنۈپ، اللە نىڭ رازىلىقىدىكى ئىشقا كىرىشتىم. كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىش ئارقىسىدا مەقسەتكە يەتتىم. خۇداغا شۈكرى، بۇ كىتاب چۈشىنىش ئوڭاي، ئاساسىي ساغلام، كۆپچىلىك پايدىلىنىدىغان، كەسىپ ئەھلى مۇراجات قىلىدىغان بىر كىتاب بولۇپ چىقتى.

كىتابنى يېزىشتا ئاساسلانغان مەنبەلىرىم ئۇلۇغ قۇرئان ۋە ئىمام بۇخارى [تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئەبۇ ئابدۇللا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئىسمائىل. بۇ كىشى بۇخارادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن بۇخارى دەپ ئاتالغان. ئىمام بۇخارى تۈرك خەلقىدىن چىققان تەڭدىشى يوق مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس) ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنى كىتابلىرى ئىچىدە قۇرئاندىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب «سەھىھۇلبۇخارى» نىڭ مۇئەللىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام



www.munber.org

دۇنياسىدا داڭ چىقارغان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 256 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى) 62 يېشىدا ۋاپات بولغان. قەبرىسى سەمەرقەند شەھرىدىن تەخمىنەن 16 چاقىرىم كېلىدىغان خەرتەڭ دېگەن جايدا. ـ ت] ، ئىمام مۇسلىم [ئىسمى ئوبۇل ھەسەن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ھەيياج. ئىمام مۇسلىم ئاتاقلىق مۇھەددىس. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 206 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 831 ـ يىلى) نىشاپۇر شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 261 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 875 ـ يىلى) 55 يېشىدا ۋاپات بولغان، ـ ت] لار رىۋايەت قىلغان سەھىھ (توغرا) ھەدىسلەر بولدى. ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەتلىرىدىن پەقەت چۈشەندۈرۈشكە كېرەك بولغان سۆزلەرنىلا نەقىل كەلتۈردۈم. قازى ئىياز [شىمالى ئافرىقىلىق، مۇھەددىس. لەقىبى ئوبۇلفەزلى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى مۇسا. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 544 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1149ـ يىلى) 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، ـ ت] نىڭ «شىفا»، قەستالانى [ئىسمى ئەھمەد شاھابىددىن بولۇپ، مىسىرنىڭ قەستالانى دېگەن يېرىدە تۇغۇلغاچقا، قەستالانى دەپ ئاتالغان. قەستالانى داڭلىق ئىسلام ئالىملىرىدىن بىرى، ھىجرىيىنىڭ 923 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1517ـ يىلى) 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن] نىڭ «ھەلەپتە يېزىلغان تەرجىمھال»، ئىمام غەززالى [ھوججەتۇل ئىسلام ئەبۇ ھامىد ئىبنى مۇھەممەد غەززالى داڭدار ئىسلام ئالىملىرىدىن ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن بولۇپ، سالجۇقىلار دەۋرىدە ياشىغان. ئۇ سۇلتان مەلىك شاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ئالدىدا يۈز تاپقان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 505 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1111 ـ يىلى) تۇس شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن، ـ ت] نىڭ «ئىھيا ئۇ ئۇلۇمىددىن» («دىن ئىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا») ناملىق كىتابلىرىدىن

www.munber.org





پايدىلاندىم.

اللهدىن ئۆزىنىڭ زور مەرھەمىتى بىلەن ئۆلىما، ئەمىرلىرىمىزنى خوجىمىز ۋە شەپقەتچىمىز پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشكە ۋە دىنىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۈرۈشىنى سورايمەن.

ئەمدى اللهنىڭ قۇدرىتىدىن مەدەت تىلەپ، مەقسەتكە كېلەيلى.

## ئېسىل نەسەپ

دۇنياغا كېلىش بىلەن ئىنسانلارنى شەرەپكە ئىگە قىلغان ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا، ئانىسى ئامىنە ئىدى. ئامىنە قۇرەيش قەبىلىسى زۆھرە جەمەتىگە مەنسۇپ ئىمىرنىڭ قىزى ئىدى؛ ئابدۇلمۇتتەلىب قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ھۆرمەتلىك بوۋاي بولۇپ، قۇرەيشلار قىيىن ئەھۋاللارغا يولۇققان چاغدا ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلاتتى. چوڭ ئىشلاردا ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئاتىسى ھاشىم، ئانىسى سەلمە بولۇپ، ئۇ جەززەخ قەبىلىسى نەججار جەمەتىگە مەنسۇپ ئەمىرنىڭ قىزى ئىدى؛ ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇمەناف، ئانىسى ئاتىكە بولۇپ، ئۇ سەلىم جەمەتىگە مەنسۇپ مۇررەنىڭ قىزى ئىدى؛ ئابدۇمانافنىڭ ئاتىسى قۇسەي، ئانىسى ھوببا بولۇپ، ئۇ خۇزائە جەمەتىگە مەنسۇپ ھەلىلنىڭ قىزى ئىدى. جاھىلىيەت *{جاھىلىيەت ـ ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋر. ـ ت}* ۋاقتىدا بەيتۇللاھنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قىلىش، زىيارەتكە كەلگەنلەرنى سۇ ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەش، قۇرەيش قەبىلىسى بويىچە مەسلىھەت ئېچىش ھوقۇقى

www.munber.org

قۇسەيىنىڭ قولىدا ئىدى. مەسلىھەت يىغىنلىرى قۇسەيىنىڭ ئۆيىدە ئېچىلاتتى، جەڭدە تۇغ قاداش ئىشىمۇ ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. قۇسەي ئۆلۈش ئالدىدا، يۇقىرىقى ئىشلارنى ئوغۇللىرىدىن ئابدۇددارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن ئابدۇماناپنىڭ ئەۋلادى تاغىسى ئابدۇددار ئەۋلادىنىڭ يۇقىرقى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتەك پەخرى ئورۇنغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا قوشۇلماسلىق قارارىغا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دە ــ تالاش ئورۇشقا بىرىپ تاقىلىدىغان چاغدا، ئىككى تەرەپنىڭ ئەقىل ــ پاراسەتلىك ئادەملىرى ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئابدۇماناپ ئەۋلادىغا بەيتۇللاھقا تاۋاپقا بارغانلارنى زەمزەم سۈيى ۋە تاماق بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى بەردى. ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى ئابباسقىچە، مەزكۇر ۋەزىپە ئۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا ئابباس ئەۋلادىنىڭ باشقۇرىشىدا بولدى. ئەمما بەيتۇللاھنى باشقۇرۇش ۋە خىزمىتىنى قىلىش ۋەزىپىسى ئابدۇددار ئەۋلادىنىڭ ئىلكىدە قالدى، ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلار باشقۇرىۋەردى. بۇ ۋەزىپە ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار بولسا شەيبەنىڭ ئوغۇللىرى، شەيبە ئوسماننىڭ ئوغلى، ئوسمان ئەبۇ تەلھەنىڭ ئوغلى، ئەبۇ تەلھە ئابدۇلئۇززانىڭ ئوغلى، ئابدۇلئۇززا ئوسماننىڭ ئوغلى، ئوسمان ئابدۇددارنىڭ ئوغلى. تۇغ قاداش ۋەزىپىسىنىمۇ ئابدۇددار ئەۋلادى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ، بۇ ۋەزىپە ئۇلارنىڭ قولىدىن مۇسۇلمانلار خەلىپىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مۇسۇلمانلار خەلىپىسى ئۇنىڭغا ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان كىشىنى قويىدىغان بولدى. مەسلىھەت ۋە قارار چىقىرىش يىغىنلىرىنى ئېچىشمۇ مۇسۇلمانلار خەلىپىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى، قۇسەيىنىڭ ئاتىسى كىلاب، ئانىسى



www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

سەئىدنىڭ قىزى فاتىمە ئىدى، فاتىمە يامانىيەلىك بولۇپ، ئەزدۇشەنۇئە قەبىلىسىدىن ئىدى. كىلابنىڭ ئاتىسى مۇررە، مۇررەنىڭ ئانىسى ھىند ئىدى. ھىند بولسا فىھر ئىبنى مالىك جەمەتىگە مەنسۇپ سەرىرنىڭ قىزى ئىدى. مۇررەنىڭ ئاتىسى كەئىب، ئانىسى شەيباننىڭ قىزى مەھشىيە ئىدى. شەيبانمۇ فىھرى جەمەتىدىن ئىدى. كەئىبنىڭ ئاتىسى لۇئەي، ئانىسى قۇزائە قەبىلىسىدىن بولغان كەئىبنىڭ قىزى مارىيە ئىدى. لۇئەينىڭ ئاتىسى غالىب، ئانىسى يەخلۇدنىڭ قىزى ئاتىكە ئىدى. يەخلۇد نەزىر ئىبنى كىنانە جەمەتىدىن ئىدى. غالىبنىڭ ئاتىسى فىھرى، ئانىسى ھارىسنىڭ قىزى لەيلا ئىدى. ھارىس ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئىدى. رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا، فىھرى دەل قۇرەيشنىڭ ئۆز، فىھرنىڭ ئەۋلادى قۇرەيشلەر دېيىلىدۇ. قۇرەيش قەبىلىسى ئون ئىككى جەمەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇماناف جەمەتى، ئابدۇددار ئىبنى قۇسەي جەمەتى، ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي جەمەتى، زۆھرە ئىبى كىلاب جەمەتى، مەخزۇم ئىبنى يەقزە ئىبنى مۇررە جەمەتى، تەمىم ئىبنى مۇررە جەمەتى، تىم ئىبنى مۇررە جەمەتى، ئەدى ئىبنى كەئىب جەمەتى، سەھم ئىبنى ھەسىس ئىبنى كەئىب جەمەتى، ئامىر ئىبنى لۇئەي جەمەتى، تىم ئىبنى غالىب جەمەتى، ھارىس ئىبنى فىھرى جەمەتى، مۇھارىب ئىبنى فىھرى جەمەتى ئىدى. ئۇلاردىن مەككىدە ئولتۇراقلاشقانلار ساي قۇرەيشلىرى، مەككىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلار سىرت قۇرەيشلىرى دېيىلەتتى. فىھرنىڭ ئاتىسى مالىك، ئانىسى ئامىرنىڭ قىزى جەندەلە بولۇپ، ئامىر جۇرھۇملۇق ئىدى؛ مالىكنىڭ ئاتىسى نەزىر، ئانىسى ئەۋدان ئىبنى قەيس ئەيلاننىڭ قىزى ئاتىكە ئىدى؛ نەزىرنىڭ ئاتىسى كىنانە، ئانىسى تەمىم جەمەتىدىن مۇررەنىڭ قىزى بەررە ئىدى؛ كىنانەنىڭ



www.munber.org

ئاتىسى خۇزەيمە، ئانىسى سەئىد ئىبنى قەيس ئەيلاننىڭ قىزى ئەۋانە ئىدى؛ خۇزەيمەنىڭ ئاتىسى مۇدرىكە، ئانىسى قۇزائەلىك ئەسلەمنىڭ قىزى سەلما ئىدى؛ مۇدرىكەنىڭ ئاتىسى ئىلياس، ئانىسى شان ـ شەۋكەتلىك داڭدار خەنزەب ئىدى؛ ئىلياسنىڭ ئاتىسى مۇزەر، ئانىسى جەندە ئىبنى مەئىدنىڭ قىزى رەباب ئىدى؛ مۇزەرنىڭ ئاتىسى نىزار، ئانىسى ئەكىنىڭ قىزى سەۋدە ئىدى؛ نىزارنىڭ ئاتىسى مەئەد، ئانىسى جورھۇملۇق جەۋشەمنىڭ قىزى مۇئانە ئىدى؛ مەئەدنىڭ ئاتىسى ئەدنان ئىدى.

تارىخ ئالىملىرى ۋە مۇھەددىسلەر بىردەك توغرا دەپ قارىغان نەسەپ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى) ئەنە شۇ. ئەمما ئەدناننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەجدادلىرىنى ساناش دۇرۇس ئەمەس. قىسقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىغا يەنى كېيىن ئەرەبلىشىپ كەتكەن ئەرەبلەرنىڭ ئاتىسى ئىسمائىلغا يېتىپ بارىدىغانلىقى مەسىلىسىدە تارىخ ئالىملىرى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ پىكرى بىردەك. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئېسىل نەسەب، پاك ئاتىلار، پاك ئانىلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئاتىلىرىنىڭ پۈشتىدىن ئانىلىرىنىڭ قارنىغا يۆتكىلىپ، ئاخىرى تۇغۇلۇش بىلەن الله ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئەرەبلەر ئىچىدە ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولغان قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەنجىرسىمان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېسىل زاتلار، ئەرباپلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەر چاكىنا ئادەمنى ئۇچراتمايسىز، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ئەجدادلىرىمۇ نوپۇزلۇق، ئاتاقلىق قەبىلىلەردىن ئىدى. شۈبھىسىزكى، نەسەبى



www.munber.org



ئېسىل، تېگى پاك بولۇش پەيغەمبەرلىكنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قۇشۇلۇشى، ئەرەبلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە، قانۇنى يول بىلەن بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى جاھىلىيەتنىڭ پاھىشۋازلىقلىرى بىلەن بۇلغانمىغان. خۇداغا شۈكرى، الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭدىن پاك قىلغان.

### ئابدۇللانىڭ ئامىنىگە ئۆيلىنىشى ۋە ئامىنىنىڭ ھامىلدار بولۇشى

ئابدۇللا ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئەڭ ئامراق بالىسى ئىدى. ئابدۇللا ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنىڭغا ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنىنى ئېلىپ بەردى. ۋەھب ئابدۇمانافنىڭ ئوغلى، ئابدۇماناف زۆھرەنىڭ ئوغلى، زۆھرە كىلابنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ چاغدا ئامىنە نەسەپ ۋە قەبىلە جەھەتتىن قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئىدى. ئۇ ئابدۇللانىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىگە باش قويغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق بولغاندا ئاتىسى ئابدۇللا ۋاپات بولۇپ، ئەدى ئىبنى نەججارنىڭ ئەۋلادى بولغان تاغىلىرىنىڭ قېشىدا مەدىنىدە دەپنە قىلىندى. ئابدۇللا شام (سۈرىيە) غا سودا ئۈچۈن بېرىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، مەدىنىگە كەلگەندە قازا تاپقان ئىدى. ئامىنەنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ، بالىسى توغۇلدى. دۇنيانىڭ بولۇپ پۈشقاقلىرىغىچە مەرىپەت روھىنى تاراتقان، گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ بوۋاق بىلەن جاھان ئۇمىتۋارلاندى. مەرھۇم ئاسترونوم مەھمۇت پاشا *[مىسىرلىق ئاسترونوم، 1885 ـ يىلى ۋاپات بولغان، ـ ت]* مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەبىئۇل ئەۋۋەل (ھىجرىيىنىڭ 3 ـ ئېيى) نىڭ 9



www.munber.org

ـ كۈنى دۈشەنبە ئەتىگەندە تۇغۇلغانلىقىنى، بۇ ۋاقىتنىڭ مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە يەنى پىل ۋەقەسى *[ مەككىدە يۈز بەرگەن مەشھۇر ۋەقە. ئەرەبلەر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مۇھىم ۋەقەلەرنى تارىخ بېشى قىلىپ ھېسابلاش ئادەتلىرىگە ئوخشاش، ئەرەبلەرمۇ بۇ ۋەقەنى تارىخ بېشى قىلىۋالغان. قۇرئاندا پىل سۈرىسىدىمۇ بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ۋەقەنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، مىسىردىن كېيىن يەمەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەبەش پادىشاھلىرىدىن بىرى مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ كەئبىنى بۇزماقچى بولىدۇ. ئۇ چوڭ بىر پىلنى ئېلىپ كەلگەن، ئەرەبلەر مۇنداق پىلنى كۆرمىگەن ئىدى. كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيغەمبىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئۇلۇغ كەئبىنى ساقلاش يۈزىسىدىن اللہ دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدى. ئۇلارغا بىر تۈركۈم قۇشنى ئەۋەتىپ، شېغىل تاشلارنى ئاتقۇزۇپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى. قۇرەيشلەرنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش مۇشەققىتىدىن قۇتقۇزدى.]* نىڭ بىرىنچى يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى ھاشىم كوچىسىدا ئەبۇ تالىبنىڭ قورۇسىدا تۇغۇلدى، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئانىسى شەففا تۇغۇت ئانىسى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسىغا خوش خەۋەر يەتكۈزۈشكە كىشى ئەۋەتتى. چوڭ دادىسى خۇشال ھالدا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئات قويدى. بۇ ئىسىم بۇرۇن ئەرەبلەر ئىچىدە قوللىنىلمىغان. اللہ ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان تەۋرات**{***يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى، ت***}**، ئىنجىل**{***خىرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى، ـ ت***}**غا ئوخشاش



www.munber.org



كىتابلاردا بۇ ئىسىم زىكرى قىلىنغان. اللہ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن رەسۇلۇللاھنى شۇنداق ئاتاشنى چوڭ دادىسىنىڭ كۆڭلىگە سالغان. ئاتىسى ئابدۇللانىڭ دېدىگى، ھەبەشلەردىن بولغان ئۇممۇ ئەيمەن بەرەكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەربىيە ئانىسى بولدى. ئۇنى بىرىنچى قېتىم ئىمىتكەن ئايال تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ دېدىگى سۇۋەيبە ئىدى.

## ئېمىتىش

بالىنىڭ زىرەك بولۇشى ئۈچۈن سەھرادىن ئىنىكانا تېپىپ كېلىپ بالىلىرىنى ئەمگۈزۈش ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى ئىدى، شەھەرلەردە تەربىيىلەنگەن بالا گالۋاڭ، بوشاڭ بولىدۇ، دېيىشەتتى. سەئىد ئىبنى بەكرى قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم ئاياللار ئەمگۈزىدىغان بالا ئىزلەپ كېلىدۇ، ماختاشقا لايىق بوۋاق مۇھەممەد بەنى سەئەئىد قەبىلىسىدىن ئەبۇ زو ئەيىبنىڭ قىزى ھەلىمىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. ھەلىمىنىڭ ئېرىنىڭ ئىسمى ئەبۇكەبشە ئىدى. قۇرەيش خەلقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغان چاغدا، ئۇنى ئەبۇ كەبشىگە مەنسۇپ قىلغان، ئەبۇ كەپشىنىڭ ئوغلى ئاسماندىن سۆزلەيدۇ، دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەمگۈزگەن تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدا، ھەلىمىنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ياغقان.

## رەسۇلۇللاھنىڭ كۆكرىكى يېرىلىش ۋەقەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلىمىنىڭ تەربىيىسىدىكى ۋاقىتىدا مۇھىم ۋەقە يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكى



www.munber.org

يېرىلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئېلىپ تاشلاندى. بۇ ۋەقەدىن قورقۇنچ ئىچىدە قالغان ھەلىمە ئۇنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەلىمە بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: " ئۇ قېرىنداشلىرى (ھەلىمىنىڭ بالىلىرى) بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا قوزىلار ئارىسىدا ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ قېرىندىشى (ھەلىمىنىڭ بالىسى) يۈگۈرۈپ كىرىپ، ماڭا ۋە دادىسىغا : ھېلىقى قۇرەيشلىك قېرىندىشىمنى ئاق كىيىملىك ئىككى كىشى تۇتۇۋېلىپ ياتقۇزۇپ، قورسىقىنى يېرىپ قامچا بىلەن قوچىۋاتىدۇ، دېدى. ئاتىسى بىلەن ئىككىمىز چىقىپ قارىساق، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ. ئىككىمىز ئۇنى قۇچاقلاپ: نىمە بولدۇڭ ئوغلۇم؟ دەپ سورىساق، ئۇ: ئاق كىيىملىك ئىككى كىشى كېلىپ، بىرسى ھەمرىيىغا مېنى كۆرسىتىپ: مۇشۇمۇ؟ دېۋىدى، ھەمرىيى: شۇ! دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا ئېتىلدى ۋە مېنى ياتقۇزۇپ قورسىقىمنى يېرىپ، بىر نەرسىنى ئاختۇرۇپ ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايمەن، دېدى."

رەسۇلۇللاھنىڭ ئامىنە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قولىغا قېلىشى، ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەبۇ تالىبنىڭ قولىغا قېلىشى

ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەلىمىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ، ئابدۇللانىڭ تاغىلىرىدىن بولغان ئەدى ئىبنى نەججار جەمەتىنى يوقلاش ئۈچۈن مەدىنىگە بىللە ئېلىپ باردى. ئامىنە مەدىنىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا ئەبۋا *[مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىسىدىكى بىر كەنت بولۇپ، مەككىدىن مەدىنىگە يېقىنراق] دېگەن* جايدا قازا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇممۇ ئەيمەن باقتى، چوڭ



www.munber.org



دادىسى ئابدۇلمۇتەللىب ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسىدە بۈيۈك ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئالامەتلەردىن بايقىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بالىسىدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈنەتتى، ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 8 ياشقا كىرگەندە ئابدۇلمۇتەللىب ۋاپات بولدى، شۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ تالىبنىڭ قولىغا قالدى، ئەبۇ تالىب ئۇنىڭغا كۆيۈمچان ۋە ھامى ئىدى. ئەبۇ تالىبنىڭ قولى قىسقا ئىدى. الله ئۇنىڭ ئاز مېلىنى بەرىكەتلىك قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ تەربىيىسىدە بولغان مۇددەتتە قانائەتچانلىقتا، ئادەتتىكى ئۇششاق بالىلار شۇغۇللىنىدىغان مەنىسىز ئىشلاردىن يىراق بولۇشتا نەمۇنە ئىدى. تەربىيە ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەننىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تاماق ۋاقتىدا بالىلار كېلىپ تالىشىپ كەتسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بېرىدىغانلىقىغا قانائەتلىنىپ تۇراتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ شامغا قىلغان تۇنجى سەپىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 12 ياشقا كىرگەندە، تاغىسى ۋە تەربىيىچىسى تىجارەت بىلەن شامغا بارماقچى بولدى، پەيغەمبىرىمىزگە تاغىسىدىن ئايرىلىش ئېغىر تۇيۇلدى. تاغىسىنىڭ ئىچى ئاغرىپ ئۇنى بىللە ئېلىپ باردى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى سەپىرى بولدى. ئۇلار شامدا ئۇزاق تۇرمىدى. كارۋاندىكىلەر بۇسرا (سۇرىيە بىلەن ئەرەبىستان ئارىسىدا چېگرىغا جايلاشقان كەنت) ئەتراپىدا راھىب *[يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي باشلىقى. ـ ت]* بەھىرا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بەھىرا ئۇلاردىن يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىدا بايان



www.munber.org

قىلىنغان، مۇشۇ ئەرەبلەر ئىچىدىن مەيدانغا كېلىدىغان پەيغەمبەر توغرىلىق سورىدى. كارۋاندىكىلەر ئۇنداق كىشىنىڭ تېخى مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى .ئېيتتى. يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب *[تەۋرات ئىنجىلغا ئىشەنگەن قىلىدىغان خەلقلەر.ـ ت]* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئاشۇنداق سۆزلەرنى كۆپ قىلىشاتتى. "ئۇلار بۇرۇن ئىپتىراپ قىلغان پەيغەمبەر مەيدانغا كەلگەندە، ئۇنى ئىنكار قىلىشتى، الله كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ." (سۈرە بەقەرە، 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## فۇججار ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 20ياشقا كىرگەندە فۇججار ئۇرۇشىغا قاتناشتى. بۇ ئۇرۇش كىنانە ۋە قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن قەيس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا بولدى. ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ھىرە *[فۇرات دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر.ـ ت]* دىكى ئەرەب پادىشاھى نۇئمان ئىبنى مۇنزەر ھەر يىلى ئوكاز بازىرىغا مال ئەۋەتىپ ساتتۇراتتى. نۇئمان مالنى خەلق ئىچىدە گېپى ئۆتىدىغان نوپۇزلۇق ئادەمنىڭ ھىمايىسىدە ئەۋەتەتتى. بىركۈنى كىنانە قەبىلىسىدىن بەراز ئىبنى قەيس نۇئماننىڭ ھوزۇرىدا بۇلۇپ قالدى. بەراز قانخور، ھەددىدىن ئارتۇق يامان بولغاچقا، قەۋمى ئۇنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئىدى. نۇئماننىڭ ھوزۇرىدا ئۇرۋە ئىبنى ئوتبەتۇر رەھھالمۇ بارئىدى. نۇئمان: مېنىڭ تىجارەت مېلىمنى كىم قوغداپ ئوكازغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ؟ دېدى. بەراز: مەن ئۇنى كىنانە قەبىلىسىدىن قوغداپ يەتكۈزۈپ قويىمەن، دېدى. ئۇرۋە نۇئمانغا: يارايسەن، پەسكەش ئىت سېنىڭ مېلىڭنى قوغدىيالامدۇ؟ مانا مەن مېلىڭنى پۈتۈن ئەرەبلەردىن

www.munber.org





قوغدىيالايمەن، دېدى. بەراز: ئى ئۇرۋە، نۇئماننىڭ مېلىنى كىنانە قەبىلىسىدىنمۇ قوغدىيالامسەن؟ دېدى. ئۇرۋە : پۈتۈن كىشىلەردىن قوغدىيالايمەن!دىدى. بەراز بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قۇيۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى. ئۇرۋە تىجارەت بىلەن سىرتقا چىققاندا، ئۇنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى. بەراز ئۆزىنىڭ كىنانە قەبىلىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇرۋەنىڭ قەيس قەبىلىسىنىڭ كىنانە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. قەيس قەبىلىسى خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قوزغىلىپ چىقىپ، نەخلە (مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىسىدىكى جاي) دېگەن جايدا قۇرەيش ۋە كىنانە قەبىلىلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىققاندا، قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن كىنانە قەبىلىسى مەغلۇب بۇلۇپ، پانا ئىزلەپ ھەرەمگە كىرىۋالدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن بىللە ئىدى. قەيس قەبىلىسىدىكىلەر ئۆز دۈشمەنلىرىگە: بىز ئۇرۋەنىڭ قېنىدىن كەچمەيمىز! كېلەر يىلى ئوكازدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشىمىز! دەپ قايتىپ كەتتى.ئۇلار يۇرتىغا بېرىپ، ئۆز قەۋمىنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ياندۇرقى يىلى قەيس قەبىلىسى ئادەملىرىنى ۋە تەرەپدارلىرىنى يىغدى. سەقىب قەبىلىسى ۋە باشقىلار قەيس قەبىلىسى تەرەپ بولۇپ كېلىشتى. قۇرەيش قەبىلىسىمۇ كىنانە قەبىلىسىنى ۋە مەككىنىڭ جەنۇبىدىن ئادەملىرىنى يىغدى، بۇلار قۇرەيشنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئىدى. ھاشىم جەمەتىنىڭ باشلىغى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتەلىب ئىدى. زۇبەيرنىڭ قېرىنداشلىرى ئەبۇ تالىپ، ھەمزە، ئاbbاس ۋە ئابدۇللانىڭ ئوغلى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى.ھەرب ئىبنى ئۇمەييە قۇرەيش قەبىلىسى بۈيىچە ياشانغان ۋە نوپۇزلۇق كىشى

www.munber.org

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بەنى ئۇمەييە ئايمىغىنىڭ ۋە پۈتۈن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ رەھبىرى ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھەر بىر ئايمىغىنىڭ باشلىقى بار ئىدى. ئۇلار ئۇرۇشۇپ كىرەلىشىپ كەتتى، بۇ ئۇرۇش ئەرەب ۋەقەلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش بولدى. ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس بولغان مەككىنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغانلىقتىن، بۇ ئۇرۇش فۇججار ئۇرۇشى(گۇناھكارلار ئۇرۇشى) دەپ ئاتالدى. قەيس قەبىلىسىگە بەختسىزلىك يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان بەزى قەبىلىلەرمۇ مەغلۇب بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئارىسىدىن بىرسى چىقىپ، ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنى ساناپ چىقىپ، ئادىمى ئاز ئۆلگەن تەرەپ ئادىمى كۆپ ئۆلگەن تەرەپكە تۆلەم تۆلىسۇن، دېگەن شەرت بىلەن ئىككى تەرەپنى سۈلھى قىلىشنى ئېيتتى. قەيس قەبىلىسىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئوشۇق چىققاچقا، قۇرەيش قەبىلىسى ئۇلارغا تۆلەم تۆلەيدىغان بولدى. بۇ ئىشقا ھەرب ئىبنى ئۇمەييە مەسئۇل بولدى ۋە تۆلەم تۆلىنىپ بولغىچە، ئوغلى ئەبۇ سۇفيياننى قەيس قەبىلىسىگە رەنە قويدى. ئەرەبلەرنىڭ كۆپۈنچە كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدىغان ئۇرۇشلىرىغا ئوخشاش، بۇ ئۇرۇشمۇ شۇنداق ئاياقلاشتى. ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسلام نۇرى تارىلىش بىلەن الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى دوستلاشتۇردى، يۇقىرىقىدەك ناھەق ئۇرۇشلارنى توختەتتى.

## خەيرىيەت ئۈيۈشمىسى

قۇرەيشلەر فۇججار ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىپ، خەيرىيەت ئۈيۈشمىسى قۇرۇشقا چاقىرىق چىقاردى. قۇرەيش باشلىقلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى جۇدئان تىمنىڭ قۇرۇسىدا خەيرىيەت ئۈيۈشمىسىنى



www.munber.org



تەشكىل قىلدى. بۇنىڭغا ئابدۇماناق ئەۋلادىدىن ھاشىم جەمەتى، مۇتتەلىب جەمەتى، ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا جەمەتى، زوھرە ئىبنى كىلاب جەمەتى ۋە تەيم ئىبنى مۇررە جەمەتى قاتناشتى. ئۇلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، مەككىلىكلەردىن ياكى چەتتىن كەلگەن كىشىلەردىن مەككىدە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، ھەقنى جايىغا قارار تاپقۇزۇشقا ۋەدىلەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تاغىلىرى بىلەن بۇ ئۈيۈشمىغا قاتناشتى. ئۇ پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ: ئابدۇللا ئىبنى جۇدئاننىڭ قورۇسىدا قۇرۇلغان ئۈيۈشمىغا قاتناشقان ئىدىم، بۇ ئۈيۈشما ماڭا قىزىل تۆگىلەر *[قىزىل تۆگە ئەرەبلەردە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ـ ت]* دىنمۇ قىممەتلىك، ھازىرقى چېغىمدا شۇنداق ئىشقا دەۋەت قىلىنغۇچى بولسا، چۇقۇم قوبۇل قىلاتتىم، دېگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقلارنى تەشەببۇس قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. بۇ ئۈيۈشمىنىڭ ئىشلىرىمۇ گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئىسلام دىنى مۇشۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى ئېتىراپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەزكۇر ئۈيۈشمىغا نۇرغۇن كىشىلەر قاتنىشىپ ھەققانى ئادەملەردىن بولغان.

## رەسۇلۇللاھنىڭ شامغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق

## سەپىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25ياشقا كىرگەندە، شامغا ئىككىنچى قېتىم سەپەر قىلدى. ئەسەد جەمەتىدىن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە



www.munber.org

ئېسىل، باي سودىگەر خانىم ئىدى، كىشىلەرنى ياللاپ تىجارەتكە سالاتتى، شېرىك تىجارەت قىلاتتى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلمايدىغان سەممىمىي، راستچىل ئىكەنلىكىنى، خەلقى ئۇنى ئەمىن(ئىشەنچلىك) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ياللاپ تىجارەت ئۈچۈن شامغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا باشقىلاردىن كۆرە ماللارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى بەردى. خىزمەتچىسى مەيسەرەنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ زور پايدا ئالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سەپەردە تۇرلۇك بەرىكەتلەر كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن خەدىچىنىڭ خىزمەتچىسى مەيسەرە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئامراق بولۇپ قالدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ خەدىچىگە ئۆيلىنىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مەيسەرە مەككىگە قايتىپ كەلدى. خەدىچە ئۇلارنىڭ زور پايدا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتتى. بۇچاغدا خەدىچە 40ياش ئۆپچۆرىسىدە ئىدى. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ئوتتۇرا نەسەپلىك، پۇل ـ مېلى كۆپ ئايال ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسى بىلەن خەدىچىنىڭ تاغىسى ئەمىر ئىبنى ئەسەدنىڭ قېشىغا كىردى. تاغىسى ئەبۇ تالىب ئارقىلىق خەدىچىنى خوتۇنلۇققا سورىدى. خەدىچىنىڭ تاغىسى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەردى. ئەبۇ تالىب شۇ كۈنى مۇنداق خۇتبە ئوقۇپ نىكاھ قىلدى: ”اللهغا شۈكرىكى، الله بىزنى ئىبراھىم، ئىسمائىللارنىڭ نەسلىدىن قىلدى؛ مەئەد ۋە مۇزەرنىڭ ئەۋلادى قىلدى؛ بىزنى بەيتۇللاھقا قارايدىغان، ھەرەمنى باشقۇرىدىغان قىلدى؛ ھەرەمنى

www.munber.org





ھەج قىلىنىدىغان بەيتۇللاھ قىلدى ۋە قان تۆكۈش مەنئى قىلىنغان، ھۆرمەتنى ساقلاشقا تېگىشلىك جاي قىلدى؛ بىزنى كىشىلەر ئۈستىدە ھۆكۈمران قىلدى، مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئېسىللىكتە، ئالىجاناپلىقتا ۋە پەزىلەتتە تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئاز بولسىمۇ، مال دېگەن داۋامى يوق سايىغا ئوخشاش تۈگەيدىغان نەرسە ۋە قايتۇرىلىدىغان ئارىيەت. اللهغا قەسەمكى، مۇھەممەد كەلگۈسىدە بۈيۈك نامغا ئىگە بولىدۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ قىزىڭلار خەدىچىنى ياقتۇرۇپ ئالماقچى بولدى. خەدىچىگە (مۇنچىلىك) مەھرى (ھەق) بەردى. “

شۇنىڭ بىلەن نىكاھ پۈتتى. خەدىچە ئىلگىرى ئەبۇھالە دېگەن كىشىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئەبۇھالە ۋاپات بولغاندا، خەدىچە ئۇنىڭدىن ھالە(ئەرەبلەردە بىر كىشىنى پالانىنىڭ دادىسى دەپ ئاتاش ئادىتى بار. ئەبۇھالە دىگىنى ھالەنىڭ دادىسى دېگەن بولىدۇ.ــ تەھرىر) ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن قالغان ئىدى.

## بەيتۇللاھنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35ياشقا كىرگەندە، چوڭ كەلكۈن كېلىپ، كەئبىنىڭ تاملىرىنى ئاجرىتىۋەتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر يانغىندا كەئبىنىڭ تاملىرى بوشاپ قالغان ئىدى. قۇرەيش ئەرەبلىرى كەئبىنى بۇزۇپ قايتا ئېگىزلىتىپ ياپماقچى بولدى. بۇ چاغدا كەئبە ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، تاشتىن قوپۇرۇلغان ئىدى. قۇرەيش ئەرەبلىرى بۇ ئىش ئۈچۈن يىغىلدى. لېكىن ئۇلار كەئبىنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن ئۇنى بۇزۇشتىن قورقۇشتى. ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە

ئۇلاردىن: كەئبىنى بۇزۇشتىن مەقسەت تۈزەشمۇ ياكى ۋەيران قىلىشمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: مەقسىتىمىز تۈزەش، دەپ جاۋاب بەردى. ۋەلىد: الله تۈزگۈچىلەرنى ھالاك قىلمايدۇ، دېدى ۋە كەئبىنى بۇزۇشقا باشلىدى. ئۇلارمۇ ۋەلىدكە ئەگىشىپ بۇزۇپ، ئىسمائىلنىڭ قويغان ھۇلىغا يېتىپ بارغاندا، نۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆزلەر نەقىش قىلىپ ئويۇلغان تەخسىلەر چىقتى. مەشھۇر ئىمارەتكە ھۇل قويغۇچىلارنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشىنى كېيىنكىلەرگە يادىكار قالدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش ئادىتى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىسلاھ قىلىشقا كىرىشتى. ئىسلاھ قىلىش خىراجىتى پاھىشە ۋە جازانىدىن كەلگەن ھارام ماللار ئارىلاشمىغان ھالال مالدىن تەييارلاندى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرى كەئبىنىڭ ئىسلاھاتىغا ئىشلىتىدىغان تاشلارنى مۈرىلىرىدە توشۇيتتى. ئابباس بىلەن رەسۇلۇللاھمۇ تاش توشۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. باقۇم ئىسىملىك رۇملۇق بىر ياغاچچى قۇرۇلۇشنى باشقۇراتتى. باقۇم كەئبىنىڭ ھەر بۇلۇڭىغا چوڭلاردىن بىر توپ ئادەمنى تاش توشۇشقا تەيىنلىدى. كەئبىنى ئىسمائىلنىڭ سالغان ھۇلى بويىچە پۈتتۈرۈشكە ھالال مالدىن توپلانغان خىراجەت يېتىشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجر(شىمال تەرەپتىن ئالتە گەزچە جاي چىقىرىۋېتىلگەن، بۇ جاي ھىجر ۋە ھەتىم دەپ ئاتىلىدۇ. ـ ت) نى چىقىرىۋېتىپ، پاكار تام قوپۇرۇپ، كەئبە شۇ يەردىن ھېسابلىنىدىغانلىقىغا بەلگە قىلىندى، كەئبە بىناسىنىڭ ئېگىزلىكى ئون سەككىز گەز بولۇپ پۈتۈپ چىقتى. ئىلگىرىكىدىن توققۇز گەز ئېگىزلىتىلدى. ئىشىك ئېگىزلىتىلىپ پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان قىلىندى. ھەجەر ئەسۋەدنى ئورنىغا ئېلىپ قويماقچى بولغاندا، قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى كىمنىڭ قويۇشى توغرىسىدا تالاش -



www.munber.org



تارتىش قىلىشتى. ئارىدا رىقابەت تۇغۇلۇپ ئۇرۇش چىقىشقا ئازقالدى. تالاش ـ تارتىش تۆت كۈنگە سوزۇلدى. بۇچاغدا قۇرەيش بويىچە پىششقەدەم ھېسابلانغان خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ تاغىسى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە مەخزۇمى قوپۇپ: ئى، خالايىق دە ـ تالاش قىلماڭلار، ھەممىڭلار ياقتۇرىدىغان بىر كىشىنى سايلاپ چىقىپ، شۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇڭلار، دېدى. قۇرەيش خەلقى بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشىنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشى راستچىل، ئىشەنچلىك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى. ھەممەيلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەممىي، راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشۇپ: بۇ ئىشەنچلىك مۇھەممەدكە قوشۇلىمىز، دېيىشتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن جىدەل ـ ماجرا دەۋالىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشاتتى. ئۇ يۈز قارىماي، ئارىنى بۇزماي، توغرا بىر تەرەپ قىلىپ قوياتتى. يۇقىرىقى دە ـ تالاشنى بىر تەرەپ قىلىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇراجەت قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چاپىنىنى يەرگە يايدى، چاپاننىڭ ئۈستىگە ھەجەر ئەسۋەدنى ئالدى، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىنى چاپاننىڭ بۇرجىكىدىن تۇتۇپ كۆتىرىپ، ھەجەر ئەسۋەدنى ئۆزجايىغا ئېلىپ بېرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ھەجەر ئەسۋەد مۇشۇ يۇسۇندا ئېلىپ بېرىلىپ ئۆز جايىغا قويۇلدى. ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، كۆپۈنچە، مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەب بولاتتى. بۇ مەسىلە يۇقۇرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىندى. ﷲ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئەبۇ ئۇمەييەدەك ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان ئەقىللىق ئادەمنى، ھەممىسى رازى بولغىدەك ھۆكۈم قىلىدىغان پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامدەك دانانى ئۇلارغا مۇيەسسەر قىلىپ بەردى. قۇرەيشنىڭ بۇنداق ئۆز ئارا رىقابەتلىشىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بەيتۇللاھ ئەرەبلەرنىڭ قىبلىسى، ھەج قىلىدىغان كەئبىسى ئىدى، بەيتۇللاھ ئۈچۈن ئىشلەنگەن ھەربىر زور ئىش بىلەن ئىپتىخارغا، ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولاتتى. ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان ئۆي ئەنە شۇ بەيتۇللاھ ئىدى. قۇرئاندا الله مۇنداق دېگەن:" كىشىلەرگە (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى بىنا قىلىنغان ئۆي ھەقىقەتەن مەككىدىكى، ئالەملەرنى ھىدايەت قىلغۇچى مۇبارەك كەئبىدۇر. كەئبىدە ئۇچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم① شۇلارنىڭ بىرى. كەئبىگە كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ." (سۈرە ئال ئىمران، 96 ـ، 97ـ ئايەتلەرنىڭ بىرقىسمى) *[① ماقامى ئىبراھىم ـ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى سېلىۋاتقاندا دەسسەپ تۇرغان جايى. ـ ت]* كەئبىگە ئىسمائىل ئەۋلادىدىن كېيىن جۇرھۇم قەبىلىسى ئىگىدارچىلىق قىلغان ئىدى. ئۇلار مەككىگە داخىل بولغان كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان چاغدا، خۇزائە قەبىلىسى جۇرھۇملۇقلارغا قارشى تۇپلىنىپ، ئۇلارنى كەئبىدىن قوغلاپ چىقاردى. كەئبىگە خېلى بىر زامانغىچە خۇزائە قەبىلىسى ئىگىدارچىلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ زامانىدا كەئبىنى ئۇلاردىن قۇرەيشلەر تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش خەلقى يۇرتىدا تېنچ ياشىدى. ئۇلاردىن ئەرەب قەبىلىلىرى تەپ تارتاتتى. دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ پاناھ ئىزلىگۈچىلەر ئۈچۈن كەئبە تېنچ قورغان ئىدى. الله قۇرئاندا ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: " ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇلاپ كېتىلىۋاتىدۇ، مەككىنى، ھەرەمنى تېنچ جاي قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟" (سۈرە





www.munber.org



ئەنكەبۇت، 67 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

## رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى تىرىكچىلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دادىسىدىن بىرەر نەرسە قالمىدى، ئۇ تۇغۇلغاندا يېتىم ۋە كەمبەغەل ئىدى؛ بەنى سەئىد قەبىلىسىدە ئېمىتىلدى؛ ئىشقا يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئېمىلدەش قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە پادا باقتى. مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئازغىنا ئىش ھەققى ئېلىپ مەككە خەلقىنىڭ قويىنى باققان ئىدى. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇل بۇخارى» كىتاۋىدا يۇقىرىقىدەك زىكرى قىلغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇنياغا ۋە دۇنيا مەشغۇلاتىغا قىزىقماسلىقى چۇقۇم. چۈنكى ئۇلار باي بولىدىغان بولسا، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتتىن مەھرۇم بولغان بولاتتى. شۇڭلاشقا الله تەرىپىدىن ئۇتتۇرىغا قويۇلغان شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسى دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىككە، دۇنيادىن يىراق بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا چوڭ گۇۋا. ئىيسا پەيغەمبەر زادى دۇنياغا بېرىلمىگەن ئىدى. مۇسا پەيغەمبەر، ئىبراھىم پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى قىيىن ئىدى، بۇ جەھەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىدى. مانا بۇ بولسا دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقتا، دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلمەسلىكتە ئۈممەتلىرىگە نەمۇنە بولۇشلىرى ئۈچۈن اللهنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋۇجۇتلىرىدا نامايەن قىلغان زور ھېكمىتى. جىمى بالايى ـ ئاپەت دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرۇش،





www.munber.org

دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. پادا بېقىش ئىشىمۇ شۇنداق، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى پادا باققان. بۇ گەپ «سەھىھۇل بۇخارى» دا كەلتۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە بايان قىلىنغان. بۇمۇ خۇدانىڭ زور ھېكمىتى. كىشى ھايۋانلارنىڭ يۇۋىشى بولغان قوينى باقسا، دىلىغا مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق ئورنايدۇ. پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر بولۇپ كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن چاغدا، كىشىلەرنىڭ مىجەزىدىكى چۇسلۇق، دىلىدىكى ناتوغرىلىق رۇسلىنىدۇ، ئەڭ مۆتىدىل ھالەتتە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ بولغاندا، سەئىب ئىبنى ئەبۇ سائىب بىلەن شېرىك تىجارەت قىلدى. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىش ھەققى ئېلىپ، ئۇنىڭ تىجارىتى بىلەن شامغا باردى. خەدىچە پەيغەمبىرىمگە ياتلىق بولۇپ شەرەپكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ باي خەدىچىنىڭ ئىلكىدە ئىشلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشايتتى. ئۇلۇغ الله ئۇنىڭغا قۇرئاندا مۇنۇ ئايەتلەردە ساناپ ئۆتكەن نېمەتلىرىنى بەردى: ”(رەببىڭ) سېنى يېتىم دەپ ساڭا پاناھ بەرمىدىمۇ؟ سېنى قايمۇققان دەپ، سېنى توغرا يولغا سالمىدىمۇ؟ سېنى پېقىر دەپ، باي قىلمىدىمۇ؟ (سۈرە زۇھا.6-، 7-، 8- ئايەت) “ الله تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: ”باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ئەمرىم بويىچە ساڭا جىبرىئىلنى ئەۋەتتۇق. ئەسلىدە قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ. لېكىن قۇرئاننى نۇر قىلدىمكى، شۇ ئارقىلىق مەن خالىغان بەندىلىرىمنى ھىدايەت قىلىمەن.“ (سۈرە شۇرا، 54-ئايەتنىڭ بىرقىسمى.)

## رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى



www.munber.org



## ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلق ئىچىدە مىجەزى ئەڭ ياخشى، ئەڭ راستچىل، ئەڭ سادىق ئىدى؛ كىشىنى بۇلغايدىغان ناچار قىلىق، يامان ئەخلاقلاردىن خالى ئىدى؛ ئادەمگەرچىلىكى ئەڭ ئۈستۈن، خەلق بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق، خوشنىدارچىلىقى ياخشى، بەك مۇلايىم، بەك راستچىل ئىدى. الله ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇلايىملىق، سەۋىرچانلىق، شۈكرى قىلىش، ئادىللىق، كەمتەرلىك، ئىپپەت، كەڭ قوللۇق، قەھرىمانلىق، ئۇمۇسچانلىق قاتارلىق گۈزەل خىسلەتلەرنى، توغرا قىلىقلارنى جەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئۇنى ئەمىن دەپ ئاتىشاتتى. ھەتتا ئابدۇددار جەمەتىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان نەزرى ئىبنى ھارىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى خىسلەتلەرگە قايىل بولۇپ: مۇھەممەد سىلەر(قۇرەيشنى دېمەكچى) نىڭ ئۆسكەن بالىلىق چېغىدا ئۇنىڭدىن مەمنۇن ئىدىڭلار، ئىچىڭلاردا ئەڭ راستكوي، ئەڭ ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇ چوڭ بولۇپ پەيغەمبەر بولغاندا، ئۇنى سېھىرگەر دېدىڭلار، ﷲ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد سېھىرگەر ئەمەس، دېگەن. ئۇكاز *[مەدىنىگە يېقىن بىر بازارنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇيەردە يىلدا بىر قېتىم چوڭ سودا - سېتىق ئۆتكۈزۈلەتتى. - ت]* دا يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان سودا - سېتىققا كېلىدىغان ئەرەبلەرگە ئېيتىش مەقسىتىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ھەممىگە ماقۇل كېلىدىغان بىر سۆزگە كېلىشۋېلىش ئۈچۈن ئېچىلغان بىر مەسلىھەت يىغىنىدا نەزرى ئىبنى ھارىسنىڭ قىلغان سۆزى ئەنە شۇ. رۇمنىڭ پادىشاھى ھىرەقلى (قەيسەر) ئەبۇ سۇفياندىن: مۇھەممەد پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى، سىلەر ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلىغانمىدىڭلار؟ دەپ



www.munber.org

سورىغاندا، ئەبۇ سۇفيان: ياق، دەپ جاۋاب بەرگەن. ھىرەقلى: مۇھەممەد كىشىلەرگە يالغانچىلىق قىلمىغان ئىكەن، اللهغا يالغانچىلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن. بۇ سۆز «سەھىھۇل بۇخارى» نىڭ باش تەرىپىدە بايان قىلىنغان. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىچىكىدىلا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە زىت بولغان *[قازى ئىيازنىڭ «شىفا» ناملىق كىتاۋىدىن ئېلىندى.]* بارلىق يامان ئىشلىرىدىن ساقلىغان، ئۇنىڭغا بۇتلارنى قاتتىق ئۆچ كۆرسەتكەن، ھەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇتپەرەسلەرنىڭ بۇتلار ئۈچۈن ئۆتكۈزىدىغان بايرام مۇراسىملىرىغا قاتناشمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئۆسمۈرلۈك چېغىمدىلا بۇتلارنى، ئەسكى شېئىرلارنى يامان كۆرەتتىم، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەتلا ئىككى قېتىم كەلتۈرگەن ئىدىم، لېكىن ئىككىلا قېتىمدا الله مېنى ئۇيلىغىنىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ساقلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى الله مېنى پەيغەمبەرلىككە مۇشەررەپ قىلغانغا قەدەر، يامانلىقنى ئويلىغىنىم يوق. بىر كۈنى كېچىسى مەن بىلەن بىللە قوي باقىدىغان بالىغا قويۇمغا قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، مەككىگە كىرىپ ياشلارغا ئوخشاش كېچىلىك پاراڭغا قاتناشماقچى بولۇپ ماڭدىم. مەككىگە كىرىپ 1 ـ قورونىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە، بىرسىنىڭ توي مەرىكىسىدە ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، چېلىنىۋاتقان داپ، نەيلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ شۇ يەردە ئولتۇردۇم. الله مېنىڭ قولىقىمغا ئاڭلاتماي، مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى قۇياشنىڭ تەپتى ئۇستۇمگە چۈشكەندىلا ئويغاندىم، ھېچ ئىش قىلمىدىم. ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال بولغان ئىدى."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇسۇپ *[قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ*

www.munber.org







*قېنىنى ئېقىتىپ ئىبادەت قىلىنىدىغان تىكلەنگەن تاش. ـ ت]* ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ گۆشىنى يېمەيتتى، ھاراق ئىچىش ئەرەبلەردە كەڭ تارالغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىم ئۆزىنى ھاراق ئىچىشتىن چەكلىگەن ئىدى. الله پەيغەمبىرلىرىنىڭ ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشقا تولۇق لاياقەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەنە شۇنداق سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلىگەن. ئۇلار پەيغەمبەر بولۇشنىڭ ئالدىدىمۇ، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ، بارلىق گۇناھلاردىن پاك ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كېلىچەكتە ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلىدىغان چوڭ ئىشقا لايىقلىشىش ئۈچۈن پاك بولىدۇ، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن بولسا ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن پاك بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە اللهدىن يۈكسەك رەھمەت ۋە سالام بولغاي.

## رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى الله تەرىپىدىن كۆرگەن ھۆرمەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەمگۈزۈۋاتقان ھەلىمىنىڭ ئائىلىسىگە الله تەرىپىدىن كەلگەن بەرىكەتلەر اللهنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن دەسلەپكى سوغىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ھەلىمىنىڭ ئائىلىسى قەھەتچىلىكتە ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ھەلىمىنىڭ قويلىرى ئوتلاقتىن قايتقاندا يېلىنلىرىدىن سۈت تېمىپ تۇرىدىغان بولدى. الله ئىمام بۇسەيرىگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇنىڭ «ھەمزىيە» قەسىدىسىدە مۇنداق مىسرالار بار:

خۇدا قىلسا مۇيەسسەر بەختىيار ئىنسانىنى بىر ئەلگە،

ئۇنىڭ سايىسىدە شۇ ئەل سائادەتمەن بولۇر شۇئان.

ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكى يېرىلىپ شەيتاننىڭ ھەسسىسى چىقىرىپ تاشلانغان ۋەقە يۈز بەردى. اللهنىڭ قۇدرىتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىكى يوق. كىمكى بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى تار بولۇپ، اللهنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەردە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى يېڭىدىن پەيدا بولغان ۋە ئاجايىپ تۇيۇلىدىغان ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شامغا سەپەر قىلغاندا، الله ھۆرمەتلەپ بۇلۇتنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن: تومۇز كۈنلىرىدە بۇلۇت ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. كارۋاندىكى ھېچ بىر ئادەم بۇ سايىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. خەدىچىنىڭ بۇ سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولغان خىزمەتكارى مەيسەرە شۇنداق رىۋايەت قىلغان. مۇشۇنىڭ بىلەن خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش تەكلىپىنى قويغان، كېيىنچەكتە ئۇنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندا، خەدىچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلگەن گۈزەل ئەخلاقىي مۆجىزىلەردىن باشقا مۆجىزە تەلەپ قىلمايلا ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان. تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ سالام بېرىشىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله بەرگەن نېمەتلەردىن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاجەت ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا، ئۆي - ئىمارەت يوق يىراق يەرلەرگە، قاپتاللارغا، ئويمانلىقلارغا كېتەتتى. ئۇچرىغان تاش، دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىدىن: ئى، ساڭا رەھمەت ۋە ئامانلىق بولسۇن، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايتتى، تۆت ئەتراپىغا باقسا، ئادىمىزات كۆرۈنمەيتتى،

www.munber.org





بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن. مۇنداق ئىشلار اللهغا ئاسان، الله بۇرۇنمۇ جانسىز نەرسىلەرنى پەيغەمبەرلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. مۇسانىڭ ھاسىسى ئەجدىھارغا ئايلىنىپ، پىرئوننىڭ سېھىرگەرلىرى كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى يۇتۇۋېتىپ، يەنە ئەسلىدىكى ھاسىلىق ھالىتىگە قايتقان. مۇسا شۇ ھاسا بىلەن تاشنى ئۇرغاندا، تاشتىن ئون ئىككى كۆز سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، بەنى ئىسرائىلنىڭ *[يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئىسرائىل، شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى بەنى ئىسرائىل دېيىلىدۇ. - ت ]* ھەر ئايمىغى ئۈچۈن بىردىن بۇلاق ئاپىرىدە بولغان. شۇنىڭدەك الله باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ قەدىر - قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا خالىغان تۈرلۈك جانسىز نەرسىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن.

## تەۋراتتىكى بېشارەت

الله مۇسا پەيغەمبەرگە شۇ زاماندىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن بايان قىلىنغان تەۋراتنى نازىل قىلغان. تەۋراتتا الله ئەۋەتمەكچى بولغان نۇرغۇن پەيغەمبەر بايان قىلىنغان. تەۋراتتا ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزدىن بېشارەت بېرىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارىتا مۇنداق دېيىلگەن: ”بۇ پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىمەن، كالامىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالىمەن، ئۇ ئۆز ئۈممىتىگە مەن بۇيرىغان ھەممە نەرسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مېنىڭ نامىمدىن سۆزلىگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغان ئادەمدىن ئىنتىقام ئالىمەن. ماڭا تەكەببۇرلۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، مەن بۇيرىمىغان نەرسىلەرنى مېنىڭ نامىمدىن ياكى باشقا ئىلاھلار نامىدىن سۆزلەيدىغان پەيغەمبەرلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم. راست پەيغەمبەر

www.munber.org

بىلەن يالغان پەيغەمبەرنىڭ پەرقىنى مۇنداق بەلگە بىلەن ئايرىۋالساڭ بولىدۇ: پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان ئادەمنىڭ مېنىڭ نامىمدىن ئېيتقانلىرى ئەمەلگە ئاشمىسا، ئۇنداق كىشى ئۆزىنى ئۇلۇغلىماقچى بولغان يالغانچىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن قورقمايسەن."*[تەۋراتنىڭ 5 - پارىسىنىڭ 8 - بابى. — ت]* يەھۇدىيلار بۇ بېشارەتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارى بولغۇسى يۇشە ئىبنى نون ھەققىدە ئېيتىلغان بېشارەت دېيىشىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن بۆلەك بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. شۇڭا ئۇلار يۇيۇنغان *[خرىستىئان دىنىدا تۇغۇلغان بالا ۋە خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر خۇدا، ئىيسا ۋە روھۇلقۇددۇس نامى بىلەن يۇيۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ. - ت]* يۇھەننا (يەھيا) غا ئادەم ئەۋەتكەن. بۇ ئادەملەر يەھيا *[بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ بىر پەيغەمبىرى بولۇپ، ئىيسا پەيغەمبەردىن بۇرۇن ئۆتكەن. پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئىئوردانىيەدە يۇيۇنغان - ت]* دىن: سەن ئىلىيامۇ؟ دەپ سورىغاندا، يەھيا: ياق، دېگەن. سەن ئېيسامۇ؟ دەپ سورىغاندا، يەھيا: ياق، دېگەن. سەن پەيغەمبەرمۇ؟ دەپ سورىغاندا. يەھيا: ياق، دېگەن. ئۇلار يەھياغا: سەن ئىليا بولمىساڭ، ئېيسا بولمىساڭ، پەيغەمبەرمۇ بولمىساڭ، نىمىشقا يۇيۇندۇڭ؟ دېگەن. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تەۋراتتا ئىليا ھەققىدە، ئېيسا ھەققىدە ۋە ئېيسانىڭ زامانىغىچە تېخى مەيدانغا كەلمىگەن پەيغەمبەر ھەققىدە بېشارەت بېرىلگەن. . تەۋراتتا پەيغەمبىرىمىز مۇساغا ئوخشايدۇ، دەپ تەسۋىرلەنگەن. تەۋراتنىڭ 5- پارىسىنىڭ ئاخىرىدا : "بەنى ئىسرائىلدا مۇساغا ئوخشاش پەيغەمبەر كەلگىنى يوق" دەپ بايان قىلىنغان. بۇ بېشارەتتە يەنە : "اللهغا تۆھمەت قىلغان پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلىدۇ"

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

دېيىلگەن. بۇ قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزگە ئوخشايدۇ: "ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزنى سېتىپ يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقارسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قەھرىمىز بىلەن تۇتاتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ چوڭ قىزىل تومۇرىنى ئەلۋەتتە ئۈزۈپ تاشلايتتۇق." (سۈرە ھاققە، 44-، 45-، 46- ئايەتلەر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىك ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت ئەشەددى دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا 23 يىل تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى، شۇنداق ئەھۋالدا، الله ئۇنى بۇ دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستىدىن ساقلىدى. الله پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، قۇرئاندا: "مەن سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايمەن" دېگەن (سۈرە مائىدە، 50 — ئايەتنىڭ بىر قىسمى) . الله ھەممىگە قادىر تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغان ئادەمنىڭ جاجىسىنى بەرمەسمىدى؟ ۋاھالەنكى، الله قۇرئاندا مۇنداق دېگەن: "ياكى بولمىسا، ئۇلار: ئۇ اللهنىڭ نامىدىن يالغاننى ئويدۇردى، دېيىشىدۇ. ئەگەر الله خالىسا، قەلبىڭنى پېچەتلىۋېتەتتى. الله باتىلنى يوق قىلىدۇ. سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ئاشكارە قىلىدۇ. الله كۆڭۈللەردىكى نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر." (سۈرە شۇرا، 24 - ئايەت) شۇنىڭدەك بۇ بېشارەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىچەكتە يۈزبېرىدىغان ئىشلار توغرىلىق ئالدىن بەرگەن، بىزگە راستلىقنى تونۇتىدىغان خەۋەرلىرىدىن بىرىنى ۋاقىپلاندۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىلىق ئالدىن خەۋەر بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق خەۋەر بەرگەن بولسا، ئەمەلدە شۇنداق بولغان، بۇخەۋەرلەرنىڭ ئىچىدە پەرەز تەخمىنلەر بىلەن ئېيتىش مۇمكىن بولمايدىغان قەتئى خەۋەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، رۇملۇقلار ئىرانلىقلار تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھەتتا مەملىكىتىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپول قولدىن كېتەي دەپ

www.munber.org

قالغاندا، رۇملۇقلارنىڭ كېلىچەكتە غەلىبە قىلىدىغانلىقى خەۋەر ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر. بۇ خەۋەردە، رۇملۇقلار قولىدىن كەتكەن يەرلىرىنى بىر قانچە يىلدىن كېيىن كېيىن قايتۇرۇۋالىدۇ. دېيىلگەن. بۇخەۋەر پەقەت الله تەرىپىدىنلا بېرىلگەن. شۇڭا بۇ خەۋەرنى بەزى قۇرەيش مۇشرىكلىرى غەلەت ساناپ ئەبۇبەكرى سىددىق بىلەن مال تىكىشىپ باغلاشقان *(كېيىنچە باغلىنىش قىمارنىڭ بىرخىل شەكلى مەنئى قىلىنغان. ـ ت)* . اللهنىڭ مەزكۇر خەۋىرى ئىشقا ئېشىپ رۇملۇقلار غەلىبە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۇتۇۋالغان. مۇنداق خەۋەرلەر كۆپ، بۇ يەردە كۆپرەك توختالدۇق، خۇدا خالىسا، كىتابنىڭ ئاخىرىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

قازى نىيازنىڭ «شىفا» ناملىق كىتاۋىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەتا ئىبنى يەسار ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرى توغرىلىق سورىغاندا، ئابدۇللا مۇنداق دېگەن: الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى تەۋراتتىمۇ بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن : ”ئى پەيغەمبەر، سېنى گۇۋاچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئۇممىلار(*ئوقۇمىغانلار*) غا قورغان قىلىپ ئەۋەتتىم. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە رەسۇلۇم *(ئەلچىم)* ، مەن سېنى مۇتەۋەككىل *(اللهغا يۆلەنگۈچى)* دەپ ئاتىدىم. سەن قوپال، تولڭ ئەمەسسەن؛ بازارلاردا سۈرەن سالمايسەن؛ ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي كەڭ قۇساقلىق قىلىسەن؛ كەچۈرىسەن؛ ئازغان خەلق لائىلاھە ئىللاللاھۇ *(بىر اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)* دەپ ئىمان ئېيتىش بىلەن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى كۆرمەس كۆزلىرى، ئاڭلىماس قۇلاقلىرى، چۈشەنمەس دىللىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سېنى الله سېنى قەبزى روھ قىلىدۇ *(جېنىڭنى ئالىدۇ، )* “

www.munber.org





مەنسۇۋدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقماي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ رەئىسى ئابدۇللا ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاغزىدىن ۋە كەئبۇل ئەھبار ئاغزىدىنمۇ شۇنداق سۆزلەر رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، «تەۋرات » تا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق سۈپەتلەنگەن: ”بازارلاردا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمايدۇ، ئەسكى سۆزلەرنى قىلمايدۇ. ئۇنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىمەن، گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىمەن، مەن تەمكىنلىكنى ئۇنىڭ لىباسى، ياخشىلىقنى ئۇنىڭ بەلگىسى، تەقۋادارلىقنى ئۇنىڭ ۋىجدانى، سۆزىنى ھېكمەت قىلىمەن. راستلىق، ۋاپادارلىق تەبىئىتىگە سىڭگەن بولىدۇ. كەڭ قۇرساقلىق، مېھرىۋانلىق خۇلقىغا ئايلانغان بولىدۇ. ھەممە ھالەتتە ھەققانى، شەرىئىتى ھەق، ئىمامى ھىدايەت، دىنى ئىسلام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەھمەد *[مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا ئەھمەد دېيىلگەن. ـ ت]* ئاتايمەن، گۇمرانلىقتىن ھىدايەتكە چىقىرىمەن. ئەھمەد ئارقىلىق قارمۇ - قارشى دىللارنى، چېچىلاڭغۇ ھەۋەسلەرنى، تۈرلۈك مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرىمەن. ئۇنىڭ ئۇممىتىنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلىمەن.“ راستچىل، ئىشەنچلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتىشىچە، الله تائالا ئۇنى تەۋراتتا مۇنداق سۈپەتلىگەن : ”مېنىڭ تاللانغان بەندەم ئەھمەد مەككىدە تۇغۇلىدۇ. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈممىتى ھەرقانداق ئەھۋالدا مەن اللهغا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ. “

## ئىنجىلدىكى بېشارەت

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىنجىلدا ئۆزخەلقىغە فارقىلىت دېگەن

www.munber.org

ئىسمىنى بېشارەت بېرىدۇ. فارقىلىتنىڭ مەنىسى مۇھەممەد ياكى ئەھمەدكە يېقىن. بۇنى اللهنىڭ مۇنۇ سۆزى تەستىقلايدۇ: "ئۇ ۋاقىتتا، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا: ئى ئىسرائىل ئەۋلادى، مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن بېشارەت بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن، دېدى." (سۈرە سەف، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مەزكۇر فارقىلىتنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزگىلا ئۇيغۇن كېلىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: "فارقىلىت بولسا ئىنسانلارنى قىلغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەيىپلەيدۇ، ئۇلارغا بارلىق ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى خالىغانچە سۆزلىمەيدۇ، بەلكى اللهدىن ئاڭلىغىنىنى سۆزلەيدۇ." قۇرئاندا يۇقىرىقى مەزمۇن بايان قىلىنىپ: "مۇھەممەد ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، الله تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ" دېيىلگەن (سۈرە نەجم، 3 ـ 4 ـ ئايەت) . جاھالەت پەردىلىرى ئاستىدا قېلىپ، تېخى يېقىنقى چاغلاردا تېپىلغان ئىنجىلنىڭ بەرنابا *[ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ھازىر مىسىردا بېسىلغان]* نۇسخىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان.

## رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدىكى پىكىرلىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇش ئالدىدا پوپ ۋە راھىپلارنىڭ ئېلىپ بارغان زور پائالىيەتلىرى ھەممىگە چۈشىنىشلىك. يەھۇدىيلار مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيغەمبەردىن مەدىنە





ئەرەبلىرىگە قارشى ياردەم تىلەيتتى. ئاسىم ئىبنى ئەمىر ئىبنى قەتادەگە ئۆز قەۋمىنىڭ بەزى كىشىلىرى مۇنداق دېگەن: "اللهنىڭ رەھمىتى بىلەن يەھۇدىي دانىشمەنلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىمىز بىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىمىزغا سەۋەب بولدى. بىز اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىغان بۇتپەرەس ئىدۇق، يەھۇدىيلار ئەھلى كىتاب بولۇپ، بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلەتتى، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەمىشە كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇراتتى، ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويساق، ئۇلار، ھازىرقى كۈنلەردە مەيدانغا كېلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، بىز پەيغەمبەر بىلەن بىر بولۇپ، سىلەرنى خۇددى ئاد ۋە ئىرەم خەلقى *[سەمۇد قەۋمى ئىرەم خەلقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ـ ت]* ئۆلتۈرۈلگەندەك ئۆلتۈرىمىز، دېيىشەتتى. بۇ سۆزنى ئۇلاردىن كۆپ ئاڭلايتتۇق، الله پەيغەمبىرى مۇھەممەدنى ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان دەۋەتلىرىنى قوبۇل قىلدۇق. يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى چۈشىنىپ، ئۇلاردىن بالدۇر مۇسۇلمان بولۇشقا ئالدىراپ چاپسان ئىمان ئېيتتۇق، يەھۇدىيلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى." يەھۇدىيلارنىڭ، بىز پەيغەمبەر بىلەن بىر بولۇپ سىلەرنى ئاد ۋە ئىرەم خەلقى ئۆلتۈرۈلگەندەك ئۆلتۈرىمىز، دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، يەھۇدىيلارنىڭ كىتاۋىدا، بۇ پەيغەمبەر بۇتپەرەسلەرنى كۈچ ئارقىلىق يوقىتىدۇ، دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھەسەتخورلۇق، ئادالەتسىزلىك ئورناشقاچقا، ئۇلار ئىمان ئېيتماي دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازاۋىغا قېلىشلىرىنى ئويلىمىغان ئىدى. خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان ئەرەب ئۇمەييە ئىبنى ئەبىسسەلت يۇرتىمىزدا مەيدانغا كېلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ سۈپىتىنى كىتابلاردا ئۇچرىتىمەن، دېگەن سۆزنى كۆپ قىلاتتى. ئىرانلىق سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كاھىن



www.munber.org

بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكىنى، كاھىنىنىڭ ئۇنىڭغا : ھەي سەلمان، الله ئەھمەد ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدۇ، ئۇ تىھامە *[قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىغە، يەمەننىڭ شىمالىغا جايلاشقان جاي، مەككە، يەنبۇ، جىددە ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى. ـ ت]* تاغلىرىدىن چىقىدۇ، سوۋغىنى قوبۇل قىلىش، سەدىقىنى قوبۇل قىلماسلىق ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ. كاھىنىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى سەلماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىمىنىدىكى پادىشاھلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپلار يوللىغان، ئۇنىڭ خرىستىئان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان كىسراغا ئەۋەتكەن مەكتۇبلا ھاقارەتلەنگەن. ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى، مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىس، رۇم پادىشاھى قەيسەر قاتارلىق خرىستىئان پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەجاشىغا ئوخشاش ئىمان ئېيتقانلىرىمۇ بار؛ قەيسەرگە ئوخشاش چىرايلىق جاۋاب قايتۇرغان، پادىشاھلىقتا بىرلىپ كەتمىگەن، مۇسۇلمان بولۇشقا ئاز قالغانلىرىمۇ بار؛ مۇقەۋقىسكە ئوخشاش مادارا قىلغانلىرىمۇ بار.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پادىشاھلار قورقۇپ كەتكۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋىتى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان بىر پەيغەمبەردىن بېشارەت بەرگەنلىكى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈپەتلىرى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ياخشى جاۋابلار بىلەن قايتۇرۇشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىش ھارپىسىدا غايىپتىن

www.munber.org





ئاڭلانغان ئاۋازلارنىڭ ۋە كاھىنلار سۆزلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېساۋى يوق. يۇقىرىقى بايانلاردىن تاشقىرى، بۇ توغرىدا يەنە كۆپ توختىلىش ھاجەتسىز. دېمەك، اللهنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە مۇيەسسەر قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە ئاڭلاتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ راستلىقىنى، دەۋىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىلدۇر، بۇلار كېيىنكى بابلاردا ئېنىق بايان قىلىنىدۇ. چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلساڭ، ھىدايەت تاپىسەن، الله سېنى توغرا يولغا باشلىسۇن.

## ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كامالەت يېشى بولغان قىرىق ياشقا يەتكەندە، الله ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن مەرىپەت يورۇقلۇقىغا چىقىرىش مەقسىتىدە بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. مەرھۇم ئاسترونوم مەھمۇد پاشانىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا بولغان ئىدى. ۋەھيى ئەڭ دەسلەپتە راست چۈشلەردىن باشلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى.چۈنكى اللهنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا قوللانغان ئادىتى ئۇلارنى ھەممە ئىشتا پەيدىن ـ پەي كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئىدى. پەرىشتىدىن ۋەھيىنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن يىراقلىشىپ، خەلقتىن قول ئۈزۈپ، اللهغا يۈزلىنىش ئۈچۈن يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. يالغۇزلۇقتا كىشىنىڭ كۆڭلى ساپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا *[مەككىگە يېقىن تاغدىكى غار.]* غارىدا قانچىلىغان كېچىلەرنى ئۆزى يالغۇز ھالدا ئىستىقامەت

www.munber.org

بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئىستىقامەت بەزىدە ئون كۈن ۋە بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ داۋام قىلىپبەر ئايغا سوزۇلاتتى. ئۇ بوۋىسى ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ دىنى بويىچە ئىستىقامەت قىلاتتى. ئىستىقامەتكە چىققاندا ئوزۇق ئېلىۋالاتتى. ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا خەدىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. ئۇنىڭ ئىستىقامىتى ھىرا غارىدا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيى كەلگەنگە قەدەر مۇشۇنداق داۋام قىلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تاغ ئۈستىدە تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر شەخس پەيدا بولۇپ: بېشارەت ساڭا مۇھەممەد! مەن بولسام جىبرىئىل، سەن بولساڭ اللهنىڭ مۇشۇ ئۈممەتلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى، دېدى.ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: ئوقۇ! دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممى بولۇپ، بۇرۇن ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن ئىدى. جىبرىئىل ئۇنى تۇتۇپ قاتتىق سىقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چارچىدى، جىبرىئىل ئۇنى قويۇۋېتىپ: ئوقۇ! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دېدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە قاتتىق سىقىپ قويۇۋەتتىپ: ئوقۇ! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دېدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە قاتتىق سىقىپ قويۇۋەتتىپ: "ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى" (سۈرە ئەلەق، 1ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئايەتلەر) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۆزىدىكى قورقۇنچىدىن بولغان تىترەكنى بېسىش ئۈچۈن، خۇتۇنى خەدىچىگە: مېنى يۆگەپ

www.munber.org





قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار، دېدى. خەدىچە ئۇنى قورقۇنچىسى بېسىققىچە يۆگەپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ: ئۆزەمدىن قورقۇپ قالدىم، دېدى. چۈنكى پەرىشتە ئۇنى شۇنداق سىققان ئىدىكى، جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ۋە ئۇنىڭ شەكلى توغرىسىدا بىخەۋەر ئىدى. خەدىچە: ئۇنداق ئەمەس. الله بىلەن قەسەمكى، الله سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسىزلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، مەزلۇملارغا ياردەم قىلىسەن. الله ساڭا شەيتاننى ۋە بولمىغۇر خىياللارنى ئاپىرىدە قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى، خەلقىڭنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن الله سېنى تاللاپتۇ، دېدى. خەدىچە ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇرۇنقىلارنىڭ كىتابلىرىدىن خەۋەردار، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خەدىچە ئۆز تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ ئالدىغا .بىلىپ كەلدى. ۋەرەقە جاھىلىيەت زامانىدا خىرىستىئان كىرگەن ئىدى. ئۇ ئىبرانى يېزىغىنى بىلەتتى، ئىنجىلدىن ئىبرانى يېزىغى بىلەن كۆپ نەرسىلەرنى يازاتتى، ئۆزى ياشانغان، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. خەدىچە ۋەرەقەگە: ھەي تاغامنىڭ ئوغلى، قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىغا قۇلاق سال، دېدى. ۋەرەقە: ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، نېمە بولدۇڭ؟ دەپ رەسۇلۇللاھتىن سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرگەنلىرىنى دەپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا: الله مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن شەرىئەت مۇشۇ، دېدى. چۈنكى ئۇ جىبرىئىلنىڭ الله

تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ۋەرەقە: كاشكى، مەن ياش يىگىت بولسامچۇ! سەن قەۋمىڭنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئىشىنىپ كېلىۋاتقان دىنىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۇلار ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەنلىشىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەجەپلەندى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە راست سۆزلۈك بولغانلىقىدىن قەۋمىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەتتا ئۇنى مۇھەممەد ئەمىن دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ: قەۋمىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرارمۇ؟ دېدى. ۋەرەقە: پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، دېدى.

قۇرئان كەرىمدە بۇ مەزمۇن تىلغا ئېلىنىپ، اللهتائالا مۇنداق دېگەن: ”كاپىرلار پەيغەمبەرلىرىگە : سىلەرنى يېرىمىزدىن چوقۇم ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى سىلەر دىنىمىزغا يېنىشىڭلار كېرەك، دېدى.“ (سۈرە ئىبراھىم 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋەرەقە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تولۇق ئىشەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا، سەن دىنغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولىدىغان بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلاتتىم، دېدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى.

## ۋەھىينىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى

ۋەھيي بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان، قانچىلىك ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ پىكىرلىرى ئوخشاش ئەمەس، لېكىن ۋەھيىنىڭ قىرق كۈن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر ئىشەنچلىكرەك. ۋەھيىنى ئۈزۈلۈپ قويۇشتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيىگە سېغىندۇرۇش ئىدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق تۇيۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله چوڭ نېئمەتنىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن مېنى تاشلىۋەتتىمىكىن دەپ قورقۇپ، ھەمىشە، بىرەر تاغنىڭ چوققىسىنى كۆرسە، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى. اللهنىڭ ئۇنىڭغا چوڭ نېئمەتنىنى كۆرسەتكەنلىكى بولسا اللهنىڭ ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدا ئۇنى بىۋاستە بولۇشقا تاللىغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭغا پەرىشتە كۆرۈنۈپ: سەن اللهنىڭ ھەق پەيغەمبىرى، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تىنجىپ، ئۆزىنى تاغ چوققىسىدىن تاشلاش نىيىتىدىن ياناتتى. ئاخىرى الله ئىسلام دىنىنىڭ نۇرىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى خالاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولىدىغان ۋەھيىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## ۋەھيىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېتىپ بارغاندا، ئاسماندىن ئۇنىڭغا بىر تونۇلۇك ئاۋاز ئاڭلاندى، قارىسا، ھىرا غارىغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەت كەلگەندە قىلغانلىرىنى ئەسلەپ قورقۇپ كېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ: مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! يۆگەپ قويۇڭلار! دېدى. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”ئى يۆگىنىۋالغۇچى زات، تۇر، ئاگاھلاندۇر“ يەنى ئەگەر كىشىلەر ناتوغرا يولدىن، ئاتا ـ بوۋىلىرى چوقۇنۇپ كەلگەن بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ اللهنىڭ ئازابىدىن قورقۇت. ”رەببىڭنى

www.munber.org
www.munber.org

ئۇلۇغلا"، يەنى يالغۇز اللهنىلا ئۇلۇغلا، ئىبادەتتە اللهغا باشقىنى شېرىك قىلما. "كىيىمىڭنى پاك تۇت" يەنى اللهنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن كىيىمىڭنى پاك تۇت، چۈنكى مۆمىن ئادەمنىڭ پاسكىنا، ناپاك يۈرۈشى لايىق ئەمەس. "ئازاپقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول" يەنى اللهغا ئىتائەت قىل، بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلا. "كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە" يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تاما قىلما، بۇنداق قىلىش مەرت ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەس. "رەببىڭ ئۈچۈن چىداملىق بول" يەنى قەۋمىڭنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان چېغىڭدا ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىل.

## رەسۇلۇللاھنىڭ يوشۇرۇن دەۋەتكە ئۆتۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشىنى باشلىدى. پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش قولىدىن كەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن باشقا دىنى بولمىغان خەلقلەرنى اللهغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئۇلارنىڭ بۇتقا چوقۇنۇشتا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چوقۇنغان نەرسىلەرگە چوقۇنىمىز دېگەندىن باشقا دەلىللىرى يوق ئىدى. ئۇلاردا چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇقتا ئوخشاش نەرسىلەر بولۇپ، گۈزەل ئەخلاق يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق مەنمەنلىكى تولا چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئۇرۇش ـ تالاش، قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلدى. ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى چاپسان ئىشىنىپ، بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلىدى. مەرتىۋىلىك، ھوقۇقلۇق كىشىلەر مەرتىۋىسىدىن، ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى كۆزلەپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن



www.munber.org



باش تارتتى، ھاكاۋۇرلۇق قىلدى. ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغانلار خۇۋەيلىدىنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە ۋە تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى بولدى. ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە بولدى، يېمەك ـ ئىچمىكى، يېتىپ ـ قوپۇشى رەسۇلۇللاھنىڭكىدە ئىدى. چۈنكى قۇرەيش قەبىلىسىدە قەھەتچىلىك بولغان، ئەبۇ تالىب كەمبەغەل ۋە بالىلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبكە: قېرىندىشىڭ ئەبۇ تالىبنىڭ جان سانى كۆپ. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، ئۇ قەھەتچىلىكتە قالدى. يۈر، ئۇنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتەيلى، بالىلىرىنى بىرىنى سەن ئال، بىرىنى مەن ئالاي، دەپ مېڭىشتى. ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا بېرىپ، تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئابباس جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى ئالدى. تاكى ئۇ پەيغەمبەر بولغانغا قەدەر ئەلىنى ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش بېقىپ تەربىيىلىدى. بۇ چاغدا ئەلى بالاغەت يېشىغا يېقىنلاشقان ئىدى. ھەممە ئىشلىرىدا ئۇ رەسۇلۇللاھقا ئەگىشەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇتقا چوقۇنۇش، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىشتەك يامان قىلىقلار بىلەن بۇلغانمىغان ئىدى. زەيد ئىبنى ھارىسە ئىبنى شۇرەھبىلمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاتگەردىسى (ئازات قىلىۋەتكەن قۇلى) بولۇپ، مۇھەممەدنىڭ ئوغلى زەيد دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلغاندىن كېيىن بالىچىلاپ بېقىۋالغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە، بېقىۋالغان بالىمۇ ئۆز بالىسى ھېسابلىنىپ مىراس ئالاتتى ۋە ئۇنىڭدىن مىراس ئېلىناتتى. ئازاتگەردىسى زەيدگە ئېلىپ بەرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيە ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەنمۇ مۇسۇلمان بولدى.



www.munber.org

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنىڭ سىرتىدىكىلەردىن دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان ئادەم قۇرەيش قەبىلىسى يەنى تەيم جەمەتىدىن ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ قۇھافە (ئىبنى ئامىر ئىبنى كەئىب ئىبنى سەئىد ئىبنى تەيم ئىبنى مۇررە) ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى دوستى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ۋە رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندىن تارتىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يالغان سۆزلىگىنىنى ئاڭلىمىغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلغاندا، ئۇ : سەن ماڭا ئاتا ــ ئانامدەك قىممەتلىك. سەن راست ئېيتىسەن، ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننەكە رەسۇلۇللاھ (گۇۋالىق بېرىمەنكى، بىر اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، سەن اللهنىڭ بەرھەق ئەلچىسى) دېدى. ئەبۇ بەكرى بولسا قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە نوپۇزلۇق، ھۆرمەتلىك، باي، ئەخلاقلىق، ئالىجاناپ، سېخى، خەلق سۆيىدىغان، خۇش سۆھبەت كىشى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى ئورنىدا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئەبۇ بەكرى توغرىسىدا ئۇ: مەن ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان كىشىلىرىمنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەبۇ بەكرىلا ھېچ ئىككىلەنمەي دەرھال قوبۇل قىلدى، دېگەن. دىنغا دەۋەت قىلىشتەك چىڭ ئىشتىن ئەرەبلەرنىڭ تەسادىپىلىق ھېس قىلىپ بويسۇنۇشى قىيىن بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنى مەخپىي ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى، ئەبۇ بەكرىمۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئۆزى ئىشىنىدىغانلارنى

www.munber.org





ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر: قۇرەيش قەبىلىسى ئۇمەييە جەمەتىدىن ئوسمان ئىبنى ئەففان (ئىبنى ئەبۇلئاس ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئەبدۇشەمس ئىبنى ئابدۇماناف) ئىدى. ئوسماننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇنىڭ تاغىسى ھەكەم بىلىپ قېلىپ، ئوسماننى باغلاپ : سەن ئاتا ــ بوۋاڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ يېڭى دىننى قوبۇل قىلدىڭمۇ؟ ئەزبىرايى خۇدا، دىنىڭدىن قايتمىغۇچە، سېنى يېشىۋەتمەيمەن، دېدى. ئوسمان: الله بىلەن قەسەمكى، ئىسلام دىنىدىن ھەرگىز قايتمايمەن، دېدى. ھەكەم ئوسماننىڭ دىندا چىڭلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قويىۋەتتى. بۇ چاغدا ئوسمان يېشى يىگىرمىدىن ئاشمىغان يىگىت ئىدى. يەنە بىرى قۇرەيشلەردىن زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام (ئىبنى خۇۋەيلد ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي) ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئابدۇلمۇتەللىبنى قىزى سەفىيە ئىدى. زۇبەيرنىڭ تاغىسى ئۇنى ئىسلام دىنىدىن قايتۇرماقچى بولۇپ باغلاپ، ئۇنىڭ ئاغزى ــ بۇرنىغا ئىس ــ تۈتەك قويۇپ بەردى، الله ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرۇشىغا مەدەت بەردى. زۇبەير ئۇ چاغدا ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن يىگىت ئىدى. يەنە بىرى قۇرەيش قەبىلىسى زوھرە جەمەتىدىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف (ئىبنى ئابدۇلھارىس ئىبنى زوھرە ئىبنى كىلاپ) ئىدى. ئىسلامدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىسمى ئەبدۇ ئەمىر ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئابدۇراھمان دەپ ئات قويدى. يەنە بىرى قۇرەيش قەبىلىسى زوھرە جەمەتىدىن سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس مالىك (ئىبنى ئۇھەيب ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى زوھرە ئىبنى كىلاپ) ئىدى. سەئىدنىڭ ئانىسى، ئەبۇ سوفيان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قىزى ھەمنە ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: سەن دىنىڭنى

www.munber.org

ئۆزگەرتىپسەن. ئەزبىرايى خۇدا، سەن مۇھەممەدنى ئىنكار قىلمىغىچە ئۆيگە كىرمەيمەن، ئاغزىمغا گىيا سالمايمەن، دېدى. ئۇچ كۈنگىچە دېگىنىدەك قىلدى. سەئىد رەسۇلۇللاھقا كېلىپ ئانىسىنىڭ ئىشىدىن شىكايەت قىلدى. بۇ توغرىدا الله مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدۇم، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ساڭا نامەلۇم نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئىتائەت قىلمىغىن. سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن.“ (سۈرە ئەنكەبۇت، 8 ـ ئايەت) بۇ ئايەتتە الله ئىنسانغا، ئاتا ئاناڭ مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك. ئەمما ئۇلار سېنى اللهغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئۈندىسە، باش تارتقىن، دەپ تەلىم بېرىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى قانچە چوڭ بولسىمۇ، بالىنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ. اللهغا ئاسىيلىق قىلىش بەدىلىگە مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئاندىن الله مۇنداق دەيدۇ: ”مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، ئىمان ئېيتقىنىڭلارنى مۇكاپاتلايمەن، شېرىك كەلتۈرگىنىڭلارنى جازالايمەن.“ بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا، بىرىنچىسى، جازا بېرىش اللهنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىدىن، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ اللهغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن سالغان جاپاسىنى كۆڭلىگە ئالماسلىق كېرەكلىكىدىن، ئىككىنچىسى، ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلماسلىق ئۈچۈن دۇنيادا چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارە ئىككى پايدىلىق مەزمۇن قىستۇرۇلغان.

قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تىم جەمەتىدىن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا (ئىبنى ئۇسمان ئىبنى ئەمىر ئىبنى كەئىب ئىبنى سەئىد ئىبنى تىم



www.munber.org



ئىبنى مۇررە) مۇ دەسلەپتە مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى ۋە سۈپىتىنى بۇرۇن راھىپلاردىن ئاڭلىغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ پايدىلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ پۈختا ۋە ئەرەب جەمىيىتىدىكى نوقسانلاردىن خالى دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىسلام دىنىنى چاپسان قوبۇل قىلدى. ئازات قىلىنغان رۇملۇق قۇل سۇھەيب ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرلارمۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئەممار: بەش قۇل، ئىككى ئايال ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكىنى كۆردۈم، دېگەن. ئەممارنىڭ ئاتىسى ياسىر ۋە ئانىسى سۇمەييەمۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدمۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىكى مۇشرىكلاردىن بىرىنىڭ قوينىنى باقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق مۆجىزىلىرى ۋە تەشەببۇس قىلغان گۈزەل ئەخلاقلىرىنى كۆرۈپ، بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا دائىم دىگۈدەك بەھۇزۇر كىرىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. رەسۇلۇللاھ يۇيۇنسا دالدا بولۇپ بېرەتتى، ئۇخلىسا ئويغىتاتتى، تۇرسا ئايىغىنى كىيدۈرۈپ قوياتتى، ئولتۇرسا ئايىغىنى ئىككى بىلىكىگە ئالاتتى. غەففار قەبىلىسىدىن ئەبۇزەرمۇ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئەبۇ زەر ئەئرابى *[ئەئرابى ـ قىردا ياشىغۇچى بەدىۋى ئەرەب، ـ ت]* ، ناتىق ۋە شېرىن سۆزلۈك ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ قېرىندىشىغا: ئۇلىغىڭنى مىنگىن! مەككىگە بېرىپ، ئۆزىنى ئاسماندىن ۋەھيي كېلىدىغان پەيغەمبەر دەپ



www.munber.org

ھېسابلايدىغان ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە ماڭا مەلۇمات ئېلىپ كەل، دېدى. قېرىندىشى مەككىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قايتىپ بېرىپ، ئەبۇ زەرگە: پەيغەمبەر گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدىكەن، شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدىكەنكى، شېئىرغا ئوخشىمايدۇ، دېدى. ئەبۇ زەر: مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدىڭ، دېدى ــ دە، ئوزۇق ۋە بىر تۇلۇم سۇ ئېلىپ ئاتلىنىپ مەككىگە يېتىپ كەلدى. مەسجىدكە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزلىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇمايتتى، باشقىلاردىن سوراشتىن تارتىندى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەنلەرنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. كەچ كىرگەندە، ئەلى ئۇنى كۆرۈپ مۇساپىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. بىر ــ بىرىدىن بىرەر نەرسە توغرىسىدا سوراشمىدى (ئەرەبلەرنىڭ مېھمان كۈتۈش ئادىتى بويىچە، ئۈچ كۈنگىچە مېھماندىن ئۇنىڭ كېلىش سەۋەبىنى سورىمايدۇ. ــ ت) . ئەبۇ زەر ئەتىسى ئەتىگەندە تۇلۇمنى ۋە ئوزۇقنى ئېلىپ مەسجىدكە كەلدى، كەچكىچە تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرمىدى. كەچ كىرگەندە، ئەبۇزەر بۇرۇنقى چۈشكەن جايىغا قايتىپ كەلدى. ئەلى ئەبۇ زەرنىڭ يېنىغا كېلىپ: سېنى تونۇگۇن مېھمان قىلغان ئۆيۈمگە ئېلىپ باراي دەپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. بىر ــ بىرى بىلەن گەپلەشمىدى. 3 ــ كۈنىمۇ يۇقىرىقىدەك ئۆتتى. ئەلى ئەبۇ زەرگە: كېلىش سەۋەبىڭنى ئېيتىپ بەرگىن، دېدى. ئەبۇ زەر: ماڭا يول كۆرسىتىشكە ۋەدە بەرسەڭ ئېيتىمەن، دېدى. ئەلى ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەلى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا راستتىن اللهنىڭ

www.munber.org





پەيغەمبىرى، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا ئەگىشىپ ماڭ، ئەگەر ساڭا خەۋپ يېتىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسەم، ھاجەت قىلغان بولۇپ تۇرۇۋالىمەن، ماڭسام مەن كىرگەن يەرگىچە ئەگىشىپ مېڭىۋەر، دېدى. ئەبۇزەر ئەتىسى ئەتىگەندە ئەلىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇ يەردىلا مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: قايتىپ بېرىپ ساڭا بۇيرۇغۇم يەتكىچە قەۋمىڭگە ئەھۋالنى يەتكۈزۈۋەر، دېدى. ئەبۇزەر: الله بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانچىلىقنى قەۋمىم ئارىسىدا ئاشكارە جاكالايمەن، دېدى. ئەبۇ زەر چىقىپ مەسجىدكە كېلىپ: ”ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ“ دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلىدى. مۇشرىكلار كېلىپ ئەبۇ زەرنى ئۇرۇپ يېقىتىپ قويدى. ئەبباس كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ: لەنەتكەردىلەر، ئەبۇزەرنىڭ غىفار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ شامغا بارىدىغان سودا يولۇڭلار غىفار قەبىلىسىدىن ئۆتىدۇ دەپ ئەبۇزەرنى ئۇلاردىن قۇتقۇزىۋالدى. ئەبۇزەر ئەتىسى يەنە شۇنداق قىلدى، مۇشرىكلار ئۇنى يەنە ئۇرۇشتى، ھۇجۇم قىلىشتى. ئەبباس يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ ئۇنى قۇتقۇزىۋالدى («سەھىھۇلبۇخارى» كىتاۋىدا شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان) . ئەبۇزەر ئەڭ راست سۆز ۋە ئەڭ تاماسىز ئادەم ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسىدىن سەئىد ئىبنى زەيد ئەدەۋى ۋە ئۇنىڭ ئايالى (خەتتابنىڭ قىزى، ئۆمەرنىڭ ھەمشىرىسى) فاتىمە ۋە ئەبباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ خوتۇنى (ھارس ھىلالىيەنىڭ قىزى) ئۇممۇلفەزلى لۇبابە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇبەيدە ئىبنى ھارس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئىبنى ھاشىم ۋە پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى، قۇرەيش قەبىلىسى مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇسەلەمە، قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن جۇمەھى ۋە ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى قۇدامە، ئابدۇللا، قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەم مەخزۇمىمۇ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسى ئۇمەۋى ئەۋلادىدىن خالىد ئىبنى سەئىد (ئىبنى ئاس ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئابدۇشەمس) مۇ ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى. ئۇ سەللە يۆگىسە، ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن، قۇرەيش قەبىلىسىدىن ھېچكىم سەللە يۆگىمەيتتى. خالىد چۈشىدە بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنى قۇتقۇزىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خالىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: مۇھەممەد، سەن نىمىگە دەۋەت قىلىسەن؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سېنى ھېچقانداق شېرىگى يوق يالغۇز بىر اللهغا ئىبادەت قىلىشقا، ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلاشقا دەۋەت قىلىمەن؛ ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلىشقا، كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرمەسلىككە، مەيلى ئاشكارە، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلىمەن؛ الله چەكلىگەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىككە، يېتىملەرنىڭ مېلىنى ناھەق يېمەسلىككە، جىڭ ـ تارازىلارنى توغرا قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن؛ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىڭنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئادىل بولۇشقا، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خالىد مۇسۇلمان بولدى. بۇ چاغدا خالىدنىڭ ئاتىسى خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئازار ـ كۈلپەتلەر قىلدى، ھەتتا تاماق بەرمىدى. خالىد پەيغەمبەر



www.munber.org



ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىدى. ئاتىسىدىن يوشۇرۇنۇپ مەككە ئەتراپىدا يۈردى. ئارقىدىنلا خالىدنىڭ قېرىندىشى ئەمر ئىبنى سەئىد مۇسۇلمان بولدى. شۇنداق قىلىپ يۇقىرىدىكى بۇيۈك زاتلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئۇلارنى زورلاپ مۇسۇلمان قىلىدىغان قۇرال، كۈچ يوق ئىدى ياكى ئۇلارنى ئاتا ـ ئانا، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تاشلىۋېتىشكە قىزىقتۇرغۇدەك نەرسىمۇ يوق ئىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، خالىد ئىبنى سەئىد ۋە باشقىلارغا ئوخشاش باي كىشىلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا پۇل ـ مېلى كۆپ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن قۇللار بولسا مۇسۇلمان بولۇپ، ئازار ـ كۈلپەت، ئاچلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتنى ئىختىيار قىلدى. ئەگەر ئۇلار خوجىلىرىغا ئەگەشكەن بولسا، بۇ دۇنيادا خاتىرجەم ۋە باياشاتراق ياشىغان بولار ئىدى. ئۇلار پەقەت اللهنىڭ ھىدايەت قىلىشى، ئىسلام نۇرىنىڭ دىللىرىنى يورۇتۇشى ئارقىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ ناتوغرا يولدا ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشىنىپ مۇسۇلمان بولدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشى

يۇقىرىقى مۇددەت ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ ئومۇمى يىغىنلىرىدا ئاشكارا دەۋەت ئېلىپ بارمىدى. مۇسۇلمانلار قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قارشىلىقىدىن قورقۇپ، ئاشكارە ئىبادەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئىبادەت قىلماقچى بولغانلار مەككىنىڭ تاغ ئارىلىرىغا بېرىپ يوشۇرۇن ناماز ئۆتەيتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 30دىن ئاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار بىلەن بىر يەرگە



www.munber.org

يىغىلىپ، ئۇلارنى يىتەكلىشى ۋە ئۇلارغا دىنىي ئىشلارنى ئۆگىتىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەمنىڭ قورۇسىنى تاللىدى. ئەرقەم ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ”ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قوي، مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولما“ (سۈرە ھىجر، 94 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغىچە مەخپىي دەۋەت ئېلىپ بارغان ئىدى.

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، اللهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، اللهنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ۋە ياردىمىگە تايىنىپ يۇشۇرۇن دەۋەتتىن ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساپا تېغىغا چىقىپ: ھەي فىھر جەمەتى، ھەي ئىدى جەمەتى! دەپ پۈتۈن قۇرەيش ئايماقلىرىنى چاقىردى. كېلەلمىگەنلەر ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتتى. قۇرەيش خەلقى يىغىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇلەھەب ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: قاراڭلار، ئەگەر مەن سىلەرگە تاغ ئارقىسىدا ئاتلىق قوشۇن بار، مەككىگە ھۇجۇم قىلماقچى، دېسەم ، چۈمپۈتەمسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: ھەئە، چۈمپۈتىمىز، چۈنكى سېنىڭ يالغان سۆزلىگىنىڭنى ئاڭلىغىنىمىز يوق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن سىلەرنى اللهنىڭ قاتتىق ئازاۋىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرمەن، دېدى. ئەبۇلەھەب: ئۆلگۈر، بىزنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن يىغدىڭمۇ!؟ دېدى. الله ئەبۇلەھەب توغرىسىدا: ”ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! ئۇ چوقۇم قۇرۇپ كېتىدۇ! مال ـ مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئۇنىڭغا ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان دەۋزەخكە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان دەۋزەخكە كىرىدۇ. خوتۇنىنىڭ بوينىدا پىششىق

www.munber.org





ئاغامچا بولىدۇ“ دېگەن تەببەت سۈرىسىنى نازىل قىلدى. ئوتۇن توشۇش دېگەن سۆزدە ئەبۇلەھەبنىڭ ئايالىنىڭ سۇخەنچىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئايالللار يىغىلغان جايلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يالغان ـ ياۋىداقلارنى توقۇيتتى. ئاندىن الله سۈرە شۇئەرادىكى بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇر.“ بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرى ئابدۇماناف ئەۋلادىدىن ھاشىم جەمەتى، نەۋفەل جەمەتى، ئەبدۇ شەمس جەمەتى ئىدى. ”ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرنى قانات ئاستىڭغا ئالغىن، خىش ئەقرىبالىرىڭ دەۋىتىڭدىن باش تارتسا، مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن چېكارىگا، دېگىن.“ (سۈرە شۇئەرا، 214ـ، 215ـ، 216ـ ئايەتلەر) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىش ـ ئەقرىبالىرىنى يىغىپ ئۇلارغا: ئەلچى دېگەن ئۆز ئادەملىرىگە يالغان سۆزلىمەيدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇبادا باشقىلارغا يالغان سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، سىلەرگە يالغان سۆزلىمەيمەن، باشقىلارنى ئالدىغان تەقدىردىمۇ، سىلەرنى ئالدىمايمەن. يەككە ـ يېگانە بىر الله بىلەن قەسەمكى، مەن پۈتۈن ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ سىلەرگە اللهنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى، الله بىلەن قەسەمكى، ئۇخلىغاندەك ئۆلىسىلەر، ئويغانغاندەك تىرىلىسىلەر، قىلمىشىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر، ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىسىلەر، يامانلىقىڭلار ئۈچۈن جازالىنىسىلەر، قارارگاھىڭلار ئەبەدى جەننەت بولىدۇ ياكى ئەبەدى دەۋزەخ بولىدۇ، دېدى. يىغىلغانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان ئەبۇلەھەبتىن باشقىسى يۇمشاق گەپ قىلدى. ئەبۇلەھەب بولسا: مۇھەممەدكە پۈتۈن ئەرەب خەلقى قارشى قوزغىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى توسۇشۇڭلار كېرەك. مۇھەممەدنى ئەرەبلەرگە

www.munber.org

تاپشۇرساڭلار، كەمسىتىلگەن بولسىلەر، تاپشۇرمىساڭلار، ئەرەب خەلقى سىلەرگە ئۇرۇش ئاچىدۇ، دېدى. ئەبۇتالىب قوپۇپ: الله بىلەن قەسەمكى، ھاياتلا بولساق، مۇھەممەدنى ھىمايە قىلىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تارقاپ كەتتى.

رەسۇلۇللاھ دىنغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، قۇرەيش خەلقى ھەر بىر يىغىلىشقان ۋاقىتلىرىدا ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار: ئەبۇ كەبشىنىڭ ئوغلى ئاسماندىن سۆزلەيدۇ، دېگەندىن باشقا گەپنى قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئەيىپلىدى، ئۇلارنى نادان دەپ قارىدى ھەمدە ئۇلارغا: الله بىلەن قەسەمكى، ھەي، خەلق، سىلەر بوۋاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىغا خىلاپلىق قىلىۋاتىسىلەر! دېدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرى چوقۇنۇپ كەلگەن بۇتلىرى ئۈچۈن قىزغىنىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا جاھىلىيەتنىڭ قىزىققانلىقى قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلىرىدىن ئۈستىگە ئالغان تاغىسى ئەبۇتالىب (ھاشىم جەمەتىنىڭ باشلىقى) نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن مۇھەممەدنى قوغدىماسلىقنى ياكى ئۇنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىشىنى توسۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇتالىب ئۇلارنى چىرايلىق گەپ بىلەن قايتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىشنى بىمالال داۋاملاشتۇرىۋەردى، دەۋەتنى كۈچەيتىۋەردى. قۇرەيش خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلايتتى، بىر - بىرىنى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشكە كۈشكۈرتۈشەتتى. ئۇلار ئەبۇتالىبنىڭ قېشىغا بېرىپ: سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئابرويلۇق، نوپۇزلۇق ئادەم، بىز سەندىن قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدۇق،

www.munber.org





سەن ئۇنى توسمىدىڭ، بىز ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى تىللىشىغا، بىزنى نادان دەپ قارىشىغا، ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىپلىشىگە چىداپ تۇرالمايمىز، دېيىشتى. مۇشرىكلار ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، رەددىيە بەرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەقىلنى ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىپلەيتتى. ئۇلۇغ الله قۇرئاندا: ”ھەر قاچان ئۇلارغا، الله نازىل قىلغان كىتابقا ئەگىشىڭلاردىلسە، ئۇلار، ئۇنداق ئەمەس، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، دېيىشىدۇ، ئاتا - بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە ئاداشقان تۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟“ (سۈرە بەقەرە 170 - ئايەت) الله يەنە مۇنداق دېگەن: ”مۇشرىكلارغا قۇرئان ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى يېتەرلىك، دېيىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ۋە ئاداشقان تۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ دىنى يېتەرلىكمۇ؟“ (سۈرە مائىدە، 104 - ئايەت) يەنە مۇنداق دېگەن: ”ئۇلارغا الله نازىل قىلغان كىتابقا ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز، دېيىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىنى شەيتان دوزاخقا چاقىرغان تۇرسىمۇ ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟“ (سۈرە لوقمان، 21 - ئايەت) . الله يەنە مۇشرىكلارنىڭ رەددىيە دەلىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ”ئۇنداق ئەمەس، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا (بۇتپەرەسلىككە) ئېتىقات قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىمىز، دېيىشىدۇ.“ (سۈرە زۇخرۇف، 22 - ئايەت) الله قۇرئاندا مۇتەئەسسىپلىكتە ۋە تەرسالىقتا مۇشرىكلارنىڭ مەزكۇر سۆزىنىڭ بۇرۇنقى مۇشرىكلارنىڭ سۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: ” ئۇ، ئاتا - بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ

www.munber.org

كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم، نېمە دەيسىلەر؟ دېسە، ئۇلار، سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز، دېيىشىدۇ.“ (سۈرە زۇخرۇف، 24 ـ ئايەت) ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا تەقلىت قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىق گۇمراھلىقتا ئەيىبلىنىشىگە سەۋەب بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوغىسى قايناپ، ئەبۇتالىبقا : مۇھەممەدنىڭ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشنى توسىشىڭ كېرەك، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، مۇھەممەد بىلەن سەن بىر تەرەپ، بىز بىر تەرەپ بولىمىز، تاكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ھالاك بولغىچە ئورۇشىمىز، دەپ قايتىپ كېتىشتى. ئەبۇتالىبقا خەلقتىن ئايرىلىش ئېغىر كەلدى. قېرىندىشىنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلىۋېتىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ماڭا خەلق كېلىپ مونۇ سۆزلەرنى قىلدى. ئۆزەڭنى قۇتقازغىن، مېنى قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشقا زورلىما! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ياردەم بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ: ھەي تاغا، الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشنى تاشلىشىم ئۈچۈن ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزۇشىمۇ، تاكى الله ئۇ ئىشنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرمىگىچە، ياكى شۇ يولدا ئۆزۈم ھالاك بولمىغىچە، بۇ ئىشنى تاشلىيالمايمەن، دېدى ـ دە، يىغلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئەبۇتالىب: ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، قارا! دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارىدى. ئەبۇتالىب ئۇنىڭغا: بارغىن، خالىغىنىڭنى دەۋەرگىن، الله بىلەن قەسەمكى، سېنى ئۇلارغا تاپشۇرمايمەن، دېدى.

www.munber.org





## رەسۇلۇللاھنىڭ تارتقان ئەزىيەتلىرى

رەسۇلۇللاھ دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا مۇشرىكلار تەرىپىدىن نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازار ـ كۈلپەتلەرگە ئۇچرىدى، بولۇپمۇ بەيتۇللاھقا نامازغا بارغاندا شۇنداق بولاتتى. رەسۇلۇللاھقا ئەڭ كۆپ ئاھانەت قىلىدىغان بىر گورۇھ بولۇپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلار مەسخىرە قىلغۇچىلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەڭ يامىنى قۇرەيش قەبىلىسى مەخزۇم جەمەتىدىن ئەبۇ جەھىل ئەمرۇ ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى قۇرەيش خەلقىگە: ھەي جامائەت، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، مۇھەممەد بولسا دىنىڭلارنى ئەيىپلىمەكتە، ئىلاھلىرىڭلارنى تىللىماقتا، سىلەرنى ئەقىلسىزلار دىمەكتە، ئاتا ـ بوۋاڭلارنى سۆكمەكتە. مەن اللەغا ۋەدە قىلىمەنكى، ئەتە چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ مۇھەممەدنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن، ئۇ نامازدا سەجدىگە باش قويغان چاغدا، تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يانچىپ تاشلايمەن. بۇ چاغدا مېنى ئابدۇماناف جەمەتىگە تاپشۇرساڭلارمۇ مەيلى، قوغدىساڭلارمۇ مەيلى. ئابدۇماناف جەمەتى خالىغىنىنى قىلسۇن، دېدى. ئەتىسى ئەبۇ جەھىل شۇ سۆزى بويىچە تاشنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھنى كۈتۈپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادىتى بويىچە نامازغا كەلدى، قۇرەيشلەر يىغىلىپ ئەبۇجەھىلنىڭ نېمە قىلارىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاشنى سەجدىگە باش قويغاندا، ئەبۇجەھىل تاشنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈزلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىپ بارغاندا ئۆزى چۆچۈپ، رەڭگى ئۆڭۈپ ئارقىسىغا داجىدى ۋە تاشنى تاشلىۋەتتى. قۇرەيش خەلقىدىن بىرقانچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ھەي ئەباھەكەم (ئەبۇجەھىل) ،

www.munber.org

ساڭا نىمە بولدى؟ دېدى. ئەبۇ جەھىل: سىلەرگە دېگەنلىرىمنى قىلماقچى بولۇپ، مۇھەممەدكە يېقىنلاشقىنىمدا، بىر بۇغرا تۇگە پەيدا بولۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى. ئەزبىرايى خۇدا، بۇ سۈرەتلىك تۆگىنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم، دېدى. بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھقا ئاڭلانغاندا، ئۇ: تۆگە سۈرىتىدە كۆرۈنگەن جىبرىئىل ئىدى، ئەبۇ جەھىل ماڭا يېقىنلىشىدىغان بولسا، ئۇنى چۇقۇم ھالاك قىلاتتى، دېدى. ئەبۇجەھىل تولا چاغلاردا رەسۇلۇللاھنى بەيتۇللاھدا ناماز ئوقۇشتىن توسايتتى. بىر قېتىم ئەبۇجەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېنى بۇنىڭدىن توسقان ئەمەسمىدىم؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلدى ۋە ھەيۋە قىلدى. الله ئەبۇجەھىلگە ھەيۋە قىلىپ مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن، يالغانچى ۋە گۇناھكارلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ جەھەننەمگە سۆرەيمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى چاقىرسۇن! بىز زەبانىيە *[زەبانىيە ـ گۇناھكارلارنى دوزەختە ئىتتىرىدىغان پەرىشتىلەر. ـ ت]* لەرنى چاقىرىمىز. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭغا بويسۇنما، اللهغا سەجدە قىل ۋە يېقىن بول.“ (سۈرە ئەلەق، 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ، 18 ـ، 19 ـ ئايەتلەر) ئىمام بۇخارىنىڭ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇجەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە مۇنداق ئازار بەرگەن: ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئېيتىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن مەسجىدتە ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، ئەبۇجەھىل، كىم پالان ئادەمنىڭ تۆگىسىنىڭ يىنىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇھەممەد سەجدە قىلىۋاتقاندا يىنىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلايدۇ؟ دېدى. ئەبۇشەمس يىنىنى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە باش



www.munber.org



قويغاندا ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى. مەسجىدتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىرى يىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇستىدىن ئېلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز ئىدى. قىزى فاتىمە كېلىپ يىنىنى ئۇستىدىن ئېلىپ تاشلىغىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدىن باش كۆتەرمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرغاندا، بۇ قەبىھ ئىشنى قىلغانلارغا: خۇدايىم قۇرەيشتىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۇتقىن، دەپ دۇئايى بەد قىلىپ، بىر گورۇھ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. كېيىن ئىبنى مەسئۇد: ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەدرى غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇجەھىلنىڭ ئارىسىدا يەنە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: ئەبۇجەھىل ئەراشى دېگەن بىر كىشىنىڭ تۆگىلىرىنى سېتىۋېلىپ پۇلىنى كېچىكتۈرگەندە، ئەراشى تويلىشىپ تۇرغان قۇرەيش خەلقىدىن بۇ توغرىلىق ياردەم سورايدۇ. ئۇلار: رەسۇلۇللاھنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن : ئۇنىڭغا ئەرز قىلساڭ، پۇلۇڭنى ئېلىپ بېرىدۇ، دەپ رەسۇلۇللاھنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەبۇجەھىل دېگەن بەدبەختنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان ئىشلىرىنى بىلەتتى. ئەراشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەبۇجەھىلدىن پۇلىنى ئېلىشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەراشى بىلەن بىللە بېرىپ ئەبۇجەھىلنىڭ دەرۋازىسىنى قاقىدۇ. ئەبۇجەھىل: كىم بۇ؟ دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: مەن، مۇھەممەد! دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەبۇجەھىل رەڭگى ئۆچكەن ھالدا چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: بۇ ئادەمنىڭ ھەققىنى بەر، دەيدۇ. ئەبۇجەھىل غىڭ قىلماي، پۇلنى دەررۇ بېرىدۇ. ئەراشىنىڭ ئېلىشى شۇ يەردىلا پۈتىدۇ. قۇرەيشلەر ئەبۇجەھىلگە: قارا سېنى، نىمە



www.munber.org

قىلغىننىڭ بۇ؟ دېگەندە، ئەبۇجەھىل: سىلەرگە ۋاي. ئەزبىرايى خۇدا، مەن مۇھەممەدنىڭ ئىشىك قاققانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. . قارىسام بېشىمدا بىر بۇغرا تۆگە تۇرۇپتۇ، بۇ سۈرەتلىك تۆگىنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇلەھەب ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدى، ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھقا يىراق كىشىلەردىنمۇ بەتتەر ئەزىيەت يەتكۈزەتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خوشنىسى ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا نىجاسەتلەرنى تاشلاپ قوياتتى. رەسۇلۇللاھ: ھەي ئابدۇماناف جەمەتى، بۇ قانداق خوشنىدارچىلىق!؟ دەپ، نىجاسەتنى ئېلىپ تاشلايتتى. ئەبۇلەھەبنىڭ خوتۇنى ھەرب ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قىزى ئۇممۇ جەمىلمۇ ئېرىنىڭ قەبىھ ئىشلىرىغا ئورتاقلىشاتتى. رەسۇلۇللاھنى كۆپ تىللايتتى، رەسۇلۇللاھ توغرىسىدا كۆپ غەيۋەت قىلاتتى. ئېرى بىلەن ئىككى ھەققىدە تەببەت سۈرىسى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇلار تېخىمۇ ئەشەددىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئەيتمۇ رەسۇلۇللاھنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككىنچى خوشنىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھقا ئەبۇلەھەبكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىنى مېھمانغا چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: اللە بىلەن قەسەمكى، سەن ئىمان ئېيتمىغۇچە، تامىقىڭنى يېمەيمەن! دېدى. ئۇبەي كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ قويدى. بۇ خەۋەر قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئۇبەي ئىبنى خەلەفكە يەتتى. ئۇبەي بولسا ئۇقبەنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ ئۇقبەدىن: سەن توغرىلىق بىر گەپ ئاڭلىدىم، بۇ نېمە گەپ؟ دەپ سورىدى. ئۇقبە: ئانچىكى گەپ. ئۆيۈمگە



www.munber.org



بىر ئېسىل ئادەم كېلىپ تاماق يېگىلى ئۇنىماي، ئىمان ئېيتساڭ يەيمەن، دەپ تۇرىۋالدى. ئۆيۈمدىن ئۇنىڭ تاماق يېمەي چىقىپ كېتىشىدىن خىجىل بولۇپ ئىمان ئېيتقان بولدۇم، دېدىن. ئۇبەي ئۇنىڭغا: سەن مۇھەممەدنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ، كۆزىنى تاملىمىغىچە، يۈزۈڭگە قاراش ماڭا ھارام بولسۇن! دېدى. ئۇقبە رەسۇلۇللاھقا شۇنداق قىلدى. اللە ئۇقبە توغرىلىق مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”ئۇ كۈنى زالىم كىشى (ئۇقبە) ئىككى قولىنى چىشلەپ: كاشكى پەيغەمبەر بىلەن بىر يول تۇتقان بولسامچۇ، ۋايەي، كاشكى پالانچىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ، ماڭا قۇرئان كەلگەندىن كېيىن، ئۇ (شەيتان) مېنى ئازدۇردى، دەيدۇ. شەيتان ئىنسانىنى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.“ (سۈرە فۇرقان، 27 ـ ، 28 ـ ، 29 ـ ئايەتلەر)

«سەھىھۇلبۇخارى»دا رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ۋەقە بەدبەخت ئۇقبەنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان ئەڭ يامان مۇئامىلىسى بولدى: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇقبە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنىغا چاپىنىنى تاشلاپ چىڭ يۆگىۋالدى. بۇ چاغدا ئەبۇبەكرى كېلىپ رەسۇلۇللاھنى ئاجرىتىۋالدى ۋە ”رەببىم اللە دېگەن ۋە رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ “ (سۈرە مۆمىن، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېدى. مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن يەنە بىرسى قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ ئاتىسى ئاس ئىبنى ۋائىل بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللاھقا ناھايىتى ئۆچ ئىدى. ئۇ: مۇھەممەد ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىسىلەر، دەپ (ساھابىلىرىنى) ئالدىدى. ئەزبىرايى خۇدا، بىز پەقەت زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلىمىز، دېدى. اللە ئاسنىڭ بۇ دەۋاسىغا رەددىيە بېرىپ، جاسىيە سۈرىسىدىكى بۇ ئايەتنى



www.munber.org

نازىل قىلدى: ”ئۇلار ھايات دېگەن پەقەت بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە ياشايمىز، پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز، دەيدۇ. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، قىياس بىلەنلا شۇنداق دەيدۇ.“ (سۈرە جاسىيە، 24 ـ ئايەت)

بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان خەبباب ئىبنى ئەرەت دېگەن ساھابىنىڭ ئاس دېگەن كىشىدە ئېلىشى بولۇپ، ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاس ئۇنىڭغا: سەن دىنغا كىرگەن، مۇھەممەد جەننەت ئەھلىگە جەننەتتە ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم ـ كېچەك، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بار دەيدۇ، راستمۇ دەپ سورايدۇ. خەبباب: ھەئە، شۇنداق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاس: مېنى شۇ كۈنگىچە كۈتكىن، شۇ چاغدا مەن مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلاتقا ئىگە بولۇپ، قەرزىڭنى قايتۇرىمەن، دەيدۇ. الله ئاس توغرىلىق بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا مال ـ مۈلۈك، بالا بېرىلىدۇ، دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ!؟ ئۇ غەيب①نى بىلگەنمۇ ياكى اللهنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى يېزىپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئازاپنى كۈچەيتىمىز. ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاتلىرى بىزگە قالىدۇ، ئالدىمىزغا ئۇ تەنها كېلىدۇ.“*[غەيب ـ سەزگۈ ئەزا ۋە ئەقىل بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئاخىرەتكە دائىر ئىشلار، ـ ت]* (سۈرە مەريەم، 77 ـ ، 78 ـ ، 79 ـ ، 80 ـ ئايەتلەر) *[①: سەزگۈ ئەزا ۋە ئەقىل بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئاخىرەتكە دائىر ئىشلار.ـ ت]*

قۇرەيش زوھرە جەمەتىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ تۇققىنى ئەسۋەد ئىبنى ئەبدۇيەغۇسمۇ مەسخىرە قىلغۇچىلار گورۇھىدىن ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ساھابىلەر بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرسە مەسخىرە قىلىپ: پادىشاھلار كېلىۋاتىدۇ، دەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى



www.munber.org



قىيىن، كىيىم ـ كېچىگى كونا ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى مەسخىرە قىلىپ: بۈگۈن ئاسماندىن سۆزلىمەمسەن؟ دەيتتى. مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن يەنە بىرى خەدىچىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىب ئەسەدى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار كۆز قىسىشىپ زاڭلىق قىلىشاتتى. بۇ ئايەتلەر شۇ توغرىلىق نازىل بولغان: ”مۇشرىكلار ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ھەمىشە مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. (ئىمان ئېيتقان كىشىلەر) ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار كۆز قىسىشىدۇ، ئۆيلىرىگە قايتقاندا كۆرەڭلەپ قايتىشىدۇ، مۇسۇلمانلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنى شەكسىز ئاداشقانلار دېيىشىدۇ.“ (سۈرە تەتفىف، 29ـ، 30ـ، 31ـ ، 32ـ ئايەتلەر.)

ئەبۇ جەھىلنىڭ تاغىسى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەمۇ مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، باياشات ياشايتتى، باي ئىدى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھتىن قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۆز قەۋمى بەنى مەخزۇم جەمەتىگە: ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەدتىن بايا شۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلىدىمكى، ئۇ ئىنسى ـ جىننىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ سۆز شۇ قەدەر شىرىن ۋە گۈزەل، باشتىن ـ ئاخىرىغىچە چىرايلىق بولۇپ، ھەر قانداق سۆزنى بېسىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا سۆز ئۆتمەيدۇ، دېدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى: ئەزبىرايى خۇدا، ۋەلىد دىنىنى ئۆزگەرتىپتۇ، ئەمدى پۈتۈن قۇرەيش خەلقى دىنىنى ئۆزگەرتىدىغان بولدى، دېيىشتى. ئەبۇ جەھىل قوپۇپ: سىلەر ئۈچۈن مەن ۋەلىدگە تېتىيمەن، دېدى ـ دە، ۋەلىدنىڭ قېشىغا بېرىپ غەمكىن قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ۋەلىدنى كۈشكۈرتىدىغان گەپلەرنى قىلدى. ۋەلىد ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: سىلەر مۇھەممەدنى ساراڭ



www.munber.org

دەيسىلەر، ئۇلارنىڭ قالايمىقان سۆزلىگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى پالچى دەيسىلەر، ئۇلارنىڭ پال سالغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى شائىر دەيسىلەر، ئۇنىڭ شېئىر بىلەن شۇغۇللانغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى يالغانچى دەيسىلەر، ئۇنىڭ بىرەر يالغانچىلىقى ئالدىڭلاردىن ئۆتتىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: ياق، دەپ جاۋاب بېرىشتى. ۋەلىددىن: ئۇنداق بولسا، ئۇ نىمە؟ دەپ سوراشتى. ۋەلىد بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن: مۇھەممەد سېھىرگەر. قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئاياللىرىدىن، باللىرىدىن، قۇللىرىدىن ئايرىۋېتىپ بارغىنىنى، دېدى. سورۇندا خۇشاللىق سادالىرى ياڭراپ كەتتى. الله ۋەلىد توغرىسىدا بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”مەن تەنها ياراتقان كىشىنى[ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى دىمەكچى. ـ ت] ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم ۋە تەييار تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈردۈم. ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تاما قىلىدۇ. ياق، ياق. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاۋىمنى تېتىتىمەن. چۈنكى ئۇ ئويلاندى ۋە پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، قانداق پىلانلىدى؟ يەنە لەنەت بولسۇنكى، قانداق پىلانلىدى؟ ئاندىن قارىدى، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. تەكەببۇرلۇق بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلدى. بۇ، ئۆگىنىلگەن سېھىر ۋە ئىنساننىڭ سۆزى، دېدى. ئۇنى مەن دەۋزەخكە سالىمەن.“ (سۈرە مۇددەسسىر، 11 ـ ئايەتتىن26 ـ ئايەتكىچە) ۋەلىد توغرىسىدا يەنە بۇ ئايەت نازىل بولدى: ”قەسەمخور، پەس، تۆھمەتخور، سۆخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتىسى نامەلۇم ئادەمگە ئىتائەت قىلما. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە، بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرى دەيدۇ. ئۇنىڭ

www.munber.org





بۇرنىنى داغلايمىز.“ (سۈرە قەلەم، 10 ـ ئايەتتىن16 ـ ئايەتكىچە) بۇرنىنى داغلاش دېگەن سۆز خارلاشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى يۈز ئەڭ قەدىرلىك ئەزا بولۇپ، يۈزگە جايلاشقان بۇرۇن ئەڭ قىممەتلىك. بۈيۈكلۈكنى بىلدۈرىدىغان غۇرۇر مەنىسىدىكى ئەنەفە دېگەن سۆز ئەنە شۇ بۇرۇن مەنىسىدىكى ئەنف سۆزىدىن كېلىپ چىققان، شەرەپلىك ئەزانى داغلاش خارلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇددار ئىبنى قۇسەي جەمەتىدىن نەزر ئىبنى ھارىسمۇ مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان ۋە ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن كۈنلەرنى ئەسلەتكەن چاغلاردا، نەزر قوپۇپ: ھەي خالايىق، كېلىڭلار، مەن سىلەرگە مۇھەممەدتىن ياخشىراق سۆزلەپ بېرىمەن دەپ، ئىران پادىشاھلىرى توغرىلىق سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ ئىران پادىشاھلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى بىلەتتى. ئۇ مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دەيتتى. نەزر توغرىسىدا بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: ”كىشىلەر ئارىسىدا اللهنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ۋە ئۇنى كۈلكە قىلىۋېلىش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلارمۇ بار. مۇنداق ئادەملەر خارلىنىش ئازاۋىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلسە، گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك، تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاپ بىلەن بېشارەت بەرگىن.“ (سۈرە لۇقمان، 6 ـ 7 ـ ئايەت)

تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن الله ئۆچ ئالدى: ”مەسخىرە قىلغۇچىلارغا قارشى ساڭا بىز كۇپايىمىز، ئۇلار اللهدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھقا چوقۇنىدۇ، ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي بىلىدۇ.“ (سۈرە ھىجر، 95 ـ 96 ـ

www.munber.org

ئايەتلەر) اللهنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ئۇچۇن بۇرۇن نازىل بولغان سۈرىدە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغان، چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان. بۇ گورۇھنىڭ ھالاك بولۇشى رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كۆچكەندىن كېيىن بولغان. ئۇلاردىن ئەبۇجەھىل، نەزىر ئىبنى ھارىس، ئۇقبە ئىبنى مۇئەيت قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى. ئەبۇلەھەب، ئاس ئىبنى ۋاھىل، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە قاتارلىقلارنى الله ئېغىر كېسەللەرگە دۇچار قىلىپ ھالاك قىلدى.

## ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان بەزى ھاقارەتلىرى تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ھەمزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇ جەھىل ھاقارەت قىلغان ئىدى. ھەمزىنىڭ بىر كېنىزىكى ھەمزىنى بۇ ئىشقا سۆكۈت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپلىدى. ھەمزىنىڭ قېنى قىزىپ بېرىپ بەدبەخت ئەبۇجەھىلنى غەزەپ بىلەن تىللىدى ۋە: سەن مۇھەممەدنى ھاقارەتلەمسەن!؟ مەن بولسام مۇھەممەدنىڭ دىنىدا، دېدى. الله ھەمزىنىڭ كۆزىنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن يورۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەمزە ئەڭ سادىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ، مۇسۇلمانلارنى قوغداشتا غەيرەتلىك، ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى باتۇر بولغانلىقتىن ئەسەدۇللا (اللهنىڭ يولۋىسى) دەپ ئاتالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكلىرى ئۈچۈن ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. دۈشمەندىن ھىمايە

www.munber.org





قىلىدىغان ۋە قوغدايدىغان ئۇرۇق - تۇققىنى يوقلار تېخىمۇ شۇنداق بولدى. الله رازى بولسىلا، مۇنداق ئازار ـ كۈلپەتلەر ئۇلار ئۈچۈن شىرىن تۇيۇلاتتى. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن يانمىدى. الله ئۇلارنى دىنىدا مۇستەھكەم قىلدى، ئىسلام دىنىنى ئۇلار ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزدى. ئۇلار بۇرۇن زېمىندا ئاجىز بولغان بولسا، كېيىن زېمىننىڭ پادىشاھلىرىغا ئايلاندى. بۇنى الله قۇرئاندا بۇ ئايەتتە بايان قىلغان: ”زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلماقچىمىز، ئۇلارنى يېتەكچىلەر ۋە ۋارىسلار قىلماقچىمىز.“ (سۈرە قەسەس، 5 ـ ئايەت) الله ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىسلام دىنى يولىدا كۈلپەت چەككەنلەرنىڭ بىرى بىلال ئىبنى رەباھ ئىدى. بىلال بولسا قۇرەيشلىك ئۇمەييە ئىبنى خەلەفىل جۇمەھىنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇمەييە بىلالنىڭ بوينىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ئۇششاق بالىلارغا ئۇنى ئوينىسۇن دەپ دەپ تاپشۇراتتى. بىلال: الله بىر، الله بىر دەيتتى. بىلال شۇنداق بىر قىيىن ئەھۋالدا ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالماي، اللهنى بىر دەپ تۇردى. ئۇمەييە تومۇزدا چۈش ۋاقتىدا بىلالنى ئىسسىق قۇمغا ئېلىپ چىقاتتى. قۇم شۇنداق ئىسسىق ئىدىكى، بىرەر پارچە گۆشنى قويسا پىشاتتى. بىلالنىڭ مەيدىسىگە چوڭ تاشنى ئالدۇرۇپ قويۇپ، مۇھەممەدنى ئىنكار قىلىپ، لات، ئۇززا دېگەن بۇتلارغا چوقۇنمىساڭ، مۇشۇنداق قىيناپ ئۆلتۈرىمەن، دەيتتى. بىلال: الله بىر، الله بىر، دەپ جاۋاب قايتۇراتتى. بىلال شۇنداق ئازاپ چېكىۋاتقاندا، بىر كۈنى ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ھەي ئۇمەييە، بۇ بىچارە توغرىسىدا اللهدىن قورقمامسەن؟ ئۇنى قاچانغىچە قىينايسەن؟ دېدى. ئۇمەييە ئەبۇبەكرىگە: ئۇنى سەن بۇزدۇڭ، ئەمدى ئۇنى قۇتقۇزۇپ باقمامسەن؟ دېدى. ئەبۇبەكرى بىلالنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلدى. الله

www.munber.org

ئەبۇبەكرى ۋە ئۇمەييە ھەققىدە بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان دوۋزەختىن ئاگاھلاندۇردۇم، ئۇنىڭغا بەدبەخت ئادەملەرلا كىرىدۇ. ئۇمەييە ھەقنى ئىنكار قىلدى ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈدى. ئەڭ مۇتتەقى (ئەبۇبەكرى) ئادەم ئۇنىڭدىن يىراق قىلىنىدۇ. ئۇ پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس. پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر. ئەلۋەتتە، ئۇ، ئۆزىمۇ مەمنۇن بولىدۇ.“ (سۈرە ۋەللەيلى، 14 ـ ئايەتتىن 21 ـ ئايەتكىچە) ئەبۇبەكرى مېلىنى سەرپ قىلىپ بىلالنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلغانلىقىنىڭ اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغانلىقىنى الله ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن بۇ شەرەپ يېتەرلىك ئىدى. ئەبۇبەكرى يەنە بىلالدىن باشقا، مۇسۇلمان بولۇپ خوجايىنلىرىنىڭ جازالىشىغا ئۇچرىغان قۇللاردىن بىر گۇرۇھ ئادەمنى ئازات قىلدى. بىلالنىڭ ئانىسى ھەمامە ۋە ئامىر ئىبنى فۇھەير شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى. ئامىر قاتتىق قىيناشقا ئۇچرىغاچقا، ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. سەبۋان ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنىڭ قولى ئەبۇفۇكەيھەنىمۇ ئازات قىلدى. مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن قىيناشقا ئۇچرىغان زىننىرە ئىسىملىك ئايالنىمۇ ئەبۇبەكرى ئازات قىلدى. ئۇ قىيىن قىستاقتا ئېلىنىپ كۆزى كور بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەبۇجەھىل: بۇلاردىن ۋە ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئەجەپلەنمەمسىلەر؟ مۇھەممەد دەۋەت قىلىۋاتقان دىن ھەق بولىدىغان بولسا، بۇلاردىن بۇرۇن بىز قوبۇل قىلغان بولاتتۇق. بىزدىن بۇرۇن ھەق يولنى زىننىرە تاپارمۇ؟ دەيتتى. الله مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”كاپىرلار مۆمىنلەرگە، ئەگەر ئىسلامدا بىرەر خەيرىيەت بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا بىزدىن

www.munber.org





بۇرۇن ئېرىشەلمىگەن بولاتتى، دېدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ قەدىمقى ئۇيدۇرمىدۇر، دەيدۇ.“ (سۈرە ئەھقاف، 11 ـ ئايەت) بەنى زۆھرەنىڭ كېنىزىكى ئۇممۇ ئۇ نەيسىنىمۇ ئەبۇبەكرى سېتىۋېلىپ ئازات قىلدى. ئۇنى ئەسۋەد ئىبنى ئەبدىيەغۇس قىينايتتى. ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشى، ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنغان ئىدى. ئۇلارنى ئوت بىلەن قىيىنىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ياسىرنىڭ ئائىلىسى، سەۋر قىلىڭلار، سىلەرگە جەننەت ۋەدە قىلىنغان. ئى الله، ياسىرنىڭ ئائىلىسىگە مەغپىرەت قىل، دېگەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىگىنىدەك قىلدى. ئەممارنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى(الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا ئۆلدى. ئەممارنىڭ ئۆزى بولسا قاتتىق قىيناشقا ئۇچرىغانلىقتىن ئاغزىدا ئىماندىن قايتقانلىقىنى بىلدۈردى. ئەبۇ جەھىل ئەممارنى قىيناپ تۇمۇز كۈندە تۆمۈر كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قۇيۇپ قۇياتتى، مۇسۇلمانلار ئەممارنى ئىماندىن يېنىپ كەتتى، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەممارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئىمان بىلەن تولغان، دېدى. اللهتائالا ئەممارنىڭ مۇرتەدلەر قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن اللهنى ئىنكار قىلغانلار (قەلبى ئىمان بەرقارار تۇرۇپ، مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىنكار قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولغانلار اللهنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە زور ئازاپقا دۇچار بولىدۇ.“ (سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەت) خەبباب ئىبنى ئەرەتمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىنغان. ئۇ جاھىلىيەت زامانىدا

www.munber.org

ئۆلجىغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇنى ئۇمۇ ئەنمار سېتىۋالغان ئىدى. خەبباب تۆمۈرچى ئىدى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن خەبباب بىلەن يېقىن ئىدى، پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن خەبباب مۇسۇلمان بولدى. خەببابنىڭ ئايال خوجىسى ئۇنى بىلەن قىينايتتى. خەببابنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئۈچۈن، قىزىتىلغان تۆمۈرنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ياقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەببابنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيەتتى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كەئبىنىڭ سايىسىدە چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ياتاتتى، خەبباب ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ھەي رەسۇلۇللاھ بىزگە دۇئا قىلمامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزارغان ھالدا: ئىلگىرى ئۈممەتلەردىن مۇسۇلمان بولغانلارنى كاپىرلار تۆمۈر تارغاق بىلەن قىيىنغان، تۆمۈر تارغاق ئۇلارنىڭ گۆش ۋە پەيلىرىدىن ئۆتۈپ سۆڭەككە ئۆتۈپ بارغان، ھەرە بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى ھەرىدەپ يېرىۋەتكەن، مۇنداق قىيناشلار ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرالمىغان. ئۇلۇغ الله ئىسلام دىنىنى چوقۇم ئۇستۇنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلاقلىق يولۇچى سەنئا (يەمەندىكى بىر شەھەر) دىن ھەزرى مەۋتكىچە يول ماڭسا، اللهدىن قورقۇشتىن باشقا ھېچنىمىدىن قورقۇنچ ھېس قىلمايدىغان، بۆرە قويغا قېتىلىپ قالسىمۇ قورقمايدىغان بولىدۇ، دېدى.

بۇ سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىيىن شارائىت ئاستىدا ئېيتقانكى، كىچەكتە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىششنى ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ دانا ئادەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بۇنى پەقەت اللهتائالا ۋەھيى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا بىلدۈرگەن. ئاندىن كېيىن الله مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتلارنى نازىل قىلدى: ”ئىنسانلار ئىمان ئېيتتۇق دېسەكلا، سىنالماي قويۇپ بېرىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى كىشىلەرنى سىنىغان ئىدۇق. الله راست سۆزلىگۈچىلەرنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، يالغان سۆزلىگۈچىلەرنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ.“ (سۈرە ئەنكەبۇت، 2ـ 3ـ ئايەتلەر) مۇسۇلمان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئازار ـ كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى سىددىقمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىگە مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيىتى كۈچەيگەن چاغدا مەككىدىن ھەبەشىستان تەرەپكە ھىجرەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئاتلىنىپ بەركولغىماد *[مەككىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن مەككىدىن بەش كۈنلۈك كېلىدىغان، دېڭىزغا يېقىن بىر جاي، ھەجەرنىڭ ئەڭ يىراقتىكى بىر جايى دېگەن سۆزمۇ بار] دېگەن* جايغا كەلگەندە، ئىبنى دەغنە دېگەن ئادەمگە ئۇچراپ قالدى. ئىبنى دەغنە قارا ناملىق چوڭ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئەبۇبەكرىدىن قايەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى. ئەبۇبەكرى قەۋمىنىڭ ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى، زېمىندا ساياھەت قىلىدىغانلىقىنى، اللهغا ئىبادەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىبنى دەغنە: سەندەك ئادەمنىڭ ھەيدەپ چىقىرىلىشى توغرا ئەمەس، سەن بولساڭ يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، خىش ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىزلارنى يۆلەيسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، مەزلۇملارغا ياردەم قىلىسەن، قايتقىن، مەن ساڭا باشپاناھ بولىمەن، رەببىڭگە ئۆز يۇرتۇڭدا ئىبادەت قىلغىن، دېدى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قايتىپ كەلدى. ئىبنى دەغنە قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا: ئەبۇبەكرىدەك ئادەمنىڭ ھەيدەپ چىقىرىلىشى توغرا ئەمەس، يوقسۇللارنى يوقلايدىغان، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان، ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىدىغان، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىدىغان ئادەمنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتەمسىلەر؟



www.munber.org

دېدى. قۇرەيش خەلقى ئىبنى دەغنەنىڭ باشپانالىقىنى قوبۇل قىلدى، ئۇلار ئىبنى دەغنەگە: ئەبۇبەكرىگە ئېيتقىنكى، خۇدايىغا ھويلىسىدا ئىبادەت قىلسۇن، نامازنى ۋە قۇرئاننى ھويلىسىدا خالىغىنىچە ئوقۇسۇن، بىزگە ئازار بەرمىسۇن، دىنى پائالىيەتلەرنى ئاشكارا ئېلىپ بارمىسۇن، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى دىنىدىن ئازدۇرۇشىدىن قورقىمىز، دېيىشتى. ئىبنى دەغنە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى ئۆز ھويلىسىدا ئىبادەت قىلدى، نامازنى، قۇرئاننى ھويلىسىدا ئوقۇدى. ئەبۇبەكرى كېيىنچە ھويلىسىنىڭ سەيناسىغا بىر مەسجىد سالدۇردى. مەسجىدتە نامازنى، قۇرئاننى ئاشكارا ئوقۇشقا باشلىدى. مۇشرىكلارنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى كېلىپ ئەبۇبەكرىنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىگە ئەجەبلىنىپ قارايتتى. ئەبۇبەكرى دىلى ئۈزۈك ئادەم بولۇپ، قۇرئان ئوقۇغاندا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلايتتى، بۇنىڭدىن قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى چۆچۈدى، ئىبنى دەغنەنى چاقىرتىپ كېلىپ: بىز سېنىڭ باشپانالىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، ئەبۇبەكرىگە ھويلىسىدىلا ئىبادەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدۇق. ھازىر ئۇ بۇنىڭدىن ھالقىپ ھويلىسىنىڭ سەيناسىغا مەسجىد سېلىپ نامازنى، قۇرئاننى ئاشكارا ئوقۇماقتا. بىز ئۇنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى ئازدۇرىشىدىن قورقىمىز. ھويلىسىدا يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىشقا ئۇنىسا، مەيلى قىلىۋەرسۇن، ئۇنداق قىلماي، ئىبادەتنى ئاشكارا قىلىمەن دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن باشپانالىقىڭنى قايتۇرىۋال، سېنىڭ زىممەڭگە ئالغان ۋەدەڭنى بۇزۇشنى خوپ كۆرمىدۇق. ئەبۇبەكرىنىڭ ئاشكارا ئىبادەت قىلىشىنى لايىق تاپمايمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى دەغنە ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: ۋەدىمىز ساڭا مەلۇملۇق، ياكى شۇ بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك، ياكى مېنىڭ

www.munber.org





ساڭا بەرگەن باشپانالىقىمنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك. مەن ھىمايەمگە ئالغان كىشى توغرىلىق ئەرەبلەرنىڭ مېنى لەۋزىدە تۇرماپتۇ، دېيىشىنى ياقتۇرمايمەن، دېدى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا: مەن سېنىڭ باشپانالىقىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، اللهنىڭ باشپانالىقىغا رازىمەن، دېدى («سەھىھۇلبۇخارى»دا شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان) . بۇ ئىش ئەبۇبەكرىگە چوڭ ئەزىيەت يېتىشكە سەۋەب بولدى. قىسقىسى، ئەزىيەت تارتمىغان بىرمۇ مۇسۇلمان قالمىدى، لېكىن بۇ ئەزىيەتلەر ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم مەيدانى ۋە كۈچلۈك ئىمانى ئالدىدا كارغا كەلمىدى، چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيادا بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش غەرىزىدە مۇسۇلمان بولغان ئەمەس. شۇنداق غەرەزدە بولغان بولسا، ئۇلارنى ئىماندىن ياندۇرۇش ئاسان بولاتتى، لېكىن الله ئۇلارنى ئىمانىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق قىلدى، ئىمانىنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت كۆزلىرىگە كۆرۈنمىدى.

قۇرەيش كاپىرلىرى مۇسۇلمانلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنىڭ پايدا بەرمىگەنلىكىنى، زىيانكەشلىك قىلغانسىرى ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلەشتى. ئابدۇشەمس ئىبنى ئابدۇماناف جەمەتىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئەبشەمى قەۋمى ئىچىدە گېپى ئۆتىدىغان باشلىق ئىدى. ئۇ: ھەي قۇرەيش جامائەسى، مەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆزلىشىپ باقاي، ئۇنىڭغا بىر قانچە ئىشنى تەكلىپ قىلسام، بىرەرسىنى قوبۇل قىلار. شۇنىڭ بىلەن بىزنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن توختاپ قالار، دېدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇتبە ئۇنىڭغا: ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئۆزەڭگىمۇ مەلۇمكى، سەن

www.munber.org

بىزنىڭ ئارىمىزدا زاتىڭمۇ، نەسلىڭمۇ ئېسىل ئادەمسەن، سەن ھازىر چوڭ بىر ئىشنى مەيدانغا قويۇۋاتىسەن، بۇنىڭ بىلەن خەلقىڭنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇۋەتتىڭ، ئۇلارنى ئەقىلسىزلىقتا چىقاردىڭ، ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىنى، دىنىنى ئەيىپلىدىڭ، ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنى كاپىرلىقتا چىقاردىڭ. ماڭا قۇلاق سال، ساڭا بىر قانچە ئىشلارنى تەكلىپ قىلماقچىمەن، ئويلاپ بېقىپ بىرەرسىنى قوبۇل قىلارسەن، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇتبەگە: قېنى ئېيتقىن، ئاڭلاپ باقاي، دېدى. ئۇتبە: ھەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، سېنىڭ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن مەقسىتىڭ باي بولۇشتا بولسا، مال يىغىش قىلىپ بېرىپ، سېنى ھەممىمىزدىن باي قىلىۋېتەيلى، ئەگەر شان ـ شەرەپ ئىزلەيدىغان بولساڭ، سېنى باشلىق سايلاپ ھەرقانداق ئىشنى سېنىڭ مەسلىھەتىڭ بويىچە قىلساق. پادىشاھ بولماقچى بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلساق. ئەگەر سېنىڭ ھەرىكەتلىرىڭ جىن چاپلىشىپ قالغانلىقتىن بولۇپ، چارىسىز قالغان بولساڭ، ساقايغىنىڭغا قەدەر داۋالىتىپ، چىقىمىنى بىز بەرسەك، كىشى داۋالىنىۋاتقىچە ئالۋاستىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇتبەگە: سۆزلەپ بولدۇڭمۇ؟ دېدى. ئۇتبە سۆزۈم تۈگىدى دېگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئەمدى ماڭا قۇلاق سېلىپ تىڭشىغىن! دەپ، قۇرئاندىكى فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇدى: "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. ھامىم. بۇ ناھايىتى مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان الله نازىل قىلغان ۋەھىيدۇر، ئايەتلىرى ئۇچۇق بايان قىلىنغان كىتابتۇر، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن نازىل بولغان ئەرەبچە قۇرئاندۇر، بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى يۈز ئۆرۈدى، ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايدۇ. ئۇلار: دىللىرىمىز




www.munber.org



قايمۇققان، سەن دەۋەت قىلغان نەرسىلەرنى چۈشىنەلمەيمىز، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر. سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە بار. سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى، دەيدۇ. سەن ئۇلارغا: مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەڭلار، دېگىن. مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىدۇ، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئەلۋەتتە ئۈزۈلۈكسىز ساۋاب بېرىلىدۇ. سەن ئۇلارغا: سىلەر زېمىننى ئىككى مەزگىلدە ياراتقان اللهنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، دېگىن، ئۇ زېمىندا تاغلارنى ياراتتى، ئۇلارنى بەرىكەتلىك قىلدى ۋە جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ رىزقىنى ئالدىن بەلگىلىدى. ئۇ ئىشلارنى باراۋەر تۆت مەزگىلدە تاماملىدى. سورىغۇچىلار ئۈچۈن بۇ جاۋابتۇر. ئاندىن ئاسماننى بىنا قىلىشقا يۈزلەندى، ئۇ چاغدا ئاسمان تىخى تۈمان ھالىتىدە ئىدى. الله ئاسمان بىلەن زېمىنغا : ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز يۈسۈندا كېلىڭلار، دېدى. ئىككىلىسى ئىختىيارى كەلدۇق، دېدى. الله يەتتە ئاسماننى ئىككى مەزگىلدە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشنى ئۆزىگە بىلدۈردى. ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدى ۋە ئاسرىدى. بۇ ئاشۇ ھەممىنى بىلگۈچى غالىب اللهنىڭ تەدبىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار (مۇشرىكلار) يۈز ئۆرۈسە، سەن ئۇلارغا: سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاپقا ئوخشاش ئازاپتىن ئاگاھلاندۇرىمەن، دېگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئالدى ـ كەينىدىن پەيغەمبەرلەر كېلىپ، بىر اللهدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار دېسە، ئۇلار: ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز خالىسا، ئەلۋەتتە پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن




www.munber.org

بولاتتى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى چوقۇم ئىنكار قىلىمىز، دېدى.“ (سۈرە فۇسسىلەت، 1 ـ ئايەتتىن 15 ـ ئايەتكىچە) ئۇتبە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ: ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن تىلاۋەتنى توختاتساڭ، دېدى. ئۇتبە قايتىپ بارغاندا، قۇرەيش خەلقى ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سورىدى. ئۇتبە: ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەدتىن شۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىمكى، ئۇنداق سۆزلەرنى ھېچقاچان ئاڭلىغان ئەمەسمەن. ئەزبىرايى خۇدا، ئۇ سۆزلەر شېئىرغىمۇ ئوخشىمايدۇ، كاھىنلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ، سېھىرگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئى قۇرەيش جامائەسى، سۆزۈمنى ئاڭلاپ مۇھەممەدكە چېقىلماي، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار. ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەدنىڭ مەن تىڭشىغان سۆزلىرى چوقۇم داڭ چىقىرىدۇ. مۇھەممەدنى باشقا قەبىلىلەر ئۆجۈقتۇرۇۋەتسە، ئۇنىڭدىن ئاسان قۇتۇلغان بولىسىلەر، ئەگەر ئۇ غالىپ چىقسا، ئۇنىڭ غەلىبىسى سىلەرنىڭ غەلىبەڭلار بولىدۇ، دېدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇتبەگە: مۇھەممەد سېنىڭ كۆزۈڭنى باغلاپتۇ، دېيىشتى. ئۇتبە: مېنىڭ رايىم يۇقىرىقىدەك، دېدى. ئاندىن كېيىن مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھقا ئىككى تەرەپ بىر بىرىنىڭ قىلغان ئىبادىتىگە ئورتاقلىشىش تەكلىپىنى قويدى. اللە بۇ ھەقتە قۇرئاندىكى «قۇليا ئەييۇھەل كافىرۇن» سۈرىسىنى نازىل قىلدى: ”سەن: ھەي كاپىرلار، سىلەر چوقۇنىۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن، سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان اللەغا ئىبادەت قىلمايسىلەر. مېنىڭ سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا چوقۇنغىنىم يوق، سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان اللەغا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈندۇر، دېگىن.“ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر مېنى اللەغا شېرىك





كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىۋىڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ خىيال قىلماڭلار، دېدى. مۇشرىكلار بۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھتىن قۇرئاندىكى ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان، بۇتلارنى ئەيىپلەيدىغان، مۇشرىكلارغا تەھدىت سالىدىغان ئايەتلەرنى يەڭگۈشلەشنى ياكى ئۇلارنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. اللە ئۇلارغا جاۋابەن مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”قۇرئاننى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، ماڭا پەقەت ۋەھيي قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن، دېگىن.“ (سۈرە يۇنۇس، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەريانىدا شۇنداق بىر ۋەقە بولدىكى، بۇ ئاجىزلارغا سەل قارىغانلار ئۈچۈن نۇرلۇق چىراق بولدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى چۈشەندۈرىۋاتاتتى، بۇ چاغدا ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئەما ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم چىقىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ يۇمشاق مۇئامىلىسىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، شۇلار بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا اللە بىلدۈرگەن نەرسىنى ماڭا ئۆگەتسەڭ، دېگەن سۆزنى كۆپ قېتىم تەكرارلىدى. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىشنى خوپ كۆرمىدى. ئۇممۇ مەكتۇم بىلەن سۆزلەشەي دېسە، قۇرەيش مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئۇممۇ مەكتۇمدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قارىماي قويدى. بۇ توغرىدا اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىپ ئەبەسە سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىنى نازىل



www.munber.org

قىلدى: ”(ئۇ) تەرىنى تۆردى، يۈز ئۆردى، چۈنكى ئۇنىڭ يېنىغا ئەما (ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم) كەلگەن ئىدى. سەن قانداق بىلىسەن؟ ئۇ پاكلىنىشى مۇمكىن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۆزىنى نەسىھەتتىن بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن، ئۇ پاكلانمىسا ساڭا نېمىدى؟ سەندىن مەرىپەت تىلەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، ھالبۇكى، ئۇ اللهدىن قورقىدۇ، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىدۇڭ.“ (سۈرە ئەبەسە، 1ـ ئايەتتىن 10 ـ ئايەتكىچە) مۇشۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر پەقىر ئادەمگە قاپىقىنى تۈرگىنى يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئابدۇللا ئىبنى مەكتۇم كەلسە: ھەققىدە ماڭا رەببىم كايىغان كىشىنى قارشى ئالىمەن، دەيتتى. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنىڭ ئاقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىچىرەك يول تۇتماقچى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مات قىلماقچى بولۇشتى. ئۇلار يىغىلىپ: ھەي مۇھەممەد، راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولساڭ، بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى يەنى ئاينى ئىككىگە بۆلۈپ كۆرسەت، دېدى. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مۆجىزىنى بەردى. ئاي يېرىلىپ ئىككىگە بۆلۈندى. رەسۇلۇللاھ: ئەنە قاراڭلار! دېدى. بۇ قىسسىنى ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ كىشىلەر رىۋايەت قىلغان. شۇنىڭدەك ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر رىۋايەت قىلغان، ھەتتا بۇ ھەدىس مۇتەۋاتىر (كۆپ كىشىلەر رىۋايەت قىلغاچقا، ئۇنىڭ يالغان بولۇش ئېھتىمالى بولمىغان ھەدىس، ـ ت) دەرىجىسىگە يېقىن بارىدۇ. بۇ قىسسىنى الله ئۇلۇغ قۇرئاندا بايان قىلغان: ”قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى.“ (سۈرە قەمەر، 2ـ ، 7 ـ ئايەت) مۇشرىكلار بۇ چوڭ مۆجىزىنى كۆرۈپ بەزىلىرى: مۇھەممەد سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنى باغلاپتۇ، دېدى. الله ئۇلار ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ئۇلار بىرەر مۆجىزىنى كۆرگەندە يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇنى داۋاملاشقۇچى سېھىر دېيىشىدۇ.“ (سۈرە قەمەر، 3 ـ ئايەت) شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تەرسالىق ۋە قارشىلىق قىلىش مەقسىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەنە مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە قۇرئاندا ئىسرا سۈرىسىدە بايان قىلىنغاندەك مۇنداق دېيىشتى: ”تاكى سەن يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە، بىز ھەرگىز ساڭا ئىشەنمەيمىز، ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىدىن ئۆستەڭ ئېقىپ تۇرغان بىر بېغىڭ بولسۇن، ياكى سەن ئېيتقاندەك، ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈر، ياكى پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاچى قىلىپ اللهنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈر، ياكى سېنىڭ ئالتۇن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن ئاسمانغا چىق، بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتاب ئېلىپ چۈشمىگىچە، سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز.“ الله تائالا ئۇلارنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىگە جاۋابەن: ”سەن، رەببىم پاكتۇر، مەن پەقەت پەيغەمبەر بولغان ئىنسانمەن، دېگىن“ دېدى. (سۈرە ئىسرا، 90 ـ ئايەتتىن 93 ـ ئايەتكىچە) ئۇلارنىڭ دىلىغا ئورناشقان مۇتەئەسسەپلىك ۋە قارشىلىق تۈپەيلىدىن ئۇلارغا قانچە كۆپ مۆجىزىلەر كۆرسىتىلسىمۇ، ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى الله بىلەتتى. الله تائالا بۇنى قۇرئاندا تىلغا ئالغان: ”ئۇلارغا مۆجىزە كۆرسىتىلسىمۇ ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ (سۈرە ئەنئام، 109ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئى الله! بۇ قۇرئان راست سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان بولسا، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزگە

www.munber.org

قاتتىق ئازاپ كەلتۈرگىن“ (سۈرە ئەنفال، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەنلەردىن قانداق ياخشىلىق كۈتكىلى بولسۇن؟ ئۇلار، بۇ قۇرئان راست سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان بولسا، بىزنى ھىدايەت قىل، دىمىدى. كاپىرلار پەيغەمبەرلەرنى مات قىلىش مەقسىتىدە ئۇلاردىن مۆجىزە تەلەپ قىلاتتى، پەيغەمبەرلەر كاپىرلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىدەك ھالاك بولماسلىقى ئۈچۈن، كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى اللهدىن سورىماسلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. اللهنىڭ مونۇ سۆزى شۇ مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ: ”مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر.“ (سۈرە ئىسرا، 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئېيسا ئەلەيھىسسالام ھىردوسنىڭ ئالدىغا ھازىر بولغاندا، ھىردوس ئېيسادىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان، ئېيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلمىغاندا، ھىردوس ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغان، ئېيسانى ئۇنىڭ دۈشمىنى بىلاتۇسقا قايتۇرۇپ بەرگەن. ھىردوس بۇرۇن ئېيسا ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ۋەقە ئىنجىلنىڭ لوقا نۇسخىسىنىڭ 23 ـ بابىدا بايان قىلىنغان.

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا پاكىت قويۇش ئارقىلىق قارشى تۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ، كۈچ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئاجىز كەلگەندە شۇنداق ئۇسۇ قوللانغان ئىدى. قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ قەۋمى تىلىدىن مۇنداق دېيىلگەن: ”ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ مەبۇدلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، دېيىشتى.“ (سۈرە ئەنبىيا، 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

www.munber.org





مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشتىن تۇسۇش مەقسىتىدە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى كۈچەيتتى، قولىدىن كەلگەن بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە : زېمىنغا تارىلىپ كېتىڭلار، الله ئۇزۇنغا قالماي سىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، دېدى. ساھابىلەر بارىدىغان جاينى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستان زېمىنىنى كۆرسەتتى.

## ھەبەشىستانغا قىلىنغان دەسلەپكى ھىجرەت

بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، بىر تۈركۈم كىشىلەر دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يۇرتىنى، مال ـ ۋارانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ چىقىشقا ھازىرلاندى. بۇ مەككىدىن قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق ھىجرەت ئىدى. ھىجرەت قىلغانلار ئون ئەر، بەش ئايال بولۇپ، ئۇلار: ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئۇنىڭ ئايىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقەييە، ئەبۇ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ ئايىلى ئۇممۇسەلەمە، ئەبۇ سەلەمەنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئەبۇ سۇبرە ئىبنى ئەبۇ رەھىم ۋە ئۇنىڭ ئايىلى ئۇممۇكۇلسۇم، ئامىر ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇنىڭ ئايىلى لەيلا، ئەبۇ ھۇزەيفە، ئىبنى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇنىڭ ئايىلى سەھلەبىنت(قىزى) سەھل، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، مۇسئەد ئىبنى ئومەير، سۇھەيل ئىبنى بەيزا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋاملار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى. ئىبنى ھىشامنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن. اللهنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇلار ئاتلاندى، قىزىل دېڭىزغا يېتىپ كەلگەندە بىر كېمىنى ئىجارىگە ئېلىپ كۆزلىگەن يېرىگە يېتىۋېلىشتى. مۇشرىكلارنىڭ ئازار

www.munber.org

كۆلپەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ ھەبەشىستاندا خاتىرجەم تۇرۇشتى، مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئازغىنا كىشى قالدى.

## ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

بۇ چاغدا قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىسىل، شىجائەتلىك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇسۇلمان بولدى. ئۇ بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا ئادەتتىن تاشقىرى دۈشمەن ئىدى ۋە قاتتىق ئازار بېرەتتى، ئېرى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان لەيلا مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنى ئەڭ يامان كۆرەتتى، مەن ھەبەشىستانغا بېرىش ئۈچۈن تۆگەمگە مىنىپ تۇرۇشۇمغا، ئۆمەر نەگە بارىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن، مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە زىيانكەشلىك قىلىنىۋاتىسىلەر، بىز ئەزىيەت تارتمايدىغان بىر يەرگە بارماقچىمىز، دېدىم. ئۆمەر، سىلەرگە ئاق يول بولسۇن، دېدى. ئېرىم ئامىر كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆمەرنىڭ مۇلايىملىقىنى دەپ بەردىم. ئامىر: ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىۋاتامسەن؟ ئەزىبرايى خۇدا، ئۆمەرنىڭ ئېشىكى مۇسۇلمان بولمىغىچە، ئۆمەر مۇسۇلمان بولمايدۇ، دېدى. ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قوپاللىقىنى ۋە قاتتىقلىقىنى بىلىدىغان ئامىر شۇنداق دېگەن ئىدى. لېكىن ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ خاسىيىتىدىن مۇسۇلمان بولدى. ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ ئالدىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى الله، ئۆمەر ئارقىلىق ئىسلامنى كۈچەيتكىن، دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئۆمەر مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىشىدىغان جايى بولغان ئەرقەم ئىبنى ئەبۇ ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا مۇسۇلمان بولدى. الله ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۇنىڭغا دىلىغا سىڭىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈمىدىنى ئىشقا

www.munber.org





ئاشۇردى. «سەھىھۇلبۇخارى» كىتاۋىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ بىز كۈچلۈك بولۇپ كەلدۇق، دېگەن. ئۆمەرنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن رەسۇلۇللاھ نامازنى مەسجىدتە ئاشكارا ئوقۇشقا باشلىغان. ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كاپىرلارنىڭ بېشىغا قاتتىق غەم چۈشكەن، ئۇلاردىن بىر توپ كىشى ئۆمەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۆمەرنىڭ ھويلىسى ئەتراپىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۆمەرنىڭ قەۋمى يەنى ئەدىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بەنى سەھمىلىك ئاس ئىبنى ۋائىل كېلىپ قالغان، ئۇ ئۈچىسىغا يوللۇق تون، چۈرىسىگە يىپەك رەختتىن چىلتەك تىكىلگەن كۆينەك كىيىۋالغان، ئۇ ئۆمەرنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۆمەر: سېنىڭ قەۋمىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاس: ئۇنىڭغا مەن يول قويمايمەن، سېنى ھىمايە قىلىمەن، دەپ، ئۆمەرنى خاتىرجەم قىلغان، ئاس سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار: دىنىنى ئۆزگەرتكەن ئۆمەرنىڭ قېشىغا بارىمىز، دېيىشكەن. ئاس: ئۆمەرنىڭ قېشىغا بېرىشىڭلارغا يول قويمايمەن، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارقىسىغا قايتىپ كېتىشكەن.

## ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنىڭ قايتىپ كېلىشى

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلار ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىشتى. بۇلار ئاز بولغاچقا ھەبەشىستاندا تۇرۇش زېرىكەرلىك بولدى، كۆپ بولغان بولسا، زېرىكمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئېسىل زاتلىرىدىن بولۇپ، ئائىللىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشقان ئىدى، ئۇلارغا ياقا ـ

www.munber.org

يۇرتتا غۇربەتچىلىكتە ياشاش كۆڭۈلسىز تۇيۇلاتتى.

بەزى تارىخچىلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىشكە قىزىقىپ كەتكەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا: "سىلەر لاتنى، ئۇززانى ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار" *[ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەب مۇشرىكلىرى چوقۇنىدىغان بۇتلارنىڭ ئىسىملىرى. ـ ت]* (سۈرە نەجم، 20 ـ ، 21 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ۋە ئۇلارنىڭ بۇتلىرى توغرىسىدا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇ بۇتلار ئۇلۇغ پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى چوقۇم ئۈمىد قىلىنىدۇ، دېگەنمىش. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار بۇنى چوڭ بىلىپ ۋە خۇشاللىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشۇلۇپ سەجدە قىلغانمىش، مۇنداق ھېكايىنى پەقەتلا ئۇچرىغان نەرسىلەرنى قارا ـ قويۇق نەقىل قىلىۋېرىدىغان كالتە پەم كىشىلەرلا رىۋايەت قىلىدۇ. مەزكۇر ھېكايىنىڭ يالغانلىقىغا ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. بۇ ھەدىس سەنەدى *[ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى ۋاستىلەر، ھەدىسنىڭ رىۋايەتچىلىرى. ـ ت]* ۋە مەتنى (ئەسلى تېكىست) جەھەتتىن ھەر ئىككىسىلا قالايمىقان. سەنەدى جەھەتتىن ئېيتىدىغان بولساق، قازى ئىياز«شىفا» ناملىق كىتاۋىدا بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ (توغرا) ھەدىس كىتاۋىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى ۋە ھېچ بىر مۇھەددىسنىڭ ساغلام سەنەد ئاساسىدا ئۇنى رىۋايەت قىلمىغانلىقىنى ئېيتقان. ھەدىسنىڭ مەتنىگە كەلسەك، بۇتلارنى ئەيىپلەش جەريانىدا بۇتلارنى مەدھىيىلەيدىغان سۆزلەرگە قۇلاق سالىدىغانغا رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ۋە مۇشرىكلار ئالجىپ قالغان ئەمەس، بۇنى ئۇلارغا چاپلاش ئەقىلغا سىغمايدۇ. بۇتلار ماختىلىپ تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن، "بۇ

www.munber.org





بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، الله بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق" (سۈرە نەجم، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت ئارقىلىق گەپ قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر مۇنداق ۋەقەلەر سادىر بولغان بولسا، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىدەللەشكەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا قارشى پاكىت سۈپىتىدە بۇنى ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى. قىلچىمۇ پاكىتى بولمىغان ئىشلاردا مۇشرىكلارنىڭ بىز بىلىدىغان تەرسالىغى تۇرسا، بۇنچىلىك ئىشتا ئۇلار قانداقمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرسۇن؟ بۇ ۋەقە قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەرتىلىش ۋەقەسىدىن كىچىك ئەمەس ئىدى. ۋاھالەنكى، مۇشرىكلار قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ۋەقەسىدە بىر مۇنچە گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشقان، مۇشۇ سەۋەبتىن الله : "بەزى ئەخمەق ئادەملەر مۇسۇلمانلارغا قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن نىمىشقا يۈز ئۆرۈدى؟ دېيىشتى" (سۈرە بەقەر، 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ، ئۇلارنى ئەخمەقلەر دېگەن . لېكىن مۇشرىكلارنىڭ ھېچ بىرىدىن ۋە ئەڭ تەرسالىق بىلەن قارشى تۇرغۇچىلىرىدىنمۇ، خۇدالىرىمىزنى ئەيىپلىگەندىن كېيىن يەنە نىمىشقا ماختايسەن؟ دېگەن سۆز ئاڭلىنىپ باققان ئەمەس. ھەتتا رەسۇلۇللاھقا قارشى قولىغا قورال ئېلىپ، جانپىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلغان مۇشرىكلارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

مەزكۇر ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنىڭ قايتىپ كېلىش سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتكەن تارىخچىلار، ھەبەشىستانغا بارغانلارنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقتى رەجەپ ئېيى، قايتىپ كەلگەن ۋاقتى شاۋال ئېيى، نەجم سۈرىسىنىڭ نازىل

www.munber.org

بولغان ۋاقتى رامىزان ئېيى ئىدى، دېيىشىدۇ. بۇنداق بولغاندا، نەجم سۈرىسىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ قايتىپ كەلگەن ۋاقتى ئارىسىدا بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەن بولىدۇ. ئازراق مۇلاھىزە قىلغان كىشى بىلىدۇكى، ئۇ زامانلاردا مەككىدىن ھەبەشىستانغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت يەتمەيتتى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا دېڭىز قاتنىشىنى ئاسانلاشتۇرغان پاراخوتلار ۋە قۇرۇقلۇق خەلقىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھەبەشىستاندىكىلەرگە يەتكۈزىدىغان تېلېگراممۇ يوق ئىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، مەزكۇر رىۋايەتنى خۇدا ئىسلام دىنىغا گىرىپتار قىلغان، نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلەيدىغان شەخسلەر توقۇپ چىققان ئەپسانە دېسەك ھېچقانداق مۇبالىغە بولمايدۇ.

خۇداغا شۈكرى، تۆھمەتچى كاززاپلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلغۇچى شانلىق كىتاب ــ قۇرئاننى الله بىزگە ئىنئام قىلدى. شۇ سۈرىنىڭ ئۆزىدىلا، ئۇ نەپسى، خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، دېگەن ئايەت بار. مەزكۇر سۆزنى پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىغا شەيتان سالدى دېگەن گەپ ئەڭ قەبىھ رىۋايەتتۇر. مۇشرىكلارنىڭ كۆتكىنىدەك، ۋەھىيگە شەك كەلتۈرىدىغان سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ ئېيتسۇن؟ مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە ــ نەيرەڭلىرىنى الله بەربات قىلدى. مەزكۇر سەجدە بارىسىدا «سەھىھۇلبۇخارى»دا ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنۇ رىۋايىتى كەلتۈرۈلگەن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجم سۈرىسىنى ئوقۇپ سەجدە قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سەجدە قىلدى، يالغۇز بىر ئادەملا سەجدە قىلماي بىر سىقىم شېغىل تاشنى ئېلىپ پېشانىسىگە قويۇپ، ماڭا مۇش كۇپايە، دېگەن ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم.“ بۇ ھەدىستىن ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەجدە





قىلغانلارنىڭ مۇشرىك ئىكەنلىكى چىقمايدۇ، بەلكى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ، ئۇ ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم دېگەن سۆزىدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدە مۇسۇلمان بولۇپ، كېيىن مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مۇشرىكلارنىڭ ئازار ــ كۈلپەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بەزى ئىمانى سۇسلار مۇرتەد بولۇپ كەتكەن. ئەلى ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلاردىن پەقەت مەككىدە باشپانا بولىدىغان ئادەملىرى بارلىرىلا مەككىگە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى: ئەبۇ سەلەمە تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ باشپانالىقىدا كىردى؛ ئوسمان ئىبنى مەزئۇن بولسا ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ باشپانالىقىدا كىردى، لېكىن ۋەلىدنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئازاپ چېكىۋاتسا ئۆزى خاتىرجەم تۇرۇشنى خوپ كۆرمەي، ۋەلىدنىڭ باشپانالىغىدىن چىقىپ كەتتى.

## قارارنامىنىڭ يىرتىلىشى

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىسلام دىنىنى چەكلەشكە ئامالسىز قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى بولغان ئابدۇماناف ئورۇغىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرەيشكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە قۇرەيشتىن ھەسسىلەپ تۆلەم ئېلىش تەكلىۋىنى قويىدى. ئابدۇماناف ئورۇغى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. ئاندىن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەبۇتالىبقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرەيشكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرەيش يىگىتلىرىدىن بىرنى تاللاپ ئېلىپ بالا قىلىۋېلىش تەكلىۋىنى قويىدى. ئەبۇتالىب: ئەجەبا، سىلەر



www.munber.org

بالاڭلارنى ماڭا بېقىشقا بېرىدىكەنسىلەرۇ، مەن بالامنى سىلەرگە ئۆلتۈرۈشكە بېرەمدىمەن؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە تاپشۇرمىغىچە، ئابدۇماناف ئورۇغىدىن ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىب جەمەتىنى يەكلەش، قىسىش ۋە ئۇلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلماسلىق، ، مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلىپ، قارارنامىنى يېزىپ كەئبىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىب جەمەتىدىن مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى كاپىر بولسۇن، ئەبۇلەھەبتىن باشقا ھەممىسىنى شىئبىگە *[شىئب ـ مەككىدە بەنى ھاشىم مەھەللىسىنىڭ ئىسمى]* قامال قىلىپ قويۇشتى. ئەبۇلەھەب بولسا قۇرەيش تەرەپدارى ئىدى. ئابدۇماناف ئورۇغىدىن ئەبدۇشەمس جەمەتى بىلەن نەۋفەل جەمەتى قامال قىلىنغانلارغا ياردەم قىلمىدى. شىئبىدە قامال قىلىنغانلار ناھايىتى قىينىلىپ، ئاچلىقتىن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى يېيىشتى. قۇرەيشلەر سودىگەرلەرنىڭ ئۇلار بىلەن ئېلىم ـ سېتىم قىلىشىنى مەنئى قىلدى. ئەبۇلەھەب بۇ ئىشتا ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن ئىدى.

## ھەبەشىستانغا قىلىنغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ جەمەتى شىئبىدە قامال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇساپىرچىلىقتا ئۆز ئارا ياردەمدە بولۇشلىرى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى.



www.munber.org



مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىجرەت قىلدى: ئۇلار سەكسەن ئۈچچە ئەر، ئون سەككىزچە ئايال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەئپەر ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئۇمەيسنىڭ قىزى ئەسما، مىقداد ئىبنى ئەسۋەد، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەيدۇللا ئىبنى جەھش ۋە ئۇنىڭ ئايالى، ئەبۇ سوفياننىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەلەر بار ئىدى. يەمەنلىك مۇسۇلمانلاردىن ئەبۇمۇسا ئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. بۇنى كۆرگەن قۇرەيشلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشىغا ئەمر ئىبنى ئاس ۋە ئۇمارە ئىبنى ۋەلىدنى سوغا ـ سالام بىلەن ئەۋەتىپ، نەجاشىدىن مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قۇرەيشلەر نەجاشىنىڭ ئۇنىڭدىن باشپانالىق تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە پانا بولۇشتىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كەلگەن ۋەكىللەر نەجاشىنىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە ۋە خورلىنىشىغا ئۇچراپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كېلىشتى. ھاشىم جەمەتى بولسا شىئبىدىكى قامالدا قاتتىق قىيىنچىلىق ۋە جاپا مۇشەققەت ئىچىدە ئۈچ يىلغا يېقىن تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك پەقەت مەخپىي رەۋىشتە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

## قارارنامىنىڭ بىكار قىلىنىشى

قۇرەيش مۆتىۋەرلىرىدىن بەش نەپەر كىشى بۇ ناھەق قارارنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار: ھىشام ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەلھارىس ئەلئامىرى (بۇ كىشى قامال قىلىنغانلارغا ناھايىتى ھېسداش ئىدى) ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسى ئاتىكەنىڭ ئوغلى زۇھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە مەخزۇمى، مۇتئىم ئىبنى ئەدى



www.munber.org

نەۋفەلى، ئەبۇلبۇھتەرى ئىبنى ھىشام ئەلئەسەدى ۋە زەمئە ئىبنى ئەلئەسەدىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار كېچىسى يىغىلىپ قارارنامىنى بىكار قىلىش توغرىلىق كېلىشىۋالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە زۇھەير تونىنى كىيىپ چىقىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە قاراپ: ئى مەككە خەلقى، بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىز بار، ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىب جەمەتى بولسا ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلاردا ئېلىم ـ سېتىم ئەركىنلىكى يوق. ئەزبىرايى خۇدا، بۇ ناھەق، رەھىمسىز قارارنامە يىرتىپ تاشلانمىغىچە، مەن ئولتۇرمايمەن، دېدى. ئەبۇجەھىل بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ: كاپىشما! دېدى. زەمئە ئىبنى ئەسۋەد ئەبۇجەھىلگە قارشى: ئەزبىرايى خۇدا، ئۆزەڭ كاپىشۋاتىسەن، باشتىلا بىز بۇ قارارنامىگە نارازى ئىدۇق! دېدى. ئەبۇلبەھتەرى قوپۇپ: زەمئە توغرا ئېيتتى، دېدى. مۇئتەم ئىبنى ئەدى: ئىككىڭلارنىڭ سۆزى راست، ئەبۇجەھىلنىڭ گېپى يالغان، دېدى. ھىشام ئىبنى ئەمرمۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئتەم ئىبنى ئەدى بېرىپ قارارنامىنى يىرتىپ تاشلىدى. قارانامىنى قۇرت يەپ تۈگەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى اللهنىڭ ئىسمىلا قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇتالىبقا قارارنامىنى قۇرۇت يەپ، اللهنىڭ ئىسمىلا قالغانلىقىنى ئالدىنئالا خەۋەر قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شىئبىدا قامال قىلىنغانلار كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ، ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشتى.

## نەجران ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قامالدىن چىققاندىن كېيىن، نەجران خرىستىئانلىرىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئۇلار نەجران

www.munber.org





خرىستىئانلىرىنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىنجىلدا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن، 20 چە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ھەيئىتى ئىدى. ئۇلار كېلىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ھەممىسى ئىمان ئېيتتى. ئۇلارغا ئەبۇجەھىل: سىلەردىنمۇ ئەخمەق كىشىلەرنى كۆرمىدىم، خەلقىڭلار سىلەرنى مۇھەممەدنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇرسا، دىنىڭلارنى ئۆزگەرتتىڭلار! دېدى. ئەلچىلەر: رەھمەت سىلەرگە، سىلەر بىلەن يامانلاشمايمىز، سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلەرگە ھېساب، بىزنىڭ تاللىۋالغان دىنىمىزمۇ ئۆزىمىزگە ھېساب! دېدى. الله بۇ توغرىلىق بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (ئىنجىل بىلەن تەۋرات) نازىل قىلغانلار (خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا: بىز ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقتۇر، بىز راستلا بۇندىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ. بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ. بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ: بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلەر ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، نادانلارنىڭ دوستلۇقىنى تىلىمەيمىز، دەيدۇ.“ (سۈرە قەسەس، 52 ـ ئايەتتىن 55 ـ ئايەتكىچە) مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى توسۇشتىن ئامالسىز قالغانلىقى، پاكىتقا پاكىت بىلەن تاقابىل تۇرۇش قوللىرىدىن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن،

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىردەم سېھىرگەر دەپ بېقىشتى، بىردەم يالغانچى دەپ بېقىشتى، بىردەم ساراڭ دېيىشسە، بىردەم پالچى دېيىشتى. تاقابىل تۇرۇش قۇلىدىن كەلمىگەن دۈشمەنلەرنىڭ ھالى شۇ بولدى. ئۇلار ھەددىدىن زىيادە تەرسالىقىدىن : ”ئى الله، بۇ قۇرئان راست سەن تەرەپتىن نازىل بولغان بولسا، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزگە قاتتىق ئازاپ كەلتۈرگىن“ (سۈرە ئەنفال، 32 - ئايەت) دېيىشتىن ئۇيالمىدى.

## خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قامالدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەدىنىگە قىلغان ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن خۇۋەيلىدنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە ئالەمدىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنى تولا ئەسلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. چۈنكى خەدىچە رەسۇلۇللاھقا ئەڭ ئەۋۋەل ئىمان ئېيتقان پاك زات ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خەدىچىدىن بولغان ئىدى. خەدىچىدىن بولغان چوڭ قىزى زەينەپ ئىسلامدىن بۇرۇن ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئە بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇمامە ئىسىملىك قىز پەرزەنت كۆرگەن، فاتىمە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇمامەنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب نىكاھىغا ئالغان. ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىدىن بولغان قىزى رۇقەييەنى ھىجرەتتىن بۇرۇن نىكاھىغا ئېلىپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا بىللە ئېلىپ بارغان. رۇقەييە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىدىن بولغان قىزى ئۇممۇ كۇلسۇمنى ئوسمان مەدىنىدە نىكاھىغا ئالغان. قىزلىرىنىڭ كىچىكى فاتىمە بولسا

www.munber.org





ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا نىكاھلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىدىن بولغان فاتىمىدىن باشقا بالىلىرى كىچىكىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن، رەسۇلۇللاھتىن كېيىن بالىلىرىدىن يالغۇز فاتىمە قالغان، فاتىمە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇزۇن ياشىمىغان.

خەدىچىنىڭ ۋاپاتىغا رەسۇلۇللاھ قاتتىق قايغۇردى. چۈنكى ئۇ رەسۇلۇللاھقا كۆيۈنەتتى، ئۆز جەمەتى بەنى زۆھرە ئىچىدىكى ئابرويى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلاردىن قوغدايتتى. قاسىم، ئابدۇللالارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچىدىن بولغان بالىلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ قاسىمنىڭ نامى بىلەن لەقەبلەنگەن. ئابدۇللا بولسا تەييىب، تاھىر دەپ لەقەبلەنگەن ئىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ سەۋدىگە ئۆيلىنىشى

خەدىچە ۋاپات بولغان ئايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش ئامىرىيەلىك زەمئەنىڭ قىزى سەۋدىگە ئۆيلەندى.

سەۋدە ئېرى سەكران ئىبنى ئەمىر ۋاپات قىلىپ تۇل قالغان ئىدى. سەۋدە ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئىمان ئېيتىپ، ئېرى سەكران ئىبنى ئەمىر بىلەن دىن مەسىلىسىدە قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئىككىنچى قېتىم ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۇلار ھەبەشىستاندىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سەكران ئىبنى ئەمىر ۋاپات بولۇپ كەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ سەۋدىنى نىكاھىغا ئېلىشى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان ياخشىلىقى ئىدى. چۈنكى سەۋدە يېقىنلىرىنىڭ قولىغا قالىدىغان

www.munber.org

بولسا، ئۇلار ئىسلامغا ئۆچ بولغانلىقتىن سەۋدەنى دىندىن قايتۇرۇۋېتەتتى، شۇنداقلا ئېسىل نەسەبلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قەۋمى ئىچىدە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە تۇرمۇشلۇق بولۇشقا ئۇنىمايتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىشىگە ئۆيلىنىشى

خەدىچە ۋاپات بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ دوستى ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئائىشەنى نىكاھىغا ئېلىپ قويدى. بۇ چاغدا ئائىشە يەتتىن ئاشمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشىدىن باشقا قىز ئالغان ئەمەس، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئائىشە بىلەن بىر يەردە بولدى. ئەمما سەۋدە بىلەن مەككىدە بىر تەككە باش قويغان ئىدى.

خەدىچە ۋاپات بولۇپ بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىب قازا قىلدى. ئەبۇتالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلىرىدىن ھىمايە قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يالغانغا چىقارمىسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىدى. ئەبۇتالىب توغرىسىدا مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: "سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ." (سۈرە قەسەس، 57 ـ ئايەت) ئەبۇتالىب رەسۇلۇللاھقا قىلغان چوڭ خىزمىتى ئۈچۈن اللهنىڭ ئۇنىڭ گۇناھىنى يېنىكلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ ۋە كۆپچىلىك خىش ـ ئەقرىبالىرىنىڭ مۇسۇلمان بولماسلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇكى،



www.munber.org



ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەرھال ئەگىشىپ كەتسە، مۇشرىكلار مۇھەممەدنىڭ قەۋمى پادىشاھلىق ۋە ئۈستۈنلۈك تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ، شۇڭا يېڭى دىننى مەيدانغا قويدى، دېيىشەتتى. لېكىن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ يات كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىسى يەنى ئۇمەييەدىن ئوسمان ئىبنى ئەففانلاردەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دۈشمەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق پاكىت قويالمىدى. مۇشرىكلار پاكىت ئالدىدا پەقەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان، مۇھەممەد بولسا ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋېتىدىغان سېھىرگەر، غايىپنى بىلىمەن دەيدىغان كاھىن، دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە ئېسىلىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئايالى ۋە تاغىسىدىن ئايرىلغان بۇ يىلنى قايغۇلۇق يىل دەپ ئاتىدى.

ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى بۇرۇن قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشى قىيىنلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېتىۋاتسا، بېشىغا توپا چاچاتتى؛ ناماز ئۆتەۋاتسا، ئۈستىگە قوينىڭ يىنلىرىنى تاشلاپ قوياتتى. بىر قېتىم قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بارچە ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچى بولامسەن؟ دەپ ئېسىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئاجىز بولغاچقا، ھېچ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاجرىتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەت ئەبۇبەكرىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ: رەببىم الله دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسىلەر!؟ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاجرىتىۋالدى.



www.munber.org

# رەسۇلۇللاھنىڭ تائىفقا ھىجرىتى

*[تائىف ـ مەككىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى بىر جاي]*

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەردىن كېلىۋاتقان خورلۇقلارنى كۆرۈپ، ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە دىنغا دەۋەت قىلىش نىيىتىدە تائىفتىكى سەقىف قەبىلىسىگە چىقماقچى بولدى. سەقىف مەككىگە يېقىن ئىدى ھەمدە سەقىفتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى بار ئىدى. ھاشىم ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ ئانىسى ئاتىكە سەلمىيە بولسا سەلىم ئىبنى مەنسۇر جەمەتىدىن ئىدى، ئۇلار بولسا سەقىفنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئازات گەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن بىرلىكتە سەقىف قەبىلىسىگە بېرىپ، قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئەمىر ئىبنى ئۇمەير سەقىفنىڭ ئۈچ بالىسى ئەبدىيالىل، مەسئۇد، ھەبىبلەر سەقىف قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قاتتىق رەددىيەگە ئۇچراشتىن باشقا نەتىجە چىقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىر قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇققۇپ قالسا، دۈشمەنلىرىمىزدىن بىزگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلىپسەن، دەپ تېخىمۇ ئازار ـ كۈلپەت قىلىشىدىن قورقۇپ، سەقىفلەردىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى قۇرەيشلەرگە ئېيتماسلىقنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئۆتۈنۈشنى قوبۇل قىلمىدى. بەلكى نادان ئادەملىرىنى ۋە باللىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى توساشقا، تاش ئېتىشقا كۈشكۈرتۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتىنى يارىلاندۇردى. زەيد ئىبنى ھارىس رەسۇلۇللاھنى قوغدايتتى. ئۇلار مىڭبىر تۈپ تەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ سايىداپ ئولتۇردى، بۇ تەك

www.munber.org





رەبىئەنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە بىلەن شەيبەنىڭ بېغىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. ھازىر مۇشۇ بېغىدا تۇرۇۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ يېرىدە تۇرۇشنى خالىمىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا: ”ئۇ پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ۋە خەلق نەزىرىدە ھۆرمەت ئېتىۋارىمنىڭ قالمىغانلىقىدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئى ئەڭ ھۆرمەتلىك زات، سەن ئاجىزلارغا ياردەم بېرىسەن، سەن مېنىڭ رەببىمسەن، مېنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟ سېنىڭ ماڭا غەزىپىڭ بولمىسىلا، مۇنداق قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلمايمەن“ دەپ دۇئا قىلدى. ئۇتبە بىلەن شەيبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەدداس ئىسىملىك قۇلىدىن بىر ساپ ئۈزۈم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم “ دەپ ئۈزۈمنى يېيىشكە باشلىدى. ئەدداس: بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتمايتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن قايسى يۇرتتىن، دىنىڭ نىمە؟ دېدى. ئەدداس: مەن خىرىستىئان دىنىدا، يۇرتۇم نىنەۋەي *[نىنەۋەي ـ دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەر، ئۇنىڭ ئالدىغا مەۋسىل شەھىرى جايلاشقان.]* ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ياخشى ئادەم يۇنۇس ئىبنى مەتتانىڭ شەھرىدىن ئىكەنسەن، دېدى. ئەدداس: يۇنۇسنى قانداق بىلىسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئاندىكى يۇنۇس قىسسىسىنى ئېيتىپ بەردى. ئەدداس بۇنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولدى.

جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا اللهتائالا تەرىپىدىن ئەلچى بولۇپ كېلىپ: اللهتائالا خەلقىنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقلىرى ئۈچۈن سەن ئۇلارنى قانداق قىل دىسەڭ، مىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى،

www.munber.org

دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ﷲ، خەلقىمنى ھىدايەت قىل، چۈنكى ئۇلار ئۇقمايدۇ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: ﷲ سىنى مېھرى ـ شەپقەتلىك، رەھىمدىل، دەپ راست ئېيتقان ئىكەن، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەخلە دېگەن جايغا كېلىپ چۈشكەندە، بىر گورۇھ جىنلار كېلىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئىمان ئېيتقان، ئۇلار قايتىپ بېرىپ ئۆز خەلقىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزگەن. سۈرە ئەھقافتىكى بۇ ئايەتلار مۇشۇ جىنلار ھەققىدە نازىل بولغان: "ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى قۇرئان تىڭشاشقا ساڭا ئەۋەتتۇق. ئۇلار بارغاندا، بىر بىرىگە: جىم تۇرۇڭلار، دېيىشتى. قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ، ئۆز قەۋمىگە قايتىشتى. ئۇلار: ئى قەۋمىمىز، بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، بۇرۇنقى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى تىڭشىدۇق. ئى قەۋمىمىز، ﷲغا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ﷲغا ئىشىنىڭلار، ﷲ بەزى گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازاپتىن ساقلايدۇ. كىمكى ﷲغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ زېمىندا ئازاپتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ﷲدىن باشقا ھېچ ياردەمچى بولمايدۇ. ئۇلار ئوپ ـ ئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر، دېدى." (سۈرە ئەھقاف، 29 ـ ئايەتتىن 32 ـ ئايەتكىچە) جىنلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جىن سۈرىسىدە جىنلارنىڭ قىسسى ئۇزۇن ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىندى. سۈرىنىڭ بېشى مۇنداق: "بىر قانچە نەپەر جىننىڭ مەندىن قۇرئان تىڭشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ، بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلاپ ئىمان ئېيتتۇق، رەببىمىزگە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز، دېيىشكەنلىكى ماڭا ۋەھيي قىلىندى، دېگىن." (سۈرە





جىن 1، 2 ـ ئايەتلەر)

## رەسۇلۇللاھنىڭ مۇتئىم ئىبنى ئەدىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن قايتقاندا، قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قارشى تائىف ئاھالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ تائىفقا چىققانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇتئىم ئىبنى ئەدى ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئابدۇمانافقا كىشى ئەۋەتىپ، مەككىگە ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇتئىم ماقۇل كۆرۈپ، باللىرى بىلەن قۇراللىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كەئبىگىچە بىللە باردى. بەزى مۇشرىكلار مۇتئىمدىن: سەن مۇھەممەدكە باشپاناھ بولدۇڭمۇ ياكى ئۇنىڭ دىنىغا كىردىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. مۇتئىم: باشپاناھ بولدۇم، دېدى. مۇشرىكلار: ئۇنداق بولسا سېنىڭ باشپانالىقىڭغا ھۆرمەت قىلىمىز، دېدى.

## دوس قەبىلىسىنىڭ ئەلچىسى

رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چاغدا ئۇنىڭغا دوس قەبىلىسىدىن تۇفەيل ئىبنى ئەمىر كەلدى. دوس قەبىلىسى مەشھۇر ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ قەبىلىسى ئىدى. تۇفەيل قەۋمىدىكى مۆتىۋەر، داڭلىق شائىر ئىدى. تۇفەيل قۇرئاننى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: قەۋمىڭگە بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىل، دېدى ۋە دوس



www.munber.org

قەبىلىسى ھەققىدە : ئى الله، دوس قەۋمىنى ھىدايەت قىل، دەپ دۇئا قىلدى. تۇفەيل قايتىپ بېرىپ، قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى، ئۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى ئىمان ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىكى چاغدا، تۇفەيلىنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن مەدىنىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشى كېيىنكى بابلاردا سۆزلىنىدۇ.

ئىسرا ۋە مىراج

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى، الله ئۇنى ئىسرا ۋە مىراج بىلەن ھۆرمەتلىدى. ئىسرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرۇپ بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلگەنلىكى ئىدى. مىراج بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ كېچىدە ئاسمانغا چىقىپ، روھى ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى ئىدى. ئەھلى سۈننەتلەر *[ئەھلى سۈننەت ـ دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەمەللەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچى ۋە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق تۆت چاھارىيانى قانۇنلۇق خەلىپە دەپ ئېتراپ قىلغانلار ئەھلى سۈننەت دېيىلىدۇ. ئەكسىچە يالغۇز ھەزرىتى ئەلىنىلا قانۇنلۇق خەلىپە دەپ قارىغانلار شىئە دېيىلىدۇ. ـ ت]* ، پەيغەمبىرىمىز مىراجغا جىسمى بىلەن چىققان، دەپ قارايدۇ. ھەزرەت ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھنىڭ اللەنى كۆرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ، كىمكى مۇھەممەد پەرۋەردىگارىنى كۆردى دەيدىكەن، اللەغا چوڭ بوھتان قىلغان بولىدۇ، دېگەن.

ئىسرا ۋەقەسى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان: ”بەندىسىگە ئۆز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇنى كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپى بەرىكەتلىك بولغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغان

www.munber.org





الله پاكتۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ.“ (سۈرە ئىسرا، 1 ـ ئايەت) مىراج ۋەقەسى «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھى مۇسلىم» كىتابلىرىدا ئەڭ توغرا ھەدىسلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. قازى ئىيازمۇ ئۇنى «شىفا» ناملىق كىتاۋىدا نەقىل قىلغان. ئەنەس ئىبنى مالىكتىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ماڭا بىر دۇلدۇل كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئېشەكتىن چوڭراق، خېچىردىن چاغراق، قەدىمىنى چوڭ ئالىدىغان بىر ھايۋان ئىدى. ئۇنى مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدىم. دۇلدۇلنى پەيغەمبەرلەر ئۇلاقلىرىنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلىدىم. ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مەسجىدتىن چىقتىم. جىبرىئىل ماڭا بىر قاچا مەي بىلەن بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى، مەن سۈتنى تاللىدىم، جىبرىئىل ماڭا، تەبىئى نەرسىنى تاللىدىڭ، دېدى. ئاندىن بىز ئاسمانغا ئۆرلىدۇق. جىبرىئىل ئاسماننىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى. كىم سەن؟ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل : مەن، دېدى. سەن بىلەن كىم بار؟ دېدى. جىبرىئىل مۇھەممەد بار، دېدى. مۇھەممەدكە پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ؟ دېدى. جىبرىئىل: ھەئە، كەلدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە ئاسمان ئېچىلدى. بۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. ئادەم ئەلەيھىسسالام مېنى قارشى ئالدى، ماڭا ياخشىلىق تىلىدى. ئاندىن ئىككىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدۇق. جىبرىئىل ئېچىلىشنى تەلەپ قىلدى. كىم سەن؟ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل: مەن جىبرىئىل، دېدى. سەن بىلەن كىم بار؟ دېدى. جىبرىئىل: مەن بىلەن مۇھەممەد بار، دېدى. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كەلدىمۇ؟ دېدى، جىبرىئىل: ھەئە، كەلدى، دېدى. مۇشۇنداق سوئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن بىزگە ئاسمان ئېچىلدى. بۇ يەردە يەھيا بىلەن ئېيسانى كۆردۈم، مېنى قارشى ئېلىشتى، ماڭا

www.munber.org

ياخشىلىق تىلەشتى. ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ــ جاۋابلار بولدى. بۇ يەردە يۈسۈفنى كۆردۈم، يۈسۈفكە پۈتۈن گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلگەن ئىدى، مېنى قارشى ئالدى، ماڭا ياخشىلىق تىلىدى. ئاندىن تۆتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ــ جاۋابلار بولدى. بۇ يەردە ئىدرىسنى كۆردۈم، ئۇ مېنى قارشى ئالدى، ماڭا ياخشىلىق تىلىدى. اللە تائالا قۇرئاندا ئىدرىس ھەققىدە: ”ئىدرىسنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈردۇق“ (سۈرە مەريەم، 58 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئىدى. ئاندىن بەشىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ــ جاۋابلار بولدى، بۇ يەردە ھارۇننى كۆردۈم، ئۇ مېنى قارشى ئالدى، ماڭا ياخشىلىق تىلىدى. ئاندىن ئالتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىرىقىدەك سوئال ــ جاۋابلار بولدى. بۇ يەردە مۇسانى كۆردۈم، ئۇ مېنى قارشى ئالدى، ماڭا ياخشىلىق تىلىدى. ئاندىن يەتتىنچى ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، بۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ بەيتۇلمەمۇرغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، بەيتۇلمەمۇرغا ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىرىپ تۇراتتى، بىر كىرگەنلىرى قايتا كىرمەيتتى. ئاندىن كېيىن سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىگە باردۇق، بۇ دەرەخنىڭ ياپراقلىرى چوڭلۇقى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك، مېۋىلىرىنىڭ چوڭلۇقى قاپاقلاردەك ئىدى. رەببىمنىڭ بۇيرۇقى چۈشكەندە بۇ دەرەختە ئۆزگىرىش پەيدا بولاتتى. اللەنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر ئادەم بۇ دەرەخنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىيەلمەيدۇ. اللە ماڭا بىر قىسىم ئىشلارنى ۋەھيى قىلدى، ماڭا ۋە ئۈممىتىمگە بىر كېچە ــ كۈندۈزدە ئەللىك ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى. مەن قايتىپ مۇساغا كەلدىم، مۇسا: رەببىڭ سېنىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىلەرنى پەرز قىلدى؟ دەپ سورىدى. مەن: ئەللىك ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى، دېدىم. مۇسا: قايتىپ بېرىپ رەببىڭدىن



www.munber.org



يېنىكلىتىشنى سورا، ئۈممىتىڭ بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ. مەن سەندىن بۇرۇن بەنى ئىسرائىلنى سىناپ كۆرگەن ئىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قايتىپ بېرىپ، رەببىمگە: ئى رەببىم، ئۈممىتىمدىن يېنىكلەتكىن، دېدىم. مەندىن بەش ۋاقىت نامازنى كېمەيتتى. مۇساغا قايتىپ بېرىپ، مەندىن بەش ۋاقىت نامازنى كېمەيتتى، دېدىم. مۇسا: ئۈممىتىڭ تاقەت قىلالمايدۇ، قايتىپ بېرىپ رەببىڭدىن يېنىكلىتىشنى سورا، دېدى. شۇنىڭ بىلەن يېنىكلىتىشنى سوراپ، رەببىم بىلەن مۇسانىڭ ئارىسىدا كۆپ قېتىم ماڭدىم. تاكى اللە تائالا : ئى مۇھەممەد، بىر كېچە ــ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدىم. ھەر بىر ۋاقىت ناماز ئون ۋاقىت نامازنىڭ ئورنىدا، بەش ۋاقىت ناماز ئەللىك ۋاقىت نامازنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنى قىلمىسىمۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ؛ كىمكى بىر يامانلىقنى ئويلاپ، ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يېزىلمايدۇ. كىمكى بىر يامانلىقنى ئويلاپ، ئۇنى قىلسا، ئۇنىڭغا بىر گۇناھ يېزىلىدۇ، دېدى. قايتىپ چۈشۈپ مۇسانىڭ يېنىغا كەلدىم، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدىم. مۇسا: رەببىڭگە قايتىپ بېرىپ يېنىكلىتىشنى سورا، دېدى. مەن: رەببىمگە قايتىۋېرىپ ئۇيۇلۇپ قالدىم، دېدىم.“

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كېچىسى مەككىگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قۇرەيشلەرنىڭ سورۇنىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەبۇجەھىل ھىشام كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مىراج ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى. ئەبۇجەھىل: كەئب ئىبنى لۇئەي جەمەتى، بۇ يەرگە كېلىڭلار! دەپ ۋاقىرىدى. قۇرەيش



www.munber.org

كاپىرلىرى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مىراج ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى. كاپىرلار بۇنى ئاڭلاپ ئەجەپلەندى ۋە ئىنكار قىلدى. بەزىلىرى چاۋاك چالدى، بەزىلىرى پېشانىسىنى تۇتۇپ قالدى، ئىمانى سۇس كىشىلەر ئىماندىن يېنىپ كەتتى. بەزىلەر بۇ خەۋەرنى ئەبۇبەكرىگە يەتكۈزدى. ئەبۇبەكرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن بولسا، ھەق راست، دېدى. ئۇلار ئەبۇبەكرىگە، مۇھەممەدنىڭ مۇشۇ سۆزىگىمۇ ئىشىنەمسەن؟ دېدى. ئەبۇبەكرى: ئۇنىڭ بۇنىڭدىن غەيرىرەك گېپىگىمۇ ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، دېدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەبۇبەكرى سىددىق سەممىي، راستچىل، ھەققانى دەپ ئاتالدى. ئاندىن كېيىن كاپىرلار رەسۇلۇللاھنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەيتۇلمۇقەددەسنى كۆرگەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ شەكلىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇندىن ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسنى كۆرمىگەن ئىدى، الله ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشى بىلەن كاپىرلارغا بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ھەر بىر ئىشىگىنى، ھەر بىر جايىنى ئېنىق سۆزلەپ بەردى. كاپىرلار: شەكلىنى توغرا دەپ بېرەلىدىڭ، ئەمدى بىزنىڭ ئۇ يەرگە كەتكەن كارۋىنىمىز توغرىلىق سۆزلەپ بەر، دېدى. قۇرەيشلەرنىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقان كارۋىنى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كارۋاندىكى تۆگىلەرنىڭ سانى ۋە كارۋاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى ۋە كارۋان پالانى كۈنى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ تاغىل تۆگە ئالدىدا مېڭىپ چىقىپ كېلىدۇ، دېدى. كاپىرلار شۇ كۈنى ئالدىراشلىق بىلەن كارۋان كېلىدىغان يولغا چىقىپ قاراپ تۇرۇشىدۇ. شۇ ئەسنادا بىرى: ئەزبىرايى خۇدا، ئەنە كۈن چىقتى، دەيدۇ. يەنە بىرى: ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەدنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئالدىدا تاغىل تۆگە ماڭغان كارۋان چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار

www.munber.org





ئېيتماستىن كاپىرلىقى ۋە تەرسالىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ھەتتا بۇ ئاشكارا كۆز باغلىغانلىق، دېيىشىدۇ. مىراجغا چىققان كېچىسىنىڭ ئەتىگىنى جىبرىئىل كېلىپ رەسۇلۇللاھقا بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەن ۋە نامازلارنىڭ ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرگەن.

بامدات نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، تاڭ يورۇغاندا ئوقۇلىدۇ. پېشىن نامىزى تۆت رەكئەت بولۇپ، كۈن قايرىلغاندا ئوقۇلىدۇ. نامازدىگەر تۆت رەكئەت بولۇپ، نەرسىنىڭ سايىسى ئىككى ھەسسە ئۇزىرىغاندا ئوقۇلىدۇ. نامازشام ئۈچ رەكئەت، خۇپتەن تۆت رەكئەت بولۇپ، قىزىل شەپەق غايىب بولغاندا ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەش ۋاقىت ناماز پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، ئەتىگەندە ئىككى رەكئەت، ئاخشامدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ قەبىلىلەردىن ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئۆتۈنۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنغا دەۋەت قىلىشى قۇرەيش تەرىپىدىن توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغانلىقتىن ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ دىللىرىنى تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق قاپلىۋالغانلىقتىن، الله ئىسلام دىنىنى قۇرەيشتىن باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئارقىلىق ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىشنى ئىرادە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مەۋسۇملىرىدە (ئەرەبلەرنىڭ سودا ـ سېتىق ۋە پەخىرلىنىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈش

www.munber.org

ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان بازارلىرى. ـ ت) قەبىلىلەردىن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى ئۆتۈنەتتى. بەزى قەبىلىلەر چىرايلىقچە رەت قىلاتتى، بەزى قەبىلىلەر قاتتىق رەت قىلاتتى. ئەڭ قەبىھ رەت قىلغىنى كەززاب مۇسەيلەمە *[كەززاب مۇسەيلەمە ـ ئۇ يەمامەلىك بولۇپ، دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان، كېيىن مۇرتەد بولۇپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان. ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن. ـ ت]* نىڭ جامائەسى بەنى ھەنىفە ئىدى. ئامىر جەمەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: بۇ ئىش اللهنىڭ ئىلكىدە، كىمنىڭ يېتەكچى بولۇشىنى الله ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىگە تاپشۇرىدۇ، دېدى.

مەككە بىلەن شام ئارىسىدىكى شەھەر يەسرىب (مەدىنە) نىڭ ئەرەبلىرى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ تۇراتتى. يەسرىدە ئىككى قەبىلە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، بىرى ئەۋس ئۇرۇقى، ئىككىنچىسى خەزرەج ئۇرۇقى ئىدى. ئۇلار قېرىنداش قەبىلە بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىكتىن ھەمىشە سوقۇشۇپلا تۇراتتى، ئارىسىدا جېدەل ـ ماجرا ئۆكسۈمەيتتى. ئۇلارغا مەدىنىدە يەھۇدىيلاردىن بەنى قەينۇقا، بەنى قۇرەيزە، بەنى نەزىر قەبىلىلىرى قوشنا ئىدى. كېيىن ئەرەبلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۈستۈنلۈك قازاندى. يەھۇدىيلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاغلىرىدا، دۈشمەنلىرى بولغان ئەرەبلەرگە پات ئارىدا مەيدانغا كېلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن سۆز ئاچاتتى.

www.munber.org





ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ ئۇرۇقى چېچىلىپ ئىتتىپاقلىق يوقالغاندا، يەھۇدىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە باشلىدى. ئەۋس قەبىلىسى بەنى قۇرەيزەنى، خەزرەج قەبىلىسى بەنى نەزىر بىلەن قەينۇقانى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى قىلىۋالدى. بۇئاس ئۇرۇشى ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ تولىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، خەزرەج قەبىلىسىدىن پەقەتلا ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلول ۋە ئەۋس قەبىلىسىدىن راھىب ئەبۇئامىر قالغان ئىدى. شۇڭا ئائىشە: الله بۇئاس ئۇرۇشىنى رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن تۇغدۇرغان ئىدى، دېگەن. ئەۋس قەبىلىسى باشلىقلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە خەزرەجكە قارشى قۇرەيش بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش پىكرى كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قۇرەيش قەبىلىسىگە ئىياس ئىبنى مۇئاز بىلەن ئەبۇلھەيسەر ئەنەس ئىبنى رافىئەنى بىر بولۇم كىشىلەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار مەككىگە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا قاتتىقلىق بىلەن مۇنداق دېدى: سىلەر ئىلتىماس قىلىپ كەلگەن ئىشتىن پايدىلىقراق ئىشنى قوبۇل قىلىپ، يالغۇز بىر اللهغا ئىشەنسەڭلار، اللهغا شېرىك كەلتۈرمىسەڭلار بولمامدۇ؟ مېنى الله بارچە خەلققە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، دېدى. ئاندىن ئۇلارغا قۇرئاننى ئوقۇپ بەردى. ئىلياس ئىبنى مۇئاز ھەمراھلىرىغا: ئەزبىرايى خۇدا، بۇ بىز ئىلتىماس قىلىپ كەلگەن ئىشتىن ياخشى ئىكەن، دېدى. ئەبۇلھەيسەر ئۇنىڭغا شېغىل تاش ئېتىپ: بۇنى قويۇپ تۇر! بىز باشقا ئىش ئۈچۈن كەلدۇق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىياس جىم بولۇپ قالدى.

www.munber.org

## ئەنسارىلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىشى

ئەرەبلەرنىڭ مەۋسۇمدە رەسۇلۇللاھ ئەنسارىلاردىن ئالتە كىشى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەزرەج قەبىلىسىدىن بولۇپ، نەججار جەمەتىدىن ئەسئەد ئىبنى زۇرارە، ئەۋف ئىبنى ھارس، زۇرەيق جەمەتىدىن رافى ئىبنى مالىك، سەلەمە جەمەتىدىن قۇتبە ئىبنى ئامىر، ھەرام جەمەتىدىن ئۇقبە ئىبنى ئامىر، ئۇبەي ئىبنى ئەدى جەمەتىدىن جابىر ئىبنى ئابدۇللا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا ۋە ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ياردەم بېرىشكە چاقىردى. ئۇلار ئۆز ئارا: يەھۇدىيلار مەيدانغا كېلىدۇ، دېگەن پەيغەمبەر مۇشۇ. ئۇلار بىزدىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇۋالمىسۇن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئىمان ئېيتايلى، دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا : خەلقىمىز ئىچىدە ئۆز ئارا گىنە ـ ئاداۋەت بار. الله ئۇلارنى سەن ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەم بولۇپ قالىسەن دېيىشتى ۋە كېلەركى مەۋسۇمدە *[مەۋسۇم ـ بۇ يەردە كەئبىنى زىيارەت قىلىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. ـ ت]* ئۇچرىشىشنى ۋەدە قىلىشتى، يەسرىب ئەرەبلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى

*[ئەقەبە ـ مەككىدىن ئۇچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر جىلغىنىڭ ئىسمى. ـ ت]*

كېيىنكى يىلى مەۋسۇمگە خەزرەج قەبىلىسىدىن ئون ئادەم، ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىككى ئادەم كەلدى. خەزرەجدىن كەلگەنلەر: ئەسئەد ئىبنى زۇرارە، ھارىسنىڭ ئوغۇللىرى ئەۋف بىلەن مۇئاز، رافى ئىبنى



www.munber.org



مالىك، زەكۋان ئىبنى قەيس، ئۇبادە ئىبنى سامىت، يەزىد ئىبنى سەلەبە، ئاббاس ئىبنى ئۇبادە، قۇتبە ئىبنى ئامىر، ئۇقبە ئىبنى ئامىرلار ئىدى. ئەۋس قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر: ئەبۇلھەيسەم ئىبنى تەيھان، ئۇۋەيم ئىبنى سائىدەلەر ئىدى. ئۇلار ئەقەبەدە رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى ئاياللارنىڭ قىلغان بەيئىتىدەك بەيئەت قىلدى. *[بەيئەت ـ قەسەمىيات قىلىپ ۋەدە بېرىش، سادىق بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قول بېرىش، بىراۋنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش. ـ ت]* بۇ، جىھاد پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ بەيئىتى تۆۋەندىكىچە: اللهغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك، تۆھمەت ۋە بوھتان قىلماسلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ياخشى ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇ ئىشتىن باش تارتماسلىق. ئۇلار يۇقىرىقىغا ئەمەل قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ، ئەمەل قىلمىسا ئۇلارنىڭ ئىشى اللهنىڭ ئىلكىدە، الله خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ، خالىسا ئازاپ قىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە دىنى ئەھكاملارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ۋە خەدىچىنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇملارنى ئەۋەتتى. مۇسئەب رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان ئەبۇ ئۇمامە ئەسئەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. خەزرەج ۋە ئەۋس قەبىلىلىرىدىن مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. بىر كۈنى مۇسئەب ئەسئەد بىلەن باغدا تۇراتتى. ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئاز ئۆز قېرىندىشى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە: بىزنىڭ ئاجىز كىشىلىرىمىزنى



www.munber.org

ئەخمەقلەر دەپ ئەيىپلەۋاتقان بۇ ئىككى ئادەمنى توسىمامسەن؟ دېدى. ئۇسەيد نەيزىسىنى ئېلىپ ئۇ ئىككى كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇسئەبكە: مانا بۇ كېلىۋاتقان ئۇز قەۋمىنىڭ باشلىغى، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىل، دېدى. ئۇسەيد كېلىپ: نىمىشقا سىلەر بىزنىڭ ئاجىزلىرىمىزنى ئەخمەقلەر دەيسىلەر؟ ئەگەر سىلەرنىڭ شەخسى ھاجىتىڭلار بولسا، شۇنىڭ بىلەن چەكلىنىڭلار! دېدى. مۇسئەب ئۇنىڭغا: ئەۋۋەل ئولتۇرۇپ تىڭشاپ باقمامسەن! خالىساڭ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلارسەن، خالىمىساڭ بىز سىېنى نارازى قىلىدىغان ئىشنى قىلمايلى، دېدى ۋە ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئوقۇپ بەردى. ئۇسەيد ئىسلام دىنىنى ياقتۇرۇپ، اللهنىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئۇسەيد قايتىپ بارغاندا، سەئد ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئوسەيد: ئەزبىرايى خۇدا، ئۇلار يامان ئەمەس ئادەملەر ئىكەن، دېدى. سەئد دەرغەزەپ بولۇپ مۇسئەبلەرنىڭ قېشىغا باردى. مۇسئەب سەئدگىمۇ ئۇسەيدگە قىلغان گەپلەرنى قىلدى. خۇدانىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن سەئد مۇسۇلمان بولدى. سەئد ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بىر ئورۇغى بولغان ئەبدۇ ئەشھەل جەمەتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ئاراڭلاردا مېنى قانداق ھېسابلايسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: سىېنى بىزنىڭ باشلىقىمىز ۋە باشلىقىمىزنىڭ ئوغلى دەپ ھېسابلايمىز، دېدى. سەئد: مەيلى ئەرلىرىڭلار بولسۇن، ئاياللىرىڭلار بولسۇن، سىلەر مۇسۇلمان بولمىغىچە، سىلەر بىلەن گەپلىشىش ماڭا ھارام! دېدى. ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، ئەبدۇ ئەشھەل جەمەتىدىكى ھەممە ئائىلە مۇسۇلمان بولدى. يەسرىبلىكلەر ئىچىدە ئىسلام دىنى تارقالدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان پاراڭلىرى ئىسلام دىنى توغرىسىدىلا بولاتتى.

ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى

بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىنىڭ 2- يىلى ھەج مەۋسۇمىدە، يەسرىبلىكلەردىن نۇرغۇن كىشى ھەج قىلىشقا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەسرىب مۇشرىكلىرىمۇ جىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەقەبەدە كېچىدە ئۇچرىشىشنى ۋەدە قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كېچىدە ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتماسلىقنى، ھازىر بولمىغانلارنى كۈتمەسلىكنى تاپىلىدى، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشلەردىن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. قۇرەيشلەر تۇيۇپ قالىدىغان بولسا، باشتا تۈزۈلىۋاتقان توختامنى بۇزۇشقا ئۇرۇناتتى.

ئەنسارىلار ھەجنى تۈگىتىپ، ۋەدە قىلىنغان جايغا ئۆز ئىچىدىكى مۇشرىكلاردىن يوشۇرۇن ھالدا كېلىشتى. بۇ چاغ يېرىم كېچە ئىدى. ئۇلار بىردىن ـ ئىككىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يىغىلىپ يەتمىش ئۈچ كىشىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتمىش ئىككىسى خەزرەج قەبىلىسىدىن، ئون بىرى ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇلار بىلەن ئىككى ئايالمۇ بار ئىدى. بىر نەججار جەمەتىدىن كەئبىنىڭ قىزى نەسىبە، يەنە بىرى سەلەمە جەمەتىدىن ئەمرنىڭ قىزى ئەسما ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇچراشتى. پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئاببас ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، لېكىن ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى، ئاببас رەسۇلۇللاھ بىلەن يەسرىبلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنى چىڭىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. يەسرىبلىكلەر يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاببас سۆزلەپ، پەيغەمبەرنى قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى، قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ توغرىدا تارتقان زور جاپالىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا: سىلەر پەيغەمبەرگە قىلغان ۋەدەڭلەرگە ۋاپا



www.munber.org

قىلساڭلار، ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن قوغدىساڭلار، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا بارسۇن، ئۇنداق قىلالمىساڭلار، نۆۋۈزلۇق قەۋمى ـ قېرىنداشلىرى ئىچىدە قالسۇن، دېدى. يەسرىبلىكلەرنىڭ باشلىقى بەرائىبنى مەئرۇر ئۇلارغا ۋاكالىتەن سۆزلەپ: ئەزبىرايى خۇدا، سۆزىمىزدە تۇرىمىز، ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز. رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن جېنىمىز پىدا دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۆزەڭ ئۈچۈن، رەببىڭ ئۈچۈن قويىدىغان شەرتلىرىڭ بولسا ئېيتقىن، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: رەببىم ئۈچۈن قويىدىغان شەرتىم شۇكى، شېرىك كەلتۈرمەي، يالغۇز بىر اللّٰهغا ئىبادەت قىلىسىلەر. ئۆزەم ئۈچۈن قويىدىغان شەرتىم شۇكى، سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بارغان چېغىمدا، مېنى ئايالىرىڭلارنى، بالىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغدايسىلەر، دېدى. ئەبۇلھەيسەم ئىبنى تەيھان قوپۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز يەھۇدىيلار بىلەن بولغان توختاملىرىمىزنى بۇزۇپ، سەن تەرەپ بولىۋاتىمىز. كېيىنكى كۈنلەردە غەلىبە قىلساڭ، بىزنى تاشلاپ مەككىگە قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىڭنىڭ يېنىغا كىلىۋالامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ: ياق، مەن ھەرۋاقىت سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، دېدى. بۇ چاغدا بەيئەت باشلاندى. بۇ ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىۋى بويىچە بىر بىرلەپ بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئادەم ئەسئەد ئىبنى زۇرارە بولدى. بەزىلەر بىرىنچى بولۇپ بەيئەت قىلغان ئادەمنى بەرا ئىبنى مەرۇر دېيىشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر قەبىلىدىن بىردىن ئون ئىككى كىشى باشلىق سايلاندى. بۇلاردىن توققۇز كىشى خەزرەج قەبىلىسىدىن، ئۈچ كىشى قەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇلار ئەبۇل ھەيسەم ئىبنى تەيھان، ئەسئەت

www.munber.org





ئىبنى زۇرارە ۋە ئۇسەيد ئىبنى ھوزەير، بەرا ئىبنى مەئرۇر، رافى ئىبنى مالىك، سەئد ئىبنى خەيسەمە، سەئد ئىبنى رابى، سەئد ئىبنى ئۇبادە، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە، ئابدۇللا ئىبنى ئەمر، ئۇبادە ئىبنى سامىت، مۇنزىر ئىبنى ئەمر ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئىيسانىڭ ياردەمچىلىرى ئىساغا كېپىل بولغاندەك، سىلەرمۇ قەۋمىڭلارغا كېپىل، مەنمۇ قەۋمىمگە كېپىل، دېدى. اللّٰهنىڭ نىمە ئىرادىسى باركى، بۇ بەيئەتنى مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ، يەسرىبلىكلەرنىڭ چۈشكەن يېرىگە كېلىپ ئۇلارغا: سىلەر مۇھەممەدنى مەككىدىن ئېلىپ كەتمەكچى! ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپسىلەر، دېيىشتى. يەسرىبلىكلەر بۇنىڭدىن تاندى، بەيئەتكە قاتناشمىغان بەزى يەسرىبلىك مۇشرىكلار كېچىسى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەنلىككە قەسەم قىلىشتى. خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي: مېنىڭ قەۋمىم مەندىن بىسوراق ھېچ ئىش قىلمايدۇ، دېدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى

ئەنسارىلار مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ مۇشرىكلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىگە قارىتا ئەزىيىتى كۈچەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە كۆچۈشكە بۇيرۇدى. مۇسۇلمانلار قۇرەيشلەرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشلىرىدىن قورقۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يوشۇرۇن كۆچۈشتى. ئەبۇسەلەمە مەخزۇمى بىلەن ئايىلى ئۇممۇسەلەمە ھەممىدىن ئەۋۋەل

www.munber.org

كۆچتى، ئۇممۇسەلەمەنى ئۇنىڭ مۇشرىك قەۋمى دەسلەپ توسۇۋالدى، كېيىن قويۇپ بەردى، ئۇ ئېرىگە ئارقىسىدىن يېتىشىۋالدى. مۇھاجىرلار پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئىمكانىيەت تېپىش، دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يۇرتلىرىدىن ئايرىلىشتى، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىدىن يىراقلىشىشنى پەسەنت قىلمىدى. مەككىدە پەقەت ئەبۇ بەكرى، ئەلى، سۇھەيب، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ھىجرەت قىلىشقا شارائىتى يار بەرمىگەن ئاز سانلىق ئاجىز كىشىلەرلا قالدى. ئەبۇ بەكرىمۇ ھىجرەت قىلماقچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئالدىرىمىغىن، مەنمۇ ئاللاھنىڭ ھىجرەتكە ئىجازەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىمەن، دېدى. ئەبۇبەكرى شۇنى ئۈمىد قىلىۋاتامسەن! سەن ماڭا ئاتامدىن چارىراق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۈمىد قىلىۋاتىمەن! دېدى. ئەبۇبەكرى رەسۇلۇللاھ بىلەن ھەمرا بولۇشقا قېلىپ قالدى. ئىككى تۆگىنىمۇ يولغا ھازىرلاپ قويدى.

## دارۇننەدۋەدىكى كېڭەش

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەنسارىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى. قۇرەيشنىڭ باشلىقلىرى ۋە نوپۇزلۇق كىشىلىرى دارۇننەدۋەگە يىغىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كېڭەشتى. دارۇننەدۋە قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ ھويلىسى بولۇپ، قۇرەيش خەلقى ھەرقانداق بىر ئىشنى شۇ يەردە كېڭەشەتتى. بەزىلەر: مۇھەممەدنى يېرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئارام تاپمامدۇق،




www.munber.org



دېيىشتى. لېكىن بۇنداق قىلساق، ئۇ شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە ئادەم توپلايدۇ، دېيىلىپ، بۇ پىكىر رەت قىلىندى. بەزىلەر: ئۇنى باغلاپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، تا ئۇ ئۆلگىچە چىقارمايلى، دېيىشتى. بۇنداق قىلساق، ئۇنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان ئەگەشكۈچىلىرى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرىۋېلىشى ھەتتا بىزگە ئۇرۇش ئېچىشى مۇمكىن، دېيىلىپ، بۇ پىكىرمۇ رەت قىلىندى. ئەبۇجەھىل ئىبنى ھىشام قوپۇپ: مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەيلى، ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قىساس ئېلىشىغا يول قويماسلىقىنىڭ چارىسى شۇكى، ھەر قەبىلىدىن بىردىن كۈچلۈك يىگىت تەيىنلەيلى، ئۇلار مۇھەممەدنىڭ ئىشىگى ئالدىدا تۇرسۇن، مۇھەممەد چىققان ھامان ھەممىسى تەڭلا تىغ سالسۇن، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەدنىڭ قېنىغا ھەممە قەبىلە زامىن بولغان بولىدۇ، ئابدۇماناف ئەۋلادى *[ئابدۇماناف ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 4 ـ بوۋىسى. ـ ت]* ھەممە قەبىلىگە ئۇرۇش ئېچىشقا قادىر بولالمايدۇ، بەلكى تۆلەم ئېلىش بىلەن رازى بولىدۇ، دېدى. بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ماقۇل كەلدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق سۇيىقەست پىلانلىدى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەممىدىن غالىپ كەلدى. ”ئۇلار ھىيلە ـ مىكىر قوللاندى، ئاللاھمۇ تەدبىر قوللاندى، تەدبىر قوللىنىشتا ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستا.“ (سۈرە ئال ئىمران، 54 ـ ئايەت) ئاللاھ دۈشمەنلەرنىڭ يوشۇرۇن پىلانلىغان سۇيىقەستىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خەۋەردار قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپىدىغان ۋە ئىسلام دىنى راۋاجلىنىدىغان مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدا زور ھېكمەت بار ئىدى. ئەگەر ئىسلام دىنى مەككىدە تارىلىدىغان بولسا، دۈشمەنلەر: قۇرەيش قەبىلىسى پۈتۈن ئەرەب خەلقىغە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولدى، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مۇھەممەدنى

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشقا كۆشكۈرتتى، دېيىشى ئېنىق ئىدى. لېكىن قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا قاتتىق كۈلپەتلەرنى سالغان ئەشەددىي دۈشمەن بولدى. شۇڭا اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، قۇرەيشتىن يىراق يەرگە كېتىشىنى ئىختىيار قىلدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال دوستى ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا اللەنىڭ ئىجازەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەبۇبەكرى ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بولىدۇ، دېدى. ئەبۇبەكرى سەپەر ئۈچۈن ئۇبدان تەييارلاپ قويغان ئىككى تۆگىسىنى ھازىرلىدى. بىر تۇلۇمغا ئوزۇق قاچىلىدى. ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما بەلۋېغى بىلەن تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى چىگدى. يول باشلاشقا دەيل ئىبنى بەكرى ئۇرۇغىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئورەيقىتنى ياللىدى. ئۇ مۇشرىك بولۇپ، ئۇستا يول باشلىغۇچى ئىدى، ئابدۇللا ئىبنى ئۇرەيقىتكە ئىشىنىپ، ئىككى تۆگىنى تاپشۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن سەۋر غارىدا ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى بىلەن كېچىسى مەككىنىڭ سىرتىدا ئۇچرىشىشنى ۋەدىلىشىپ ئايرىلىشتى. بۇ كېچە قۇرەيشنىڭ سۇيىقەستلىك قارارى ئىجرا قىلىنىدىغان كېچە ئىدى. تەيىنلەنگەن كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھويلىسى ئالدىغا يىغىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىدىغان ۋاقىتتا، گۇمان تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۆز ئورنىدا تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلىنى ياتقۇزۇپ قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىشىكتىكىلەر



www.munber.org



ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن ماراپ تۇرۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈنىنى ئەلگە يېپىپ قويۇپ، ياسىن سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ سىرتقا چىقتى: ”ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توساق، كەينىدە بىر توساق پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇڭا ئۇلار كۆرەلمىدى.“ (سۈرە ياسىن، 9 ـ ئايەت) اللە ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھېچ كىشى كۆرمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىلەشكەن جايغا بېرىپ، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار مېڭىپ سەۋر غارىغا بېرىپ يوشۇرۇندى. مۇشرىكلار بولسا سۇيىقەستنىڭ بەربات بولغانلىقىنى بىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ كېچىچە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللانى ئەمەس، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى كۆزەتكەنلىكلىرىنى ئۇقۇپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزلەشكە كىرىشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ كەلگەن ۋە كۆرسىتىپ قويغان ئادەمگە مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلىشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوشۇرۇنغان غارغا بېرىپ، ئاستىغا قارىسىلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرىنى كۆرىدىغان يەردە تۇرۇشتى. ئەبۇبەكرى بۇ ھالنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: قايغۇرما، اللە بىز بىلەن بىللە، دېدى. اللە مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلدى، بىرەرسى غارغا قاراپ باقمىدى، ھەتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئۇلارنىڭ بۇ غارغا يوشۇرۇنۇۋېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئىزلەش توختىغىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملار غاردا ئۈچ كېچە تۇرۇشتى. ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا زېرەك، چىۋەر يىگىت ئىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى قۇرەيشلەر ئارىسىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى ھەققىدە ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ



www.munber.org

تۇراتتى. ئابدۇللا قاش قارايغاندا يولغا چىقىپ غارغا كېلىپ كېچىچە غاردا قۇناتتى، ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە يەنە مەككىگە قايتىپ كېلىپ، غارغا بارغانلىقىنى مۇشرىكلارغا تۇيغۇزمايتتى. ئابدۇللا غاردىن قايتقاندا، ئۇنىڭ ماڭغان ئىزىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ئۆزى بېقىۋاتقان پادىنى ئابدۇللانىڭ ئارقىسىدىن ھەيدەپ ماڭاتتى، ئىزلەش توختىغاندىن كېيىن يەنى ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، يول باشلىغۇچى ئابدۇللا ئىبنى ئورەيقىت ئىككى تۆگىنى ئېلىپ كەلدى. قىزىل دېڭىز (شور دەريا) نىڭ بويى بىلەن مېڭىشتى. سۇراقە ئىبنى مالىك يولدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قالدى. سۇراقە مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرگەن ياكى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. سۇراقە ئۆز قەۋمى بەنى مۇدلىجلەردىن بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئولتۇرغان چېغىدا بىر ئادەم كېلىپ: مەن دېڭىز بويىدا بىر قانچە قارىنى كۆردۈم. ئۇلار مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇشى مۇمكىن، دېدى. سۇراقە ئىنئامنى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئالغۇسى كېلىپ، گەپنى باشقا يەرگە بۇراپ: پالان ـ پالانلار يۈتكەن ماللىرىنى ئىزلەپ چىقىپ كېتىپ باراتتى، سەن شۇلارنى كۆرگەن ئوخشايسەن، دېدى ۋە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئېتىنى مىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغلاپ ماڭدى ۋە يېقىنلاشقاندا ئېتى مۈدۈرۈپ كېتىپ يىقىلدى. يەنە ئېتىنى مىنىپ مېڭىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇۋاتقان قىرائەتنى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىماي، خاتىرجەم مېڭىۋەردى. ئەبۇبەكرى بۇرۇلۇپ ـ بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى. سوراقەنىڭ ئېتىنىڭ ئاياقلىرى تىزىغىچە يەرگە پېتىپ قالدى، ئۇ يىقىلدى، سۇراقە يەنە قوپۇپ ئېتىنى



www.munber.org



دىۋىتتى، پېتىپ قالغان ئاتنىڭ ئاياقلىرى يەردىن چىقار ـ چىقماي، ئاياقلىرىدىن گويا ئىستەك بىر تۈرلۈك چاڭ كۆتۈرۈلدى. سۇراقە ئىشنىڭ بەرباد بولغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلىگە قاتتىق قورقۇنچ چۈشتى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملاردىن مەدەت تىلەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سۇراقە يېتىپ كەلگىچە توختاپ تۇردى (سۇراقە: مۇشۇ ۋەقەگە ئۇچرىغان چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدىم، دەيدۇ) . سۇراقە مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە ئىنئام ۋەدە قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرىگە ئوزۇق ۋە نەرسە ـ كېرەك تەكلىدى. ئۇلار: نەرسە ـ كېرىگىڭ لازىم ئەمەس، بىزنى ئىزلەپ كېلىۋاتقانلارغا، كۆرمىدىم، دېسەڭ بولىدۇ، دېدى. سۇراقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئامانلىق خېتى يېزىپ بېرىشنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇپ يازدۇرۇپ بەردى. ﷲ پەيغەمبىرىگە زور ئىلتىپاتنى نامايەن قىلدى، بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھەركۈنى ھەررە *[قاراتاشلىق ساي، مەدىنە مۇشۇنداق بىر قانچە سايلار بىلەن ئورالغان. ـ ت]* گە ئالدىغا چىقىشاتتى، كۈن قىزىغىچە تۇرۇپ قايتىپ كېتىشەتتى. بىر كۈنى ئۇزاق كۈتكەندىن كېيىن قايتىپ ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇرۇشلىرىغا، مەدىنىنىڭ ئىدىرلىرىدىن بىر ئىش كەلگەن بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يىراقتىن بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ھوي ئەرەب جامائىتى، سىلەر كۈتىۋاتقان پەيغەمبىرىڭلار مانا كەلدى! دەپ توۋلىدى. ئەنسارىلار دەرھال نەيزە ـ



www.munber.org

قىلىچلىرىنى ئېلىپ ھەرررەگە ئالدىغا چىقىپ، رەسۇلۇللاھنى قارشى ئېلىشتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ قۇباغا چۈشۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ، بەنى ئەمىر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭكىگە چۈشتى. مەرھۇم ئاسترونوم مەھمۇد پاشانىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ كۈن رەببۇل ئەۋۋەلنىڭ 8 ـ كۈنى يەنى مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىدى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ 13 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ غەلىبىگە يۈزلەنگەنلىك يېڭى تارىخى مۇشۇ كۈندىن باشلىنىدۇ. بۇ 13 يىل جەريانىدا رەسۇلۇللاھ قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن قەستلىدى ۋە ئۇنىڭ اللهغا ئاشكارا ئىبادەت قىلىشى چەكلەندى. بۇرۇن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى تالان ـ تاراج قىلغان ئىدى، ئەمدى الله ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە باشپانالىق بەردى.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ھىجرىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ نۆۋەتتىكى ھىجرەت بىلەن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىنىڭ سۈننىتىنى بىجا كەلتۈردى. چۈنكى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئۆسكەن يۇرتلىرىدىن ھىجرەت قىلغان؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى ئېيسا ئەلەيھىسسالامغا قەدەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلغان. ئۇلار خۇدانىڭ دەرگاھىدا شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۆز

www.munber.org







قەۋمى، قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن خارلانغان. ئۇلار ئۇممەتلىرىگە ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن، الله رازى بولسىلا، جەۋرى ـ جاپالارغا چىدىغان ۋە سەۋرى ـ تاقەت قىلغان. مىسىر تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئىسرائىل (يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىمىز. ئۇلار مىسىرلىقلارنىڭ يۈسۈفنى ئۇنىڭ دانالىقىنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن ياخشى قارشى ئالغانلىقىنى ۋە دىنى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مىسىرغا ھىجرەت قىلغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مىسىرلىقلار يۈسۈفنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنى ئۇنتۇپ، بەنى ئىسرائىلنى ئەزگەن ۋە ئۇلارغا ئازار ـ كۈلپەتلەر قىلغان، مۇسا بىلەن ھارۇن اللهغا تېگىشلىك ئىبادەتلىرىنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بەنى ئىسرائىلنى يېتەكلەپ مىسىردىن چىقىپ كەتكەن. يەھۇدىيلار ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىپ ئۇجۇقتۇرىۋەتمەكچى بولغاندا، ئېيسا ئەلەيھىسسالام قېچىپ چىققان. ئېيسا ئەلەيھىسسالام شاگىرتلىرىغا تەلىم بېرىپ: ”ھەققانىيەت ئۈچۈن قوغلانغانلار بەختلىكتۇر، چۈنكى ئۇلار اللهنىڭ دەرگاھىدا قىددىس *[قىددىس ـ خرىستىئان دىنىدا ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەن ئادەم قىددىس دىيىلىدۇ. ـ ت]* لار ماقامىغا يېتىدۇ. بېشارەت بېرىلىدۇكى، سىلەرگە ئاسماندا چوڭ ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇلار (بەنى ئىسرائىل) سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ھەم شۇنداق قوغلىغان دېگەن.“ لۇت، ئاد ۋە سەمۇد *[ئاد، سەمۇد ـ قەدىمقى قەبىلىلەر نامى. ـ ت]* دىيارلىرىغا ئوخشاش، ئاھالىسى كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن اللهنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان يۇرتلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇ يەرلەرگە اللهنىڭ ئازاۋى چۈشۈشتىن بۇرۇن، ئۇ يەرلەردىكى پەيغەمبەرلەر ھىجرەت قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن.

www.munber.org

بۇلاردىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراپ ھىجرەت قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ "اللهنىڭ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان قانۇنىدۇ. اللهنىڭ قانۇنىدىن ھېچ ئۆزگىرىش تاپالمايسەن."

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەككىدىكى ئىشلىرى

بىز بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى چاغدا تەشەببۇس قىلغان دىنىنىڭ ئاساسلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ئۇلار مۇنداق ئىككى ئىشتىن ئىبارەت:

1. اللهنى بىر دەپ ئېتىقات قىلىش. مۇشرىكلارغا ئوخشاش، اللهغا بۇتلارنى ياكى خرىستىئان دىنىدىكىلەر ۋە بەزى تائىپىلەردەك خۇدانىڭ ئوغلى، خوتۇنى، قىزى دېيىلگەنلەرنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك. اللهنىڭ بىرلىكىگە ئېتىقات قىلىش بولمىغاندا، كىشىلەر ئىنسانىنىڭ ھاياتىدا زۆرۈر بولغان ئەدەپ ــ ئەخلاقلارغا رىئايە قىلمايدۇ، كىشىلەر سىزىپ قالمىسىلا، نەپسىنىڭ خالىغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كېتىدۇ.

2. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتە قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، يەنى ئاخىرەتتە كىشىنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش. مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ كۆپىدە مۇشۇ ئىككى ئىش مەزمۇن قىلىنغان ۋە دەلىللەپ كۆرسىتىلگەن، ئىككى ئىشقا ئىشەنمىگۈچىلەر ئەيىپلەنگەن.بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقىلغە مۇۋاپىق دەلىللەر ۋە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان پايدىسىز پەلسەپىگە ھاجەت بولمىغان پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننىڭ كۆپ

www.munber.org





قىسمى مەككىدە نازىل بولغان، پەقەت تۆۋەندىكى 22 سۈرە مەدىنىدە نازىل بولغان. ئۇلار: «سۈرە بەقەرە»، «سۈرە ئال ئىمران»، «سۈرە نىسا»، «سۈرە مائىدە»، «سۈرە ئەنفال»، «سۈرە تەۋبە»، «سۈرە ھەج»، «سۈرە مۆئمىنۇن»، «سۈرە ئەھزاب»، «سۈرە قىتال»، «سۈرە فەتھ»، «سۈرە ھۇجۇرات»، «سۈرە ھەدىد»، «سۈرە مۇجادىلە»، «سۈرە ھەشر»، «سۈرە مۇمتەھىنە»، «سۈرە سەف»، «سۈرە جۇمۇئە»، «سۈرە مۇنافىقۇن»، «سۈرە تەغابۇن»، «سۈرە تەلاق»، «سۈرە تەھرىم»لەردىن ئىبارەت. قۇرئاننىڭ يۇقىرقىلاردىن باشقا سۈرىلىرى مەككىدە نازىل بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا ئەمرى جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى كۇلسۇم ئىبنى ھەدمىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. سەئىد ئىبنى خەيسەمەنىڭ ئۆيىدە سورۇن تۈزۈپ، كىشىلەرگە ئالاھىدە سۆزلەپ بېرەتتى، چۈنكى سەئىد بويتاق ئىدى. ئەبۇبەكرى بولسا سىنھدىكى (مەككىدىكى بىر مەھەللە. ــ ت) خارىجە ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. خارىجە بولسا خەزرەج قەبىلىسى هارىس جەمەتىدىن ئىدى.

## قۇبا مەسجىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا بىرقانچە كۈن تۇردى ۋە بۇ يەردە بىر مەسجىد سالدۇردى، بۇ مەسجىدنى الله بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋادارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد، دەپ تەرىپلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكى ئەنسارى ۋە مۇھاجىرلار بىلەن بۇ مەسجىدتە ئارامخۇدا ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مەسجىدلەر ناھايىتى ئاددى سېلىناتتى. كېيىنكى زامانلاردا مەسجىد سالغۇچىلار ئادەتلەنگەن نەرسىلەردىن ھېچقايسىسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن

www.munber.org

ئىسى ـ يادى دىللارنى ئىمان بىلەن بىزەش ۋە شەيتاننىڭ ھەسسىسىنى دىللاردىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشتە ئىدى. مەسجىدلەرنىڭ تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن ئاشمايتتى. مەسجىدنىڭ ئۈستى تەرپىدە كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن ساقلىنىدىغان سايىۋەن بولاتتى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە كىرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچ ئاسقان ئەنسارىلار بىلەن ئەتراپى ئورالغان ھالدا مەدىنىگە كەلدى. بۇ يەردە مەدىنە خەلقىنىڭ شاتلىقىنى سۆزلەپ ئۆتەيلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىپ كەلگەن كۈنى مەدىنىلىكلەر ئۈچۈن بەختلىك كۈن بولدى. ئۇلار ھېچنەرسىگە رەسۇلۇللاھ كەلگىنىگە خوشال بولغاندەك خوشاللانمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىققان ئاياللار، باللار، كېنىزەكلەر مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىشاتتى:

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چېچىپ نۇر،<br>چىقىپ كەلدى سەنىيا تۇلۇۋەدادىن①<br>خۇداغا شۇكرى قىلماق بىزگە لازىم،<br>بىرەر ئادەم قول ئۇزمىسىلا دۇئادىن.<br>مۇسۇلمانلارغا مەقبۇل ئۇشبۇ دىننى<br>رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلدى خۇدادىن.

*[① سەنىياتۇلۇۋەدا ـ مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى ئېدىرنىڭ*



www.munber.org



*ئىسمى. ـ ت]*

كىشىلەر پىيادە ۋە ئۇلاقلىق ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭاتتى ۋە ئۆيلىرىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تالىشاتتى.

## دەسلەپكى ئوقۇلغان جۈمە نامىزى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سالىم ئىبنى ئەۋف مەھەللىسىگە يېتىپ بارغاندا، جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ تۆگىسىدىن چۈشۈپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى قېتىم ئوقۇغان جۈمە نامىزى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىمقى تۇنجى جۈمەدە ئوقۇغان خۇتبىسىدە ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: "ئى جامائەت! ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىنىڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىڭلار، سىلەر بىر كۈن ئۆلۈپ، مال ـ دۇنيالىرىڭلاردىن ئايرىلىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارىسىلەر، ئاللاھ سىلەردىن: تەرجىمانسىز ۋە ۋاستىسىز پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىممۇ؟ مال ـ مۈلۈك بەرمىدىممۇ؟ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار قېنى؟ ئېيتقان ئىمان ۋە قىلغان ئىنئاملىرىڭلار قېنى؟ دەپ سورايدۇ. بۇ چاغدا سىلەرگە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلاردىن باشقا يۆلەنچۈك يوقتۇ. ئەتراپىڭلارغا قاراپ دوزىختىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمەيسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، دوزەخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىڭلار، يېرىم تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار. بىر نەرسىسى يوق كىشىلەر يۇمشاق سۆز



www.munber.org

بىلەن بولىسىمۇ غېرىپ ـ مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن. الله بىر ياخشىلىقتا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ياخشىلىق بېرىدۇ. سىلەرگە ئامانلىق ۋە اللهنىڭ رەھمەتلىرى ھەم بەرىكەتلىرى بولسۇن." 

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەدىن كېيىن يۈلىنى داۋاملاشتۇردى؛ ئەنسارىلارنىڭ ھەربىر مەھەللىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە چۈشۈشنى ئىلتىماس قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تۆگىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى، تۆگە قايەردە چۆكسە، شۇ ئۆيگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. تۆگە ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇققانلىرىدىن ئەدى ئىبنى نەججار جەمەتى مەھەللىسىگە يەتكەندە، ئەبۇئەييۇب خالىد *[خالىد ـ مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىستامبۇل مۇھاسىرىسىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەردە شەھەرنىڭ سىرتىغا دەپنە قىلىنغان. ـ ت]* ئىبنى زەيد ئەنسارىنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختاپ چوكىلاندى (رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلۇغ مەسجىدى شۇ يەرگە سېلىنغان) . رەسۇلۇللاھ: "ئىنشائاللا ، تۇرالغۇمىز مۇشۇ يەر بولىدۇ." "رەببىم، مېنى مۇبارەك يەرگە چۈشۈرگىن، سەن بولساڭ ئەڭ مۇبارەك يەرگە چۈشۈرگۈچىسەن" دېدى. ئەبۇ ئەييۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئەسئەد ئىبنى زورارە تۆگىنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ ئۆيىدە بېقىشقا ئېلىپ كەتتى. بەنى نەججار مەھەللىسىنىڭ قىزچاقلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ چىقىشتى:

www.munber.org





بەنى نەججار مەھەللىسى قىزلىرى بىز،

مۇھەممەد بىزنىڭ ئەجەپ ياخشى خوشنىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن : مېنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: ھەئە! دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللهغا مەلۇمكى، چۇقۇم سىلەرنى قەلبىمدىن سۆيىمەن، دېدى. ئەبۇ ئەييۇبنىڭ جايى ئىككى قەۋەت بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئېلىپ چىقماقچى بولسىمۇ، زىيارەتچىلەرگە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئاستىنقى قەۋەتنى ئىختىيار قىلدى. لېكىن ئەبۇ ئەييۇب ئاياقلارنىڭ دەسسىشىدىن چىققان چاڭ ـ تۇزاڭ ياكى تۆكۈلگەن سۇلاردىن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىگە شىكەستە يەتمىسۇن دەپ ئۇنى ئاياش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ ئاستىنقى قەۋەتتە تۇرۇشىغا كۆڭلى ئۇنىمىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئەبۇ ئەييۇپنىڭ سۇ ئېلىقلىق كومزىكى تاساددىپى ھالدا خوتۇنىنىڭ قولىدا چېقىلىپ كەتتى. سۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئەبۇئەييۇپ بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ئۆيدىكى ئارانلا بىرلا يوتقىنى بىلەن سۇنى ئېرتىشتى. ئەبۇ ئەييۇپ رەسۇلۇللاھقا ئىلتىماس قىلىۋېرىپ، ئۇنى يۇقىرى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، ئەنسارىلارنىڭ چوڭلىرى سەئد ئىبنى ئۇبادە، ئەسئەد ئىبنى زۇرارە، ئۇممۇ زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىقلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ھەركۈنى ئۈچ، تۆت تاۋاق ئاش كېلىپ تۇراتتى.

## مۇھاجىرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

مۇھاجىرلارنىڭ تولىسى رەسۇلۇللاھ بىلەن مەدىنىگە كەلدى.

ئەنسارىلار ئۇلارنى ئۆيلىرىگە چۈشۈرۈشتە تالىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن چەك تاشلىنىپ، قايسى ئەنسارىغا قايسى مۇھاجىرنىڭ ئېتى چىقسا، ئۇ شۇ مۇھاجىرنى ئۆيىگە چۈشۈردى.

## ئىسلام قېرىنداشلىقى

ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىنسانىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىغىمۇ مۇمكىن بولماي، پەقەت ئاللاھنىڭ پەزلى ــ مەرھەمىتى بىلەنلا پەيدا بولىدىغان مۇنداق مۇھەببەتنى مۇلاھىزە قىلغان ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ سان ۋە قۇرال ــ ياراق جەھەتتە ئاز تۇرۇقلۇق، ئۆز دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلار ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلغانلىقلىرىنى چۈشىنىدۇ. ئەنسارىلار ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان مۇھاجىرلارنى ئۆزلىرىدىنمۇ چارىراق كۆرەتتى. قۇرئاندا ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ”ئۇلار (مۇھاجىرلار) دىن ئىلگىرى مەدىنىدە يەرلىك بولغان ۋە ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ.“ (سۈرە ھەشىر، 9 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مانا بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى. ئەنسارىلار مۇھاجىر قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى تېخى قىلىشقا تېگىشلىك بولغاندىن ئاز دەپ قارايتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئەنسارىلار بىلەن مۇھاجىرلارنى بىر بىرى بىلەن ئاخىرەتلىك دوست قىلىپ قويىدى. بۇ قېرىنداشلىقنىڭ ئېرقىي ۋە گۇرۇھۋازلىق ئاساسىدىكى قېرىنداشلىقتىن ناھايىتى يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى كىتابخانلارغا قەلەم ئارقىلىق بايان قىلىش ھاجەتسىز، بۇنى پەقەت ئۇلارنىڭ دىنىي تۇيغۇسىغا ھاۋالە قىلىمىز، مۇنداق تۇيغۇ قەلەم بىلەن





چۈشەندۈرۈشتىن ئۈتكۈررەك بولىدۇ. قىسقىسى، گەرچە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇتلىرى باشقا ــ باشقا بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ دوستلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر نەرسىگە ئايلانغان. مۇشۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىش ئارقىلىق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا زامانىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىنىمۇ شۇلاردەك قېرىنداش بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغاي! بۇ قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ئادالەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. دوستلاشتۇرۇلغان ئىككى ئادەمنىڭ بىر ئۆلسە، ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا مىراسخور بولاتتى، قان قېرىنداشلىرى مىراسخور بولمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ”ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىككىدىن جۈپ ــ جۈپ قېرىنداش بولۇڭلار دەيتتى.“ مۇشۇ قېرىنداشلىق بويىچە ئۆز ئارا مىراسخور بولۇش مۇنۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى: ”كىتابۇللادا قانداش تۇققانلار (مىراس جەھەتتە) بىر ــ بىرىگە ئەڭ يېقىندۇر.“ (سۈرە ئەھزاب، 6ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ــ تاۋاباتلىرىنىڭ ھىجرىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مەككىدىكى بالا ــ چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەبارەفىنى ئەۋەتتى، ئابدۇللا ئىبنى ئورەيقىتنى ئۇلارغا يول باشلاشقا قوشتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرى فاتىمە، ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە ئايالى سەۋدە بىنتى زەمئەنى، زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ خوتۇنى ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن ئوغلى ئۇسامەنى ئېلىپ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى زەينەب بولسا ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبى ئەۋەتمىگەنلىكتىن كېلەلمىدى. ئۇلار بىلەن بىللە يەنە ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ۋە



www.munber.org
www.munber.org

ئەبۇبەكرىنىڭ خوتۇنى ئۇممۇ رومان، قىزلىرى ئائىشە ۋە ئەسمالار كەلدى. ئەسما زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنىڭ ئايالى بولۇپ، ئابدۇللاغا ھامىدار ئىدى. ئابدۇللا مۇھاجىرلار ئىچىدە مەدىنىدە تۇنجى تۇغۇلغان بوۋاق بولدى.

## مەدىنىدىكى تەپ كېسىلى

مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارغا دەسلىۋىدە مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ياقمىدى. مۇھاجىرلاردىن نۇرغۇن ئادەم تەپ كېسىلى بىلەن ئاغرىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا تەپتىن شىكايەت قىلغاندا، ئۇ: ئى الله، بىزگە خۇددى مەككىگە ئوخشاش، مەدىنىنىمۇ سۆيۈملۈك قىلىپ بەرگىن. مەدىنىنىڭ ئۆلچەم، جىڭلىرىنى بىزگە بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن. مەدىنىنىڭ ۋاباسىنى جەھفە*[جەھفە- مەككىدىن 82 مىل (بىر مىل 1609 مېتىر) كېلىدىغان بىر يېزا، سۈرىيىلىكلەر ھەجگە شۇ يەردىن ئېھرام باغلايدۇ.]* يۆتكىۋەتكىن، دەپ دۇئا قىلدى. الله رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. مۇھاجىرلار مەدىنىدە خاتىرجەم ھايات كەچۈردى.

## ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

مەككىنىڭ مۇشرىكلىرى بەزى مۇسۇلمانلارنى سولاپ قويۇپ ۋە قىيناپ، ھىجرەت قىلىشتىن توستى. بۇلار ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد، ئىياش ئىبنى رەبى، ھىشام ئىبنى ئاسلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىدا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. "دۇئايى قۇنۇت»نىڭ ئەسلى مۇشۇ





دۇئا ئىدى. «دۇئايى قۇنۇت» تۈرلۈك ۋاقىتلاردا، تۈرلۈك نامازلاردا ئوقۇلغان. خۇپتەننىڭ ۋىتىر نامىزىدا ۋە بامدات نامىزىدا روكۇدىن كېيىن ۋە بۇرۇن ئوقۇلغان، ھەربىر ساھابە ئۆزىنىڭ كۆرگىنىنى رىۋايەت قىلغان. «دۇئايى قۇنۇت» قايسى نامازدا ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەزھەپ ئىماملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

ھىجرىيىنىڭ 1- يىلى

## مەسجىد سېلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىپ بەنى نەججار مەھەللىسىنىڭ ئالدىدا تۆگىسى چۆككەن يەرگە مەسجىد سېلىشقا كىرىشتى. بۇ يەر ئەسئەد ئىبنى زۇرارە تەربىيىسىدىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ خورما خامانلىقى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى چاقىرىپ، مەسجىد سېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خامانلىقىنى سېتىپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئۇلار، ئى رەسۇلۇللاھ، يەرنى ساڭا پۇل ئالماي ھەدىيە قىلىپ بېرىمىز دېسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىماي، پۇل بېرىپ سېتىۋالدى. بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى، خورما دەرەخلىرى ۋە بەزى ئازگاللار بار ئىدى. قەبرىلەردىكى جەسەتلەر كولاپ ئالدۇرۇلۇپ تۈزلىتىلدى، ئازگاللارمۇ تىندۇرۇلدى، خورما دەرەخلىرى كېسىپ تاشلاندى، مەسجىد سېلىش باشلاندى. مەسجىدنىڭ تاملىرى كېسەكتىن، ھۇلى تاشتىن قوپۇرۇلدى. ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلدى، خورما ياغاچلىرىدىن تۈۋرۈك قىلىندى. مەسجىدنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن سەل ئېگىزرەك ئىدى. مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قاتناشتى.



www.munber.org

ئۇلار مەسجىدكە ئىشلەش جەريانىدا تۆرلۈك ناخشا ـ شېئىرلارنى ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلار بىلەن بىللە:

كۆزلەيمىز رەببىمىزدىن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىن،

مۇھاجىر، ئەنسارىلارغا رەھىم ـ شەپقەت ئەيلىگىن......

دەپ ناخشا ئېيتاتتى. شىمال تەرەپكە كېلىدىغان بەيتۇلمۇقەددەس بۇ مەسجىدنىڭ قىبلىسى قىلىپ بەلگىلەندى. مەسجىدكە ئۈچ تەرەپتىن ئىشىك قويۇلدى. يامغۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، مەسجىدكە شېغىل ياتقۇزۇلدى. مەسجىد ئاددى ـ ساددا ئىدى. ھەتتا بىساتمۇ سېلىنمىغان، ئىھاتە ئىچىگىمۇ ئېلىنمىغان ئىدى. زەمىنىنىڭ قىزى سەۋدە ۋە ئائىشە ئۈچۈن مەسجىدنىڭ يېنىغا يۆلەپ ئىككى ئېغىز ھوجرا سېلىندى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئىككى ئايالىلا بار ئىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۆيلەنگەندە، شۇنىڭغا قاراپ مەسجىدكە تۇتاشتۇرۇلۇپ ھوجرىلار سېلىناتتى.

## ئەزاننىڭ پەيدا بولۇشى

مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى داۋاملىق ئەسلەپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاپ، نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا نامازنى پەرز قىلدى. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا: "نامازنى ئادا قىلىڭلار، نامازنى ئەسلىرىدىن توسىدۇ" (سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ تۆرلۈك ئىشلاردا ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىشنى ۋە دوستلۇق ئالاقىلىرىنى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جامائەت نامىزىنى ئەڭ ئەۋزەل ناماز



www.munber.org



قىلدى. نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، غاپىللارنى ئويغىتىدىغان، بىخۇتلارنى ئەسلىتىدىغان، ھەممىنى يىغىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر ئىشنى يولغا قويۇش توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. بەزىلەر: ناماز ۋاقتىدا كىشىلەر كۆرۈپ نامازغا كېلىشى ئۈچۈن بايراق چىقىرايلى، دېدى. بەزىلەر بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيقۇدىكىلەرنى ئويغىتالمايدىغانلىقىنى، غاپىللارغا ئۇقتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بەزىلەر ئېگىز دۆڭگە ئوت يېقىپ گۈلخان سالساق دېگەن پىكىرىمۇ قوبۇل قىلىنمىدى. بەزىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت ۋاقتىدا بۇرغا چالغانلىرىغا ئوخشاش بۇرغا چېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا تەقلىت قىلىشنى يامان كۆرگەنلىكتىن، بۇنى رەت قىلدى. بەزىلەرنىڭ خىرىستىئانلارغا ئوخشاش داڭ ئۇرۇش پىكىرىمۇ رەسۇلۇللاھقا ياقمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، بەزىلەرنىڭ ناماز ۋاقتىدا ئەزان ئېيتىش پىكرى ماقۇل كۆرۈلدى. مۇئەززىنلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى زەيد ئەنسارىنىڭ چۈشىدە بىر شەخس كۆرۈنۈپ: نامازغا توۋلاپ ئېيتىدىغان ئەزاننى ساڭا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ دېۋىدى، ئابدۇللا: ماقۇل، ئۆگىتىپ قوي، دېدى. ھېلىقى كىشى ئابدۇللاغا: "ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)"نى ئىككى قېتىم، "ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللا (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)"نى ئىككى قېتىم، "ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى)"نى ئىككى قېتىم، "ھەييە ئەلەسسەلاھ (نامازغا چاپسان كېلىڭلار)"نى ئىككى قېتىم، "ھەييەئەلەلفەلەھ (نىجاتلىق يولىغا چاپسان كېلىڭلار)"نى ئىككى قېتىم، ئاندىن كېيىن "ئاللاھۇ ئەكبەر"نى يەنە ئىككى قېتىم ئېيتقاندىن كېيىن،



www.munber.org

”لائىلاھە ئىللەللا“نى بىر قېتىم دەيسەن، دېدى. ئابدۇللا ئويغىنىپ، كۆرگەن چۈشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن ھەق چۈش كۆرۈپسەن، بۇنى بىلالغا ئۆگەت، بىلالنىڭ ئاۋازى سېنىڭ ئاۋازىڭدىن جاراڭلىق، ئەزاننى بىلال ئېيتسۇن، دېدى. بىلال ئەزان ئېيتىۋاتقاندا، ئۆمەر كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ اللهغا قەسەمكى، مۇنداق چۈشنى مەنمۇ كۆرگەن ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى مەزىنلىرىنىڭ بىرى بىلال، يەنە بىرى ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىدى.بىلال بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنىدە ”ھەييەئەلەلفەلەھ“ دېگەن سۆزدىن كېيىن، ”ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم“ (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى) دېگەن سۆزنى تەكرار ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئېتىراپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ تاڭ سەھەرلىرىدە ئەزاننى ئىككى قېتىم ئېيتىشقا بۇيرۇغان. بىرىنچى قېتىملىق ئەزان ئۇخلاپ قالغانلارنى سوھۇرلۇق (زولۇق) قا ئويغىتىش ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىملىق ئەزان ناماز بامدات ئۈچۈن ئېيتىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇبەكرى، ئۆمەرلەرنىڭ دەۋرىدە، جۈمە نامىزىدا ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغاندا بىرىنچى ئەزان ئېيتىلاتتى. ئوسماننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە كىشىلەر كۆپىيىپ، زەۋرادا ئىككىنچى قېتىم ئەزاننىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇ. ھىشام ئىبنى ئابدۇمەلىك تەختكە چىققاندا، ئۇ، ئوسمان زەۋرادا قوشقان ئەزاننى مۇنارنىڭ ئۈستىدە ئېيتىلىدىغان قىلدى، كېيىن ئۇنى خەتىپ مۇنبەرگە چىققاندا، مەسجىدنىڭ ئىچىدە ئېيتىلىدىغان قىلدى. بۇنىڭدىن مەسجىدتە خەتىپنىڭ ئالدىدا ئېيتىلىدىغان ئەزاننىڭ ھىشام ئىبنى ئابدۇمەلىك پەيدا قىلغان بىدئەت ۋە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكى

www.munber.org





بىلىنىدۇ، چۈنكى ئەزاندىن مەقسەت نامازغا چاقىرىش، مەسجىدتىكى كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، مەسجىدنىڭ ئىچىدە ئېيتىلغان ئەزاننى مەسجىدنىڭ سىرتىدىكىلەر ئاڭلىمايدۇ. بۇنى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ھاج «مەدخەل» ناملىق كىتاۋىدا بايان قىلىنغان.

ھافىز «فەتھۇلبارى»دىگەن كىتابىدا : كىشىلەر پەيدا قىلغان جۈمە نامىزىدىن ئىلگىرى دۇئا ــ دۇرۇد ئوقۇش ئىشلىرى بەزى جايلاردا بار، بەزى جايلاردا يوق؛ بۇ جەھەتتە سەلەف سالىھ*[ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى توغرا مەسلەكتىكى ئۆلىمالار، كېيىنكى ئۆلىمالار خەلەف دېيىلىدۇ. ــ ت]* لارغا ئەگىشىشنى ئەۋزەل دەيدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە ئەزىنى توغرىسىدىكى سۈننىتى شۇكى، مۇئەززىن مۇنار ئۈستىدە ئەزان ئېيتقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە ئولتۇراتتى، خۇتبىنى ئوقۇپ بولۇپ نامازنى باشلايتتى. يۇقىرىقىدىن باشقا ھەممىسى كېيىن پەيدا بولغان بىدئەتلەردۇر.

ئىقامەت ئېيتىش مەسجىد ئىچىدە نامازغا چاقىرىشتۇر. ئىقامەتنىڭ ئىبارىلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ھەر خىل بولغاچقا، مەزھەپ ئىماملىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى *[ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى ئىسلام دىنىدىكى مەزھەب ئەربەئە دېيىلىدىغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئۈچىنچىسى. شافىئى مەزھىپى مىسىر، ئىراق، سۈرىيە، ھىجاز، يەمەنلەرگە ۋە قىسمەن ھالدا ئافرىقا، ھىندىستان، خۇراسان قاتارلىق مەملىكەت ۋە جايلارغا تارقالغان. ــ ت]* مەزھىپىدە ”قەدقامەتىسسالات“ (ناماز ھازىر بولدى) سۆزى تەكرار ئېيتىلىدۇ، قالغانلىرى بىردىن ئېيتىلىدۇ. ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس مەزھىبىدە*[ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس مەزھىبى مالىكى مەزھىبىمۇ*

www.munber.org

*دىيىلىدۇ. بۇ مەزھەب ئالدى بىلەن مەدىنىدە، ئاندىن ھىجاز، بەسرە، مىسىر، ماراكەش ۋە سۇدان، نىشاپۇر، يەمەن قاتارلىق جايلاردا تارقالغان.]* ھەممىسى بىردىن ئېيتىلىدۇ. ئەبۇھەنىفە نۇئما مەزھىبىدە *[ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان كۇفەلىك بولۇپ، ئىمام ئەزەم نامى بىلەن مەشھۇر، ئىمام ئەزەم تۆت مەزھەپ ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەزھەپ بولغان ھەنەفى مەزھىپىنىڭ ئىمامى ۋە ئاساسچىسى. ئىمام ئەزەم ھىجرىيىنىڭ 80 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 699 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ، ھىجرىيىنىڭ 150 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 767 ـ يىلى) باغدادتا ۋاپات بولغان. ھەنەفى مەزھىبى ئىسلام دۇنياسىدا باشقا مەزھەپلەرگە قارىغاندا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇ ئىراق، مىسىر، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تاجىكلاردىن باشقىلىرى ھەنەفى مەزھىبىدە.]* ھەممىسى تەكرار ئېيتىلىدۇ.

## مەدىنە يەھۇدىيلىرى

مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چاغدا، الله ئۇلارنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا مۇپتىلا قىلغاندەك، مەدىنىدىمۇ ئۇلارنى بەنى قەينۇقا، بەنى قۇرەيزە، بەنى نەزىر قەبىلىلىرىنىڭ يەھۇدىيلىرىغا مۇپتىلا قىلدى. يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىك بىلەن دۈشمەنلىك ئىزھار قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن ئىلگىرى، يەھۇدىيلار ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن ئۇرۇشقان چاغلىرىدا، كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيغەمبەر نامى بىلەن اللەدىن ياردەم تىلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقلىرى پەيغەمبەرلىك ئەرەب مىللىتىدىن بولغان كىشىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلار



www.munber.org



اللەنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغان ۋە بۇرمىلانغان يەرلىرىنى بايان قىلغان ھالدا كەلگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، گويا بىلمەيدىغاندەك، قۇرئاننى ئىنكار قىلدى. ئىسلام دىنىنى باشتا قىلغان ھۆكۈملىرىنى كېيىن ئەمەلدىن قالدۇردۇ، دەپ ئەيىپلىدى؛ ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئىنساندىن كۆرە اللەنىڭ ياخشىراق بىلىدىغانلىقلىرىنى چۈشەنمىدى.

ئىنساننىڭ تەبىئىتى تەرەققىياتقا مايىل. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق توغرا دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولمىغان ئۇممى ئەرەبلەر جامائەسى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا كەلدى. ئەقىل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەدرىجى شەكىللىنىشىنى تەقەززا قىلاتتى. الله ئۇلارنى ھاراق ئىچىش، جازانىخورلۇق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن بىر يولى چەكلەپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا بىر يولى ئۈندىگەن بولسا، دىللىرى تۈرلۈك ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە چۆمگەن، ناچار خاھىش، يامان ئىشلارغا بېرىلگەن نۇرغۇنلىغان بەڭۋاش خەلقنىڭ بىرىمۇ ئىتائەت قىلماس ئىدى، ئەلۋەتتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دىنى ئەھكاملاردىن پەيدىنپەي تەلىم بېرىپ، ئۇلارنى ئەقىللىرىنى كۆندۈردى، ئۇلارنى تەربىيىلىدى. كىشىلەر ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى ئۈچۈن، الله دىنىي ئەھكاملارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقەززا قىلىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن دىنىي ئەھكاملارنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن يەھۇدىيلار اللەنىڭ قۇدرىتىنى ئۆز خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلۇغ قۇرئاندا الله يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقەتتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى مات قىلدى: ”ئۇلارغا، الله ئاخىرەت يۇرتىنى باشقىلارغا ئەمەس، پەقەت سىلەرگىلا خاس قىلغان



www.munber.org

بولسا، ئەگەر سىلەر راستىنلا مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىدىغان بولساڭلار، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار، دېگىن.“ (سۈرە بەقەرە، 94 ـ ئايەت) . ئاندىن الله يەھۇدىيلارنىڭ مۇنداق قىلالمىغانلىقىنى بايان قىلدى: ”ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلىشمايدۇ. الله زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ.“ (سۈرە بەقەرە، 95 ـ ئايەت) ئەگەر يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى توغرا دەپ تونۇيدىغان بولسا، ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلار شۇنچە ئاسان بولغاندىن كېيىن ۋە راست پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىشقا شۇنچە ھېرىس بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى دەرھال ئورۇنلىغان بولاتتى. ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ ئېغىزدا بولسىمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغىنى يوق. بەنى قەينۇقا قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى سالام ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەنلىكتىن، قۇرئاننى ئىڭشاپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەي مۇسۇلمان بولدى. يەھۇدىيلار ئىلگىرى ئابدۇللا ئىبنى سالامنى ئۆزلىرىنىڭ يول باشچىسى دەپ تونۇيتتى، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەخمەت ئادەملەر قاتارىدا ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى نىمىدىگەن يامان، ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئۇلارنىڭ دىللىرىغا چىڭ ئورناپ كەتكەچكە، ئۇلار ئىسلام دىنىنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىشكە ئورۇندى. ”گەرچە مۇشرىكلار ياقتۇرمىسىمۇ، الله ئىسلام دىنىنى بارچە دىنلار ئۈستىدىن غالىپ قىلىدۇ.“

## مۇناپىقلار

مەدىنە ئەرەبلىرىدىن ھەقىقەت كۆزلىرى كور بولغان بىر گۇرۇھ ئادەملەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشىغا يانتاياق بولدى.

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

ئۇلار ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن كاپىرلىقىنى يوشۇرۇن تۇتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى، مەدىنە خەلقىنىڭ باشلىقلىقىغا نامزات قىلىنغان ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل خەزرەجى بۇ گۇرۇھقا باشچىلىق قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارغا مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى كاپىرلارنىڭ زىيىنىدىن چوڭراق ئىدى. چۈنكى مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىۋېلىپ، يەھۇدىيلار ۋە باشقا دۈشمەنلەر ئارىسىدا تارقىتاتتى، بىر قانچە قېتىم شۇنداق بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سىرتىغا قاراپ مادارا قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى خۇداغا قويغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ ئىشتا ئۇلارغا ئىشەنمەيتتى، سىرتقا چىققان چاغلاردا، ئەنسارىلاردىن بىرىنى ئۆز ئورنىدا مەدىنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا قوياتتى، ھېچقاچان مۇناپىقلاردىن بىرىنى قويۇپ كەتمەيتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ مۇناپىقلارنىڭ نىمە قىلىشىنى بىلەتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلاردىن بىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇلار بۇ پەيتنى مۇسۇلمانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈش پۇرسىتى قىلىۋالاتتى. مانا بۇ ئىسلام باشلىقلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلاردا مۇناپىقلارغا ياكى ئىككى يۈزلىمە كىشىلەرگە ئىشەنمەسلىكلىرى ئۈچۈن مۇھىم ساۋاقتۇر.

## يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدەك، مەدىنە مۇسۇلمانلارغا قارشى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلاردىن ئىككى گۇرۇھ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ سىرتىغا قاراپ مۇئامىلە قىلدى؛ يەھۇدىيلار بىلەن ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە چېقىلماسلىق، زىيان ـ

www.munber.org

زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، بىر ـ بىرىنىڭ دۈشمىنىگە ياردەم بەرمەسلىك، قايسى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، شۇ تەرەپكە ياردەم بېرىش، يەھۇدىيلار ئۆز دىنىدا قېلىش مەزمۇنىدا كېلىشىم تۈزدى.

## مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشى

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنغا زورلاش يۈزىسىدىن ھېچكىم بىلەن ئورۇشقىنى يوق، پەقەت ئېغىز ئارقىلىق دەۋەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرەيش خەلقى تەرىپىدىن بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئازار ـ كۈلپەتلەرگە چىداشقا مەدەت بېرىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى الله تائالا نازىل قىلىپ تۇراتتى: ”ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش سەۋرى ـ تاقەتلىك بولغىن، ئۇلارغا (قەۋمىڭگە) كېلىدىغان ئازاپقا ئالدىراپ كەتمىگىن.“ (سۈرە ئەھقاف، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت شۇ جۈملىدىندۇر. الله پەيغەمبىرىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ تۇراتتى. مەككىلىكلەرنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش سۈيقەستىنى پىلانلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇرتىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارغا ئەۋۋەل چېقىلدى.

ھىجرەتتىن كېيىن، الله مۇھاجىرلارغا قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن ئورۇشۇشقا قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت *[كۆپ ئايەتلىرى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىنىڭ ئىچىدىكى مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەت.]* بىلەن رۇخسەت قىلدى: ”مۇشرىكلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشكە الله قادىردۇر.“ (سۈرە ھەج، 39 ـ ئايەت ۋە 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئاندىن كېيىن، الله مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى: ”سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھات قىلىڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار، چېكىدىن ئاشقانلارنى الله دوست تۇتمايدۇ. ئۇلارنى ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتلىرىڭلاردىن چىقىرىۋەتكەندەك، ئۇلارنىمۇ يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ يامان. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە، مەسجىدى ھەرامنىڭ يېنىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار. ئەگەر مەسجىدى ھەرامنىڭ يېنىدا ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار، كاپىلارنىڭ جاجىسى شۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە اللهنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن ئورۇشۇڭلار، ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ.“ (سۈرە بەقەرە، 190 ـ ئايەتتىن 194 ـ ئايەتكىچە) شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئەمەس، پەقەتلا قۇرەيشكە چېقىلغان، كېيىن باشقا قەبىلىلەرمۇ قۇرەيش قەبىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرغانلىقتىن، الله مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن پۈتكۈل مۇشرىكلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا بۇيرۇدى: ”مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچقاندەك، سىلەرمۇ



www.munber.org
www.munber.org

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار.“ (سۈرە تەۋبە، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مۇشرىكلارغا قارشى غازات قىلىش ئومۇملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : ”كىشىلەر لائىلاھە ئىللەللا دېگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار شۇنداق دېسە، ئۇلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ناھەق چېقىلمايمەن. قالغان ئىشلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن الله ئۆزى ھېسابلىشىدۇ“ دېگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئەنە شۇ. يەھۇدىيلار كېلىشىمنى بۇزۇپ مۇشرىكلارغا ئۇرۇشتا ياردەم بەرگىنىدە، ئاندىن الله قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا بۇيرۇدى: ”سەن مەلۇم قەۋمنىڭ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقساڭ، كېلىشىمنى ئۇلارغا ئۇچۇق تاشلاپ بەرگىن. ھەقىقەتەن الله خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ.“ (سۈرە ئەنفال، 58 ـ ئايەت) مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن ئەمىن بولۇشلىرى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار بويسۇنغان ياكى باج تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پەرز قىلىندى. رەسۇلۇللاھ دۈشمەنلەر بىلەن تۆۋەندىكى پىرىنسىپلار بۇيىچە ئۇرۇش قىلدى:

1) قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارغا ئالدى بىلەن چېقىلغانلىقى ئۈچۈن تاجاۋۇزچى ھېسابلىنىپ، تاكى مەككە ئىشغال قىلىنغان ياكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ۋاقىتلىق تېچلىق توختىمى تۈزۈلگەنگە قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرىنى مۇسادىرە قىلىش.

2) يەھۇدىيلار كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ مۇشرىكلارنىڭ تەرىپىنى ئالسا، يەھۇدىيلاردىن ئەمىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىش ياكى ئۆلتۈرۈش.

3) بىرەر ئەرەب قەبىلىسى مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلسا ياكى



www.munber.org



قۇرەيشلەرگە ياردەم قىلسا، ئۇلار بىلەن مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش.

4) خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلاردىن قايسى بىرى مۇسۇلمانلارغا ئالدى بىلەن چېقىلسا، ئۇلار بىلەن تاكى ئىسلامغا باش ئەگكەن ياكى ئىتائەتمەنلىك بىلەن باج تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىش.

5) مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا ناھەق چېقىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق.

الله قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، جەڭدىن قاچقانلارنى ئاگاھلاندۇردى. غازات قىلغانلارنى الله رىغبەتلەندۈرۈپ، قۇرئاندا مۇنداق دېدى: ”بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنياغا تېگىشىدىغانلار الله يولىدا جىھات قىلسۇن! كىمكى الله يولىدا جىھات قىلسا، مەيلى شېھىت بولسۇن، مەيلى غەلىبە قىلسۇن، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب ئاتا قىلىمىز.“ (سۈرە نىسا، 74 ـ ئايەت) الله قۇرئاندا غازاتتىن قاچقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ”ئى مۆئمىنلەر! سىلەر كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، دۈشمەندىن قاچماڭلار. كىمكى يۆتكىلىش ياكى باشقا مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە چېكىنگەندىن باشقا، ئارقىغا قاچىدىكەن، ئۇ اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ. دەۋزەخ نىمە دېگەن يامان جاي!“ (سۈرە ئەنفال، 16 ـ ، 17 ـ ئايەتلەر)

## ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى

قۇرەيش خەلقىنىڭ شام بىلەن تىجارىتى بار ئىدى، شامغا بېرىپ



www.munber.org

سودا ـ سېتىق قىلاتتى. ئۇلاردا تىجارەت بىلەن ماشغۇلچى بىر جامائە بولۇپ، ئۇلار كارۋان دېيىلەتتى. قۇرەيش مۆتىۋەرلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كارۋان بىلەن بىللە ماڭاتتى، ئۇلار شامغا مەدىنە ئارقىلىق باراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، كارۋاننىڭ يولىنى توساپ، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى ئويلىدى. مۇنداق قىلىشنىڭ مۇشرىكلارنى جەڭدە يېڭىشكە پايدىسى بولاتتى. ئاردا ئۇرۇشنىڭ بولۇشى چۇقۇم ئىدى، چۈنكى ئۆز دىنىدا پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ باشچىسى بولغان قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ دىنىغا قارشى چىققانلىقىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى.

## قۇشۇن ئەۋەتىش

ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ باشچىلىقىدا مۇھاجىرلاردىن ئوتتۇز كىشىنى قۇرەيشلەرنىڭ شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقان كارۋىنىنى توساشقا ئەۋەتتى، ئاق ئەلەمنى ھەمزىنىڭ دوستى ئەبۇ مەرسەدكە تۇتقۇزدى. كارۋاندا ئەبۇجەھىل باشچىلىقىدا مۇشرىكلاردىن ئۈچ يۈز كىشى بار ئىدى. ئىسلام قوشۇنى ئاتلىنىپ قىزىل دېڭىز بويىدىكى ئىس دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا كارۋان بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىپ تۇرغاندا، جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مەجدى ئىبنى ئەمرى ئارىغا چۈشۈپ ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشتىن توستى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماي قايتىپ كېتىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، مۇشرىكلارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، مەجدىنىڭ مەزكۇر ئىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەھمەت ئېيتتى. شۇ يىلى شەۋۋال



www.munber.org



ئېيىدا ھەمزىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنىڭ باشچىلىقىدا مۇھاجىرلاردىن 80 كىشى قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى، ئاق ئەلەم مىستە ئىبنى ئۇساسەگە تۇتقۇزۇلدى. قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىدا ئىككى يۈز ئادەم بار ئىدى. مۇسۇلمانلار بەتنى رابىغ دېگەن جايغا يەتكەندە كارۋان بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئوق ئېتىشىش بولدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنى بولۇشتىن قورقۇپ قاچتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قوغلىمىدى. مۇشرىكلاردىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد، ئوتبە ئىبنى غەزۋان مۇسۇلمانلار تەرەپكە قېچىپ كەلدى. ئۇلار بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان ئىدى.

## ۋاپات بولغانلار

شۇ يىلى رەسۇلۇللاھنىڭ ئېمىلدەش قېرىندىشى مۇھاجىر ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن قازا قىلدى. ئۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلاردىن بولۇپ، ئىككىلا ھىجرەتكە قاتناشقان ئىدى. ئۇسمان دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەبرىسىگە سۇ چېچىشقا بۇيرۇدى، قەۋرە ئۈستىگە تاش قويغۇزدى ھەمدە شۇ تاش بىلەن قېرىندىشىمنىڭ قەبرىسىنى تونۇۋالىمەن ۋە ئائىلەمدىن ۋاپات بولغانلارنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىمەن، دېدى. قەبرىلەرگە تاش قويۇشتىكى مەقسەت ئەنە شۇ ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەر قەبرىلەر ئۈستىگە تۈرلۈك بىنالارنى سېلىش ۋە تۈرلۈك نەقىشلەرنى ئويۇش ئىشلىرى پەيدا بولدى. قارىغان ئادەمگە ئۇلار خۇددى بۇتقا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. مېيىتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ قەۋرە ئۈستىگە كېلىپ تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشى، كۆپىنچە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتخانىلاردا ئېلىپ



www.munber.org

www.munber.org

باردىغان پائالىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلاردا رەسۇلۇللاھ قىلمىغان ئىشلارنى قىلىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتۇر.

يەنە شۇ يىلى ئەنسارىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئون ئىككى باشلىقنىڭ بىرى، نەججار جەمەتىنىڭ باشلىقى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە ۋاپات بولدى. ئەسئەد ئۆلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەججار جەمەتىگە باشلىق بولۇشقا ئۆزىنى ئىختىيار قىلدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلار بىلەن خىشچىلىقى بار ئىدى. شۇ يىلى يەنە مەزكۇر باشلىقلارنىڭ بىرى بولغان بەرائىبنى مەئرۇر ۋاپات بولدى، ئىككىنچى يىلى ئەقەبە بەيئىتىدە ۋاكالىتەن سۆز قىلغان ئەنە شۇ كىشى ئىدى. بۇ يىلى مەككە مۇشرىكلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ئۆلدى. ۋەلىد سەكراتتىكى چېغىدا بىئارام بولدى. ئەبۇجەھىل ئۇنىڭدىن: تاغا نىمىشقا بىئارام بولىسەن؟ دەپ سورىۋىدى، ۋەلىد: ئۆلۈمدىن بىئارام بولۇۋاتقىنىم يوق، مەككىدە ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلىنىڭ (رەسۇلۇللاھنىڭ. ـ ت) دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىدىن قورقۇۋاتىمەن، دېدى. ئەبۇ سوفيان ئۇنىڭغا: قورقما، ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈك قازانماسلىقىغا كېپىللىك قىلىمەن، دېدى. بۇ يىلى يەنە ئاس ئىبنى ۋائىل ئۆلدى. الله مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىككى بەدبەختتىن قۇتقۇزدى.

ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى

## ۋەددان غازىتى

2 ـ يىلى كىرىپ ئون ئىككى كۈن ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورنىغا سەئد ئىبنى ئۇبادەنى قويۇپ، قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنى توساشقا ئاتلاندى. تاغىسى ھەمزە ئەلەمدار





www.munber.org

ئىدى. ئۇلار ۋەددان *[مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىسىدىكى بىر جاي. ـ ت]* دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. كارۋان ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇرۇش بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىمقى سەپەردە زەمۇرە جەمەتى بىلەن ئۇلارغا چېقىلماسلىق، زورۇر تېپىلغاندا، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش كېلىشىمى تۈزدى؛ مەدىنىدىن چىقىپ 15 كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

## بەۋات غازىتى

ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇرەيشلەرنىڭ بىر كارۋىنىنىڭ شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى، كارۋاندا ئۇمەييە ئىبنى خەلەف باشچىلىقىدا يۈز ئادەم، ئىككى مىڭ بەش يۈز تۆگە بارلىقى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى يۈز مۇھاجىر بىلەن مەدىنىدىن چىقتى. ئەلەم سەئد ئىبنى ۋەققاسقا تۇتقۇزۇلدى. لېكىن ئۇلار بەۋات دېگەن جايغا كەلگەندە، كارۋاننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇشسىز قايتىپ كەلدى. چۈنكى مۇشرىكلار ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆزلىرى توغرىلىق خەۋەرلەرنى مەدىنىلىكلەردىن يوشۇرۇن تۇتاتتى.

## ئۇشەيرە غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەۋاتتىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قۇرەيشلەرنىڭ چوڭ كارۋىنى ئاڭلاندى. بۇ كارۋاندا قۇرەيشلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ مېلى ۋە ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدا يىگىرمە نەچچە ئادەم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا مۇھاجىرلاردىن بىر يۈز ئەللىك كىشى بىلەن كارۋاننى توساش ئۈچۈن

چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئەبا سەلەمە ئىبنى ئەبدۇلئەسەدنى قويدى. ھەمزە ئەلەمدار بولدى. ئۇلار ئۇشەيرە دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، كارۋاننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غازاتتا بەنى مۇدلىج قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، ئاندىن كارۋاننى قايتقان چېغىدا توسماقچى بولۇپ مەدىنىگە قايتتى.

## 1 ـ قېتىملىق بەدرى غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇشەيرىدىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كورز ئىبنى جابىر فىھرى مەدىنە خەلقىنىڭ ئوتلاقتىكى چارۋا ماللىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ قېچىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورنىغا ئەنسارىلاردىن زەيد ئىبنى ھارىسەنى قويۇپ، كورز ئىبنى جابىرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتى، ئەلەمنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب كۆتۈردى. ئۇلار سەفۋان دېگەن جايغىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى، لېكىن كورز كېتىپ قالغاچقا، تۇتالماي ئۇرۇشسىز قايتىپ كەلدى. بۇ 1 ـ قېتىملىق بەدرى غازىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

## قۇشۇن ئەۋەتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يىلى رەجەپ ئېيىدا ئابدۇللا ئىبنى جەھش باشچىلىقىدا سەككىز كىشىلىك بىر قوشۇننى ئەۋەتتى. ئابدۇللاغا پېچەتلەنگەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئاتلىنىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ مەزمۇنى بويىچە ئىش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئابدۇللا ئاتلىنىپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن

www.munber.org





خەتنى ئېچىپ قارىدى. خەت مۇنداق ئىدى: "بۇ خېتىمنى ئوقۇپ، نەخلە دېگەن جايغا بېرىپ قۇرەيش ئەرەبلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلار توغرىلىق مەلۇمات ئېلىپ كەلگىن." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز دۈشمەنلىرى بولغان مۇناپىقلار ياكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇقۇپ قېلىپ قۇرەيشلەرگە خەۋەر قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ مەقسەتنى مەدىنىدىكى چاغدا باشقىلارغا ئۇقتۇرمىدى. روشەنكى، قوشۇننىڭ سانى ئاز بولۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالمايتتى. يولدا سەئد ئىبنى ۋەققاس بىلەن ئۇتبە ئىبنى غەزۋان مىنگەشىپ كېتىۋاتقان تۆگە يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىشتى. قالغانلار مېڭىپ نەخلە دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنى ئۇچرىدى. كارۋاندا ئەمىر ئىبنى ھەزرەمى، ئوسمان ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى مۇغىرە، ئۇنىڭ قېرىندىشى نەۋفەل ۋە ھەكەم ئىبنى كەيسانلار بار ئىدى. مۇسۇلمانلار كارۋانغا ھۇجۇم قىلىپ، مالنى قولغا چۈشۈرۈش قارارىغا كەلدى ۋە رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەمىر ئىبنى ھەزرەمىنى ئۆلتۈردى. ئوسمان ئىبنى ھەكەمنى ئەسىر ئالدى، نەۋفەل قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار كارۋاندىكى مالنى تۆگىلىرى بىلەن ئېلىپ قايتتى. مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلەلمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى بولغان قۇرەيشلەردىن ئالغان تۇنجى غەنىمىتى شۇ بولدى. ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن يەھۇدىيلار قوشۇننى جەڭ قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا ئۇرۇش قىلدى دەپ ئەيىپلىدى، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا كايىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: سىلەرنى چەكلەنگەن ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغان ئىدىم، دېدى. ئۇلار ئۇرۇش قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. بۇ ھەقتە الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: "چەكلەنگەن ئايدا ئۇرۇش

www.munber.org

قىلىش توغرىسىدا سەندىن سورىشىدۇ. سەن ئۇلارغا، بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھ، ئاللاھنىڭ يولىدىن توساش، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا ئىبادەت قىلىشنى توساش، مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىسىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە ــ پاسات دېگەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھدۇر، دېگىن.“ (سۈرە بەقەرە، 217 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ قايغۇسى كۆتىرىلدى. مۇشرىكلار ئىككى ئەسىرنى تۆلەم بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەئد بىلەن ئۇتبە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇنداق قىلايلى، دېدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۆلەم ئېلىپ ئىككى ئەسىرنى قويۇپ بەردى. ھەكەم ئىبنى كەيسان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا قالدى. ئوسمان مۇسۇلمان بولماي مەككىگە قايتىپ كەتتى.

## قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرغان ئون ئالتە ئاي جەريانىدا نامازنى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇدى، كەئبىنى قىبلە قىلىشنى خالايتتى. بۇ ھەقتە ئاسمانغا قاراپ ئاللاھقا دۇئا قىلاتتى. ئۇ نامازدىكى چېغىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا قىبلىنىڭ كەئبە تەرەپكە ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋەھيي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپلا قىبلىنى ئۆزگەرتىپ كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى. ئارقىسىدىكى ناماز ئوقۇۋاتقانلارمۇ ئەگىشىپ كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى. ئىمانى سۇس بەزى مۇسۇلمانلار مۇشۇ ۋەقە سەۋەبىدىن دىندىن قايتىپ كەتتى. قىبلە ئۆزگەرگەنلىكتىن، يەھۇدىيلار ھەددەپ ئىسلام دىنىنى ئەيىپلىدى. ۋاھالەنكى، مەشرىق،



www.munber.org



مەغرىپنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىنى ئۇلار چۈشەنمىدى.

## رامىزان روزىسىنىڭ پەرز بولۇشى

مۇشۇ يىلى شەئبان ئېيىدا، ئاللاھ ئىسلام دىنىدىكىلەرگە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى. روزا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان پەرزلىرىدىن بىرى. ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئىنسان ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدۇ، شەخسى مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدۇ. ئاجىز ــ مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئىنسان روزا ئارقىلىق ئاچلىقنىڭ ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ، كۆڭلى يۇمشايدۇ، ئەخلاقى تۈزىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاجىز ــ بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارغا سەدىقە ــ ئېھسان قىلىدىغان بولىدۇ.

## سەدىقە پىتىر

*[پىتىر ــ پۇل مېلى ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ مەلۇم مىقدارغا يەتكەن ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەر بىر جان ئۈچۈن كەمبەغەللەرگە بېرىشكە تېگىشلىك بەلگىلىك سەدىقە. ـ ت]*

ئاللاھ رامىزان روزىسىنىڭ ئارقىسىدىنلا سەدىقە پىتىرنى ۋاجىپ قىلدى، شۇڭا ئىنسان سەدىقە پىتىرنى سېخىلىق ۋە چىن كۆڭلى بىلەن بېرىدۇ.



www.munber.org

## زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشى

بۇ يىل ماللارغا زاكات بېرىش پەرز قىلىندى. زاكات بولسا بايلارنىڭ پۇل، مېلىنى خوراتماي، كەمبەغەل- مىسكىن قېرىنداشلىرىنى تەمىنلەيدىغان بىردىن - بىر تۈزۈم. زاكاتنىڭ ئۆلچىمى بولسا دىنار يىگىرمىگە يەتسە، دەرھەم *[دىنار - شۇ دەۋردىكى ئالتۇن پۇل؛ دەرھەم - شۇ دەۋردىكى كۈمۈش پۇل، - ت]* ئىككى يۈزگە يېتىپ يىل توشسا، قىرىقتىن بىرنى يەنى يۈزدىن ئىككى يېرىمنى بېرىش پەرز، يۇقىرىقىدىن كۆپ بولسا، شۇ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىنىدۇ. قوي قېرىققا، كالا ئوتتۇزغا، تۆگە بەشكە يەتسە، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقدارنى كەمبەغەللەرگە بېرىش پەرز. سودا ماللىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىنمۇ مەلۇم مىقداردا زاكات بېرىلىدۇ. زاكاتنى ئىمام (ئىسلام خەلىپىسى) تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن پېقىر ۋە باشقا مۇستەھىقلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ: ”زاكاتنى پېقىر (ھېچنەرسىسى يوق ئادەم. - ت) لارغا، مىسكىن (ئاز - تولا نەرسىسى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىغا يەتمەيدىغان ئادەم. - ت) لەرگە، زاكات باشقۇرغۇچىلارغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلار (گۇنا ئەمەس ئىشلار ئۈستىدە مال سەرپ قىلىپ قەرزدار بولۇپ قېلىپ، تۆلىيەلمىگەنلەر. - ت) غا، الله يولىغا (غېرىپ - غازىلار، غېرىپ ھاجىلار، غېرىپ مۇساپىرلارغا) ، ئىبنى سەبىل (مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغانلار. - ت) لەرگە بېرىشنى الله پەرز قىلدى. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدۇ.“ (سۈرە تەۋبە، 60 - ئايەت) تەئەسسۇپتىن خالى ئەقىللىق كىشىلەر بىر قاراش بىلەنلا، زاكات



www.munber.org



تۈزۈمى بايلارنىڭ پۇل، مېلىنى خوراتماي، كەمبەغەللىك بالايى - ئاپىتىنى ئازايتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. كەمبەغەللىك بالايى - ئاپىتى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ يوقسۇللىرىنى دۆلەت تۈزۈمىگە قارشى چىقىشقا، ئاۋاتلىقنى، ئامانلىقنى بۇزىدىغان مەسىلەكلەرنى پەيدا قىلىشقا ئېلىپ كەلدى.

## چوڭ بەدرى غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ شامغا ئۆتۈپ كەتكەن چوڭ كارۋىنىنى كۈزىتىپ تۇرغان ئىدى، بۇ كارۋاننىڭ قايتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ساھابىلەرنى قوزغىتىپ: قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئاتلىنىڭلار! الله كارۋاننى سىلەرگە مەرھەمەت قىلىشى مۇمكىن، دېدى. بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا دەررۇ ئاۋاز قوشۇپ ھازىرلاندى. بەزىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشماقچى ئەمەس، دەپ ئويلاپ ھازىرلانمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داغدۇغا قىلىپ كەتمەي: ئۇلىغى تەييارلار ئاتلانسۇن، دېدى ۋە ئۇلىغى تەييار ئەمەسلەرنى كۈتمىدى، ئورنىغا مەدىنىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قويۇپ، رامىزان ئېيىنىڭ 3 - كۈنى ئۈچ يۈز ئون ئۈچ ئادەم بىلەن ئاتلاندى. بۇلارنىڭ ئىككى يۈز قىرىق نەپىرى ئەنسارىلاردىن، قالغانلىرى مۇھاجىرلاردىن ئىدى. بۇلاردا ئىككى ئات، يەتمىش تۆگە بولۇپ، نۆۋەت بىلەن مىنگىشىپ باراتتى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئەبدەرى ئەلەمدار ئىدى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر ئاتلىق كىشىنى يالالاپ، ئۇنى قۇرەيش خەلقىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. قۇرەيش خەلقى ئەھۋالنى ئۇقۇپ قېنى قىزىپ، سودا كارۋىنىنى قوغداش ئۈچۈن تېز ئاتلاندى،



www.munber.org

قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ لەھەب ئىبنى مۇتتەلىبتىن باشقىسى چىقتى. ئەبۇلەھەب ئورنىغا ئاس ئىبنى ھىشام ئىبنى مۇغىرەنى چىقاردى. ئىما بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەئىد ئىبنى مۇئاز ھىجرەتتىن ئۇزۇن ئۆتمەي كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى بارغاندا، ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە: مۇسۇلمانلارنىڭ سېنى چۇقۇم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ئىدىم، دېگەن. ئۇمەييە: مېنى مەككىدە ئۆلتۈرەمدىكەن؟ دەپ سورىغاندا، سەئىد ئىبنى مۇئاز: بۇنى ئۇقمايمەن! دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق چۆچۈپ، مەككىدىن چىقماسلىققا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، ئەبۇجەھلىنىڭ ئەيىپلىشى بىلەن، چىقىپلا قايتىپ كىرىمەن، دەپ چىققان. لېكىن اللهنىڭ ئىرادىسى ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى، ئۇمەييەنىڭ رازى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەجەلى ئۇنى ئۆلۈمگە سۆرەپ كەلدى. قۇرەيشلەرنىڭ بىر قانچە چوڭلىرى چىقماسلىقنى ئويلىغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىپلىشى ئارقىسىدا ھەممىسى چىقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئات، تۆگىلەرگە مىنىشىپ، دىدەكلەرگە مۇسۇلمانلارنى ھەجۋى قىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتقۇزۇپ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ چىقىشتى. "ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا، ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن سىلەرگە مەدەتكار، دېدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا، شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە مەن سىلەردىن چېكارىگا. سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى مەن جەزمەن كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن. مەن راستىنلا اللهدىن قورقۇۋاتىمەن، اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇ، دېدى." (سۈرە ئەنفال، 48 ـ ئايەت) ئەسلىك ئادەملەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، الله شەيتاننىڭ ئىشىنى مىسال كەلتۈرۈپ، قۇرئاننىڭ ھەشىر سۈرىسىدە مۇنداق دېدى: "مۇناپىقلار شەيتانغا

www.munber.org





ئوخشايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: كاپىر بول، دېدى. ئىنسان كاپىر بولغاندىن كېيىن، شەيتان ئۇنىڭغا: مەن سەندىن ھەقىقەتەن چېكارىگا. مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهدىن جەزمەن قورقىمەن، دېدى." (سۈرە ھەشىر، 16 ـ ئايەت) مۇشرىكلاردىن ئاتلانغانلارنىڭ سانى توققۇز يۈز ئەللىك بولۇپ، ئۇلاردا ئىككى يۈز ئات، يەتتە يۈز تۆگە بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، پەقەت كارۋاننى توساش ئۈچۈنلا چىققان ئىدى؛ مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىققاندا، قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇرۇش قىلالمايدىغان ئاجىز كىشىلەرنى مەدىنىگە قايتۇردى، كارۋان توغرىلىق خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. رەۋھا*[رەۋھا ـ مەدىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا مەدىنىدىن 30 ـ 40 مىل كېلىدىغان بىر جاي]* *دېگەن* يەرگە يېتىپ بارغاندا، كارۋاننى قوغداش ئۈچۈن قۇرەيش خەلقىنىڭ ئاتلانغانلىقى مەلۇم بولدى. ئەۋەتكەن ئىككى ئادەم قۇرەيش خەلقىنىڭ ئەتە ياكى ئۆگۈن بەدرى دېگەن جايغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننىڭ كاتتىلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىپ: ئى خالايىق! الله ماڭا كارۋان بىلەن ياكى قۇرەيش ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاپشۇردى، دېدى. بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ غەنىمەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كارۋان بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغانلىقلىرى مەلۇم بولدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: غازاتقا چىقىدىغانلىقىمىزنى بۇرۇن دېگەن بولساڭچۇ، تەييارلىنىپ چىقار ئىدۇق، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك سۆزىگە اللهنىڭ قۇرئاندىكى بۇ سۆزى توغرا كەلدى: "ئۆز ۋاقتىدا الله سىلەرنىڭ ئىككى گورۇھنىڭ بىر بىلەن ئۇچرىشىشىڭلارغا ۋەدە قىلغان ئىدى. سىلەر كۈچى يوقلار بىلەن ئۇچرىشىشنى

www.munber.org

ياقتۇردۇڭلار." (سۈرە ئەنفال، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) مىقداد ئىبنى ئەسۋەد تۇرۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ! اللە نىمىنى بۇيرۇغان بولسا، شۇنى قىلغىن، اللە بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: "سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى" (سۈرە مائىدە، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندەك دېمەيمىز. بىز ئېيتىمىزكى، سەن بىلەن بىرلىكتە بېرىپ غازات قىلىمىز. ئەگەر بىزنى بەركۇلغىمادغا *[بەر كۇلغىماد ـ يەمەندىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. ـ ت]* غازاتقا ئېلىپ بارساڭمۇ بارىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنىڭ پىكرىنى سورىدى. ئەقەبە بەيئىتىدە ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىشى ئېنىق ئېيتىلمىغان ئىدى. ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئاز: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ سۆزنى بىزگە قارىتىپ ئېيتقان بولساڭ كېرەك، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، دېدى. سەئد ئىبنى مۇئاز: بىز ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشىنىپ تەستىق قىلدۇق. اللە بۇيرۇغان ئىشنى ئىجرا قىلغىن، اللە بىلەن قەسەمكى، بىزنى مۇشۇ قىزىل دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭ، چوقۇم باش تارتقاي كىرىمىز. سەن ئەتىلا دۈشمەن بىلەن ئۇچراشساڭمۇ، بىز خۇشاللىق بىلەن ساڭا قوشۇلۇپ بارىمىز، بىز ئۇرۇشقا چىداملىق ۋە سۇباتلىق كىشىلەرمىز. ئىنشائاللا، بىزلەردىن مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن. اللەغا تاپشۇرۇپ، يولۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى.

www.munber.org





«سەھىھۇلبۇخارى» دا رىۋايەت قىلىنغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خۇشخەۋەر، اللە بىلەن قەسەمكى، گويا مەن مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن، دېدى. بۇ سۆزدىن مۇسۇلمانلار سوقۇشنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمەلىدىمۇ شۇنداق بولدى. ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ مېڭىۋاتقان يولىنى تاشلاپ، دېڭىز بويى بىلەن مېڭىپ قوتۇلغان ۋە قۇرەيشلەرگە خەت يېزىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان ھەم قۇرەيشلەرنىڭ قايتىپ كېتىشىنى ئېيتقان ئىدى. ئەبۇ جەھىل: بەدرىگە بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆگىلەرنى سويۇپ يەپ، مەي ـ پەي ئىچىپ، پۈتۈن ئەرەبلەرگە ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى بىزدىن مەڭگۈ تەپتارتىدىغان قىلمىغىچە قايتمايمىز، دېدى. ئەخنەس ئىبنى شۇرەيق ئىتتىپاقداشى بولغان زۆھرە ئايمىقىغا: خۇدانىڭ مېلىڭلارنى قۇتقۇلدۇرغىنىغا شۈكرى قىلىپ قايتىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كەتكەنلىكتىن، بەدرى سوقۇشىغا بەنى زۆھرە، بەنى ئەدى ئايماقلىرىدىن ھېچ كىشى قاتناشمىدى. قوشۇن بەدرى ۋادىسىنىڭ مەدىنىدىن يىراق تەرىپىدىكى توپىلاڭ بىر يېرىگە چۈشتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەدرىگە يېقىنلىشىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بىلەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنى ئەۋەتتى. ئۇلار قۇرەيشنىڭ ئىككى نەپەر سۇ توشۇغۇچىسىغا ئۇچراپ قېلىپ، بۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى، تۇتۇپ كەلگۈچىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، ئۇلار: بىز قۇرەيشنىڭ سۇ توشۇغۇچىلىرى، دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇنىڭغا چۈنىپۈتمەي، ئۇلارنى ئەبۇ سۇفياننىڭ خىزمەتچىلىرى دەپ گۇمان قىلىپ

www.munber.org

ئۇردى.ئۇلار: ھەئە، بىز ئەبۇ سۇفيانىنىڭ خىزمەتچىلىرى، دېگەندىن كېيىن قويۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ: ئۇلار راستىنى ئېيتقاندا ئۇردۇڭلار، يالغان ئېيتقاندا قويۇپ بەردىڭلار. ئۇلار دەسلەپ راستىنى ئېيتقان ئىدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار چوقۇم قۇرەيشنىڭ ئادەملىرى، دېدى. ئاندىن ئۇلاردىن قۇرەيشلەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى ، ئۇلار: مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى، دەپ جاۋاب بىرىشتى. ئۇلارنىڭ سانىنى سورىغاندا، ئۇلار ئۇقمايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. رەسۇلۇللاھ: كۈنىگە قانچە تۆگە سويىدۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: بىر كۈنى توققۇزنى، بىر كۈنى ئوننى سويىدۇ، دەپ جاۋاب بىرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا قۇرەيشلەرنىڭ سانى توققۇز يۈز بىلەن مىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن، دېدى. ئاندىن ئۇلاردىن قۇشۇندىكى قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ سانىنى سورىدى. ئۇلار ئۇلارنىڭ كۆپلىگىنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلاپ، ساھابىلىرىگە قاراپ: مەككە سىلەرگە جىگەر پارىلىرىنى تاشلاپتۇ، دېدى. مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن قوزغىلىپ، ۋادىنىڭ مەدىنىگە يېقىن، سۇيى يىراق، شورلۇق بىر يېرىگە چۈشتى. مۇسۇلمانلار ئۇسسۇزلۇقتىن تەشنا بولۇپ كەتتى، بەزىلىرى جۇنۇپ، بەزىلىرى تاھارەتسىز ئىدى، شەيتان ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلغىلى تۇردى. اللهنىڭ پەزلى مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بوشاپ كېتەتتى. شەيتان ئۇلارغا: مۇشرىكلار سىلەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ، دەرمانسىزلىنىپ كېتىشىڭلارنى كۈتىدۇ. ئاندىن سىلەرگە خالىغىنىنى قىلىدۇ، دېدى. شۇ ئارىدا الله ئۇلارغا شۇنداق مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردىكى، جىلغىلار سۇغا توشۇپ كەتتى. سۇنى ئىچىشىپ قانغاندىن كېيىن كۆلچەكلەرگە



www.munber.org



توپىلىۋېلىشتى. قاچىلارنى توشقۇزۇۋېلىشتى، غۇسلى قىلىشتى، تاھارەت ئېلىشتى، توپىلار بېسىلىپ، مېڭىش ئاسانلاشتى. مۇشرىكلار ئۈچۈن بۇ يامغۇر ئاپەت بولدى. يەر پاتقاق بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈشىگە مۇمكىن بولمىدى. اللهنىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزى ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ: ”سىلەرنى پاكىز قىلىش، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش، قەلبىڭلارنى تىنچلاندۇرۇش ۋە قەدىمىڭلارنى مەزمۇت قىلىش ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى.“ (سۈرە ئەنفال، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) الله مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭىلىپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىنى ئۇلارغا جەڭ مەيدانىدا ئاز كۆرسەتكىنىدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ چۈشىدىمۇ ئۇلارنى ئاز كۆرسەتتى. اللهنىڭ ھۆكۈمى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ. الله قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆز ۋاقتىدا الله چۈشۈڭدە ئۇلارنى ساڭا ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر الله ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا، قورقۇپ قالاتتىڭلار ۋە بۇ ئىش توغرىسىدا جاڭجاللىشىپ قالاتتىڭلار، ۋە لېكىن الله سىلەرنى ساقلىدى، الله كۆڭۈللەردىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. الله بولىدىغان ئىشنى بولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى سىلەرگە ئاز كۆرسەتتى، سىلەرنىمۇ ئۇلارغا ئاز كۆرسەتتى. ھەممە ئىش اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ.“ (سۈرە ئەنفال، 43 ـ ، 44 ـ ئايەتلەر) ئاندىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى قوزغىلىپ بەدرىدىن يىراق بىر سۇ بويىغا چۈشتى. ئەنسارىلاردىن ھوباب ئىبنى مۇنزىر ناھايىتى پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ يەرگە اللهنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چۈشتۈڭمۇ ياكى ئۆز رايىڭ بويىچە چۈشتۈڭمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز رايى بويىچە چۈشكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ يەرگە چۈشۈش مۇۋاپىق ئەمەس، بىز قوزغىلىپ بەدرىنىڭ مۇشرىكلارغا يېقىن جايىدىكى سۇ بويىغا چۈشەيلى. ئۇ سۇنىڭ



www.munber.org

مۇللىغىنى مەن بىلىمەن. بىر كۆل كولاپ، ئۆزىمىز ئىشلىتىدىغان سۇنى تولدۇرىۋالايلى، باشقا قۇدۇقلارنى تىندۇرىۋېتەيلى، مۇشرىكلار سۇدىن قىينالسۇن! دېدى. ھۇبابانىڭ پىكىر ماقۇل كۆرۈلۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىندى. ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئىد ئىبنى مۇئاز: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز كەپە سېلىپ سىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلىغىڭنى تەييارلاپ قويۇپ، ئاندىن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلايلى. الله بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلساق، بۇ بىزنىڭ كۆتكىنىمىز. ئۇنداق بولماي قالغاندا، سەن ئۇلىغىڭنى مىنىپ ئارقىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىۋالىسەن. سېنى بىزدەكلا سۆيىدىغان ۋە ساڭا ئىتائەت قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر مەدىنىدە قېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ غازات قىلىش نىيىتى ۋە قىزغىنلىقى بار ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىم دۈشمەن بىلەن غازات قىلىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا، ھەممىسى چىقاتتى، ئۇلار سىنى كاراۋان ئۈچۈن چىقتى دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن قېلىپ قالدى. الله سېنى ئۇلار ئارقىلىق قوغدايدۇ، ئۇلار ساڭا ساداقەتلىك كۆرسىتىدۇ، سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ غازات قىلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياخشى مەسلىھەتكە قوشۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىر كەپە سېلىندى، دۆڭ ئۈستىگە لەشكەرلەر يىغىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سېپىنى تۈزىدى، لەشكەرلەر راۋۇرۇس بولۇپ سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرگە قاراپ: ئى الله بۇ قۇرەيش ئاھالىسى تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق بىلەن كېلىپ، ساڭا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ۋە پەيغەمبىرىڭنى يالغانچى قىلماقتا، ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى ئاتا قىلساڭ، دەپ دۇئا قىلدى. بۇ چاغدا جەڭ قىلىش ـ قىلماسلىق

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

توغرىسىدا مۇشرىكلارنىڭ باشلىقلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ئۇتبە ئىبنى رەبىئە مۇشرىكلارنى جەڭ قىلىشتىن توستى ۋە ئابدۇللا ئىبنى جەھش باشچىلىقىدىكى ئىسلام لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئەمرى ئىبنى ھەزرىمىنىڭ تۆلىمىنى ۋە مۇسادىر قىلىنغان كاراۋاندىكى ماللارنى ئۆز يېنىدىن تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەبۇجەھىل بۇنى ئۇقۇپ، ئۇتبەنى قورقۇنچاق دەپ ئەيىپلىدى ۋە : ئەزبىرايى خۇدا، مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇپ، اللهنىڭ بۇ ھەقتىكى تەدبىرىنى كۆرمىگىچە قايتمايمىز! دېدى. سۇقۇش باشلىنىش ئالدىدا، مۇشرىكلارنىڭ سېپىدىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسەد چىقىپ: اللهغا ۋەدە بېرىمەنكى، چوقۇم ئۇلارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچىمەن، يا ئۇنى بۇزۇپ تاشلايمەن، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆلىمەن! دەپ قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭغا قارشى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب مەيدانغا چىقىپ، ئەسۋەدنىڭ پۇتىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەسۋەد ئۆڭدىسىغا يىقىلدى ۋە قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆمىلەپ بېرىپ كۆلگە سەكرىدى. ھەمزە ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنى سۇباتلىق، چىداملىق بولۇشقا تەرغىپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئارىسىدا مۇنۇ جۈملىمۇ بار ئىدى: ”جەڭدە چىداملىق بولساڭ، الله سېنى غەم ـ قايغۇلاردىن خالاس قىلىدۇ.“

ئاندىن ئۇرۇن يەكمۇ ـ يەك چۈشۈش ئۇسۇلى بىلەن باشلاندى. مۇشرىكلارنىڭ سېپىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، قېرىندىشى شەيبە ۋە ئوغلى ۋەلىدلەر مەيدانغا چۈشتى. ئەنسارىلاردىن ئۈچ كىشى چىققان بولسىمۇ، مۇشرىكلار: سىلەر بىلەن ئۇرۇشمايمىز، قۇرەيشلەردىن چىقسۇن دېگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇبەيدە ئىبنى ھارس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنى بىرىنچىسىگە، ھەمزە ئىبنى

ئابدۇلمۇتەللىبنى ئىككىنچىسىگە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى ئۇچىنچىسىگە قارشى چىقاردى. ھەمزە بىلەن ئەلى ئۆز رەقىبلىرىنى ئۆلتۈردى، ئەمما ئۇبەيدە بىلەن ئۇتبە ئېلىشىپ ئىككىلىسى يارىلاندى. ئاڭغىچە ھەمزە بىلەن ئەلى ئۇتبەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇبەيدە يارىلىنىپ پاقالچىقىنىڭ يىلىكلىرى ئېقىپ تۇرغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە ئېلىپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەيدەگە مۇبارەك پۇتىنى تەكى قىلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا شېھىتلىك دەرىجىسى بىلەن بېشارەت بەردى. ئۇبەيدە: الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇتالىب ھايات بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ:

مۇھەممەدنى قوغدايمىز، ئەتراپىدا جان بېرىپ،

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلاتتىن، خانۇماندىن ۋاز كېچىپ...

دىگەن شېئىرى بويىچە ئىش قىلىشتا ئۇنىڭدىن بىزنىڭ ھەقلىقراق ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن بولاتتى، دېدى. مۇبارەزە ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، مۇھاجىدلار (ئىسلام جەڭچىلىرى) نىڭ قۇلىدىكى كىچىك تاياق بىلەن تۈزغۈزۈشقا كىرىشتى. سەۋادنىڭ سەپتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: تۈز تۇر، سەۋاد! دەپ قۇرسىقىغا تاياق بىلەن نۇقۇپ قويغانىدى، سەۋاد: ئى رەسۇلۇللاھ، سەن ھەققانى تۇرۇپ مېنى ئۇردۇڭ، قىساس ئالىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىساسىڭنى ئال دەپ، سەۋادقا قورسىقىنى ئېچىپ بەردى. سەۋاد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇچاقلاپ قورسىقىنى سۆيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا: ئى رەسۇلۇللاھ ئۆلۈم ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە مېنىڭ تېنىم سېنىڭ تېنىڭگە تەگسۇ دېدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋادقا





خەيرلىك دۇئا قىلدى. ئاندىن مۇجاھىدلارغا: مەن بۇيرۇق قىلمىغىچە، ھۇجۇمغا ئۆتمەڭلار، دۈشمەن سىلەرگە ھۇجۇم قىلسا، ئوق بىلەن مۇداپىئە قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرگە قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلمىغىچە، سىلەر قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلماڭلار، دەپ تەۋسىيە قىلدى ۋە ئۇلارنى چىدامىلىق، سۇباتلىق بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئاندىن بۇرادىرى ئەبۇبەكرى بىلەن كەينىگە قايتىپ باردى، كەينىنىڭ ئىشىگىدە رەسۇلۇللاھنى قوغداپ سەئد ئىبنى مۇئاز قىلىچىنى ئېسىپ تۇراتتى. «سەھىھۇلبۇخارى»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلدى: ”ئى الله، ئۆز كاپالىتىڭنى ۋە ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇڭنى تىلەيمەن! ئى الله، ئەگەر مۆئمىنلەرنىڭ ھالاكىتىنى خالايدىغان بولساڭ، ساڭا زېمىندا ئىبادەت قىلغۇچىلار تۈگەپ كېتىدۇ.“ ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ساڭا كىپايىكى، الله قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”مۇشرىكلار تويى مەغلۇب بولۇپ ئارقىغا قاچىدۇ“ (سۈرە قەمەر، 46 ـ ئايەت) دەپ كەينىدىن چىقىپ كەلدى. ئاندىن مۇجاھىدلارنى غازاتقا رىغبەتلەندۈرۈپ: الله بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن كىمكى سەۋرچانلىق ۋە رازىمەنلىك مۇشرىكلارغا قارشى چىكىنمەي جەڭ قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇشرىكنى ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ كېيىم ـ كېچەك، قۇرالى شۇنىڭ بولىدۇ، دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھەمام رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: ئەجەپ ياخشى گەپ ئىكەن. ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىدا مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىت بولۇشلا قاپتىغۇ، دېدى ـ دە، قولىدىكى يەۋاتقان خورمىنى تاشلىۋېتىپ، قىلىچىنى ئېلىپ جەڭگە كىرىپ كەتتى. مۇشرىكلار بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىرى شېھىت بولدى.



www.munber.org

جەڭ قىزىپ راساس ئەۋجىگە چىققان چاغدا، الله مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن، بېشارەت يۈزىسىدىن ئۇلارغا: ئۇلارغا پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بەردى، جەڭ بىرەر سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، مۇشرىكلار مەغلۇب بولۇپ ئارقىسىغا قېچىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى.مۇشرىكلاردىن جەمئىي يەتمىشچە كىشى ئۆلتۈرۈلدى. مۇشرىكلاردىن رەبىئەنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇتبە بىلەن شەيبە ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەلەر ئۇرۇش باشلانغان چاغدىكى مۇبارەزدە ئۆلتۈرۈلدى. ئەبۇلبۇختەرى ئىبنى ھىشام، ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ئاتىسى جەرراھلارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە چېكىنىپ ئاتىسى جەرراھتىن يىراق كەتكەن ئىدى. لېكىن جەرراھ چېكىنمىگەنلىكتىن، ئوغلى ئۇنى ئۆلتۈردى. بىلال ئىبنى رىبا، ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ئەنسارىلاردىن بىر توپ كىشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەلىنى ئۆلتۈردى؛ ئۇمەييە بولسا مەككىدىكى چاغدا بىلال بىلەن ئەممارنى كۆپ قىيىنغان ئىدى. ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ۋە ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشاملارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئەبۇجەھىل ھىشامنىڭ مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالغان جاپالىرىنى ئاڭلىغان ئەنسارىلاردىن ئىككى ياش بالا ئەبۇ جەھىلنى يارىدار قىلدى، ئاندىن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ئۆلتۈردى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب نەۋفەل ئىبنى خۇۋەيلىدنى ئۆلتۈردى. ئەبۇ ئۇھەيمەنىڭ ئوغۇللىرى ئۇبەيدە بىلەن ئاس ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئوغلى سەئىدنى ئۆلتۈردى. ئۇلاردىن باشقا، مۇشرىكلاردىن يەنە نۇرغۇن كىشى ئۆلتۈرۈلدى، يەتمىش كىشى ئەسىرى ئېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، بەدر غازىتى تۈگەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قايتىپ ئېلىپ، ئۆزىنى مەككىدە ئەڭ قاتتىق مەسخىرە قىلغان ۋە ھازىر ئەسىر چۈشكەن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت



www.munber.org



بىلەن نەزىر ئىبنى ھارىسنى ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكلەرنى بەدرنىڭ گوداڭلىرىغا تاشلاپ كۆمۈشكە بۇيرۇدى. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن، ئۈچرىغان ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتتىكى ئادەتلىرىدىن ئىدى. ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئەبۇ ھۇزەيفىنىڭ دادىسىنىڭ جەسىدى گوداڭغا تاشلانغاندا، ئوغلىنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تۇيۇپ، ھۇزەيفىگە: ئاتاڭغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ نىمە؟ دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇزەيفە: اللهغا قەسەمكى، ئۇنداق ئەمەس، لېكىن مەن ئاتامنى، ئەقىللىق، مۇلايىم، پەزىلەتلىك ئادەم دەپ قارايتتىم، شۇڭا اللهدىن ئۇنى ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئىمانسىز كەتكەنلىكىگە قايغۇردۇم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇزەيفىگە خەيرلىك دۇئا قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلگىنى باغلاپ قويۇشقا بۇيرۇپ، مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرى تاشلانغان گوداڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆلۈكلەرنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن قوشۇپ تۇۋلاپ: ھەي پالانى پالانىنىڭ ئوغلى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىڭلار ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قايغۇرىۋاتامسىلەر؟ بىز رەببىمىزنىڭ ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى بىلدۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلارنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەقلىقىنى بىلدىڭلارمۇ؟ دېدى. ئۆمەر: رەسۇلۇللاھ جانسىز جەسەتلەر سۆزۈڭنى ئاڭلامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللهغا قەسەمكى، ئۇلار سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ، دېدى. («سەھىھۇلبۇخارى») دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار كۆمۈلگەن يەرگە كېلىپ، ئەمدى بۇلار مېنىڭ دەۋىتىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى



www.munber.org

چۇقۇم بىلىدۇ، دېگەنلىكىنى، يەنە، "سەن ئۆلۈكلەرگە ۋە قەبرىدىكىلەرگە سۆزۈڭنى ئاڭلىتالمايسەن" دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقان، ئاندىن ئۆزى، ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەۋزەختە كىرگەندە بىلىدۇ، دېگەن.)

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە خەلقىغە خوش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مەدىنىنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىگە ئابدۇللا ئىبنى رەۋھانى، كۈن پېتىش تەرىپىگە ئۆز تۆگىسىگە مىندۈرۈپ زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئەۋەتتى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار تۈرلۈك سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇرغان ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈش ئىدى. ئەۋەتىلگەنلەر مۇسۇلمانلارنى خۇشال قىلىدىغان خوش خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ ئىش مەدىنە خەلقىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى، ئوسماننىڭ ئايالى رۇقەييەنى دەپنە قىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كەلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بەدرىدىن قايتماقچى بولۇپ ئاتلاندى. بۇ يەردە غەنىمەت ئېلىنغان مالنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقتى. ياشلار: ئۇرۇشنى بىز قىلدۇق، ئولجا - غەنىمەت بىزگىلا خاس، دېيىشتى. قېرىلار: بىز سىلەرگە يۆلەنچۈك بولدۇق، غەنىمەتتە بىزنىڭمۇ ھەسسىمىز بار، دېيىشتى. بۇ ئىختىلاپ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، دىللاردا ئاداۋەت تۇغدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى بۇزاتتى. الله مۇنداق ئىختىلاپنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەنفال سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىنى نازىل قىلدى: "غەنىمەت توغرىلىق سەندىن سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: غەنىمەتلەر اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە خاس؛ اللهغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، اللهغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار،

www.munber.org





دېگىن." (سۈرە ئەنفال، 1 - ئايەت) قۇرئاننىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى يورۇتتى، ئارىدىكى نىزا تۈگەپ، ئىتتىپاق بولۇشتى. غەنىمەتنى اللهنىڭ ھۆكمى بويىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتنى پىيادىلەرگە، ئاتلىقلارغا پەرقلىق ئۆلۈش بىلەن تەقسىم قىلىپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بەزىبىر ئىشلار بىلەن بولۇپ جەڭگە چىقالمىغانلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش نەسىۋە قالدۇردى، بۇ چىقالمىغانلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا قالدۇرغان ئەبۇ لۇباب ئەنسارىي، ئەمىر ئىبنى ئەۋف قەبىلىسى توغرىسىدا ئاڭلىغان بىر ئىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھارىس ئىبنى ھاتەب، رەۋھا دېگەن جايدا قوشۇنغا يېتىشەلمەي قېپقالغان ھارىس ئىبنى سەممە بىلەن خەۋۋات ئىبنى جۇبەير دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قوشۇنغا كېلىشكەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا بىلەن سەئىد ئىبنى زەيد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى رۇقەييەنىڭ كېسىلىگە قاراشقا قويۇپ چىققان ئوسمان ئىبنى ئەففان، قۇبا بىلەن ئالىيە ئاھالىلىرىنى باشقۇرۇشقا قالدۇرغان ئاسىم بىلەن ئەدىلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇندىن باشقا بەدرى سوقۇشىدا شېھىت بولغان ئون تۆت كىشىگىمۇ ئوخشاش نەسىۋە قالدۇرۇلدى. سوقۇشنىڭ دەسلىۋىدە يارىلانغان ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇۋۇلمۇتەللىبكىمۇ نەسىۋە قالدۇرۇلدى. ئۇ مۇسۇلمانلار بەدرىدىن قايتقان چاغدا قازا قىلىپ، سەفرا دېگەن جايدا دەپنە قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرىدىن قايتىپ مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنى قىزچاقلار داپلارنى چېلىپ، مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ قارشى ئالدى:

www.munber.org

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چېچىپ نۇر،
چىقىپ كەلدى سەنىيا تۇلۇۋەدادىن.
خۇداغا شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
بىرەر ئادەم قول ئۇزمىسىلا دۇئادىن.
مۇسۇلمانلارغا مەقبۇل ئۇشبۇ دىنىنى،
رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلدى خۇدادىن.
ئەسىرلەر توغرىسىدا كېڭىشىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەسىرلەر توغرىسىدا ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇلار بولسا سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە چۈمپۈتمىگەن، ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلغان، سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغانلار، مېنىڭچە، پالانى تۇققىنىمنى ماڭا بەر، ئۇنى مەن ئۆلتۈرەي. ھەمزىگە قېرىندىشى ئابباسنى بەر، ئۇنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن، ئەلىگە قېرىندىشى ئۇقەيلنى بەر، ئۇنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار بىزلەردە مۇشرىكلارغا قارىتا مېھرى - مۇھەببەت يوقلىقىنى بىلسۇن. مېنىڭچە، ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. بۇلار قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە كاتتىلىرى، دېدى. سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن ئابدۇللا ئىبنى راۋاھە بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئەبۇبەكرى مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇلار بولسا سېنىڭ ئۆز جەمەتىڭ ۋە قەۋمىڭ. اللە ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپ ئۇلاردىن غالىپ قىلدى. مېنىڭچە، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي، تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بەرسەڭ، ئۇلاردىن ئېلىنغان مال كاپىرلارغا قارشى تۇرۇشىمىزدا بىزنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. اللە ئۇلارنى سەن ئارقىلىق ھىدايەت قىلسا، ئۇلار ساڭا يار - يۆلەك بولۇشى مۇمكىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: اللە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى سۈتتىنمۇ يۇمشاق قىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تاشتىنمۇ قاتتىق قىلىدۇ. ئى ئەبۇبەكرى، سەن دىلى يۇمشاقلىقتا ئىبراھىمغا ئوخشايسەن، ئىبراھىم مۇنداق دېگەن ئىدى: "كىمكى ماڭا ئەگەشسىكەن، ئۇ مېنىڭ يولۇمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، سەن ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى كۆيۈمچانسەن." (سۈرە ئىبراھىم، 36 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئى ئۆمەر، سەن خۇددى نۇھقا ئوخشايسەن، نۇھ كاپىرلارغا بەد دۇئا قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئى رەببىم، يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قويمىغىن" (سۈرە نۇھ، 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەرنى ماختىغاندىن كېيىن، ئەبۇبەكرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، چۈنكى ئىككىلىسىنىڭ مەخسىدى ئوخشاش بولۇپ، ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈش، مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلىش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: سىلەر ھازىر كەمبەغەل، شۇڭا ئەسىرلەرنىڭ ھېچبىرىنى تۆلەم ئالماي تۇرۇپ قويۇۋەتمەڭلار، دېدى. قۇرەيش خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار بەدرى سوقۇشىدا ئۆلگەن كىشىلىرى ئۈچۈن بىر ئاي يىغا - زارە قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى دۈشمەنگە (مۇسۇلمانلارنى دىمەكچى. - ت) كۈلكە بولمىسۇن دەپ، تاكى ئىنتىقام ئالمىغىچە، ئۆلگەنلەرگە يىغلىماسلىق قارارىغا كېلىشتى ۋە مۇسۇلمانلار تۆلەمنى كۆپ تەلەپ قىلمىسۇن دەپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئادەملىرىنى تۆلەم بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئالدىراپ

www.munber.org

كەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىشتى.

## ئەسىرلەرنى تۆلەم بىلەن قۇتقۇزىۋېلىش

مۇتتەلىب ئىبنى ئەبۇ ۋەدائە سەھمى مۇشرىكلارنىڭ تەۋسىيىسىگە قارىماي، مەدىنىگە يوشۇرۇن كېلىپ تۆت مىڭ دەرھەم بېرىپ، دادىسىنى ئەسىرلىكتىن قوتقۇزىۋالدى. بۇ چاغدا قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىر ئەسىر ئۈچۈن مىڭ دەرھەمدىن تۆت مىڭ دەرھەمگىچە بېرىپ، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزىۋېلىشقا باشلىدى. پۇلى يوق، لېكىن ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلىدىغانلار مەدىنىلىكلەرنىڭ باللىرىدىن ئون بالىنى ساۋاتلىق قىلىپ قويۇش بەدىلىگە ئازات قىلىندى. ئەسىرلەردىن تۆۋەندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

ئەمىر ئىبنى ئەبۇ سوفيان: ئەبۇ سۇفياندىن تۆلەم بېرىپ ئوغلى ئەمىرنى قۇتقۇزۇۋېلىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇ باش تارتىپ: اللهغا قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەدكە تۆلەم بېرىپ ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇۋالمايمەن. ئوغلۇمنى نىمە قىلسا قىلسۇن، دېدى. ئەبۇ سۇفيان مەككىگە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا بارغان سەئد ئىبنى نۇئمان ئەنسارىينى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆز ئوغلى ئەمىرنىڭ بەدىلىگە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوغلى ئەمىر بىلەن سەئدنى ئالماشتۇردى.

ئەبۇلئاس ئىبنى رەبى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەبنىڭ ئېرى ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇدا بولغان چاغدا، ئەبۇلئاسنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيشلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك كۈچەيگەندە، مەككىلىكلەر ئەبۇلئاستىن ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى ئوغلىغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەبنى تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئەبۇلئاس ئۇنىماي: اللهغا قەسەم قىلىمەنكى، خوتۇنۇمنى قويۇۋەتمەيمەن، قۇرەيش بۇيىچە ھېچ خوتۇننى ئۇنىڭغا تەڭ قىلمايمەن، دېگەن ئىدى. ئەبۇلئاس ئەسىرگە چۈشكەندە، زەينەب ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، توي كېچىسى ئانىسى خەدىچە بويىنىغا ئېسىپ قويغان مونچاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مونچاقنى كۆرۈپ، زەينەبكە ناھايىتى ئىچ ئاغرىتىپ، ساھابىلىرىگە: ئەبۇلئاسنى قويۇپ بېرىپ، مونچاقنى زەينەبكە قايتۇرۇپ بەرسەڭلار قانداق بولار، دېدى، ساھابىلەر قوشۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنىڭ مەدىنىگە كۆچۈپ كېلىشىگە ئەبۇلئاسنىڭ رۇخسەت قىلىشى شەرتى بىلەن ئۇنى قويۇپ بەردى. ئەبۇلئاس مەككىگە قايتىپ بېرىپ زەينەبنىڭ دادىسى قېشىغا كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىپ زەينەبنى مەدىنىگە ئەكەلدۈرۈۋالدى. ئەبۇلئاس مەككە پەتھى قىلىنىشىنىڭ ئالدىدىراق مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇ چاغدا زەينەپ ئەبۇلئاسقا بۇرۇنقى نىكا بويىچە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

سۇھەيل ئىبنى ئەمر. ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ پاساھەتلىك ناتىقلىرىدىن ئىدى، لېكىن مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرەتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: ئى رەسۇلۇللاھ مېنى قويۇۋەت، سۇھەيلنىڭ ئىككى چىشىنى سۇغۇرۇپ ئالاي، ھېچقانداق جايدا زادى سېنىڭ زىيىنىڭغا سۆز قىلمىسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىنىڭ بەدىنىنى ناكا قىلمايمەن. ناكا قىلسام، پەيغەمبەر بولۇشۇمغا قارىماي، الله مېنى ناكا



www.munber.org

قىلىدۇ. كەلگۈسىدە سۆھەيل ئىسلامنىڭ پايدىسىغا سۆز قىلىشى مۇمكىن، دېدى. مىكرەز ئىبنى ھەفس سۆھەيل ئىبنى ئەمرنى ئەسىرگە ئالغان ئادەم بىلەن سۆھەيل ئۈچۈن بېرىلىدىغان تۆلەمنىڭ مىقدارىنى كېلىشكەندىن كېيىن، سۆھەيل قويۇپ بېرىلىدىغان لېكىن ئۇنىڭ تۆلەم ھەققى كەلگىچە، ئۇنىڭ ئورنىغا مىكرەز تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان بولدى. الله پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھەيل توغرىلىق ئالدىنئالا قىلغان سۆزىنى ئىشقا ئاشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قىر خەلقىغە ئوخشاشلا، مەككە خەلقىمۇ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالماقچى بولغاندا، سۆھەيل ئورنىدىن تۇرۇپ خۇداغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ھەي خالايىق! كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلماقچى بولسا، مۇھەممەد ئۆلدى، كىمكى اللهغا ئىبادەت قىلىدىكەن، الله ھايات، ئۆلمەيدۇ. اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىنى بىلمەمسىلەر: سەنمۇ چوقۇم ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ چوقۇم ئۆلىدۇ. (سۈرە زۇمەر، 30 ـ ئايەت) الله يەنە مۇنداق دېگەن: ”مۇھەممەد بولسا پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟“ (سۈرە ئال ئىمران، 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئېنىق بىلىمەنكى، ئىسلام دىنى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ھەممە يەرگە تارقىلىدۇ، ئەبۇ سوفيانغا ئالدانماڭلار، ئەبۇ سوفيان ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى مەندەكلا ئېنىق بىلىدۇ، لېكىن ئۇ ھەسەت قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ. رەببىڭلارغا تەۋەككۇل قىلىڭلار، اللهنىڭ دىنى داۋاملىشىدۇ. اللهنىڭ سۆزى ھەق. اللهنىڭ تەرىپىنى ئالغان كىشىگە الله مەدەت بېرىدۇ. الله دىنىنى كۈچەيتىدۇ. الله سىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرغاچقا، ھەممىڭلاردىن ئارتۇق بولغان ئەبۇبەكرىنى

www.munber.org





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى قىلىپ سايلىدىڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى يەنىمۇ كۈچەيدى. كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مۇرتەد بولۇش نىيەتلىرىدىن قايتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھەيل ھەققىدە قىلغان سۆزى ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدىن سانىلىدۇ.

ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى خالىد بىلەن ھىشام تۆلەم بېرىپ قۇتقۇزىۋالدى. ۋەلىد مەككىگە قايتىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولدى، ئۇنىڭغا: تۆلەم بېرىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولساڭ بولماسمىدى؟ دېيىلگەندە، ئۇ: كىشىلەر مېنى قورقۇپ مۇسۇلمان بولدى دېمىسۇن دەپ، شۇنداق قىلدىم، دېدى. ۋەلىدنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا قېرىنداشلىرى قويمىغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا بارغاندا، ۋەلىد ئۇنىڭ يېنىغا قېچىپ كەلدى.

سائىب ئىبنى يەزىد. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدىكى ئەلەمدارى ئىدى. ئۇ تۆلەم بېرىپ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى. ئۇ ئىمام شافىئى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىسنىڭ 5 ـ بوۋىسى.

ۋەھەب ئىبنى ئۇمەير جۇمەھى. ۋەھەبنىڭ دادىسى ئۇمەير بولسا قۇرەيشنىڭ شەيتانلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ ئازار ـ كۈلپەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن بەدرى غازىتىدا باشلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى ئەسلەشتى. ئۇمەير: اللهغا قەسەمكى، ھازىر بېرەلمەيۋاتقان قەرزىم ۋە مەندىن كېيىن ئاچ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتقان بالا ـ ۋاقىلىرىم بولمىغان بولسا،

www.munber.org

مەدىنىگە بېرىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىۋېتىپ كېلەتتى، مېنىڭ ئوغلۇم ئۆلارنىڭ قولىدا ئەسىر تۇرۇپتۇ، دېدى. سەفۋان ئۇنىڭغا: ئۇنداق بولسا، قەرزىڭنى ۋە بالا ــ ۋاقىلىرىڭنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، دېدى. ئۇمەير قىلىچىنى بىلەپ زەھەر بىلەن سۇغۇرۇپ، ئاتلىنىپ مەدىنىگە كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەر بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆمەيرنىڭ قىلىچ ئاسقان ھالدا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ﷲنىڭ دۈشمىنى بۇ ئىت يامان نىيەت بىلەن كەلدى، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﷲنىڭ دۈشمىنى ئۇمەير قىلىچ ئېسىپ كەپتۇ، دەپ خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە ئۇنى ئېلىپ كىرىشنى ئېيتتى. ئۆمەر ئۇنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن تۇتقان ھالدا ئېلىپ كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە: ئۇنى قويۇۋەت، دېدى ۋە ئۇمەيرنى يېقىن كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇمەير يېقىن كېلىپ: ئەتىگىنىڭلار خەيرلىك بولسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىزگە ﷲ سېنىڭ سالىمىڭدىن ياخشىراق بولغان ئەسسالامنى ئالماشتۇرۇپ بەردى، دېدى ۋە ئۆمەيرنىڭ نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئۇمەير: قولۇڭلاردىكى ئەسىر ئۈچۈن كەلدىم، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساڭلار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا، نىمىشقا قىلىچىڭنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ دېدى. ئۇمەير: قىلىچنى ﷲ ئۇرسۇن، قىلىچ بىزگە ئەسقاتمىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: راستىڭنى ئېيت، زادى نىمىشقا كەلدىڭ؟ دېدى. ئۇمەير: ئەسىر توغرىلىق كەلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئۇنداق ئەمەس، سەن سەفۋان بىلەن تاشتا ئولتۇرۇپ مۇنداق ــ مۇنداق گەپلەرنى قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئۇمەير: سېنىڭ ئاسماندىن سۆزلىگىنىڭگە ۋە ساڭا چۈشكەن ۋەھىيگە چۈمپۈتمىگەن ئىدۇق،



www.munber.org



سەفۋان بىلەن سۆزلەشكەن يەردە بىز ئىككىمىزدىن غەيرى ئادەم يوق ئىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: قېرىندىشىڭلار ئۇمەيرگە دىنى ئەھكام ۋە قۇرئان ئۆگىتىڭلار، ئەسىرنى قويۇپ بېرىڭلار، دېدى. ئۇمەير مەككىگە قايتىپ بېرىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەبۇ ئەزىز ئىبنى ئۆمەير. ئۇ مۇسئەد ئىبنى ئۇمەيرنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئەبۇ ئەزىزنى ئانىسى تۆت مىڭ دەرھەم بېرىپ قۇتقۇزىۋالدى.

ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى بولۇپ، بەدرى غازىتىغا نائىلاج چىققان ئىدى. ئاباس ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋە قېرىندىشى ئوقەيلگە تۆلەم بەرسە قويۇپ بېرىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ئاباس: بىز ئۇرۇشقا مەجبۇرى چىققان تۇرساق، نىمىشقا تۆلەم بېرىدىكەنمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۆرۈنۈشتە دۈشمەنلەر سېپىدە بولدۇڭ ئەمەسمۇ؟ دەپ، ئاباستىن ۋە ئوقەيلدىن تۆلەم ئالدى. ئاباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مېنى قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدە ئۆمۈرلۈك كەمبەغەل قىلىپ قويدۇڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نىمىشقا ئۇنداق بولسۇن؟ سەن بۇ يەرگە كېلىدىغان چېغىڭدا ئۇممۇ فەزلىنىڭ يېنىدا نۇرغۇن ماللارنى قويۇپ، مەن ئۆلۈم كەتسەم، بايلىغىم ساڭا قالىدىغان بولدى، دېمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئاباس: ﷲغا قەسەمكى، ھېچ ئادەم بىلمەيتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاباسقا قىلغان بۇ مۇئامىلىسى ئادالەتلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ مەجبۇرى چىققانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى كەچۈرمىدى. ۋاھالەنكى، تاغىسىدىن باشقا راست كەمبەغەل بولغان بىر توپ كىشىلەرنى كەچۈرۈم قىلدى. ئادالەت دېگەن



www.munber.org

مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىكى يوق، چۈنكى الله تائالا قۇرئاندا: ”ئى مۆئمىنلەر، ئۆزەڭلەرنىڭ، يا ئاتا - ئاناڭلارنىڭ، يا ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، گۇۋاھلىقتا اللهنى كۆزدە تۇتۇپ، ئادىل بولۇڭلار.“(سۈرە نىسا 135 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى) دەپ تەلىم بەرگەن ئەخلاق ئاشۇنداق ئىدى.

شائىر ئەبۇ ئىززە جۇمەھى. ئۇ مەككىدىكى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئازار بېرەتتى. ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئى مۇھەممەد، مېنىڭ پېقىر، بالا - ۋاقىلىق ھاجەتمەن كىشى ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، ماڭا كەڭچىلىك قىلساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ كەڭچىلىك قىلدى.

تۆلەم توغرىسىدا اللهنىڭ كايىشى

ئەسىرلەردىن تۆلەم ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، الله بۇ توغرىسىدا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”پەيغەمبەرنىڭ زېمىندا دۈشمەننى قىرماي ئەسىر (ئەسىرلەردىن تۆلەم) ئېلىش پەيغەمبەرگە دۇرۇس ئەمەس. سىلەر دۇنيا مېلىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلەيدۇ. الله غالىبتۇر، الله ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللهنىڭ ئىلگىرى چىقارغان ھۆكمى بولمىسا ئىدى، تۆلەم ئالغىنىڭلار ئۈچۈن، زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.“ (سۈرە ئەنفال، 67 ـ 68 - ئايەتلەر) الله اللهنىڭ يولىدىن مەنئى قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي، تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىشنى مەنئى قىلدى؛ تۆلەمدىن ئىبارەت پۇل - مالنى تالىشىغانلىقى ئۈچۈن بەزى مۇسۇلمانلارنى ئەيىبلىدى. ئىجتىھات قىلغۇچىنىڭ مەقسىتى توغرا بولسىلا، ئىجتىھاتى خاتا بولسىمۇ، اللهنىڭ ئۇنى

www.munber.org





جازالىماسلىق توغرىسىدىكى ھۆكمى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار اللهنىڭ ئازابىغا دۇچار بولاتتى. توغرا نىيەت بىلەن ئېلىنغان تۆلەمنى الله مۇسۇلمانلارغا ھالال قىلدى. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر پەيغەمبەرلىك الله تەرىپىدىن بولمىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىك ساھابىلەرنىڭ پىكرى بويىچە ئىجرا قىلغان تۆلەم ئېلىش مەسىلىسى ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى كايىمىغان بولاتتى. الله نىيىتى ياخشى ئەسىرلەرگە ئۇلاردىن ئېلىنغان تۆلەم ئۈچۈن ساۋاب بېرىشنى ۋە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى ۋەدە قىلىپ، قۇرئاندا مۇنداق دېدى: ”ئى پەيغەمبەر، قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە، الله دىلىڭلاردا بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسە، سىلەرگە سىلەردىن ئېلىنغان تۆلەمدىن ياخشى نەرسىلەرنى بېرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرى - شەپقەت قىلغۇچى زاتتۇر، دېگىن.“ (سۈرە ئەنفال، 70 - ئايەت) الله بەدرى غازىتى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى غالىپ قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارنى كۈچلەندۈردى، مۇشرىكلىككە قاتتىق زەربە بەردى، ئۇۋۇسىنى ۋەيران قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، مۇشرىكلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ تۇرۇغلۇق شۇنداق بولدى. دۈشمەنلەر قورال - ياراق، تەييارلىق جەھەتلەردىن شۇنچە كۈچلۈك ۋە سان جەھەتتىن شۇنچە كۆپ تۇرۇغلۇق يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى اللهنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىنىڭ ئۈچۈق ئالامىتى ئىدى. الله بەدرى غەلىبىسى نېمىتىنى مۇسۇلمانلارغا بايان قىلىپ، قۇرئاندا مۇنداق دېدى: ”بەدرىدە سىلەرگە الله مەدەت بەردى. ھالبۇكى، سىلەرنىڭ سانىڭلار ئاز ئىدى.“ (سۈرە ئال ئىمران، 123 - ئايەتنىڭ بىر

قىسمى) بەدرى غازىتى مۇسۇلمانلار ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ غازات ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ئىسلام نۇرى ئەتراپنى يورۇتتى. بەدرى غازىتىدا قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرىدىن ئىسلام دىنىغا ئەڭ ئۆچ بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى، باشقا ئەرەبلەرنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىسى ئاشتى. ئۇلۇغ اللهنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا شۈكرى قىلىشىمىز، بەدرى غازىتى غەلىبە قازانغان كۈننى يەنى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈننى بايرام قىلىپ، بۇ كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىشىمىز لازىم.

## قەينۇقا غازىتى

بىركىشىنىڭ ئىككى دۈشمىنى بولۇپ، ئۇ بىر دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، ئىككىنچى دۈشمىنىنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپ، ئۇغىسى قايناپ، ئاقىۋىتىنىڭ نىمە بولۇشىغا قارىماي، دۈشمەنلىكىنى ئاشكارلىشى تۇرغانلا گەپ. بەدرى غازىتى غەلبىلىك ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ، دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىدى ۋە ئەنسارىلاردىن بىر ئايالنىڭ نۇمۇسىنى دەپسەندە قىلدى. بۇ ھال مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىشقا، مەدىنىدە مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن چاغلاردا يەھۇدىيلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، دېگەن تونۇشقا ئىگە قىلدى. الله قۇرئاندا بۇئايەتنى نازىل قىلدى: ”سەن مەلۇم قەۋمنىڭ كېلىشىمگە خىيانەت قىلىشىدىن قورقساڭ، كېلىشىمنى ئۇلارغا تاشلاپ بەرگىن.

www.munber.org





الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ.“ (سۈرە ئەنفال، 59 ـ ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئۇلار: ھەي مۇھەممەد، بەدرى غازىتىدىكى غەلىبەڭدىن كۆرەڭلەپ كەتمە! قۇرەيش خەلقى ئۇرۇش قىلىشنى ئۇقمايدىغان خەلق. بىز بىلەن سوقۇشساڭ، ئاندىن بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلىسەن، دېدى. بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى باتۇر ئىدى. بۇ الله قۇرئاندىكى بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”كاپىرلارغا، سىلەر يېڭىلىسىلەر ۋە جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نىمە دېگەن يامان تۆشەك، دېگىن. ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت باردۇر: بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقانلاردۇر، يەنە كاپىرلار بولۇپ، بۇلارغا ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ كۆرىنىدۇ. الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ ئۇنى قوللايدۇ. ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئىبرەت باردۇر.“ (سۈرە ئال ئىمران، 13 ـ ئايەت) بۇ خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئۇبادە ئىبنى سامىت بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىدىن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي بولسا، دەۋرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قورقىمەن دەپ، خەزرەج بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقتا چىڭ تۇردى. الله مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ، قۇرئاندا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ”ئى مۆئمىنلەر، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ شۇلاردىندۇر. زالىم قەۋمنى الله چوقۇم ھىدايەت قىلمايدۇ. دىللىرىدا ئىللەت بارلارنىڭ، بىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن. الله

www.munber.org

غەلىبە ئاتا قىلىدۇ ياكى بىر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. كۆڭلىدە يوشۇرغانلىرى ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ.“ (سۈرە مائىدە، 51 ـ 52 ـ ئايەتلەر) بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، قورغانلىرىغا چېكىنىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. ئەلەمنى تاغىسى ھەمزە كۆتەردى؛ مەدىنىدە ئورنىغا ئەبۇلۇبا ئەنسارىينى قويدى؛ بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنى ئون بەش كۈن مۇھاسىرە قىلدى.

## قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ كۆچۈپ كېتىشى

قەينۇقا يەھۇدىيلىرى مۇسۇلمانلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ قورقىقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىشكە يول بېرىشنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈشىگە ئۇبادە ئىبنى سامىتنى مەسئۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەردى. ئۇلار ئەزرىئات (سۈرىيىدىكى بىر جاي) قا كۆچۈپ باردى. بىر يىل ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ تۈگىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى 5 ھەسسىگە بۆلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا تېگىشلىك بولغان ھەسسىنى ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىب جەمەتىگە بەردى. ئابدۇشەمس جەمەتى بىلەن نەۋفەل جەمەتىگە بەرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھاشىم جەمەتى بىلەن مۇتەللىب جەمەتى ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن مۇشۇنداق بىر پۈتۈن ئىدى دەپ، قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى.

www.munber.org





## سەۋىق غازىتى

ئەبۇ سۇفيان خاپا ئىدى، چۈنكى ئۇ ئوغلى ۋە يېقىنلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بەدرى غازىتىدا يوق ئىدى. ئەبۇسۇفيان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشمىغىچە بېشىغا سۇ تەككۈزمەسلىككە قەسەم قىلدى ۋە قەسىمىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىككى يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىگە ئاتلاندى. ئۇ مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا، بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغاپ ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئەبۇسۇفيان بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمىدى. ئاندىن ئەبۇسوفيان سەلام ئىبنى مىشكەم بىلەن ئۇچرىشىپ ھېچ نەتىجە چىقىرالماي، ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى ۋە مەدىنىگە بىر قانچە ئادەمنى ئەۋەتىپ، بىر قىسىم خورما دەرەخلىرىنى كۆيدۈرىۋەتتى، ئەنسارىلاردىن بىر كىشىگە ئۇچراپ قېلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ مەدىنىگە بەشىر ئىبنى مۇنزىرنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنى ساھابىلەردىن ئىككى يۈز كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەبۇسۇفياننى قوغلاپ چىقتى. ئەبۇسوفيانلار قېچىپ كەتكەنلىكتىن، ئارقىسىدىن يېتەلمىدى. مۇشرىكلار يۈكلىرىنى يېنىكلىتىپ تېز قېچىش ئۈچۈن، تالقان قاچىلانغان تۇلۇملىرىنى تاشلاپ قاچتى، بۇلارنى مۇسۇلمانلار غەنىمەت ئالدى. شۇڭا بۇ غازات سەۋىق (تالقان) غازىتى دەپ ئاتالدى.

## ھېيت نامىزى

بۇ يىلى الله ئىسلام دۇنياسىغا ئۇلۇغ ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى

www.munber.org

بەلگىلىدى. بىر يۇرتنىڭ مۇسۇلمانلىرى ھېيت نامىزى ئارقىلىق قېرىنداشلىق، دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. روْز ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، دىنىي ئالاقىنى مۇستەھكەملەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى چىڭىتىش، دۈشمەننى يېڭىشكە اللهدىن ياردەم بېرىشنى سوراپ ئىلتىجا قىلاتتى، ئاندىن خۇتبە ئوقۇپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىققا رىغبەتلەندۈرەتتى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتەتتى. ئاندىن مۇسۇلمانلار بىر بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، ئاندىن چىقىپ كەمبەغەل ــ ئاجىزلارغا روزا ھېيتتا پىتىر ــ سەدىقىنى بېرەتتى، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلاتتى، پۈتۈن مۇسۇلمانلار خۇشاللىققا چۆمەتتى. الله تائالادىن بىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى، بۇرۇنقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا بىزنىمۇ مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمىز.

## ئەلىنى فاتىمىگە ئۆيلىنىشى

بۇ يىلى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمىگە ئۆيلەندى. ئەلى يىگىرمە بىر ياشتا، فاتىمە ئون بەش ياشتا ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ نەسلى فاتىمىنىڭ بالىلىرى ھەسەن، ھۈسەين ۋە زەينەبلەردىن تارالغان. مۇشۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى توققۇز ياشلىق ئائىشە بىلەن بىر تەككىگە باش قويدى.

ھىجرىيىنىڭ 3 ــ يىلى



www.munber.org



اللهنىڭ ھۆكمى بويىچە، شەقى ئادەم ھامان بەختسىز بولىدۇ، ھېچنەرسىنى سەزمەي، سۈيىقەستنى قالقان، خىيانەتنى شۇئار قىلىۋالىدۇ، ئۆلگىچە يامانلىقنى تاشلىمايدۇ. بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى يەھۇدىي كەئب ئىبنى ئەشرەف مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى، ھەتتا قىلچە تەپتارتماستىن، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شېئىر يېزىپ ھەجۋى قىلاتتى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۇغدۇرۇشقا تىرىشاتتى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى تۈزىگەنسېرى، بۇ بەدبەخت ئىشنى بۇزۇپ تۇراتتى.

## كەئب ئىبنى ئەشرەفنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

كەئب ئىبنى ئەشرەف مۇسۇلمانلارنىڭ بەدرى غازىتىدىكى غەلىبىسىنى، پۇت ــ قوللىرى باغلاقلىق تۇرغان ئەسىرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆلگەنلەرگە يىغلىدى، مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كەئب ئىبنى ئەشرەف اللهغا ۋە ماڭا ئازار يەتكۈزىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا كىم تېتىيدۇ، دېدى. ئەنسارىلارنىڭ ئەۋس قەبىلىسىدىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە: كەئبنى ئۆلتۈرۈشۈمنى خالامسەن؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى مەسلەمە: ئۇنداق بولسا، كەئبنى جايلىۋېتىشىمگە ئىجازەت قىلغىن ۋە ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن مېنىڭ بەزى يالغان سۆزلەرنى قىلىشىمغا ئىجازەت قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجازەت قىلدى. ئىبنى مەسلەمە تۆت



www.munber.org

كىشىنى ھەمرا قىلىپ كەئبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: بۇ ئادەم (رەسۇلۇللاھنى دىمەكچى. ـ ت) بىزدىن تولا ئىئانە سوراپ پۇللىرىمىز تۈگىدى، سەندىن قەرز سوراپ كەلدۇق، دېدى. كەئب: ئۇنىڭدىن زېرىكىسىلەر دىمىدىممۇ، دېدى. ئىبنى مەسلەمە: ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇق، ھازىرچە تاشلىۋەتمەي تۇرايلى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز. بىزگە بىر ياكى ئىككى تۆگە خورما قەرز بەرگىن، دېدى. كەئب: بولىدۇ، لېكىن ماڭا بىر نەرسىنى گۆرەگە قويۇشۇڭلار كېرەك، دېدى. ئىبنى مەسلەمە: نىمىنى گۆرە قويۇشىمىزنى خالايسەن؟ دېدى. كەئب: ئاياللىرىڭلارنى قويۇڭلار، دېدى. ئىبنى مەسلەمە: سەن ئەرەب ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ئادەم تۇرساڭ، قانداقمۇ ئاياللارنى قويغىلى بولىدۇ، دېدى. ئۇنداق بولسا، ئوغۇللىرىڭلارنى قويۇڭلار، دېدى. ئىبنى مەسلەمە: بىر ـ ئىككى تۆگە خورما ئۈچۈن ئوغۇللىرنى گۆرەگە قويدى دەپ، باشقىلار بىزنى تىللايدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ئەيىپ. ساڭا قۇراللىرىمىزنى گۆرەگە قويايلى، دېدى. كەئب بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، كېچىدە كېلىشكە ۋەدىلەشتى. ئىبنى مەسلەمە كەئبىنىڭ ئىمىلدەش قېرىندىشى ئەبۇ نائىلە قاتارلىق تۆت كىشى بىلەن كەئبىنىڭ ئۆيىگە باردى. مەسلەمە كەئبىنى تۇۋلىدى. كەئب چىقماقچى بولغاندا، ئايالى: سەن دۈشمەنلىك ئادەم تۇرساڭ، بۇ چاغدا نەگە بارىسەن؟ دېدى. كەئب: ئىبنى مەسلەمە مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئەبۇنائىلە بولسا ئىمىلدەش قېرىندىشىم بولىدۇ. مەرت ئادەم كېچىدە جەڭگە چاقىرىلسىمۇ باش تارتمايدۇ، دېدى. ئىبنى مەسلەمە ھەمراھلىرىغا : كەئب چىققاندا، مەن ئۇنى پۇرىغان بولۇپ چېچىدىن تۇتىمەن، بېشىنى ئوبدان تۇتىۋالغىنىمدىن كېيىن، سىلەر ئۇنىڭغا قىلىچ

www.munber.org





سېلىڭلار، دېدى. كەئب قىلىچىنى ئاسقان ھالدا چىقتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. مەسلەمە: بۈگۈنكىدەك خۇشبۇيلۇقنى كۆرمىگەن ئىدىم، بېشىڭنى پۇرىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ، دىۋىدى، كەئب بېشىنى تۇتۇپ بەردى. ئىبنى مەسلەمە ئۇنىڭ بېشىنى پۇرىغان بولۇپ تۇتىۋالغاندىن كېيىن: ئۆلتۈرۈڭلار! دەپ تۇۋلىدى. شېرىكلىرى كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئۆلتۈردى. الله ئۇنىڭ يامانلىقىدىن مۇسۇلمانلارنى قوتقازدى. كەئبىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلدى. بۇ بەدبەخت شۇ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلدە ئۆلتۈرۈلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر باشلىقنىڭ سۇيىقەستلىك ھەركىتى ۋە ئۇرۇش قىلىش يامان نىيىتى بارلىقىنى بىلىپ قالسا، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋېتەتتى. يەھۇدىي ئەبۇ ئەفكى كەئب ئىبنى ئەشرەفكە ئوخشاش يامان ئادەم بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرىۋېتىلگەن.

## غەتافان غازىتى

غەتافان قەبىلىسىدىن بەنى سەئلەبە ۋە مۇھارىب ئۇرۇغلىرىنىڭ دۇئسۇر ئىسىملىك باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەدىنىنى تالان ـ تاراج قىلماقچى بولغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى تۆت يۈز ئەللىك نەپەر ئادەم بىلەن مەدىنىدىن ئاتلاندى. مەدىنىدە ئورنىغا ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قويدى. دۈشمەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلانغانلىقىنى

www.munber.org

ئاتلاپ قېچىپ، تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا چىقىۋالدى. مۇسۇلمانلارىيۇرۇش قىلىپ، زائەمرى دېگەن سۇنىڭ بۇيىغا كېلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇردا ھۆل بۇلۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ دەم ئېلىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلار دەم ئېلىش ئۈچۈن تارىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا دۇئسۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قېلىپ تاغدىن چۈشۈپ قىلىچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تەڭلەپ: ھەي مۇھەممەد ! سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: الله قۇتقۇزىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن دۇئسۇرنى سۈر بېسىپ، قولىدىن قىلىچ چۈشۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، دوئسۇرغا: سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟ دىۋىدى، دۇئسۇر: ھېچ ئادەم قۇتقۇزالمايدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەچۈردى. شۇنىڭ بىلەن دۇئسۇر مۇسۇلمان بولۇپ، قەۋمىنىمۇ مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. الله دۇئسۇرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆچ كۆرىدىغان ۋە كىشىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغايدىغان دىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغان ۋە كىشىلەرنى ئىسلامغا ئۈندەيدىغان دىلغا ئۆزگەرتتى. مانا بۇ اللهنىڭ خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدىغان پەزلىتىدۇر. ياخشى مۇئامىلە، مۇلايىملىق ۋە رەھىمدىللىكنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنداق بولىدۇ. الله قۇرئاندا رەسۇلۇللاھ توغرىلىق دېگەن: ”اللهنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپاللىق، باغرىڭ قاتتىقلىق قىلغان بولساڭ، ئۇلار ئەلۋەتتە چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن.“(سۈرە ئال ئىمران، 169 ـ ئايەتنىڭ بىر



www.munber.org



قىسمى)

## بوھران غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سۇلەيمدىن بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەدىنىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورنىغا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قويۇپ، ساھابىلىرىدىن ئۈچ يۈز كىشى بىلەن جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 6 ـ كۈنى ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوھران دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەنلەر تارقاپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇش بولماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

قۇرەيش خەلقى مەدىنە ئارقىلىق شامغا بارىدىغان سودا يولىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەنبەسى بولغان سودىدىن قۇرۇق قېلىشقا چىدالماي، بىر كارۋاننى ئىراق ئارقىلىق شامغا يولغا سالدى. بۇ كارۋانغا قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەبۇ سوفيان ئىبنى ھەرب، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ھوۋەيتەب ئىبنى ئابدۇلئۇززالار باشچىلىق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، زەيد ئىبنى ھارىسە باشچىلىقىدا يۈز ئادەمنى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيىدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساشقا ئەۋەتتى. قوشۇن ئاتلىنىپ نەجد *[نەجد ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئېگىز قىسمى بولۇپ، تىھامە، يەمەن، ئىراق، سۈرىيەلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. ـ ت ]* تەرەپتىكى قەردە دېگەن سۇ بويىدا كارۋان بىلەن ئۇچرىشىپ، كارۋاندىكى ماللارنى ئولجا



www.munber.org

ئالدى. كارۋاندىكى كىشىلەر قېچىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولجا ئېلىنغان مالنى بەشكە بۆلۈپ تەقسىم قىلدى.

## ئۇھۇد غازىتى

قۇرەيش خەلقى بەدرىدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە سودا يوللىرى توسۇلۇپ قالغانلىقتىن، قۇرەيشلەرنىڭ قېپقالغان چوڭلىرى يىغىلىپ، ئۇلارغا مۇسىبەت كەلتۈرگەن كارۋاننىڭ سابىق باشلىقى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىغا بېرىپ: مۇھەممەد بىزنى خورلىدى، چوڭلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. بىز كارۋاندىكى ماللىرىمىزنىڭ پايدىسىنى مۇھەممەد بىلەن سوقۇشۇشقا ئىشلىتىشكە رازى بولدۇق، كارۋاندا مېلى بارلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا رازى، دېدى. كارۋاندىكى ماللار ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇلماي، دارۇننەدۋىدە ساقلاپ قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ پايدىسى ئەللىك مىڭ دىنار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئۇرۇشقا ئادەم توپلاشقا كىرىشتى، قۇرەيشتىن ئۈچ مىڭ ئادەم توپلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇستەلىق ئۇرۇغىنىڭ ۋە ھەۋنە ئىبنى خۇزەيمە ئۇرۇغىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئاھابىشلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىلەن يەنە رەسۇلۇللاھنى يامان كۆرۈپ مەدىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئەۋسلىك ئەبۇ ئامىر راھىب ۋە ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا كىنانە ۋە تىھامەدىكى ئەرابلاردىنمۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەر قوشۇلدى. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە شائىر ئەبۇ ئەززەگە: سەن شائىر بولغاندىن كېيىن بىزگە ئاغزىڭ بىلەن ياردەم قىلغىن، دېدى. ئەبۇئەززە بەدرى غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۆلەم ئالماي قويۇپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، مۇھەممەدگە قارشى باشقىلارغا ياردەم بەرمەيمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن،





www.munber.org



ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام قۇتۇلالمايمەن، دېدى. سەفۋان گەپ قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنى ئۇناتتى. ئۇ بېرىپ كىشىلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغىدى. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ۋەھشى ئىسىملىك قۇلىنى چاقىرىپ: سەن ھەمزەنى ئۆلتۈرۈپ، تاغام تۇئەيمىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرسەڭ، سېنى ئازاد قىلىمەن، دېدى. ۋەھشى ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. قۇرەيشلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقتى. ئۇلار كېنىزەكلەرنى، داپ ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى، ھاراق ــ شاراپلارنى ئېلىۋالدى. قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرى مەغلۇب بولماسلىق ئۈچۈن خوتۇنلىرىنىمۇ بىللە ئېلىۋالدى. ئۇلار يۈرۈپ، مەدىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى زۇھۇلەيفە دېگەن يەرگە چۈشتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبباس ئۇنىڭغا مەكتۇب يوللاپ، قۇرەيش خەلقىنىڭ ئاتلانغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ، بەدرى غازىتىدا كۆپ زىيان تارتقانلىقىنى بانا قىلىپ، بۇ قېتىم مۇشرىكلار بىلەن بىللە چىقمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ساھابىلىرىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلار بىلەن كېڭەشتى ۋە ئۇلارغا: بىز مەدىنىدە بېكىنىۋېلىپ سىرتقا چىقماي تۇرايلى. مۇشرىكلار قايەرگىلا چۈشسە، ھامان يامان شارائىتتا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىزگە باستۇرۇپ كىرسە، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلايلى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پىكرىگە مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ پېشقەدەملىرى قوشۇلدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيمۇ قوشۇلدى. ئەمما ياشلار، بولۇپمۇ بەدرى غازىتىغا قاتناشمىغانلار سىرتقا چىقىپ ئۇرۇشۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبمۇ بۇ پىكرنى ياقلىدى. بۇ پىكىردىكىلەر سان





www.munber.org

جەھەتتىن كۆپ ۋە ئەزىمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرى ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. رەسۇلۇللاھ شەۋۋال ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى جۈمە نامىزىنى ئۆتىدى. خۇتبىدە ساھابىلەرنى چىدامىلىق ۋە سەۋرچان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. يەنە: چىدامىلىق بولساڭلار، غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ، دېدى. ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ ئىككى قات ساۋۇت (زەنجىر كىيىم) كىيىپ، قىلىچىنى ئېسىپ چىقتى، قالقاننى دۈمبىسىگە تاشلاپ قويدى. ئەنسارىلارنىڭ پېشقەدەملىرى ياشلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سىرتقا چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا قىستىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى ئەيىپلىدى ۋە : ئىشنى رەسۇلۇللاھقا قويۇپ بېرىڭلار، نېمە دېسە، شۇنى قىلايلى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ، سېنىڭ پىكرىڭ بويىچە ئىش قىلايلى، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: پەيغەمبەر دېگەن جەڭ كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن، دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، اللەنىڭ ھۆكمى بىلەن كەلگەن نەتىجىنى كۆرمىگىچە، كىيىمىنى سېلىۋېتىشكە بولمايدۇ، دېدى، ئاندىن ئەلەملەرنى تارقاتتى. مۇھاجىرلارنىڭ ئەلىمىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئەلىمىنى ھەبباب ئىبنى مۇنزىرگە، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئەلىمىنى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە تۇتقۇزۇپ، مەدىنىدىن مىڭ ئادەم بىلەن ئاتلاندى. تاغ يولىنىڭ بىر چېتىگە يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىق بىر توپ لەشكەرنى ئۇچراتتى ۋە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلاردىن ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. رەسۇلۇللاھ: مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشتا كاپىرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمايمىز دەپ، ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ

www.munber.org





خىيانەت قىلىشىدىن ئەمىن بولغىلى بولمايتتى. رەسۇلۇللاھ ئۆز قوشۇنىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، يېشى كىچىكلەرنى قايتۇرىۋەتتى. قايتۇرۇلغانلار قاتارىدا رافى ئىبنى خەدىج بىلەن سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبلارمۇ بار ئىدى. رافى ئوق ئېتىشقا ئۇستا بولغاچقا قالدۇرۇلدى. سەمۇرە بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ: رافى قېلىپ مەن قايتىپ كېتەمدىمەن. ۋاھالەنكى، رافى بىلەن چېلىشسام، مەن ئۇنى يېقىتالايتتىم، دېدى. بۇ خەۋەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ، ئۇلارنى چېلىشقا سالدى، سەمۇرە يېڭىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى قايتۇرمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەنبە كۈنى كېچىسى شۇ يەردە قونىدى. لەشكەرلەرگە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى، ئۆزىگە زەكۋان ئىبنى قەيسنى كۆزەتچىلىككە قويدى. لەشكەر ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، ئوھۇد بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى شەۋەت دېگەن باققا يېتىپ بارغاندا، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي: مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي (رەسۇلۇللاھنى دېمەكچى. ـ ت) گۆدەك باللارنىڭ گېپىگە كىرىپ سىرتقا ئۇرۇشقا چىقتى، نېمىشقا ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈپ بېرىدىكەنمىز؟ دەپ، ئۈچ يۈز ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەتتى. جابىرنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ: ھەي قەۋمىم، اللەنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ، قەۋمىڭلارنى، پەيغەمبىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار! دېسە، ئۇلار: ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بىلسەك، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئەگىشەتتۇق، دېدى. ئابدۇللا: اللە سىلەرنى بىزدىن يىراق قىلسۇن، اللە پەيغەمبىرىنى سىلەرگە مۇھتاج قىلمايدۇ، دېدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينىڭ يۇقىرىقى ھەركىتىدىن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ھارىسە ئايمىغى بىلەن ئەۋس قەبىلىسىنىڭ سەلەمە ئايمىغى خېلى تەشۋىشكە چۈشۈپ، قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ،

www.munber.org

لېكىن الله ئۇلارنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇردى. ئارقىغا چېكىنىپ قايتقانلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇسۇلمانلار ئىككى گورۇھقا بۆلۈندى. بىر گورۇھ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشايلى دىسە، يەنە بىر گورۇھ ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى، دېدى.بۇ ھەقتە الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”سىلەر نىمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ ھالبۇكى، الله مۇناپىقلارنى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كۇفرىغا قايتۇردى، الله ئۇلارنى گۇمراھ قىلغان تۇرسا، سىلەر ئۇلارنى ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ الله كىمنى گۇمراھ قىلغان بولسا، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ھىدايەت يولى تېپىپ بېرەلمەيسەن.“ (سۈرە نىسا.88 ـ ئايەت) لەشكەرلەر قوزغىلىپ ئوھۇد *[مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تاغ]* تېغىدىكى بىر جىلغىغا كېلىپ چۈشتى. رەسۇلۇللاھ لەشكەرلەرنى ئارقىسىنى تاقىغا، ئالدىنى مەدىنىگە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. مۇشرىكلار ئۇھۇد تېغىنىڭ ئالدىدىكى ئويمانلىققا ئورۇنلاشتى. مۇشرىكلار لەشكىرىنىڭ ئوڭ قانىتىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد، سول قانىتىغا ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل، پىيادىلەرگە بولسا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە باشچىلىق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر بۆلۈك قوشۇننى خالىدنىڭ قارشىسىغا، باشقىلارنى قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدە ئەللىك ئوقچى بار ئىدى؛ ئەنسارىلاردىن بولغان ئابدۇللا ئىبنى جۇبەيرنى ئۇلارغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئوقچىلارنى لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا لەشكەرلەرنىڭ ئارقا تەرىپىنى ساقلاشنى، مۇشرىكلار مۇسۇلمان لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلارنى ئوق ئېتىپ چېكىندۈرۈشنى ۋە مۇسۇلمان لەشكەرلىرى مەيلى يەڭسۇن،

www.munber.org





مەيلى يېڭىلسۇن، ھامان ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماسلىقنى بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن لەشكەرلەر سېپىنى تۈزىدى ۋە ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارنى ساباتلىق كۆرستىشكە رىغبەتلەندۈردى. بۇ نۇتقىدا يەنە: جىبرىئىل دىلىمغا سالدىكى، كىشى رىزقى تۈگىمىگىچە ئۆلمەيدۇ، رىزقىڭلار تۈگىمىگەن بولسا، اللهدىن قورقۇپ رىزقىڭلارنى ھالال يول بىلەن تەلەپ قىلىڭلار، ھارام يول بىلەن تەلەپ قىلماڭلار. مۆمىنلەر خۇددى ئىنسان بەدىنىدىكى ئەزالارغا ئوخشايدۇ، ئىنساننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ، دېدى. ئاندىن سوقۇش يەكمۇ ـ يەك چۈشۈش ئۇسۇلى بىلەن باشلاندى. مۇشرىكلار سېپىدىن بىر ئادەم مۇبارىزىگە چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى زۇبەير چىقىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. مۇشرىكلارنىڭ ئەلەمىنى تەلھە ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئالدى. ئۇنى ئەلى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئەلەمنى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئوسمان ئالدى. ئوسماننى ھەمزە ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئەلەمنى ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ سەئىد ئالدى. ئۇنى سەئىد ئىبنى ۋەققاس ئوق بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇندىن كېيىن ئەلەمنى تەلھەنىڭ ئەۋلادىدىن ئارقىمۇ ـ ئارقا تۆت كىشى ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. مۇشرىكلار سېپىدىن ئەبۇبەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇرەھمان مۇبارىزىگە چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەبۇبەكرى سەن بىزگە لازىم، دەپ ئۇنىمىدى. مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئوق ئېتىپ چېكىندۈردى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ جەڭ تازا قىزىغان چاغدا، مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرى ئەسكەرلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن داپلارنى چېلىپ، ناخشىلارنى

www.munber.org

ئېيتىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ قولىقىغا ناخشا ئاۋازى كىرگەندە: ”ئى الله، ساڭا يۈلىنىپ ھۇجۇم قىلىمەن، سەن ئۈچۈن غازات قىلىمەن، ماڭا الله كۇپايە، الله نىمە دېگەن ياخشى ئىگە“ دەيتتى. ئاڭغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب شېھىت بولدى، شېھىتلەرنىڭ پىرى ھەمزە دۈشمەن سېپىنى ئارىلاپ يۈرۈپ جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇنى ۋەھشى ئىسىملىك قۇل بىر نەيزە ئۇرۇپ قۇرسىقىنى يىرىپ تاشلىدى. مۇشرىكلارنىڭ ئەلەمدارلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇشرىكلاردىن ھېچكىم يېقىن كېلەلمەي قېچىشقا باشلىدى. مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرى ھۆكرەپ يىغلىشاتتى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ غەنىمەت يىغىشقا كىرىشتى. تاغ ئۈستىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان ئوقچىلار قىسمى رەسۇلۇللاھنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئۇنتۇپ، بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار دەپ، ئولجىغا يۈگۈرۈشتى. ئابدۇللا ئىبنى جۇبەيرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئابدۇللا ئىبنى جۇبەير ئازغىنە كىشى بىلەن ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇردى. مۇشرىكلارنىڭ باشلىقى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز مەۋقەسىدە قېلىپ قالغان ئوقچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئولجا ئېلىش بىلەن بولۇپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى. تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار نىمە قىلارىنى بىلەلمەي ئالاقزادە بولۇپ، ئولجىنىمۇ تاشلاپ قاچتى، سەپلىرى بۇزۇلدى، ھەتتا ئۇقۇشماستىن بىر ـ بىرى بىلەن ئورۇشتى. بۇ چاغدا بىر مۇشرىك ئايال ئەلەمنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن ئىدى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. مۇھاجىرلارنىڭ ئەلەمدارى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى



www.munber.org



ئۆلتۈرگەندىن ئىبنى قەمئە دېگەن مۇشرىك، مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم، دېگەن سۆزنى تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا مەغلۇبىيەت يۈزلەندى. بەزىلەر مۇھەممەد ئۆلگەن بولسىمۇ دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك، دەيتتى. بۇ مەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلاردىن ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە، خارىجە ئىبنى زەيد، رىفائە ئىبنى مۇئەللا، ئوسمان ئىبنى ئەففان قاتارلىق بىر گۇرۇھ كىشىلەر مەدىنىگە قاراپ چېكىنىشتى، لېكىن ئۇلار دەرھال مەدىنىگە كىرىشتىن ئۇيىلىپ، ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن كىرىشتى. رەسۇلۇللاھ بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ مەيدانىدا ساباتلىق تۇردى. ئەبۇ تەلھە ئەنسارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى قالقىنى بىلەن قوغدايتتى، ئۇ ئۇستا مەرگەن ئىدى، ساداق (ئوق خالتىسى) نى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ: مېنىڭ جېنىم سېنىڭ جېنىڭغا پىدا بولسۇن، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدىن ئۆتكەنلەرگە، ئوقۇڭلارنى ئەبۇ تەلھەگە تاشلاپ كېتىڭلار، دەيتتى. رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى، ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭغا: ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا سەن ئاتا ـ ئانامدىنمۇ چارە، دۈشمەن تەرەپكە قارىما ئوق تېگىپ كەتمىسۇن، ئوق ساڭا تەككىچە ماڭا تەگسۇن، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدە يەنە تۆۋەندىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى: سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ھەي سەئد، ئاتقىن! ساڭا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن، دەيتتى؛ سەھل ئىبنى ھەنىف. ئۇ ئۇستا مەرگەن بولۇپ، دۈشمەنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن كەلتۈرمەيتتى؛ ئەبۇ دەججانە. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداپ ئارقىسىنى مۇشرىكلار تەرەپكە قىلىپ



www.munber.org

تۇراتتى، دۈمبىسىگە تىگىۋاتقان ئوقلارغا چىداپ، دادىل تۇراتتى؛ زىيادە ئىبنى ھارىس. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن مىدىرلىماي ئۇنى قوغدايتتى. زىيادە يارىلانغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا پۇتىنى تەكىي قىلىپ بەردى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا بېشىنى قويغان ھالدا جان ئۈزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زور ئېغىرچىلىقلار يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ خۇدا ئىلتىپات قىلغان چىداملىقى بىلەن ھەممىنى كۆتىرىپ كەتتى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ كېلىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەردىن نەيزىسىنى ئېلىپ: ئۇنى ماڭا قويۇۋېتىڭلار، دېدى. ئۇبەي يېقىن كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر نەيزە ئۇردى. ئۇبەي ئۇھۇددىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئاشۇ نەيزە زەربىدىن يولدا ئۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد غازىتىدا بولسۇن ياكى باشقا غازاتلاردا بولسۇن، ئۇبەيدىن باشقا ئادەمنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرمىگەن. ئەبۇئامىر راھىب مۇسۇلمانلارنى ئورىغا چۈشۈپ كەتسۇن دەپ ئۆرەكلەرنى كولاپ، ئۈستىلىرىنى يېپىپ قويغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ئورەكلەردىن بىرىگە چۈشۈپ كېتىپ ئايلىنىپ كەتتى ۋە ئىككى تىزى سۈرۈلۈپ كەتتى. ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن تۇتتى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا كۆتىرىپ تۇرغۇزدى، بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغانلاردىن ئىدى. ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل چىشىنى تۆكۈۋەتكەن ئىدى، ئۇنى ھاتەب ئىبنى ئەبۇبەلتەئە قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈردى. ئابدۇللا ئىبنى شىھاب زوھرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىنى يېرىۋەتتى،

www.munber.org





لەنىتى ئىبنى قەمىئە ئۇرغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆمۈر ساۋۇتىنىڭ تۆمۈرلىرى ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە كىرىپ كېتىپ جاراھەتلەندۈردى، پېتىپ كەتكەن تۆمۈرلەرنى ئەبۇ ئۇبەيدە چىشى بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى، ئۇنىڭ ئىككى ئۇتتۇر چىشى سۇنۇپ كەتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى قانغا بويىغان قەۋم قانداق نىجات تاپسۇن!؟ دېدى. الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ھېچ ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله يا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئازاپقا دۇچار قىلىدۇ.“ (سۈرە ئال ئىمران، 128 ـ ئايەت) رەسۇلۇللاھنى ئۆلدى دېگەن گەپ تارقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئەڭ ئەۋۋەل كەئىب ئىبنى مالىك ئەنسارى بىلىپ، خۇشاللىقتىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن : ھەي مۇسۇلمانلار، خۇشخەۋەر! دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى جىم تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئاندىن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بىلەن سەئىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ھالدا سەپتىكى ئورنىغا ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئەلى، تەلھە زوبەير، ھارس ئىبنى سەممەلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېتىپ بارغاندا، ئوسمان ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى مۇغىرە: مۇھەممەد قايەردە؟ يا ئۇ ئۆلىدۇ، يا مەن ئۆلىمەن! دەپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېتى مۈدۈرۈپ كېتىپ ئورەككە يىقىلىپ چۈشتى. ھارس ئىبنى سەممە بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپتىكى ئورنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، فاتىمە ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى يۇيدى، ئەلى سۇ قۇيۇپ بەردى. ئاندىن بىر پارچە بورىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى جاراھەتكە باستى، قان توختىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردىكى بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولغان ئىدى، قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن

www.munber.org

چىقالمىدى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا يۆلەپ چىقىرىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر تۈركۈم مۇشرىكلارنى كۆرۈپ: بۇلار بىزدىن يۇقىرى تۇرماسلىقلىرى كېرەك. ئى ﷲ، سەن بىلەن كۈچ ــ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىمىز، دېدى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئەسكەر ئەۋەتىپ، مۇشرىكلارنى تاغدىن قوغلاپ چۈشۈرگۈزىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ بەدەنلىرى نۇرغۇن يارىلاندى. چۈنكى ئۇلار دۈشمەن ئوقلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزلىرىنى ئوققا تۇتۇپ بەرگەن ئىدى. تەلھەنىڭ يەتمىش نەچچە يېرى يارىلىنىپ، قولى تۇتماس بولۇپ قالدى. كەئب ئىبنى مالىكنىڭ ئون يەتتە يېرى يارىلاندى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش نەچچە كىشى شېھىت بولدى. بۇلاردىن ئالتىسى مۇھاجىرلاردىن، قالغىنى ئەنسارىلاردىن ئىدى. مۇھاجىرلاردىن شېھىت بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ۋە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرلەر بار ئىدى. ئەنسارىلاردىن شېھىت بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ ئامىر، ئەمر ئىبنى جەمۇھ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خەللات ئىبنى ئەمر بىلەن كېلىنىنىڭ قېرىندىشى جابىر ئىبنى ئابدۇللانىڭ ئاتىسى بار ئىدى. ئەمرنىڭ ئايالى ھەرامنىڭ قىزى ھىند كېلىپ ئۇلارنى تۆگىگە ئارتىپ مەدىنىگە ئاپىرىپ دەپنە قىلماقچى بولۇپ ماڭغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىت بولغانلارنى ئوھۇدنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈشنى مەنئى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھىند قايتىپ كەتتى. شېھىت بولغانلارنىڭ قاتارىدا سەئد ئىبنى رەبىئمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىزلىگىلى ئادەم ئەۋەتكەندە، ئۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدا




www.munber.org



جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئىز ــ دېرىگىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ: قەۋمىمگە ئېيتىڭلار، ئەقەبە كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرسۇن. ﷲ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بۇنداق قىلمىسا، ئۇ دۇنيادا مېنىڭ يۈزۈمگە قارىيالمايدۇ، دېدى. ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تاغىسى ئەنەس ئىبنى نەزىرمۇ شېھىت بولغان ئىدى. ئۇ شېھىت بولۇشتىن ئىلگىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ: ئى قەۋمىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قېلىپ نىمە قىلىسىلەر؟ قېرىندىشىڭلارغا ئوخشاش دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈڭلار! دېدى ــ دە، مۇشرىكلار بىلەن راسا ئۇرۇشۇپ شېھىت بولدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى شېھىتلەرنىڭ قۇلاق ــ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، قورساقلىرىنى يېرىپ تاشلىغان ئىدى. ھەتتا ئەبۇ سوفياننىڭ خوتۇنى ھىند ھەمزەنىڭ قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى ئېلىپ چايناپ، يۇتالماي تاشلىۋەتتى. ئەبۇ سوفيان تاغقا چىقىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ئوبدان ئۇرۇش بولدى، ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش ــ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، بەدرى غازىتىدىكى ئۆچىمىزنى ئالدۇق. خالىساڭلار كېلەر يىلى بەدرىدە يەنە ئۇرۇشىمىز. ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرى كېسىپ تاشلىنىپتۇ، مەن بۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىغان ئىدىم، لېكىن بۇنىڭغا خاپا بولۇپمۇ كەتمىدىم، دېدى. ئاندىن كېيىن مۇشرىكلار مەدىنىگە كىرمەستىنلا مەككىگە قاراپ يول ئالدى. بۇنىڭدىن بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇب بولمىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار يېڭىلگەن بولسا، مۇشرىكلار چوقۇم ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، مەدىنىنى تالان ــ تاراج قىلغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، تاغىسى




www.munber.org

ھەمزىگە قاتتىق قايغۇردى. ئۇھۇد جېڭىدە ئۆلگەن شېھىتلەرنىڭ ھەممىسى كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىندى. 2 ـ 3 ئادەم بىر قەبرىگە قويۇلدى، چۈنكى مۇسۇلمانلار چارچىغانلىقتىن، ھەربىر شېھىت ئۈچۈن ئايرىم گۆر كولاش ئېغىر كېلەتتى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ بارغاندا، يەھۇدىي ۋە مۇناپىقلار مەسخىرە قىلىپ كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىكنى ئاشكارىلاپ، ئۆز ھەمراھلىرىغا: جەڭگە چىقماي بىز بىلەن قېلىشقان بولسا، ئۆلتۈرۈلمىگەن بولاتتى، دېيىشتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇھۇد غازىتىدا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىشى مۇنداق چوڭ ئىككى ئىشنى تەرك ئەتكەنلىكىدىن بولغان. بۇ ئۇلارغا ئەسلىتىدىغان مۇھىم ساۋاق. بىرىنچى ئىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، مۇسۇلمانلار يەڭسىمۇ، يېڭىلسىمۇ، ئوقچىلار قىسمىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماسلىق توغرىسىدىكى تاپشۇرۇغى ئىدى، ئوقچىلار بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتتى؛ ئىككىنچى ئىش، كىشىنىڭ بارلىق ھەركىتى خالىس خۇدالىق ئۈچۈن بولۇشى ۋە چوڭ مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتماسلىقى كېرەك ئىدى، ئوقچىلار دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، غەنىمەت بىلەن بولۇپ كەتتى، ئاخىرى ئۇنىڭ جازاسىنى تارتتى.

الله قۇرئاندا ئۇھۇد جېڭى تەپسىلى بايان قىلىنغان ئال ئىمران سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ”الله سىلەرگە قىلغان ۋەدىسىدە تۇردى. اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار؛ بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەرنى دۈشمەندىن قايتۇردى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. الله مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.“ (سۈرە ئال ئىمران، 152 ـ ئايەت)

ئۇھۇددىكى مۇسىبەتنىڭ سەۋەبى بىر ياقىدىن باش چىقارمىغانلىق، بوشاڭلىق قىلغانلىق، باشلىققا ئىتائەت قىلمىغانلىقتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىتتىپاق بولۇش، جاسارەتلىك بولۇش، باشلىققا ئىتائەت قىلىش زۆرۈر. اللهنىڭ تەۋپىق بېرىشىنى سورايمىز.

## ھەمرا ئۇلئەسەد غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، كەينىگە يېنىپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ساھابىلەرگە دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشنى چاقىرىق قىلدى ۋە پەقەت ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقانلارنى بۇيرۇدى. ساھابىلەر اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جاراھەتلىرىنى تېڭىپ، ئۇھۇد غازىتى ئۈچۈن باغلانغان ئەلەمنى يەشمەستىن ئاتلىنىشتى، ئەلەم ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا تۇتقۇزۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قويدى. لەشكەرلەر ئاتلىنىپ ھەمرائۇلئەسەد *[مەدىنىدىن 8 مىل يىراقلىقتا، مەككىنىڭ يولىدىكى جاي]* گە يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىقتى. مۇشرىكلار مەدىنىنى تالان ـ تاراج قىلىپ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرمەي، مۇسۇلمانلارنى تاشلاپ قايتىپ


www.munber.org

كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۆزئارا تاپا ـ تەنە قىلىشىپ، ئارقىغا قايتىش نىيىتىگە كېلىپ تۇرۇشقان ئىدى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوغلاپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوھۇد جېڭىگە چىقمىغانلارمۇ قوشۇلۇپ چىققان بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاشتى. الله ئۇلارنىڭ دىلىغا قورقۇنچ سالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار مەككىگە قاراپ تىكىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمرائولئەسەددە شائىر ئەبۇئەززەنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرگە بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇ بەدرى غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمانلارغا قارشى چىقماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بەرگەن ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇ: ئى مۇھەممەد، مەرھەمەت قىلىپ قىزلىرىم ئۈچۈن قويۇپ بەرسەڭ، ساڭا بۈنىڭدىن كېيىن قارشى چىقماسلىققا ۋەدە بەرسەم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، سېنىڭ مەككىگە سالامەت قايتىپ بېرىپ مۇھەممەدنى ئىككىنچى قېتىم ئالدىدىم، دېيىشىڭگە يول قويۇلمايدۇ، مۆمىن ئادەم چايان چاققان تۆشۈككە ئىككىنچى قېتىم قولىنى سالمايدۇ. ئى زەيد! ئۇنىڭ كاللىسىنى ئال، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇئەززە ئۆلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋەسىيتىدىن ئالدىنىشتىن ساقلانمىغان ئادەم ئەقىللىق ھېسابلانمايدىغانلىقى، شۇڭا ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن قەتئى بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا زور تەربىيە ئېلىشقا بولىدۇ.

## مۇشۇ يىل يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوسمان ئىبنى ئەففان نىكاھىدىكى رۇقەييە ئىسىملىك قىزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ كۇلسۇم دېگەن يەنە بىر قىزىنى ئۇنىڭغا بەردى.



www.munber.org



شۇڭا ئۇ ئوسمان زۇننۇرەيىن (ئىككى نۇرلۇق) دەپ ئاتالدى.

مۇشۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى ھەفسەنى نىكاھىغا ئالدى. ھەفسەنىڭ ئانىسى ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. ھەفسە بۇرۇن خۇنەيس ئىبنى ھوزافە سەھەمىنىڭ نىكاھىدا ئىدى، خۇنەيس بەدرى غازىتىدا يارىلىنىپ قازا قىلغان.

مۇشۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى ئامىر ئەۋلادىدىن خۇزەيمەنىڭ قىزى زەينەبنى نىكاھىغا ئالدى. زەينەب جاھىلىيەت دەۋرىدە مىسكىنلەرگە قىلغان شەپقىتى ۋە خەير ـ ساخاۋىتى تۈپەيلىدىن ئۇممۇلماساكىن (مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى) دەپ ئاتالغان ئىدى. زەينەب ئابدۇللا ئىبنى جەھشنىڭ ئەمرىدە بولۇپ، ئابدۇللا ئوھۇد جېڭىدە شېھىت بولغان ئىدى. زەينەب ھارىسنىڭ قىزى مەيمۇنەنىڭ ئانا بىر ھەمشىرىسى ئىدى. مۇشۇ يىلى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن تۇغۇلدى.

مۇشۇ يىلى ھاراق ھارام قىلىندى. ئەرەب خەلقى ھاراقنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ھاراق بىراقلا چەكلەنسە قىيىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، تەدرىجى چەكلەندى. ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشى كىشىنى ئۇنىڭدىن سەسكەندۈرىدىغان ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقتى. چۈنكى بىرەر يامان ئىشنىڭ چەكلىنىشى بىرەر ۋەقە تۈپەيلىدىن بولسا، بۇنداق ۋەقەنى ئەيىپلەشكە ھەممە ئادەم قوشۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشىگە تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ. ھاراق توغرىسىدا دەسلەپتە قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ”سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇ ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە بەزى پايدا بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇنا پايدىغا قارىغاندا



www.munber.org

تېخىمۇ چوڭ، دېگىن.“ (سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەت) قىمارنىڭ پايدىسى شۇكى، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇ كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىلەتتى. ھاراقنىڭ پايدىسى بەدەننى كۈچەيتىشتە ئىدى. بەزى مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىپ نامازدا قىرائەتتىن ئېزىپ كەتكەندە، مەسلىكتە ناماز ئوقۇش قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت بىلەن مەنئىي قىلىنغان: ”ئى مۆمىنلەر، سىلەر مەس بولساڭلار، نىمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغا قەدەر، نامازغا يېقىنلاشماڭلار.“ (سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بەزى مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىپ دىنني بۇرادەرلىرىگە چېقىلىپ قويغانلىقتىن، قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولۇپ، ھاراق قەتئىي ھارام قىلىنغان: ئى مۆمىنلەر، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)، پال ئوقلىرى[1] ھەقىقەتەن پاسكىنا قىلىق، شەيتاننىڭ ئىشى، نىجات تېپىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ساقلىنىڭلار، شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك تۇغدۇرماقچى، اللەنىڭ زىكرىدىن ۋە نامازدىن توسماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشلاردىن يانامسىلەر؟ (سۈرە مائىدە، 90 ـ، 91 ـ ئايەتلەر) *[[1] پال ئوقلىرى ـ ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەر سەپەرگە چىقماقچى، ئۆيلەنمەكچى بولسا، ياكى بىرەر كىشىنىڭ نەسەبىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇززا، ھۇبەل قاتارلىق مەشھۇر بۇتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇش ـ بولماسلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەزلام دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ئوقلار بىلەن پال سالاتتى. مەسىلەن، بىر كىشى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، بىرسىگە ”رەببىم بۇيرۇدى“، ئىككىنچىسىگە ”رەببىم توستى“ دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىككى ئوقنى قاچىدەك بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، بىرىنى ئالاتتى. ”رەببىم*

www.munber.org





*بۇيرۇدى“ دېگەن خەت يېزىلغان ئوق چىقسا، سەپەرگە چىقاتتى، ”رەببىم توستى“ دېگەن خەت چىقسا، سەپەرگە چىقمايتتى. ـ ت]* ئەينى زاماندىكى مۇسۇلمانلار ”ياندۇق“ دەپ جاۋاب بەرگەن، ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىمۇ شۇنداق جاۋاب بەرسۇن.

## ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى

4 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇۋەيلىدنىڭ ئوغۇللىرى تولەيھە ۋە سەلەمەلەرنىڭ ئۆز قەۋمى بەنى ئەسەدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇسەلەمە ئىبنى ئەسەد مەخزۇمنى چاقىرىپ، ئەلەمنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنى بەنى ئەسەد قەبىلىسى قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭغا بىر تۈركۈم ئادەم قوشۇپ بەردى. ئەبۇسەلەمە مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا ئاتلىنىپ قەتەن *[مەدىنىنىڭ شەرقىدىكى فىد تەرەپكە جايلاشقان بەنى ئەسەد تېغى.]* *دېگەن* جايغا يېتىپ كېلىپ، بەنى ئەسەدگە ھۇجۇم قىلدى. بەنى ئەسەد خەلقى ماكانلىرىنى تاشلاپ قاچتى. ئەبۇسەلەمە ئۇرۇشماي، قوي، تۆگىلەرنى غەنىمەت ئېلىپ، ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

مۇشۇ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇرەنە (مەككىدىكى ئەرەفاتقا يېقىن جاي) دە تۇرۇشلۇق سۇفيان ئىبنى خالىد ئىبنى نەبىھۇلھۇزەلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقا ئادەم توپلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئابدۇللا ئىبنى ئونەيس جوھەنىنى يالغۇز ئەۋەتتى. ئابدۇللا ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خۇزائە قەبىلىسىدىن قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا

مۇھەررەمنىڭ بېشىدا ئاتلىنىپ، سوفيياننىڭ قېشىغا باردى. سوفييان ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدى. ئابدۇللا: مەن خوزائە قەبىلىسىدىن بولىمەن. سېنىڭ مۇھەممەدگە قارشى ئادەم توپلاۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ، سەن بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن كەلدىم، دېدى. سوفيان ئابدۇللانىڭ دىگىنىدەك ئادەم توپلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللا سوفيانغا پاراڭ قىلىپ بېرىپ ماڭدى، سوفيان ئۇنىڭ سۆزىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. سوفيياننىڭ چېدىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چېدىردىكىلەر چىقىپ كېتىشتى. ئۇ ئىككىسى يالغۇز قالدى ۋە سوفيان ئۇخلاپ قالدى، بۇ چاغدا ئابدۇللا سوفياننى ئۆلتۈرىۋېتىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ھېچكىم قوغلىمىدى. الله مۆمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ ئۇرۇش ئېچىشىدىن ساقلىدى.

## قۇشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلنىڭ سەپەر ئېيىدا، ئەزەل، قارە قەبىلىلىرىدىن ئىسلام دىنىدىن تەلىم بېرىشكە ئادەم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون كىشىنى قوشۇپ بەردى، ئاسىم ئىبنى سابىت ئەنسارىينى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلار ئاتلىنىپ كېچىسى يول ماڭدى، كۈندۈزى يوشۇرۇندى. رەجى دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، بايىقى بىر تۈركۈم كىشى خىيانەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇنەيس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن سۇفيان ئىبنى خالىد ھۇزەيلىنىڭ قەبىلىسىگە كۆرسىتىپ قويىدى. ھۇزەيل قەبىلىسىدىن ئىككى يۈز نەپەر ئوقچى ئاتلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېقىنلاشقاندا، مۇسۇلمانلار تۇيۇپ قېلىپ، شۇ يەردىكى بىر تاققا چىقىۋالدى. دۈشمەنلەر ئۇلارغا:



www.munber.org



تاغدىن چۈشۈڭلار، سىلەرنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىمىز، دېدى. مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ كىشى دۈشمەنلەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ تاغدىن چۈشتى. ئاسىم بىلەن قالغانلار مۇشرىكلاردىن پانا تىلەپ تاغدىن چۈشۈشتىن باش تارتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشتى. تاغدىن چۈشكەنلەرنىڭ بىرىنى مۇشرىكلار ئۆلتۈردى، قالغان ئىككىسىنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلاردا ئۆچى بار مۇشرىكلارغا ساتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەككىدە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ بىرى بولغان خوبەيب ئىبنى ئەدى ئۆلۈش ئالدىدا مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى يوقكى پەرۋايىم،

شېھىت بولۇپ يېقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.

خۇدانىڭ يولىدا ئۆلدۈم، ئەگەر ئۇ خالىسا، شەكسىز

ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغى رىزۋاندىن.

*[باغى رىزۋان ـ جەننەت مەنىسىدە. ـ ت]*

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلنىڭ سەپەر ئېيىدا، بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن مۇلا ئىبنۇلئەسىننە نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇئامىر ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ مۇسۇلمان بولمىدى، لېكىن بىر ئاز يېقىنلىشىپ: مەن سېنىڭ دەۋىتىڭنى گۈزەل، ئېسىل دەپ قارايمەن. ساھابىلىرىڭدىن بىر بۆلۈم كىشىلەرنى مەن بىلەن نەجد ئەھلىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى دىنىڭغا دەۋەت



www.munber.org

قىلىساڭ، ئۇلار قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نەجد ئەھلىنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورقىمەن، دېدى. ئەبۇ ئامىر: مەن ئۇلارغا باشپانا بولاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنزىر ئىبنى ئەمرنىڭ باشچىلىقىدا ساھابىلەردىن 70 كىشىنى ئەۋەتتى، بۇلار ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە قۇرئاننى كۆپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قۇررا (قارىلار) دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇلار ئاتلىنىپ بىئرى مەئۇنە *[بەنى ئامىر بىلەن بەنى سەلىم ئارىسىدىكى، مەدىنىنىڭ شەرقى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر جاي.]* *دېگەن* يەرگە كېلىپ چۈشكەندىن كېيىن، بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئامىر ئىبنى تۇفەيلگە ھەرام ئىبنى مىلھاندىن مەكتۇپ يوللىدى. ئامىر مەكتۇپقا ئېتىۋار قىلماي، ھەرام ئىبنى مىلھاننى ئۆلتۈردى. ئاندىن ھەرام ئىبنى مىلھاننىڭ ھەمراھلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بەنى ئامىرلىقلارنى چاقىرغان بولىسىمۇ، ئۇلار مۇلائىبۇلئەسىننەنىڭ باشپانالىقىدىكى كىشىلەرگە چېقىلىشقا ئۇنىمىدى. ئامىر بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن رەئىل، زەكۋان، ئەسىيەلەردىن ياردەم سورىغاندا، ئۇلار قوبۇل قىلدى ۋە ئامىر بىلەن بىللە بېرىپ، ساھابىلەرنى قورشىۋېلىپ ئۇرۇشتى. ساھابىلەر ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، سانى ئاز، دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن، قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى بولماي، ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىدى، پەقەتلا كەئىب ئىبنى زەيد بىلەن ئەمر ئىبنى ئۇمەييە قۇتۇلۇپ قالدى. كەئىب ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدا يېتىۋالغانلىقتىن، ئۆلۈكلەر قاتارىدا سانىلىپ قۇتۇلۇپ قالدى؛ ئەمر ئىبنى ئۇمەييە ئىش بىلەن سىرتقا كەتكەن ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ساھابىلەرنىڭ قىرىلغانلىقىنى

www.munber.org





يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا نۇتۇق سۆزلىدى، نۇتۇقتا: قېرىنداشلىرىڭلار مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلار: ئى رەببىمىز، خەلقىمىزگە يەتكۈزگىنكى، بىز سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەتتۇق، بىز سەندىن رازى ۋە سەن بىزدىن رازى، دېگەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھادىسە بىلەن رەجى ھادىسىسىنىڭ خەۋىرىنى بىر كۈندە ئاڭلاپ، قاتتىق قايغۇردى ۋە ئۇلارغا خىيانەت قىلغان مۇشرىكلارغا بىر ئايغىچە نامازدا بەددۇئا قىلدى.

## بەنى نەزىر غازىتى

يەھۇدىيلارنىڭ ئاقىۋىتى نىمە دېگەن يامان ـ ھە! خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ياشاۋاتقان بىر قەۋمنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ قىلغان بىرەر خىيانەت شۇ قەۋمگە بالايى ـ ئاپەت، خانىۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. خەززەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى، مەدىنىگە خوشنا ئولتۇراقلاشقان بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولدى. بەنى نەزىر قەبىلىسى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئارا تىنچ ياشاش توختىمى بار ئىدى، لېكىن بەنى نەزىر قەبىلىسى ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. بىر چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلىرى بىلەن بەنى نەزىرلەرنىڭ يۇرتىدا بولغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلاردىن بىر گورۇھ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشنى پىلانلاپ، بىرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە ئۆگزىدىن تۈگمەن تېشى تاشلاپ ئۆجۈقتۇرىۋېتىشكە تەيىنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى سېزىپ، ساھابىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كەتتى،

www.munber.org

ئاندىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشنى ئۇقتۇردى. "كىشى خائىنلارغا سەل قارىماي، ئۇلارغا قەتئىي بولۇشى كېرەك." بەنى يەھۇدىيلىرى چىقىپ كېتىشكە ھازىرلىنىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان مۇناپىقلار ئادەم ئەۋەتىپ: يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كەتمەڭلار، بىز سىلەرگە يار ـ يۆلەكتە بولىمىز، دېيىشتى. الله قۇرئاندا مۇناپىقلارنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "مۇناپىقلار ئەھلى كىتابتىن (قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان بۇرادەرلىرىگە: (يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىۋېلىسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھەققىدە ھېچ كىمگە ئىتائەت قىلمايمىز، سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ، يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ، ئەھلى كىتاب ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ." (سۈرە ھەشر، 11 ـ ، 12 ـ ئايەتلەر) لېكىن يەھۇدىيلار مۇناپىقلارنىڭ ياردەم بېرىش ۋەدىسىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، سۈرگۈن بولۇشنى كېچىكتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلىنىپ ئادەم توپلاپ چىقتى، ئورنىغا مەدىنىدە ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قويدى، ئەلەمنى ئەلىگە تۇتقۇزدى. بەنى نەزىر قەبىلىسىدىكى يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قالىمىز دەپ، قورغانلىرىغا بېكىنىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئالتە كۈن مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن، تەسلىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خورما

www.munber.org





دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى. الله يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدى. مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيدىن ياردەم كەلمىدى؛ ئۇلار بۇرۇن بەنى قەينۇقا قەبىلىسىدىن ۋاز كەچكەندەك، بەنى نەزىر قەبىلىسىدىنمۇ ۋاز كەچتى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، قۇرالدىن باشقا نەرسىلىرىنى تۆگىلىرى كۆتۈرگۈدەك يۈكلەپ سۈرگۈن بولۇپ چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈندى. يەھۇدىيلار ئۆيلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قالمىسۇن دەپ ئۆز قوللىرى بىلەن بۇزۇۋېتىپ چىقىپ كەتتى. يەھۇدىيلارنىڭ بەزىلىرى خەيبەرگە كېلىپ چۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھۇيەي ئىبنى ئەختەپ ۋە سەللام ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيقلەر بار ئىدى. بەزىلىرى شامدىكى ئەزرىئات دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى. ئۇلاردىن يامىن ئىبنى ئەمر بىلەن ئەبۇ سەئىد ئىبنى ۋەھب مۇسۇلمان بولدى. بەنى نەزىردىن غەنىمەت ئېلىنغان ماللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازىلارغا تەقسىم قىلىپ بەرمىدى، چۈنكى بۇ ئات، تۆگىلەرگە مىنىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئېلىنغان غەنىمەت ئەمەس ئىدى؛ مۇنداق غەنىمەت ئۇرۇش تەييارلىقلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، يېقىنلىرىغا، يېتىم ـ مىسكىن، غېرىپلارغا ئىشلىتىشكە خاس ئىدى. قۇرئاندا شۇنداق كۆرسىتىلگەن: "الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرانىڭ[1] ماللىرىنى ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن اللهغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى." *[[1] مەدىنە ئەتراپىدىكى بەنى قۇرەيزە، بەنى نەزىر، فەدەك، خەيبەر، ئۇرەينە قاتارلىق قەبىلە، يېزىلارنىڭ ئاھالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ،*

www.munber.org

_ ت] (سۈرە ھەشر، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەنىمەتتىن بىر قىسمىنى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان كەمبەغەل مۇھاجىرلارغا بەردى. بۇلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن چاغلىرىدا ئەنسارىلاردىن ئالغان نەرسىلىرىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تېرىپ، ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇغىنى ھەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر پارچە يەرنى بۆلۈۋالدى.

## زاتۇرىغا غازىتى

مۇشۇ يىلنىڭ رەبىئۇل ئاخىر ئېيىدا، نەجد تەرىپىدە ياشىغۇچى ئەرەبلەردىن بەنى مۇھارىب، بەنى سەئلەبە قەبىلىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىرلىق كۆرۈپ، ئۇلارغا يەتتە يۈز نەپەر غازى بىلەن قارشى ئاتلاندى. ئورنىغا مەدىنىدە ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ دىيارىغا بېرىپ قارىسا، ئاياللاردىن باشقا ئادەم كۆرۈنمىدى، ئەرلىرى قورقۇپ قېچىپ تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىشقان ئىكەن. كېيىن ئۇلاردىن بىر تۈركۈم ئادەم توپلىنىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى چىقتى، مۇسۇلمانلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە ئۇلار تاپا ـ تەنە بىلەن بىر ـ بىرلىرىنى قورقۇتتى. نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، سالاتوخەۋپ، *[مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغاندا، پەرز ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، نامازنى ئىككىگە بۆلۈنۈپ نۆۋەت بىلەن ئوقۇيدۇ. بۇ سالاتوخەۋپ دەپ ئاتىلىدۇ، ـ ت] دېدى*. اللە دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدى، ئۇلار پەيغەمبەر



www.munber.org



ئەلەيھىسسالامدىن قورقۇپ تاراپ كېتىشتى. بۇ غازاتنى ئىمام بۇخارى ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى بولغان دەپ قارايدۇ، ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ ھەممىسى 4 ـ يىلى بولغان دەپ قارايدۇ.

## كېيىنكى بەدرى غازىتى

مۇشۇ يىل شەئبان ئېيى كىرىش بىلەن، ئەبۇسۇفياننىڭ ۋەدىلەشكەن ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئوھۇد غازىتى ئاياقلاشقاندا، ئەبۇسۇفيان مۇسۇلمانلارغا: كېلەر يىلى بەدرى سودا مەۋسۇمىدا سىلەر بىلەن يەنە سوقۇشىمىز، دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان ئىدى. بەدرى ھەريىلى شەئبان ئېيىدا سودا بازىرى ئېچىلىدىغان جاي ئىدى، سودىگەرلەر ئۇ يەردە سەككىز كۈن تۇراتتى. ۋەدىلەشكەن مەزگىل يېتىپ كەلگەندە، قۇرەيشتە قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنلىكتىن، ئەبۇ سۇفيان ئۇرۇشقا چىقىشقا پېتىنالمىدى، ۋەدىسىدە تۇرالمىدى، دېگەن بەدنامغا قېلىشتىن قورقۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا چىقىشتىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى. ئەبۇ سۇفيان ئەسكىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن مۇسۇلمانلارنى قورقۇتماقچى بولۇپ، نەئىم ئىبنى مەسئۇدنى ياللاپ ئەۋەتتى. اللە تائالا نەئىمنىڭ مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قىلغان سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دېدى: ”ئۇلارغا كىشىلەر: ھېلىقى ئادەملەر سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار، دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: بىزگە اللە كۇپايە، اللە نېمە دېگەن ياخشى ھامى! دېدى.“ (سۈرە ئال ئىمران، 173 ـ ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەئىمنىڭ تەھدىت سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، اللەغا تەۋەككۇل قىلىپ، بىرمىڭ بەش يۈز ساھابە بىلەن ئاتلاندى، مەدىنىدە



www.munber.org

ئۆز ئورنىدا ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنى قويدى. ئۇلار يۈرۈپ بەدرىگە بېرىپ قارىسا، ھېچ ئادەم كۆرۈنمىدى. چۈنكى ئەبۇسۇفيان نەئىمنىڭ قورقۇتشى بىلەن، مۇسۇلمانلار چىقمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، قۇرەيش خەلقىنى بىر ـ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئەبۇسۇفيان قۇرەيش ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مەجىنە (مەررۇزەھران تەرەپتىكى مەشھۇر بازار) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، قەۋمىگە: بۇ يىل قەھەتچىلىك يىلى، مەمۇرچىلىق يىلدا كەلسەك ياخشى بولىدۇ، قايتىپ كېتىڭلار، دېگەن ئىدى، مۇسۇلمانلار بەدرىدە تۇرۇپ سودا ئىشلىرىنى ئۆزلىرى مۇستەقىل قىلىشتى. ”ئۇلار اللەنىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار اللەنىڭ رازىلىقىنى ئىزلىدى. الله ئۇلۇغ پەزلى ئىگىسىدۇر.“ (سۈرە ئال ئىمران، 174 ـ ئايەت) سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ سۇفيانغا: ئەزبىرايى خۇدا، مۇسۇلمانلارغا قىلغان ۋەدەڭدىن سېنى باشتا توسقان ئىدىم. مۇسۇلمانلار بىزنىڭ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىزگە قارشى ئاتلىنىشقا جۈرئەت قىلدى، دېدى.

## يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

مۇشۇ يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىس ھۈسەين ئىبنى ئەلى تۇغۇلدى؛ خۇزەيمەنىڭ قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى زەينەب ۋاپات بولدى؛ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىسى ۋە ئىمىلدەش ھەمشىرىسى، ھەبەشكە بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلغان ئەبۇسەلەمە ۋاپات بولدى؛ ئېرى ۋاپات بولۇپ تۇل

www.munber.org





قالغان ئۇممۇ سەلەمەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھىغا ئالدى.

ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى

## دۇمەتۇل جەندەل غازىتى

مۇشۇ يىلنىڭ رەببۇل ئەۋۋەل ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇمەتۇل جەندەلنىڭ *[دەمەشىقتىن بەش كۈنلۈك، مەدىنىدىن 15 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر جاي]* بىر تۈركۈم ئەرابلىرىنىڭ يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە جەۋرى ـ زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى، مەدىنىگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھازىرلىنىپ، مىڭ نەپەر ساھابە بىلەن ئاتلاندى. مەدىنىدە ئورنىغا سىبا ئىبنى ئەربەتەنى قالدۇردى، كۈندۈزى يۇشۇرۇنۇپ، كېچىسى مېڭىپ، ئەرابلارغا يېقىنلاشقاندا، دۇمەتۇل جەندەل ئاھالىسى ئۇقۇپ قېلىپ تارقىلىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئالدى، چارۋىلارغا قارايدىغانلارنىڭ بەزىسى قولغا چۈشتى، بەزىسى قېچىپ كەتتى. ساھابىلەر ئۇلارنىڭ ماكانلىرىغا بېرىپ قارىسا، ھېچ ئادەم ئۇچرىمىدى، ئەتراپقا چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپمۇ بىرەر ئادەمنى تاپالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا بەزارە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى بىلەن كېلىشىم تۈزدى. ئۇيەينىگە مىڭ نەيزىلىك ئادەم قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى گالۋاڭ باشلىق دەيتتى. ئۇنىڭ يېرى قاقاسلىقتا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چارۋىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن مەدىنىدىن 36 مىل يىراقلىقتا

www.munber.org

يەر بۆلۈپ بەردى.

## بەنى مۇستەلەق غازىتى

مۇشۇ يىلنىڭ شەئبان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى قۇرەيشكە ياردەم بەرگەن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارس ئىبنى زىرارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورنىغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى قالدۇرۇپ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. ئايالىرىدىن ئائىشە بىلەن ئۇممۇ سەلەمەمۇ بىللە چىقتى. بۇرۇنقى جەڭلەرگە چىقمىغان بىر تۈركۈم مۇناپىقلارمۇ غەنىمەت ئېلىشنى تەمە قىلىپ چىقىشتى. قوشۇن يولدا بەنى مۇستەلەقنىڭ بىر جاسۇسىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن دۈشمەن ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇ جاۋاب بەرمىگەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلدى. بەنى مۇستەلەقنىڭ ئەسكەر باشلىقى ھارس مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە جاسۇسلۇققا ئەۋەتكەن ئادىمىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى، بەزى ئەسكەرلىرى تارقاپ كەتتى. مۇسۇلمانلار مۇرەيسىكە يېتىپ كېلىپ، ھارسنىڭ ئادەملىرىنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى، ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ بىر سائەت ئوق ئېتىشتى. ئاندىن مۇسۇلمانلار تەك ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەندىن بىرنىمۇ قاچۇرماي ئونچە كىشىنى ئۆلتۈردى، قالغانلىرىنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئەسىر ئالدى، ئىككى مىڭ تۆگە، بەش يۈز قوي غەنىمەت ئالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماللارنى باشقۇرۇشقا



www.munber.org



خىزمەتچىسى شەقراننى، ئەسىرلەرنى باشقۇرۇشقا بۇرەيدەنى قويدى. ئىككى يۈز ئائىلە ئەسىر ئېلىندى. ئەسىر ئېلىنغانلار قاتارىدا بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزى بەررەمۇ بار ئىدى. ئەسىرلەر مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل سىياسىتى ۋە ناھايىتى مەرتلىكى گەۋدىلىندۇ. بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى ئەرەبلەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە ئىدى، ئاياللىرىنىڭ مۇنداق ھالەتتە ئەسىرگە چۈشۈش ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئاياللارغا مەرھەمەت قىلىپ ئۆزلىگىدىن ئازات قىلدۇرماقچى بولۇپ، ھارسنىڭ قىزى بەررەنى نىكاھىغا ئېلىپ، جۇۋەيرىيە دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ مۇسۇلمانلار قول ئاستىدىكى ئەسىرلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدىلىرى دەپ قاراپ، مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقاندەك، جۇۋەيرىيە ئۆز قەۋمى ئۈچۈن ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال بولۇپ قالدى. مۇنداق چوڭ مەرتلىك ۋە ياخشى مۇئامىلە تۈپەيلىدىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى دەرھال مۇسۇلمان بولۇپ، بۇرۇن مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولغان بولسا، ئەمدى دوستىغا ئايلاندى. رەسۇلۇللاھنىڭ دانالىقى بولمىغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك سېلىنغان بولاتتى. بۇ غازات جەريانىدا ئىككى ۋەقە يۈز بەردى:

بىرىنچى ۋەقە: ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خىزمەتچىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان بىر ئادەم ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۆمەرنىڭ خىزمەتچىسى ئۇ ئادەمنى بىرنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىپ قويدى، ھەر ئىككىسى ئۆز قەۋمىنى ياردەمگە چاقىردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئادىمىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ جېدەللەشكىلى تۇردى.

رەسۇلۇللاھ چىقمىغان بولسا، قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغىلى ئاز قىلىشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: جاھىلىيەت زامانىدىكى تەرەپبازلىقنى يەنە قىلامسىلەر؟ بۇنداق ئەسكى ئىشنى تاشلاڭلار! دېدى. ئاندىن ئۇرغۇچىدىن ئۇرۇلغۇچىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن جىدەل بېسىقتى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ، بىر توپ خەزرەجلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىدا: بۈگۈنكىدەك خورلۇقنى كۆرمىگەن ئىدىم. بىز ئۇلارنى (مۇھاجىرلارنى) يۇرتىمىزغا چۈشۈردۇق، ئۆيلىرىمىزگە ئورۇنلاشتۇردۇق، ئەمدى ئۇلار بىزنى ئۇرامدىكەن؟! ”ۋاپاغا جاپا“ دېگەن شۇ. ئەزبىرايى خۇدا، مەدىنىگە قايتقاندا ئۇلارنى چۇقۇم قوغلاپ چىقىرىمىز، دېدى. ئاندىن يېنىدىكىلەرگە: بۇ خورلۇقنىڭ ھەممىسىگە ئۆزەڭلار سەۋەب بولدۇڭلار، ئۇلارنى يۇرتۇڭلارغا چۈشۈردۇڭلار، ماللىرىڭلارنى ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشتىڭلار، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇلارغا ھېچنىمە بەرمىگەن بولساڭلار، باشقا يەرلەرگە كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە مۇھەممەد ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، جېنىڭلارنى سېلىپ بەردىڭلار، باللىرىڭلارنى يېتىم قىلدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئازىيىپ كەتتىڭلار، ئۇلارنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇندىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم قىلماڭلار، كەمبەغەللىشىپ مۇھەممەدنى تاشلاپ كېتىشسۇن، دېدى. بۇ يەردە زەيد ئىبنى ئەرقەم ئىسىملىك ئىمانى كۈچلۈك بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىبنى ئۇبەينىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگى ئۆڭدى. ئۇنىڭغا: ئى يىگىت، بەلكىم سېنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقىڭ باردۇر، شۇڭا شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدىغانسەن، دېدى. زەيد: ئى رەسۇلۇللاھ ﷲغا قەسەمكى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، دېدى.





www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خاتا ئاڭلاپ قالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، دېدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىبنى ئۇبەينى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىشنى ياكى بىراۋنى بۇيرۇپ ئۆلتۈرگۈزۈشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئۆمەر، كىشىلەر مۇھەممەد ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، دېسە ياخشىمۇ؟ دەپ، ئۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇ ئىشتىن باشقا ياققا بۇراش مەقسىتىدە، ئادەتتە سەپەرگە چىقمايدىغان، كۈن راسا قىزىغان چاغدا قوشۇننى ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير كېلىپ مۇنداق ئىسسىقتا يولغا چىقىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ھەمرىيىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ مەن مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى چۇقۇم ھەيدەپ چىقىرىمەن دەپتۇ، دېدى. ئۇسەيد: ئى رەسۇلۇللاھ خالىساڭ، سەن ئۇنى مەدىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىسەن، ﷲغا قەسەمكى، ئۇ بولسا خار، سەن بولساڭ ئەزىز، دېدى. كىشىلەر قاتتىق ئىسسىقتا بەك تېز يۈرگەنلىكتىن، مەنزىلگە چۈشۈپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەنسارلاردىن بىر قانچە كىشى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيگە رەسۇلۇللاھتىن ئىستىغپار تەلەپ قىلىش توغرىسىدا سۆز قىلغان بولسىمۇ، ئۇ تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئىستىغپار تەلەپ قىلىشتىن باش تارتتى، بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاندىكى مۇناپىقۇن سۈرىسى نازىل بولۇپ، ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى رەسۋا بولدى. زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ سۆزى تەستىقلاندى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئەھۋالنى ئۇقۇپ، دادامنى باشقا ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى بىلەن مېنىڭ ئارامدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغاندىن كۆرە، ئۆزەم ئۆلتۈرەي، دەپ رەسۇلۇللاھتىن رۇخسەت





www.munber.org

سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى، ئۇنى ئاتىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇدى.

## ئائىشە توغرىسىدىكى تۆھمەت

ئىككىنچى ۋەقە: بۇ ۋەقە يۇقىرىدىكى بىرىنچى ۋەقەدىن قەبىھرەك ۋە قايغۇلۇقراق بولدى، يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئائىشە سىدىققا تۆھمەت چاپلىنىپ، ئۇ سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل بىلەن قارىلاندى. ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق: مۇسۇلمانلار بەنى مۇستەلەق غازىتىدىن قايتقاندا، مەدىنىگە يېقىن بىر قونالغۇغا چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى قوشۇننى ئاتلىنىشقا بۇيرۇيدۇ، ھەزرەت ئائىشە ھاجەت ئۈچۈن قوشۇندىن چەترەك جايغا كېتىدۇ، قوشۇنغا قايتىپ كېلىپ بويندىكى مونچاقنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىزلەشكە كېتىدۇ. ھەزرەت ئائىشەنىڭ كاجۋىسىنى كۆتۈرىدىغان كىشىلەر ئائىشەنى كاجۋىدا بار دەپ ئويلاپ، كاجۋىنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ ـ دە يۈرۈپ كېتىدۇ، كاجۋىنىڭ يېنىكلىكىدىن ئائىشەنىڭ يوقلىغى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ چاغلاردا ئاياللار بەك ئورۇق ۋە يېنىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىشە كىچىك بىر قىز ئىدى. ئۇلار يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىشە مونچاقنى ئىزلەپ تېپىپ، قوشۇن بار جايغا قايتىپ كەلسە، ھېچ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مېنى ئىزلەپ كېلىدىغۇ، دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ. قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈتكەن نەرسىلەرنى ئىزلەپ كېلىۋاتقان سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ئىسىملىك ساھابە بۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ، ئۇ ئائىشەنى مەستۇرە بولۇشتىن ئىلگىرى كۆرۈپ يۈرگەچكە، ئۇنى دەرھال تونۇپ: "قالۇ





ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن" (بىز اللهنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز) دەپ توۋلايدۇ. ئائىشە ئويغىنىپ يۈزىنى ياپىدۇ، سەفۋان بىلەن ئىككىسى ھېچ سۆز قىلىشمايدۇ، سەفۋان تۆگىسىنى چۆكتۈرىدۇ، ئائىشە مىنىدۇ. سەفۋان ئائىشەنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەندە، مۇسۇلمانلار مەنزىلگە چۈشۈپ چۈشلۈك دەم ئېلىۋاتاتتى، ئۇلار ئەھۋالنى كۆرىدۇ. بەدنام چاپلىغۇچىلار ئاللا ـ تۇۋا كۆتىرىشىدۇ، ئائىشە بىلەن سەفۋان توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي بەدنام چاپلاشتا ھەممىدىن يامانراق ئوت قويرۇقلۇق قىلىدۇ. قوشۇن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئائىشە كېسەل بولۇپ بىر ئاي يېتىپ قالىدۇ. سۆز ـ چۆچەكلەر كۆپىيىۋېرىدۇ، بۇ بەدنامدىن ھەزرەت ئائىشەنىڭ ھېچ خەۋىرى بولمايدۇ. بۇ قېتىم رەسۇلۇللاھ ئائىشەگە ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك مەرھەمەت كۆرسەتمەي، پەقەتلا ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ: ئەھۋالىڭىز قانداق؟ دەپلا قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىشە زور گۇمانغا چۈشىدۇ، ئائىشە كېسىلىدىن تۈزىلىشكە باشلىغاندا، مىستە ئىبنى ئۇساسەنىڭ ئانىسى بىلەن تالاغا ھاجەتكە چىققاندا، مىستەنىڭ ئانىسى ئىتتىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ: مىستە بېشىنى يېسۇن، دەيدۇ. ئائىشە ئۇنىڭغا: ئەجەپ يامان گەپ قىلدىڭغۇ، بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ئادەمنى قاغامسەن؟ دەيدۇ. مىستەنىڭ ئانىسى ئائىشەگە: ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ. ئائىشە قانداق سۆزلەر ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئاغرىقىغا ئاغرىق قوشۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادىتى بويىچە ئائىشەدىن ئەھۋال سورىغىلى كەلگەندە، ئائىشە ئىجازەت سوراپ، دادىسىنىڭ ئۆيىدە



www.munber.org

يېتىشقا كېتىدۇ. ئائىشە ئانىسىدىن كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى توغرىلىق سورايدۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا: قىزىم، ئۆزەڭنى ئوپراتما، ئېرى ئامراق چىرايلىق ئايالنىڭ كۈندەشلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ توغرىسىدا ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىدۇ، دەيدۇ. ئائىشە: سۇبھانەللا (الله پاكتۇر) ، خەق شۇنداق گەپلەرنى قىلىشىپتىمۇ؟ دەپ كېچىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ئەسنادا ئائىلىسىدىكى چوڭلاردىن بۇ ھەقتە پىكىر ئېلىپ كۆرىدۇ. ئۇسامە ئىبنى زەيد ئائىشەنىڭ بىگۇنالىقىنى بىلگەنلىكتىن: بىز ئائىشەنىمۇ، سەفۋاننىمۇ ياخشى دەپ قارايمىز، دەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب: الله سىېنى خوتۇندىن قىسقىنى يوق، ئائىشەدىن باشقا خوتۇنلارمۇ چىققۇ، دەيدۇ ۋە ئائىشەنىڭ خىزمەتچىسىدىن ئائىشە توغرىلىق سوراپ بېقىشنى قىستۇرۇپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ خىزمەتچىسى بەرىرەنى چاقىرىپ: ئائىشەدە گۇمانلىق ئىشنى سەزدىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ. بەرىرە: اللهغا قەسەمكى، ئائىشەدىن بىرەر گۇمانلىق ئىشنى سەزگىنىم يوق، ئائىشە خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان، ئۆي ھايۋانلىرى كېلىپ خېمىرنى يەۋالسىمۇ تۇيمايدىغان كىچىك قىز، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، مۇنبەرگە چىقىپ: ھەي جامائەت، ئەھلىيەم توغرىلىق مېنى رەنجىتكەن ئادەم بار، خاھى ئەھلىيەم ئائىشە بولسۇن، خاھى ئۇنىڭ بىلەن تۆھمەت قىلىنغان سەفۋان بولسۇن، بۇلاردا ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى سەزگىنىم يوق. مېنى رەنجىتكەن كىشىلەر ھەققىدە نىمە دەيسىلەر؟ بۇ توغرىدا مېنى كىم مەزۇر تۇتىدۇ؟ دېگەن مەزمۇنلۇق سۆز قىلدى. سەئد ئىبنى مۇئاز: ئى رەسۇلۇللاھ، سىېنى مەن مەزۇر تۇتىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋسلىك بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن؛ ئەگەر ئۇ



www.munber.org



قېرىنداشلىرىمىز خەزرەجلىكلەردىن بولسا، ئۇنى نىمە قىل دېسەڭ، شۇنى قىلىمىز، دېدى. خەزرەج قەبىلىسىدىن سەئد ئىبنى ئۇبادە قوپۇپ، سەئد ئىبنى مۇئازغا: يالغان ئېيتتىڭ، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنى سەن ئۆلتۈرەلمەيسەن. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆز قەۋمىڭدىن بولىدىغان بولسا، بۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتىڭ، دېدى. ئۇسەيد ئىبنى ھوزەير قوپۇپ سەئد ئىبنى ئۇبادەگە: سەن يالغان ئېيتتىڭ، الله بىلەن قەسەمكى قەسەمكى، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمىز. سەن ئۆزەڭ مۇناپىق بولغاچقا، مۇناپىقلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇلارغا ھاي بېرىپ ئىشنى بېسىقتۇرمىغان بولسا، ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدا ماجرا چىقىپ قالاتتى. ئائىشە ئىككى كېچە يىغلاپ ئۇخلىمىدى. بىر كۈنى ئائىشە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئولتۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ سالام بېرىپ ئولتۇردى، ئاندىن: ئى ئائىشە، سەن توغرىلىق تۈرلۈك سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، ئەگەر سەن بۇ ئىشتىن پاك بولغان بولساڭ، الله سىېنى ئاقلايدۇ، ئەگەر گۇمانلىق بولساڭ، تەۋبە قىلغىن، ئىنسان گۇناھىنى ئىقرار قىلىپ تەۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، دېدى. ئائىشە بۇنى ئاڭلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى سورىدى. ئاتا ـ ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: نىمە دېيىشىمىزنى بىلمەيمىز، دېدى. ئائىشە: بۇ سۆزلەرگە سىلەر شۇ قەدەر ئىشەنگەنسىلەركى، ئەگەر مەن پاك دىسەم، سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر، الله بىلىدۇكى، مەن پاك تۇرۇپ تۆھمەتنى ئۈستۈمگە ئالسام، چوقۇم ئىشىنىسىلەر. الله بىلەن قەسەمكى، ئۆزەمگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرى قىلىمەن،

سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەركىتىڭلارغا قارىتا اللهدىن مەدەت تىلەيمەن“ *[يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ نەقىل قۇرئاندىكى يۇسۇف سۈرىسىنىڭ 18 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمى]* دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز تاپالمايمەن، دەپ ئۆرۈلۈپ ئورنىدا ياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئورنىدىن قوزغالمىغان ئىدى. الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ، ھەزرەت ئائىشەنى ئاقلىدى: ”سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم بوھتان چاپلىدى (ئائىشەگە. ـ ت) بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەس، بەلكى ياخشىدۇر. بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ؛ بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي. ـ ت) قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ، بوھتاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان، دېمىدى؟ ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ ئۇلار گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار اللهنىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ. سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە اللهنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن چوڭ ئازاپقا دۇچار بولاتتىڭلار، بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئاغزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، اللهنىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، نېمىشقا: مۇنداق سۆزلەرنى دېمەسلىكىمىز كېرەك. ئى الله سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر، دېمىدىڭلار؟ الله سىلەرگە تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، مۇنداق سۆزلەرنى ھەرگىز قايتا قىلماڭلار. الله سىلەرگە ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. مۆئمىنلەر ئارىسىدا

www.munber.org





بەھايىلىقنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپقا قالىدۇ، الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، اللهنىڭ سىلەرگە پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى (سىلەرنى قاتتىق جازالايتتى. ـ ت) . الله شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچاندۇر، ئى مۆئمىنلەر، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، ئۇن شەيتان بەھايىلىققا، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. اللهنىڭ سىلەرگە *[بوھتان چاپلىغۇچىلارغا قارىتىلغان. ـ ت]* پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن ھېچ قايسىڭلار ئەبەدى پاك بولماس ئىدىڭلار. ۋاھالەنكى، الله خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ. الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.“ (سۈرە نۇر، 11 ـ ئايەتتىن 21 ـ ئايەتكىچە) مەزكۇر ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ تۇرۇپ، ھەزرەت ئائىشەنىڭ ساقلىقى بىلەن بېشارەت بەردى. ئائىشەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: ئورنۇڭدىن تۇر! رەسۇلۇللاھقا رەھمەت ئېيت، دېگەن ئىدى، ئائىشە: ياق، پەقەت مېنى ئاقلاپ بەرگەن اللهغىلا رەھمەت ئېيتىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوھتان چاپلىغۇچىلارنىڭ ھەربىرىنى شەرىئەتتە بوھتان چاپلىغۇچى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن سەكسەن دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. بوھتان چاپلىغۇچىلار: جەھشنىڭ قىزى ھەمنە مىستە ئىبنى ئۇسامە، ھەسسان ئىبنى سابىتلار ئىدى. ھەمنە مىستە ئەبۇبەكرىنىڭ تۇققىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇبەكرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئەبۇبەكرى ھەمنە مىستە بوھتانغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بېرىۋاتقان نەپىقىسىنى توختىتىپ قويدى. بۇ توغرىلىق الله مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت

www.munber.org

قىلغانلارغا بىر نەرسە بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. اﷲنىڭ سىلەرگە مەغفىرەت قىلىشىنى خالىمامسىلەر؟ اﷲ مەغفىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.“ (سۈرە نۇر، 22 ـ ئايەت) ئەبۇبەكرى: ئى رەسۇلۇللاھ اﷲنىڭ مەغفىرىتى، رەھمىتىنى سۆيىمىز، دېدى ۋە مىستەھگە بېرىدىغان نەپىقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۇلارنى سۆيگەندەك بولۇۋېلىپ، كۆڭلىدە ئۆچلۈك ساقلايدىغان، يوچۇق تاپسىلا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرىدىغان مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ئەنە شۇ. بىزنى ئۇلاردىن ساقلاشنى اﷲدىن تىلەيمىز.

## خەندەك غازىتى

بەنى نەزىر قەبىلىسى سۈرگۈن قىلىنىپ، يۇرتلىرى مۇسۇلمانلارغا قالغاندىن كېيىن چوڭلىرى ھېچچى تىنجىماي، ھەممىشە مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىش، يۇرتىنى قايتۇرىۋېلىش كويىدا يۈردى. ئۇلاردىن بىر گورۇھ ئادەم مەككىگە بېرىپ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتتى ۋە قۇرەيشلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، قۇرەيش قەبىلىسى ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى ماقۇل كۆردى. ئاندىن ئۇلار غەتەفان قەبىلىسىگە بېرىپ، بۇ قەبىلىدىكىلەرنى قوزغىدى. غەتافان قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ قوزغالغانلىقىنى ئاڭلاپ خوش بولدى. قۇرەيش قەبىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدا قوزغالدى. قۇرەيشلەرنىڭ ئەلىمىنى ئوسمان ئىبنى تەلھە ئەبدەرى كۆتەردى. قۇرەيشلەر تۆت مىڭ ئادەم بولۇپ، ئۇلاردا ئۈچ يۈز ئات، مىڭ تۆگە بار ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا يامانلىق قىلغان ئۇيەينە ئىبنى ھاسىننىڭ باشچىلىقىدا غەتافان قەبىلىسى تەييارلاندى. ئۇيەينىگە چارۋىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر بۆلۈپ بەرگەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىدۇق. ئۇنىڭ چارۋىلىرى سەمرىگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەم بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چىقتى. ھارس ئىبنى ئەۋف مۇررىنىڭ باشچىلىقىدا بەنى مۇررە قەبىلىسىدىن تۆت يۈز ئادەم ئاتلاندى. ئەبۇ مەسئۇد ئىبنى رۇخەيلە باشچىلىقىدا بەنى ئەشجە قەبىلىسى تەييارلاندى، سۇفيان ئىبنى ئەبدشەمس باشچىلىقىدا بەنى سەلىم قەبىلىسىدىن يەتتە يۈز ئادەم قوزغالدى. تولەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەسەدى باشچىلىقىدا بەنى ئەسەد قەبىلىسى قوزغالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغانلارنىڭ ئومۇمى سانى ئون مىڭ كىشىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ باش قوماندانى ئەبۇسۇفيان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ تەييارلىنىپ ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، يا مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇش، ياكى زور دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشۇش توغرىسىدا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. سەلمان فارسى خەندەك كولاش مەسلىھەتىنى بەردى، خەندەك ئەرەبلەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى خەندەك كولاشقا بۇيرۇدى. مۇسۇلمانلار خەندەكنى مەدىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، شەرق تەرىپىدىكى سايدىن غەرب تەرىپىدىكى سايغىچە كولاشقا كىرىشتى. دۈشمەن كەلسە مۇشۇ ئۆچۈقچىلىق تەرەپتىن كېلەتتى. مەدىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرى ئۆي ـ ئىمارەت ۋە قويۇق خورما دەرەخلىرى بىلەن ئورالغانلىقتىن،

www.munber.org

دۈشمەنلەرنىڭ بۇ تەرەپلەردىن كىلىپ ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. يېتەرلىك ئۇزۇق ۋە يېتەرلىك سايمان بولمىغانلىقتىن، مۇسۇلمانلار خەندەك كولاشتا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ خەندەك كولىغۇچىلار بىلەن بىللە ئىشلىدى، ئۇ توپا توشۇغاچ ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى تەكرار ئېيتاتتى:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ، تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،

بىلمەس ئىدۇق نىمىدۇر زاكات، ناماز ـ ئىبادەت.

بېغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، جاسارەت،

ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن ماتانەت.

زۇلۇم قىلدى مۇشرىكلار تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،

دىنىمىزدىن ياندۇرسا، قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى سەلئى تېغىغا ئارقىسىنى قىلغان ھالدا شەرق تەرەپكە ئورۇنلاشتى. سەلئى تېغى مەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىدىغان تاغ ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى ئۈچ مىڭ بولۇپ، مۇھاجىرلارنىڭ ئەلىمى زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ قولىدا، ئەنسارىلارنىڭ ئەلىمى سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ قولىدا ئىدى. قۇرەيشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مەدىنىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جۇرەب دېگەن يەر بىلەن زەغابە دېگەن يەرنىڭ ئارىسىغا چۈشكەن، غەتافان قەبىلىسى ئوھۇد تەرەپكە چۈشكەن ئىدى. مۇشرىكلار ئۆزلىرى تەرەپكە يۈشۈرۈن ھالدا خەندەك قېزىلغانلىقىنى بىلىپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئوق ئېتىشىشقا باشلىدى. ۋاقىت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ



www.munber.org



كەتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلاردىن بىر تۈركۈمى ئاتلىرىنى خەندەككە سەكرىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇجەھىل، ئەمر ئىبنى ۋەد قاتارلىقلار ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب چىقىپ، ئەمر ئىبنى ۋەدنى ئۆلتۈردى، ھەمراھلىرى قېچىپ كەتتى. نەۋفەل ئىبنى ئابدۇللا خەندەككە يىقىلىپ چۈشۈپ بوينى سۇنۇپ كەتتى. سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ بىلىكىگە ئوق تېگىپ قان تومۇرىنى ئۈزىۋەتتى. كىچىك تۇقۇنۇش ۋە ئوق ئېتىشىش تولۇق بىر كۈن داۋاملاشتى. ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ كۈنكى نامىزى قازا بولۇپ كېتىپ، كېيىن ئادا قىلىنۋالدى. مۇشرىكلارنىڭ كېچىسى بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەككە مۇھاپىزەتچىلەرنى قويدى. قاتتىق سوغاققا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى خەندەكنىڭ بىر يۇچۇقىنى ساقلىدى. ئۇ ساھابىلىرىگە نۇسرەت، غەلىبە ۋە ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلاتتى. مۇناپىقلار بۇ قىيىن شارائىتتا دىللىرىدىكىنى ئاشكارىلاپ: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە يوق گەپنى ۋەدە قىپتىكەن، دېيىشتى؛ بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ئوچۇق قالغان، دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار (ئۆيلىرى ئوچۇق ئەمەس، پەقەت قېچىشنىلا ئويلىغان) دەپ چېكىنىپ كېتىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنلاشتى. بۇ مۇھاسىرە مەدىنە كەمبەغەللىرىنى قىيىن ئەھۋالدا قويدى. مۇسۇلمانلار بىللە مەدىنىدە ياشاۋاتقان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېلىشىمنى بۇزۇپ خىيانەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئەھۋال تېخىمۇ قىيىنلاشتى. بۇنىڭغا بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبنى ئەختەپ سەۋەب بولدى. چۈنكى ئۇ بەنى قۇرەيزەنىڭ باشلىقى كەئىب ئىبنى ئەسەدنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى شەيتانغا ئوخشاش ئازدۇرۇپ، توختامنى بۇزۇشقا



www.munber.org

قىزىقتۇرغان ئىدى، كەئىب مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا قوشۇلدى. رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەدىنىدە قالغان ئايال، ئۇششاق باللارنى قوغداش ئۈچۈن مۇسلىمە ئىبنى ئەسلەمنى ئىككى يۈز ئادەم بىلەن، زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئۈچ يۈز ئادەم بىلەن مەدىنىگە ئەۋەتتى، ئەھۋالنى ئىنقىلاپ كىلىش ئۈچۈن زۇبەير بېرىپ يەھۇدىيلارنىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆردى.يەھۇدىيلار زۇبەيرنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يامانلىدى، زۇبەير قايتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ قورقۇنچىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، چۈنكى ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا قېلىپ، قورقۇنچىدىن كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ، يۈرەكلىرى ئاغزىغا قاپلىشىپ، الله توغرىلىق تۈرلۈك ئويلاردا بولدى.مۇناپىقلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەتەفان قەبىلىسىنى چېكىندۈرۈش مەقسىتىدە، مەدىنە مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بېرىش شەرتى ئاستىدا ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى ئويلاپ، ئۇبەيدە ئىبنى ھىسنىغا ئادەم ئەۋەتمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن ئەنسارىلار:بىز تېخى مۇسۇلمان بولمىغان چېغىمىزدا غەتەفانلار بىزنىڭ ئازراق مەھسۇلاتىمىزغا ئېرىشەلمىگەن تۇرسا، بىز مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى مەھسۇلاتىمىزغا شېرىك قىلامدۇق دەپ، رەسۇلۇللاھنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدى. الله بىرەر قەۋمنى ئۆز ياردىمىگە مۇيەسسەر قىلماقچى بولسا، ئۇلارغا غەلىبە قىلىش سەۋەبى ئويلىمىغان يەردىن ھازىرلاپ بېرىدۇ.ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغان كىشىلەرگە اللهنىڭ قىلغان مۇنۇ ئىلتىپاتىغا قاراڭ:قۇرەيش، غەتەفان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دوستى بولغان نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئەشجەئى پەيغەمبەر



www.munber.org



ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى خەلقىم ئۇقمايدۇ. مېنى ساڭا ياردەم قىلالايدىغان بىرەر ئىشقا بۇيرۇساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن بىر ئادەم تۇرساڭ، قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ سەن دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن بىرەر ئىلاج قىلىپ باقساڭ قانداق، چۈنكى ئۇرۇش دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ، دېدى.

## ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلىتىش

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىقىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىغا باردى. نۇئەيمنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن دوستلۇقى بولغانلىقتىن، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنى قىلىشتى. نۇئەيم ئۇلارغا: ئى بەنى قۇرەيزە خەلقى! مېنىڭ سىلەرگە بولغان دوستلۇقۇمنى ۋە ساداقىتىمنى بىلىسىلەر. سىلەرگە بىر ئىش بىلەن كەلدىم، بۇنى ھېچكىمگە دېمەسلىكىڭلار كېرەك، دېدى. يەھۇدىيلار باشقىلارغا دېمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشقاندىن كېيىن، نۇئەيم: بەنى قەينۇقا ۋە بەنى نەزىر قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، مال ـ مۈلۈك، قورا ـ جايلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى كۆردۈڭلار. قۇرەيش ۋە غەتافان قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇشىدۇ، مەغلۇب بولسا يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ، خالاس. سىلەر بولساڭلار ئۇ ئادەم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى. ـ ت) بىلەن بىر يەردە ياشايسىلەر، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭلار يالغۇز ئۇرۇش قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر. مېنىڭچە، سىلەر تاكى قۇرەيش،



www.munber.org

غەتافان قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىدىن يەتمىش كىشىنى رەنىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سىلەرنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلمىغىچە، بۇ ئۇرۇشقا قاتناشماڭلار، دېدى. يەھۇدىيلار نۇئەيمنىڭ پىكرىنى ئالقىشلاپ ماقۇل كۆردى. نۇئەيم ئاندىن قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىغا بېرىپ، مېنىڭ سىلەرگە بولغان دوستلۇغۇمنى ۋە مۇھەببىتىمنى بىلىسىلەر، سىلەرگە بىر ئىش توغرىلىق كەلدىم، بۇنى سىر تۇتۇشۇڭلار كېرەك، دېدى. قۇرەيش باشلىقلىرى سىر ساقلاشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، نۇئەيم ئۇلارغا: بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى سىلەرنىڭ ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشىڭلاردىن قورقۇپ، مۇھەممەد بىلەن تۈزگەن توختامنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، سىلەرنىڭ بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئادەملىرىڭلارنى رەنىگە ئېلىپ مۇھەممەدكە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، مۇھەممەد بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى، ئۇلار بۇ توغرىلىق سىلەرگە ئادەم ئەۋەتىدۇ، ئېھتىياتتا بولۇڭلار، دېدى. ئاندىن غەتافان قەبىلىسىگە بېرىپ، قۇرەيشلەرگە قىلغان گەپلەرنى قىلدى. ئەبۇ سوفيان بەنى قۇرەيزەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئەتىسى ئۇرۇشقا چىقىشقا دەۋەت قىلدى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى: بىز شەنبە كۈنىدە ئۇرۇش قىلمايمىز (شەنبە كىرىدىغان كېچىسى ئادەم ئەۋەتىلگەن ئىدى) ، بىېشىمىزغا كەلگەن كۈنلەر شەنبە كۈندە ئۇرۇش قىلغانلىقىمىزدىن كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىڭلارغا كېپىل قىلىپ بىر قىسىم ئادىمىڭلارنى بىزگە رەنىگە قويمىغىچە، ئۇرۇشقا چىقمايمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش، غەتافان قەبىلىلىرى، نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى راست ئىكەن، دەپ ئىشەندى. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلدى، بىر ـ بىرىدىن

www.munber.org





چۆچۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشپانا اللهغا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلدى: ”قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، بەندىلىرىدىن تېز ھېساب ئالغۇچى ئى الله، مۇشرىكلارنى مەغلۇب قىلغىن! ئى الله، ئۇلارنى مەغلۇب قىلغىن! بىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلغىن!“ الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قاراڭغۇ كېچىدە سوغاق بوراننى ئەۋەتىپ بەردى. ئاپىرىدە قىلدى. يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىپ قاراڭغۇ كېچىدە ھۇجۇم قىلىشىدىن قورققان مۇشرىكلار تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇنلا چېكىنىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن قوشۇنىدىكى پاتپاراقچىلىقنى ئاڭلاپ ساھابىلىرىگە : چۈقۇم بىر ۋەقە يۈز بەردى. قايسىڭلار بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىسىلەر؟ دېدى. ھەممىسى جىم تۇرۇپ، جاۋاب بەرگۈچى بولمىغانلىقتىن، بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئاندىن ھۇزەيفە ئىبنى يەمانغا: كېچىدىن بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمەيسەنغۇ؟ دېدى. ھۇزەيفە: ئى رەسۇلۇللاھ، سوغاق قاتتىق بولۇۋاتىدۇ، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: پەيغەمبەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلگىن، دېدى. ھۇزەيفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ قايتىپ كەتمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خەۋەر ئۇقۇپ كەلدى.

## مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى

مۇشرىكلار شۇ قەدەر قورققان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەبۇ سوفيان، ئارىمىزغا دۈشمەن سوقۇنۇپ كىرىۋالمىسۇن، ھەر ئادەم ئۆز

ھەمرىيىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالسۇن، دەيتتى، ئەبۇ سۇفيان قايتماقچى بولۇپ تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىپ تۇرغاندا، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ئۇنىڭغا: سەن ھەممىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ، باشقىلارنى تاشلاپ ئۆزەڭ تىكىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇسۇفيان ھەممىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى، مۇسۇلمانلار ئارقىمىزدىن باستۇرۇپ كەلمىسۇن دەپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا بىر توپ كىشىلەرنى قايتقۇچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى قوغداشقا قويدى. الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن يەھۇدىيلاردىن تەركىب تاپقان دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش غېمىدىن خالاس قىلدى؛ اللهنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، ئەھۋال يامانلاشقان بولاتتى. مۇشرىكلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشى زىلزىلىدە ئېيىدا بولدى. بۇنى اللهنىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەردە نېمەت دەپ ئاتىشى ھەقلىق ئىدى:

” ئى مۆئمىنلەر، اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. بۇ چاغدا ئۈستۈڭلارگە (دۈشمەن) قوشۇن كەلگەن ئىدى، بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمىگەن قوشۇن (پەرىشتىلەر) نى ئەۋەتتۇق. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇردى، شۇ چاغدا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ ۋە تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ كەلگەن ئىدى، بۇ چاغدا كۆزۈڭلار تورلىشىپ كەتكەن، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك مۆلچەرلەردە بولغان ئىدىڭلار، بۇ يەردە مۆمىنلەر سىنالغان ۋە قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى. بۇ چاغدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەل بارلار الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن دېيىشەتتى. بۇ چاغدا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: ئى يەسرىبلىكلەر، بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار، دېيىشەتتى.



www.munber.org



ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ئوچۇق دېيىشىپ رۇخسەت سورىشاتتى، بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇچۇق ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلىغان.“ (سۈرە ئەھزاب، 9 ـ ئايەتتىن 13 ـ ئايەتكىچە)

بەنى قۇرەيزە غازىتى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرى بىلەن خەندەك غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇرۇش كىيىمىنى سالاي دەپ تۇرغاندا، الله ئۇنى ئاتلىنىپ، مۇسۇلمانلار قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغدا، ۋەدىسىدە تۇرماي كىلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى چىققان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇپ، زېمىنىنى ئۇلاردىن تازىلاشقا بۇيرۇدى.پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرىگە:ھەممىڭلار نامازدىگەرنى بەنى قۇرەيزە يېرىگە يېتىپ بارغاندا ئوقۇڭلار، دېدى.ساھابىلەر ئاتلىنىپ تېز ماڭدى، ئەلەمنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا تۇتقۇزدى. ئورنىغا مەدىنىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قويدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 3مىڭ كىشى ئىدى. ساھابىلەرنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ نامازدىگەرنى ئۇقۇش ۋاقتى ھەققىدىكى سۆزىنى، پەقەت تېز مېڭىش ئۈچۈن ئېيتىلغا سۆز دەپ قاراپ، نامازدىگەرنى يولدا ۋاقتىدا ئۇقۇۋالدى. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ سۆزنى ئەينى مەنىسىدە ئېيتىلغان دەپ قاراپ، نامازدىگەرنى بەنى قۇرەيزىدە ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇدى.رەسۇلىللاھ بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئەيىبلىمىدى، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئىسلام لەشكەرلىرىنى كۆرۈشى بىلەنلا، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، چۈنكى مۇسۇلمانلار باشقا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا، يەھۇدىيلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئىدى ۋە بۇ قەبىھ ئىشى ئېنىق ئىسپاتلانغاچقا، ئۇنىڭدىن تېنىۋالالمايتتى. مانا ھازىر ئىسلام قوشۇنىنى كۆرگەن بۇ يەھۇدىيلار



www.munber.org

قورغانلىرىغا كىرىپ بىكىنىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى 25 كۈن مۇھاسىرە قىلدى. يەھۇدىيلار ئۇرۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا، مۇھاسىرە مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مۇسۇلمانلاردىن بەنى نەزىرگە ئوخشاش قوراللىرىنى، يۇرتلىرىنى تاشلاپ، مالىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللا بۇنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ھېچنەرسە ئالماي ئۆزلىرى تەنھا چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەلەپنىمۇ قوبۇل قىلمىدى، ئۇلارنى نېمىگە ھۆكۈم قىلسا، شۇنىڭغا رازى بولمىغىچە، مۇھاسىرە قىلىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەبۇلۇبابەنى ئەۋەتىپ بەرسەڭ، مەسلىھەت قىلىساق، دېدى. ئەبۇلۇبابە يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى ئەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، يەھۇدىيلاردا ئۇنىڭ بالا-چاقا، مال-ۋارانلىرى بار ئىدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇش توغرىلىق ئەبۇلۇبابەدىن مەسلىھەت سورىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازى بولساڭلار "مانا" دەپ بوغۇزىنى ئىشارەت قىلدى. بۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ، دېگىنى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا ئاللاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىيانەت قىلغانلىقىنى چۈشەندى. يەھۇدىيلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يولۇقۇشتىن ئۇيىلىپ، مەدىنىگە كېلىپ ئۆزىنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ، خاتالىقى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈپ تۇردى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەبۇلۇبابە دەسلەپتىلا ماڭا كەلگەن بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ



www.munber.org



ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتاتتىم. ئەمدى ئۇ ھازىرقىدەك قىلغان ئىكەن، ئاللاھ ھۆكۈم قىلمىغىچە شۇنداق تۇرسۇن، دېدى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى نائىلاج بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئەر كىشىلىرى باغلاپ كەلتۈرۈلدى، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغىمۇ خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولغان بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىغا قىلغان مۇئامىلىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: ئاراڭلاردىن بىرەر كىشى ھۆكۈم چىقارسا، شۇنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولامسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار بۇنىڭغا رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ھۆكۈم چىقىرىشقا باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئازنى كۆرسىتىپ بېرىشتى. سەئد ئىبنى مۇئاز خەندەك غازىتىدا ئوق تېگىپ يارىلانغان ئىدى. مەجرۇھلارنى داۋالاش ئۈچۈن تەييارلانغان مەسجىدتىكى بىر چېدىردا تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن ئادەم سەئدنى ئېشەككە مىندۈرۈپ كەلدى. ئەۋس قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ ئادەم سەئدنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن يەھۇدىيلار توغرىلىق قاتتىق ھۆكۈم چىقارماسلىقنى ئۆتۈنەتتى، سەئد ئۇلارغا: مەن سەئدگە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشتا كىشىلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىدىن قورقماسلىقنىڭ ۋاقتى كەلدى، دەيتتى. سەئد چىقىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: باشلىقىڭلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈڭلار، دېدى. ئۇلار سەئدنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا: رەسۇلۇللاھ سېنى ئىتتىپاقچىلىرىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا



www.munber.org

بەلگىلىدى، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدگە: بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۈستىدىن سەن ھۆكۈم چىقارغىن، دېدى. سەئد ساھابىلەرگە قاراپ ئۇلاردىن: مېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىمنى ئىجرا قىلىشقا اللهغا ۋەدە ۋە قەسەم بېرەلەمسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، دەپ جاۋاب بېرىشتى. رەسۇلۇللاھ ماقۇللىغان جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، سەئد: ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە، ئاياللارنى، باللارنى ئەسىر ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدگە: ئى سەئد، ئۇلار توغرىلىق اللهنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم چىقاردىڭ، دېدى. چوڭكى سۇيىقەستچى خائىنلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق بولاتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى. غەنىمەتلەر توپلاندى. غەنىمەتلەر بىرمىڭ بەشيۈز قىلىچ، ئۈچ يۈز ساۋۇت، ئىككى مىڭ نەيزە، بەش يۈز قالقان ۋە نۇرغۇن ئۆي ـ سايمان، قاچا ـ قۇمۇچ، تۆگە ، قويلاردىن ئىبارەت ئىدى. خورما ۋە ئەسىرلەرنىمۇ يۇقىرىقى غەنىمەتلەرگە قوشۇپ، ھەممىسىنى بەش ئۈلۈش قىلىپ تەقسىم قىلىشتى: ئاتلىققا ئۈچ ھەسسە، پىيادىگە بىر ھەسسە بېرىلدى، يارىدارلارغا قارايدىغان ئاياللارغىمۇ غەنىمەت بېرىلدى. غەنىمەت ئىچىدە ھاراق كۆپلىرى بولۇپ، ئىچىدىكى ھاراقلار تۆكۈۋېتىلدى. بۇ ئىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، سەئد ئىبنى مۇئاز يارىسى ساقايماي، شۇنىڭ بىلەن قازا تاپتى. ئەنسارىلار ئىچىدە سەئدنىڭ دەرىجىسى مۇھاجىرلار ئىچىدە ئەبۇبەكرىنىڭ دەرىجىسىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ، خەندەك غازىتىدىن ئىلگىرىكى ھەممە غازاتلاردا زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۈيۈك خىزمەتلىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەردى.

www.munber.org





مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئەبۇلۇبابەنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى: ”ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىلدى، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.“ (سۈرە تەۋبە، 102 ـ ئايەت) ئەبۇلۇبابە يۇقىرىقىدەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن جايىنى ـ بەنى قۇرەيزە دىيارىنى تاشلاپ كېتىشكە اللهغا قەسەمياد قىلدى. بۇ غازات ئاياقلاشقاندىن كېيىن، الله مۇسۇلمانلارنى سۇيىقەست ۋە خىيانەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن يەھۇدىيلارنىڭ يامان خوشنىدارچىلىقىدىن قۇتقازدى. يەھۇدىيلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىر تۈركۈم قالدۇقلىرى خەيبەردە قالغان بولۇپ، خەندەك غازىتىغا تويلىنىپ، كەلگەن مۇشرىك تائىپىلىرىنى قۇتراتقان ئەنە شۇ يەھۇدىيلار ئىدى. ئۇلارنىڭ جاجىسىنى يېگەنلىكى كېيىنكى باپلاردا سۆزلىنىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەھشىنىڭ قىزى زەينەبگە ئۆيلىنىشى

بۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەھشىنىڭ قىزى زەينەبنى نىكاھىغا ئالدى، زەينەبنىڭ ئانىسى ئۇمەييە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسىنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. زەينەبنى بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد گەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسە ئالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنى زەيدگە ئېلىپ بەرگەندە، زەينەبنىڭ ئائىلىسى ئېسىل نەسەپلىك بولغاچقا، ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىگە ئار

www.munber.org

سانىغان ئىدى. ئەرەبلەر قىزلىرىنى قۇللارغا خوتۇنلۇققا بېرىشنى يامان كۆرەتتى، قۇللارغا لايىق دەپ ھېسابلىمايتتى. زەيد گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغلى بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ دەرىجىسى ئېسىل نەسەپ دەرىجىسىگە كۆتىرىلمەيتتى. الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، زەينەبنىڭ ئائىلىسى ئۇنى زەيدگە بېرىشتىن باش تارتىشقا ئىلاجسىز قالدى: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ئوپ ـ ئوچۇق ئازغان بولىدۇ. (سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت) زەيد زەينەبنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ زەيدگە يوغانلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقتىن، زەيد بۇنىڭغا چىدالماي رەسۇلۇللاھقا ئۇنى شىكايەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ زەيدنى چىداشقا ۋە سەۋرى قىلىشقا بۇيرۇدى. زەيد ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، زەينەبنى قويۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى تەكرار ئېيتتى. مۇنداق ئەر ـ خوتۇننىڭ بىللە تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، الله پەيغەمبىرىنى زەينەب قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. مۇنداق قىلىش، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ماجىرانى ھەل قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، زەينەبنىڭ قۇلغا نىكاھلىنىش بىلەن زايە بولغان شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ يەھۇدىي ۋە ئەرەبلەرنىڭ، بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ خوتۇننى ئالدى، دەپ ئەيىپلىشىدىن قورقتى، شۇڭا زەيدگە: ئايالىڭنى قويۇۋەتمە، اللهدىن قورققىن، دېدى. الله ئاشكارە ئېيتقان نەرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، بېقىۋالغان ئوغلىنىنىڭ

www.munber.org





خوتۇننى ئېلىشنى ھارام دەپ قاراش ئادىتىنى الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت بىلەن قەتئىي ھۆكۈم چىقىرىپ ئەمەلدىن قالدۇردى: "مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بېقىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇنا بولماسلىقى ئۈچۈن، زەيد زەينەبنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، اللهنىڭ ئەمرى ئورۇنلىنىش كېرەك." (سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئاندىن الله ئەرەبلەرنىڭ بالا بېقىۋېلىش ئادىتىدىكى زىيانلارنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئادەتنى قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىش بىلەن ھارام قىلدى: "مۇھەممەد سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەر كىشىلەردىن بىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن ئۇ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. الله ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر." (سۈرە ئەھزاب، 40 ـ ئايەت) مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، زەيدنىڭ ئىسمى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى زەيد دېيىلمەستىن، ھارىسەنىڭ ئوغلى زەيد دېيىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە زەيدنىڭ ئىسمى قۇرئاندا ئەسىرلەر داۋامىدا تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

نادان تارىخچىلار ۋە پەس غەرەزلىك كىشىلەر بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئەقىلدىن ئازغان ئادەملەردەك بەزى سۆزلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى زەيدنى يوقلاپ بارغاندا، شامال پەردىنى كۆتۈرىۋەتكەنمىش، پەيغەمبىرىم زەينەبنى تاسادىپى كۆرۈپ قېلىپ كۆڭلىگە يېقىپ قالغاچقا، سۇبھانالللا دېگەنمىش، زەيدنىڭ خوتۇنى بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇننى قويۇۋېتىشنى لازىم تاپقانمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ نىيىتىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇنداق قىلىشتىن توسقانمىش ۋە

www.munber.org

ھاكازا..... بۇ رىۋايەتنىڭ يالغانلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەرەب خوتۇنلىرى بۇ چاغدا تېخى يۈزلىرىنى يېپىشنى ئۇقمايتتى؛ زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامممىسىنىڭ قىزى ۋە رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چاغدىلا مۇسۇلمان بولغان. شۇنداق تۇرۇغلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بولغان زەينەبنى ئۇن يىلغىچە كۆرمەي، شامالنىڭ تەساددىپى ھالدا پەردىنى ئېچىۋېتىشى بىلەن كۆرۈپ قالامدۇ؟ زەينەبنى زەيدگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئېلىپ بەرگەن، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا زەينەبكە قىزىقىش ياكى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇرۇنلا زەينەبنى ئېلىشىغا ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ اللہ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، اللہنىڭ قۇرئاندىكى: "بىز كاپىرلاردىن بىر جامائەتنى پايدىلاندۇرغان دۇنيانىڭ مال ـ مۈلۈك، زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن" دېگەن بۇيرۇغىنى ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئېيتىپ، تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇغلۇق، ئۇنىڭ ئۆز كىشىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنىغا تاسادىپى كۆزى چۈشۈپ قېلىش بىلەن بىلەنلا، ئۇنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، كۆڭلىمىزگە باشقىچە تۇيۇلىدىغان چوڭ ئىش، ئاددى بىر كىشىدىن سادىر بولسىمۇ ئەيىپلىنىدىغان ئىش. بۇنداق ئىشنىڭ پۈتۈن تارىخچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئەڭ ئەخلاقلىق، پەس ھەۋەسلەردىن تۇلىمۇ خالى، ئەڭ زىرەك ۋە دانا، ھەتتا اللہ قۇرئاندا: "سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن" (سۈرە قەلەم، 4 ـ ئايەت) دەپ ماختىغان زاتتىن سادىر بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ ئەپسانىنىمۇ، خۇددى غەرانىق ئەپسانىسىگە ئوخشاش، ئىسلام دىنىنىڭ

www.munber.org





دۈشمەنلىرى ئۆز غەرەزلىرىگە يېتىش مەقسىتىدە توقۇپ چىققان. خۇداغا شۈكرىكى، بۇ ئەپسانە تارىخىي ۋە ئەقلىي دەلىللەر بىلەن يىمىرىپ تاشلاندى. شۈبھىسىزكى، ھەقىقى ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، اللہنىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزىمۇ شۇنى تەستىقلايدۇ: "سەن شۇ چاغنى ئەسلىگىنكى، اللہ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، اللہدىن قورققىن، دېدىڭ. اللہ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يۇشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ. ھالبۇكى، اللہدىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بېقىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق. اللہنىڭ ئەمرى ئورۇنلىنىشى كېرەك." (سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەت) بۇ يەردە اللہ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەبنى ئېلىشىدىن باشقا نەرسىنى كۆرسەتكىنى يوق، قۇرئان بۇنىڭغا چوڭ گۇۋاھ.

## يۈزنى يېپىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى

مۇشۇ يىلى يۈزنى يېپىش توغرىلىق ئايەت نازىل بولدى. يۈزنى يېپىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا خاس ئىدى. يۈزنى يېپىش ھەققىدە ئايەت نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يۈزنى يېپىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى خالايتتى ۋە كۆپ تىلىغا ئالاتتى، بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا : شۇنداق بولغاندا، سىلەرنى ھېچ كۆز كۆرمەيتتى، دەيتتى. بۇ توغرىلىق قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

www.munber.org

”پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سورىغان ۋاقىتىڭلاردا، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراڭلار، مۇنداق قىلىش ئىككىڭلار تەرەپنىڭ كۆڭلىنى پاك تۇتىدۇ.“ (سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بەزىلەر: ھاممىلىرىمىزنىڭ قىزلىرى بىلەن پەردىسىز گەپلىشىشتىن چەكلىنەمدۇق؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆلگەندە، چوقۇم ئائىشەنى ئالىمەن، دېگەن گەپلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن اللە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ”رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭلارغا ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارغا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى بۇ، اللەنىڭ ئالدىدا چوڭ گۇنادۇر.“ (سۈرە ئەھزاب، 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) شۇنىڭ بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن باشقا مۇسۇلمان ئاياللارمۇ ھايالىق ۋە ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلدى؛ ئەرلەرمۇ ھايالىق بولۇشقا بۇيرۇلغان ئىدى؛ ئاياللار يەنە ئىچكى زىننەتلىرىنى نامەھرەمدىن يوشۇرۇشقا بۇيرۇلدى، بارماقتىكى ئۈزۈك، تىرناقلاردىكى خېنە، كۆزلەردىكى سۈرمە قاتارلىق تاشقى زىننەتلەر بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. قولغا سالىدىغان بىلەيزۈك، پايە ئۈزۈك، بويۇنغا ئاسىدىغان مارجان ـ مونچاق، باشقا كىيىدىغان تاج، كۆكرەككە قادايدىغان بۇلاپكا ۋە قۇلاققا ئاسىدىغان سىرغا ـ سۆكە قاتارلىقلار ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان زىننەت بۇيۇملىرى. ئاشكارە زىننەت ۋە يوشۇرۇن زىننەتلەردىن ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە ئاياللارنىڭ كۆكسى ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياقىلىرىدىكى ئۈچۈق جايلارغا لىچەك سېلىش بۇيرۇلدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ ياقىلىرى كەڭ بولۇپ، كۆكرەكلىرى ئېچىلىپ قالاتتى، لىچەكلىرىنى ئارقىدىن سېلىۋالاتتى. پاچاقلىرىدا ھالقا بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پۇتلىرىنى



www.munber.org



يەرگە ئۇرۇش مەنئىي قىلىندى، زىننەتنى كۆرستىشنىڭ مەنئىي قىلىنىشىدىن كېيىن، زىننەتنىڭ ئاۋازىنى ئاشكارىلاشمۇ مەنئىي قىلىنغانلىقتىن، زىننەت جايلاشقان ئورۇنلارنى يېپىشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇملۇق. اللە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ”مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لىچەكلىرىنى ياقىلىرىغا ياپسۇن، ئىچكى زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن ياكى ئاتىلىرىدىن، ياكى قېيىنئاتىلىرىدىن، ياكى ئوغۇللىرىدىن، ياكى ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ياكى خوتۇنلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ياكى ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ياكى دىنداش ئاياللاردىن، ياكى قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، قۇللاردىن تابىلەر،[1] ياكى ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن. خوتۇنلار ئىچكى زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياقلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆمىنلەر، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممىڭلار اللەغا تەۋبە قىلىڭلار.“ [[1] *تابىلەر*ـ قورساق بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بارىدىغان چاقىرىلمىغان مېھمانلار، ياشانغان ياكى دەلدۈش بولغانلىقى تۈپەيلىدىن خوتۇنلارغا ھاجىتى چۈشمەيدىغانلار. ـ ت] (سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەت) ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، ئاياللار جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك بىر كۆينەك ۋە بىر لىچەك بىلەنلا تالاغا چىقاتتى. ئازات ئايال بىلەن دىدەكنىڭ پەرقى يوق ئىدى. دىدەكلەر كېچىسى تالاغا ھاجەتكە چىققان چاغلىرىدا، ئۇلارغا ياش كىشىلەر ۋە شوخ يىگىتلەر چېقىلىپ قوياتتى، شۇ قاتاردا ئازات ئاياللارغىمۇ



www.munber.org

دىدەكمىكىن دەپ چېقىلىپ قويىتتى. شۇڭا دىدەك ئاياللاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئازات ئاياللارغا لىچەك سېلىپ يۈزلىرىنى ۋە ساغرىلىرىنى يېپىپ يۈرۈش بۇيرۇلدى. مۇنداق بولغاندا، ئۇلار سۈرلۈك ۋە سالماق كۆرۈنەتتى ـ دە، ئەرلەر ئۇلارغا كۆز سالمايتتى. الله قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:" ئى پەيغەمبەر، ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئىمچا بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن. بۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ئەڭ ئۇڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. الله بەندىلىرىگە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىۋاندۇر." (سۈرە ئەھزاب، 59 ـ ئايەت) ئاياللارنىڭ تېگىدىغان كىشىلىرىگىمۇ كۆرۈنمەي مەستۇرە بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يوق ئىش ئىدى، سەلەف ـ سالىھلارنىڭ زامانلىرىدىمۇ يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇننى كۆرۈپ ئېلىشنى سۈننەت قىلدى. مۇنداق قىلىش ئەر كىشى ئالماقچى بولغان ئايال بىلەن تونۇشۇشقا، ئىككىسىنىڭ ئىناق بولۇشىغا پايدىلىق، بۇ بولسا ئىسلام دىنى ئالىملىرىنىڭ ئورتاق قارىشى، بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ئىمام غەززالى «ئىهيائۇئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ: "شەرىئەت ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىناق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، خوتۇن ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆرۈشنى ياخشى ئىش ھېسابلايدۇ. شۇڭا بىرەر ئايالنى ئالماقچى بولساڭ، ئۇنى كۆرۈپ ئالغىن، بۇنىڭ ئىتتىپاقلىقتا پايدىسى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەنسارى ئاياللارنىڭ كۆزلىرىدە قۇسۇرلىرى بار. ئۆيلەنمەكچى بولغانلىرىڭلار ئۇلارنى كۆرۈپ ئېلىڭلار، دېگەن. بەزىلەر ئۇلارنىڭ كۆز نۇرى ئاجىز ئىدى دەيدۇ، بەزىلىرى كۆزلىرى كىچىك ئىدى، دەيدۇ. بەزى دىندارلار ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئالدىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئالماقچى بولغان

www.munber.org






خوتۇننى ئۈزۈن تەكشۈرۈپ قاراپ ئالاتتى." ئەمەش دېگەن ئالىم : "ئالدىغان ئايالنى كۆرمەستىن قىلغان تويىنىڭ ھەممىسى ئاخىر كىشىگە غەم ـ قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ" دېگەن. زامانىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ۋە كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەيدىغان توغرا دىنىي تەربىيىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇزۇقچىلىقلار چەكلەش، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، پۈتۈن ئاياللارنى مەستۇرە قىلىشنى ياخشى ئىش دەپ ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن.

www.munber.org

## ھەجنىڭ پەرز قىلىنىشى

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ پىكىرىچە، مۇشۇ يىلى (5 ـ يىلى) الله مۇسۇلمانلاردىن ھەجگە بېرىش شەرتىنى ھازىرلاپ، قادىر بولالىغان ئادەمگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. ھەج قىلىشتىن مەقسەت تۈرلۈك جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار يىغىلىپ، اللهدىن ياردەم بېرىشنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئۈچۈن مەدەت بېرىشنى تىلەپ، اللهغا يۈزلىنىش ۋە ئىلتىجا قىلىشتىن ئىبارەت. ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسى نى مۇستەھكەملەش ۋە ئىتتىپاقنى كۈچەيتىش بىلەن مۇسۇلمانلارغا زور پايدا كەلتۈرىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى

## قوشۇن ئەۋەتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ

كۆنى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قوماندانلىقىدا ئوتتۇز نەپەر ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى زەربىيە *[بەسىرنىڭ يولىدىكى مەدىنىگە يەتتە كۈنلۈك كېلىدىغان جاي] دېگەن* جايدا ئولتۇرۇشلۇق بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم خەلققە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. لەشكەرلەر كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى مېڭىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئون ئادىمىنى ئۆلتۈردى، قالغانلىرىنى قاچۇرۇپ قويدى. قوشۇن ئۇلارنىڭ قوي، تۆگىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى. قوشۇن مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ بەنى ھەنىفە قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن سۇمامە ئىبنى ئوسالغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋاي ئەسىر ئېلىپ قايتتى. رەسۇلۇللاھ سۇمامەنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. سۇمامە مۇسۇلمان بولۇشتىن باش تارتقان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى. سۇمامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق چوڭ ياخشىلىقنى كۆرگەندىن كېيىن، گۈزەل ئەخلاقلار ئاساسىغا قورۇلغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىشنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد، اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يەر يۈزىدە ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىم سەن ئىدىڭ، ئەمدى سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم بولۇپ قالدىڭ. ئىسلام دىنى يەر يۈزىدە مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان دىن ئىدى، ئەمدى ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دىنغا ئايلاندى؛ يۇرتۇڭ مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان يۇرت ئىدى، ئەمدى ئۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يۇرتقا ئايلاندى، دېدى. سۇمامەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن پەيغەمبەر

www.munber.org





ئەلەيھىسسالام ناھايىتى خۇرسەن بولدى، چۈنكى سۇمامەگە ئۇنىڭ خەلقى ئىتائەت قىلاتتى. سۇمامە يۇرتىغا قايتىشتا بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈردى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ يەمامەنىڭ ئاشلىقىغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چېقىلمىدى. سۇمامە قۇرەيشلەر مۇسۇلمان بولمىغىچە، ئۇلارغا يامامەنىڭ ئاشلىقىنى ئەۋەتمەسلىككە قەسەم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر ئاشلىقتىن قىسىلىپ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇلار ئىلاجىسىزلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەمامەدىن ئاشلىق ئېلىشىغا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز تەبىئىتىدىكى رەھىمدىللىك بىلەن، ئۇلارغا شەپقەت قىلىپ، يەمامەدىن قۇرەيش خەلقىگە كېلىدىغان ئاشلىقنى توسماسلىق توغرىسىدا سۇمامەگە خەت يېزىپ ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇمامە قۇرەيش خەلقىگە كېلىدىغان ئاشلىقنى توسمىدى. سۇمامە دېگەن بۇ ئېسىل ئادەمنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقادى چىڭ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەمامە خەلقىنىڭ تولىسى ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ مۇسەيلىمىگە ئەگىشىپ كەتكەندە، ئۇ خەلقىنى توسۇپ: مۇسەيلىمىنىڭ ئىشى زۇلمەتلىك، يالغان ئىش. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى اللّٰه بەدبەخت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ساقلىنىڭلار، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن يەمامە خەلقىدىن نۇرغۇن ئادەم سۇمامە بىلەن ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغان. اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

## بەنى لىھيان غازىتى

بەنى لىھيان خەلقى، يۇقىرىقى باپلاردا بايان قىلغىنىمىزدەك،

www.munber.org

ئاسىم ئىبنى سابىت ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قايغۇرۇپ، دۈشمەنلەردىن قىساس ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كەلدى. ئۇ مۇشۇ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا ساھابىلىرىنى تەييارلىنىشقا بۇيرۇدى؛ ئۇرۇشقا ئاتلانغانلىقىنى دۈشمەنلەردىن يوشۇرۇش مەقسىتىدە، غازاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەۋۋەل مەخپىيەتلىكنى يوشۇرغاندەك، بۇ قېتىممۇ قەيەرگە ئاتلىنىشنى مەخپى تۇتتى؛ مەدىنىدە ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇرۇپ، ئىككى يۈز نەپەر ئادەم بىلەن ئاتلاندى؛ بۇلاردىن يىگىرمىسى ئاتلىق ئىدى. ئاسىم ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى ساھابىلىرىنىڭ شېھىت بولغان جايىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ دۇئا قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەنى لىھيان خەلقى تاغلارغا تارقاپ كەتتى، بۇلارنىڭ يۇرتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى كۈن تۇرۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپ باققان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇچرىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىغا ئۆزىنىڭ شەۋكىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر قىسىم ساھابىلىرىنى ئۇسفانغا *[مەككىگە يېقىن جاي]* ئەۋەتتى. ئۇلار كۇرائۇغەمىم *[ئۇسفاننىڭ جەنۇبىغا 8 مىل يىراق كېلىدىغان بىر جاي]* دېگەن يەرگە كېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قايتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يول بويى بۇ دۇئانى ئوقۇپ كەلدى: ”قايتىپ كەلگۈچىلەرمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، رەببىمىزگە ھەمدۇ ئېيتقۇچىلارمىز. يول ئازاۋىدىن، مەنزىل قايغۇسىدىن، ئائىلە ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىمىزگە يېشكەللىك يېتىشتىن اللهدىن ئامانلىق تىلەيمىز.“



www.munber.org



## غابە غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غابە *[مەدىنىدىن 12 مىل يىراقلىقتا غەتافان تەرەپكە توغرا كېلىدىغان بىر جاي]* دېگەن جايدا بېقىلىۋاتقان يىگىرمە تۆگىسى بار ئىدى. ئۇيەينە ئىبنى ھىس قىرق ئاتلىق ئادەم بىلەن كېلىپ پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتتى. ئەنسارىلاردىن سەلەمە ئىبنى ئەكۋە دېگەن بىر كىشى بۇ خەۋەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمانلار يېتىپ بارغۇچە، دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى بەنت قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ يېتىشۋېلىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر قوغلىسا، قېچىپ تۇتۇق بەرمەيتتى، دۈشمەنلەر قاپتالغا كىرگەندە بولسا تاغقا چىقىۋېلىپ تاش ئاتاتتى. نەتىجىدە دۈشمەنلەر، مۇسۇلمانلار قوغلاپ يېتىشۋالمىسۇن دەپ، يۈك ـ تاقلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن قوللىرىدىكى نۇرغۇن نەيزە ۋە كىيىملەرنى تاشلاپ كەتتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى يېتىپ كەلگۈچە سەلەمە دۈشمەنلەرنى شۇنداق بەنت قىلىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا چاقىردى. بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشۇپ كەلگەن كىشى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەلەمنى تۇتقۇزۇپ: دۈشمەننى قوغلاپ ماڭ، ئارقاڭدىن يېتىمەن، دېدى. مىقداد ئاتلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ دۈشمەننىڭ ئاخىرقى قىسمىغا يېتىشىۋالدى. ئارىدا ئېتىشىش بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى شەھىد بولدى، مۇشرىكلاردىن ئىككى كىشى ئۆلدى، مۇسۇلمانلار دۈشمەندىن تۆگىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرىۋالدى. قالغان



www.munber.org

تۆگىلەرنى دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەنى ئەسەد قەبىلىسى ئۆتكەن ـ كەچكەن مۇسۇلمانلارغا ھەمىشە زىيان يەتكۈزۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن باشچىلىقىدا قىرىق ئادەم ئەۋەتتى، لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بارغاندا، ئۇلار تۈيۈپ قېلىپ قېچىپ كېتىشتى. لەشكەرلەر بۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان بىر ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا: قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ چارۋىلىرىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ساڭا ئامانلىق بېرىمىز، دېۋىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر يۈز تۆگىنى غەنىمەت ئېلىپ مەدىنىگە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشتى.

قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىل رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا، زىلقەسسە *[رەبزەنىڭ يولىدا مەدىنىدىن 24 مىل يىراقلىقتىكى بىر جاي]* دېگەن يەردىكى ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيفا *[مەدىنىنىڭ يېنىدىكى بىر جاي]* دېگەن يەردە بېقىلىۋاتقان چارۋا ـ ماللىرىنى بۇلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە باشچىلىقىدا ئون ئادەمنى ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلار دۈشمەن يۇرتىغا كېچىدە يېتىپ باردى. مۆكۈپ تۇرغان مۇشرىكلار بۇ مۇسۇلمانلار ئۇخلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى

www.munber.org





شېھىت قىلدى. دۈشمەنلەر ئۇنىمۇ ئۆلدى دەپ ئويلاپ تاشلاپ كەتكەن ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەندىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىدا ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەررا باشچىلىقىدا قىرىق ئادەم ئەۋەتتى. بۇلار دۈشمەن يۇرتىغا يېتىپ كەلگەندە، دۈشمەنلەر قېچىپ تارقاپ كەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

خەندەك غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغان مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەلگەن بەنى سولەيم قەبىلىسىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئۇل ئاخىر ئېيىدا زەيد ئىبنى ھارىسە باشچىلىقىدا لەشكەر ئەۋەتتى. لەشكەرلەر دۈشمەن يۇرتىغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇلار بۇ يەردە مۇزەينە قەبىلىسىدىن بىر خوتۇننىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن بەنى سولەيملارنىڭ ماكانىغا بېرىپ چارۋىلارنى غەنىمەت ئالدى ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئەسىر ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە بۇ خوتۇننىڭ ئېرىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خوتۇننىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ قويۇپ بەردى.

www.munber.org

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بىر كارۋىنىنىڭ شامدىن مەككىگە كېتىپ بارغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى توساش ئۈچۈن زەيد ئىبنى ھارىسە باشچىلىقىدا بىر يۈز يەتمىش كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ كارۋاننى مال ۋە ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىر ئېلىپ كەلدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەبنىڭ ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئمۇ بار ئىدى. ئەبۇلئاس ئىقتىسادى جەھەتتە ۋە ئىناۋەت جەھەتتە مەككىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەردىن ئىدى. ئەبۇلئاس خوتۇنى زەينەبتىن پانا تىلىدى. زەينەب ئۇنىڭغا پانا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇنى قۇرەيشلەرنىڭ ئالدىدا ئېلان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇسۇلمانلار ئۆم كېلىدۇ، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرىمۇ باشپانا بولالايدۇ، زەينەب باشپانا بولغانغا بىزمۇ باشپانا بولدۇق، دېدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىپادىلەشتە ئېيتىلغان ئەڭ پاساھەتلىك سۆزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇلئاسقا ماللارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئەبۇلئاس مەككىگە قايتىپ بېرىپ، ماللارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇلئاسقا خوتۇنى زەينەبنى قايتۇرۇپ بەردى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ ھەمراھلىرىنى شېھىت قىلغان بەنى



www.munber.org



سەئلەبە ئەرەبلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، زەيد ئىبنى ھارىسە باشچىلىقىدا ئون بەش كىشى ئەۋەتتى. بەنى سەئلەبە ئەرەبلىرى تەرەفتە *[ئىراقنىڭ يولىدا مەدىنىگە 36 مىل كېلىدىغان يەردىكى بىر سۇنىڭ ئىسمى]* ئولتۇرۇشلۇق ئىدى، ئۇلار ئەسكەرلەرنى كۆرگەن ھامان، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇنىنىڭ دەسلەپكى قىسمى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، مال ـ چارۋىلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار مال ـ چارۋىلارنى غەنىمەت ئېلىپ تۆت كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى رەجەپ ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى فىزارە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا زەيد ئىبنى ھارىسە باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتتى، چۈنكى زەيد سودا قىلىپ شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بەنى فىزارە قەبىلىسىنىڭ كىشىلىرى زەيدگە چېقىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى مالنى بۇلىۋالغان ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تاس قالغان ئىدى. زەيد مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن زەيدنى بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن ۋادى قۇرا *[مەدىنىنىڭ شىمالىدىكى بىر جاي]* دېگەن يەردە ئولتۇرۇشلۇق بەنى فىزارە ئەرەبلىرىگە ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ دۈشمەننى قورشاپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى يوقاتتى، چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ قىزىنى ئەسىر ئېلىپ قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايال ئەسىرنى سورىۋېلىپ، ئۇنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ قولىدىكى بىر ئەسىر بىلەن ئالماشتۇردى.



www.munber.org

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى شەئبان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتە يۈز ساھابىنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف باشچىلىقىدا دومەتوجەندەل *[بىر قورغان ۋە بىر قانچە كەنتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، دەمەشقتىن 5 كۈنلۈك، مەدىنىدىن 15 كۈنلۈك يىراقلىقتا جايلاشقان]* دىكى بەنى كەلب قەبىلىسىگە ھۇجۇمغا ئەۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ھەممىڭلار الله يولىدا غازات قىلىپ، كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەڭلار؛ خىيانەت قىلماڭلار؛ ئۆلۈكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ تاشلىماڭلار؛ كىچىك باللارنى ئۆلتۈرمەڭلار. مانا بۇ اللهنىڭ سىلەردىن ئالىدىغان ۋەدىسى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەخلاقى، دېدى. ئەلەم ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋفكە تاپشۇرۇلدى. قوشۇن دۈشمەن يۇرتىغا بېرىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈچ كۈن دەۋەت قىلدى. تۆتىنچى كۈنى دۈشمەن باشلىقى ئەسبەغ ئىبنى ئەمر ۋە بىر نەچچە كىشى مۇسۇلمان بولدى. ئەسبەغ خرىستىئان دىنىدا ئىدى، قالغانلىرى باج ــ خىراجەت تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆز دىنىدا قېلىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزىنى ئالدى. بۇ، باشلىقلار ئارىسىدىكى دوستلۇق ئالاقىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئىدى، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر بىرىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولاتتى. تىنچلىق ــ دوستلۇق سىياستى نىمە دېگەن ياخشى ــ ھە!

www.munber.org





## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى شەئبان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەدەك *[مەدىنىگە 6 كۈنلۈك كېلىدىغان خەيبەر تەرەپتىكى بىر يېزا. ــ ت]* تىكى بەنى سەئد قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم خەلققە ھۇجۇم قىلىشقا ئەلى ئىبنى تالىب باشچىلىقىدا يۈز كىشىلىك قوشۇن ماڭدۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بەنى سەئد قەبىلىسى يەھۇدىيلاردىن ئالماقچى بولغان خورمىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشغا ياردەم بېرىدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلانغان ئىدى. قوشۇن يولدا كېتىۋېتىپ، دۈشمەننىڭ يەھۇدىيلار بىلەن توختام تۈزۈشكە ئەۋەتكەن جاسۇسنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بەنى سەئد خەلقىنى تېپىپ بەرسە ئامانلىق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جاسۇس ئۇلارنى بەنى سەئد خەلقىنىڭ يۇرتىغا باشلاپ باردى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرىنى غەنىمەت ئالدى، ئۇلارنىڭ پادىچىلىرى قېچىپ بېرىپ قەۋمىنىمۇ قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بەش يۈز تۆگە، ئىككى مىڭ قوي غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى. الله مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلدى. مۇشرىكلار يەھۇدىيلارغا ھېچنەرسە بىلەن ياردەم بېرەلمىدى.

## ئەبۇ رافىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

خەيبەر يەھۇدىيلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتكۈچى ئاشۇ يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقى ئەبۇرافى ئىدى. ئەبۇرافى سودىغا ئۇستا بولغانلىقتىن، ھىجاز ئاھالىسىنىڭ سودىگىرى دەپ

www.munber.org

ئاتالغان، قالتىس بىيىغان شەخس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇرافىنى ئۆلتۈرۈش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، خەزرەج قەبىلىسىدىن ئابدۇللا ئىبن ئەتىك باشچىلىقىدا بەش كىشى بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشتى. بۇلارمۇ ئەبۇرافىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئەۋس قەبىلىسىدىكى قېرىنداشلىرى كەئىب ئىبنى ئەشرەبنى ئۆلتۈرۈپ ئېرىشكەن ساۋابقا ئېرىشمەكچى بولدى. ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشى اللهنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمەتلىرىدىن ئىدى. ئەۋس قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان بىرەر ئىشنى ئورۇنلىسا، خەزرەج قەبىلىسىمۇ شۇنداق بىرەر ئىشنى ئورۇنلاشقا تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى قەبىلىنى ئەبۇرافىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇلارغا كىچىك بالىلارنى ۋە ئاياللارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار ئاتلىنىپ خەيبەرگە يېتىپ كەلدى. ئابدۇللا ھەمراھلىرىغا: سىلەر مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن دەرۋازىۋەننىڭ يېنىغا بېرىپ سىلىق گەپ قىلىپ، ئىچكىرىگە كىرىۋېلىشىم مۇمكىن، دېدى ـ دە، دەرۋازىغا يېقىن كېلىپ ھاجەت قىلغان بولۇپ، چاپىنىغا چۈمكىنىۋالدى. كىشىلەر دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپ باراتتى. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا: ھەي ئابدۇللا، كىرمەكچى بولساڭ تېزرەك كىرىۋال، دەرۋازىنى تاقايمەن، دېدى. ئابدۇللا دەرۋازىدىن كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى ۋە دەرۋازىۋەن ئۇخلىغان چاغدا ئاچقۇچلارنى ئېلىپ قېچىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. ئاندىن ئەبۇرافىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. ھەر بىر ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ، ئىچىدىن ئېتىپ قويدى. ئەبۇرافى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئارىسىدا، قاراڭغۇ ئۆيدە





ئۇخلاۋاتاتتى. ئابدۇللا ئەبۇرافىنى تاپالماي تۇۋلىدى. ئەبۇرافى: كىم؟ دېۋىدى، ئابدۇللا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قىلىچ بىلەن ئېتىلدى. قىلىچ ئەبۇرافىغا تەگمەي قالدى. بۇ چاغدا ئەبۇرافىنىڭ خوتۇنى: بۇ ئىبنى ئەبۇ ئەتىكنىڭ ئاۋازىغۇ دېدى، دېدى. ئەبۇرافى: ئۆلگۈر، بۇ چاغدا بۇ يەردە ئىبنى ئەبۇ ئەتىك نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دېدى. ئابدۇللا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىۋېرەك: ئاڭلاۋاتقىنىمىز نېمە ئاۋاز؟ ئەبۇرافى، دەپ قايتا تۇۋلىدى. ئەبۇرافى: ۋاي بەچچىغەر، ئۆيدە بىرسى ماڭا قىلىچ سالدى، دېدى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم قىلىچ سالغان بولسىمۇ، قىلىچ تەگمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، ئەبۇرافىنىڭ يېنىغا ئۇنى قۇتقۇزغۇچى قىياپەتتە كىرىپ كەلدى. ئەبۇرافىنىڭ ئوڭدىسىغا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا قىلىچىنى كۈچەپ تىقىۋىدى، قىلىچنىڭ قورساقنى يېرىپ سۆڭەككە يەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئابدۇللانىڭ كۆزى ئاجىزراق بولغاچقا ، شوتا بالدىقىنى ئىنىق كۆرەلمەي، شوتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى، پۇتىنى سەللىسى بىلەن تېڭىۋېلىپ، ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: قېچىڭلار، ئەبۇرافى ئۆلتۈرۈلدى، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللانىڭ پۇتىنى سىلاپ قويۇۋىدى، ئابدۇللا ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەي، بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان ئىشلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلمىغانلىقىنى كۆرۈڭ! الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنى رازى قىلسۇن!

www.munber.org

## قوشۇن ئەۋەتىش

كەئىب ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇسەير ئىبنى رىزامنى باشلىقلىققا سايلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتۇقدى، ئۇسەيرنىڭ ئۆز قەۋمىگە: مەن مۇھەممەدگە بۇرۇن ھېچ ئادەم قىلمىغان ئىشنى قىلىمەن، غەتافان قەبىلىسىگە بېرىپ، خەلقىنى مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇشقا تويلايمەن، دېگەنلىكى ۋە قۇترىغانلىقى مەلۇم بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەزرەج قەبىلىسىدىن ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەگە ئەنسارىلاردىن ئوتتۇز كىشى قوشۇپ، ئۇلارنى ئۇسەيرنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار خەيبەرگە بېرىپ ئۇسەير بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن چېقىلماسلىقنى سورىدى. ئۇسەيرمۇ ئۇلاردىن ئۆزىگە چېقىلماسلىقنى ئۆتۈندى، ئۇلار بىر - بىرىگە چېقىلماس بولۇپ پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئەلچىلەر ئۇسەيرگە رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلماي، ئۇنىڭ ئالدىغا بارسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسەيرنى خەيبەرگە باشلىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن خەيبەر خەلقى تېچ ياشايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇسەير بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇپ، ئوتتۇز نەپەر يەھۇدىي بىلەن ئاتلاندى. بىر يەھۇدىي بىر مۇسۇلمانغا ھەمرا بولدى. ئۇلار يولدا كېتىپ بارغاندا، ئۇسەير كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى ھەم ۋەدىسىدە تۇرماي سۇيىقەست بىلەن قۇتۇلماقچى بولدى - دە، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ قىلىچىغا قولىنى ئۇزاتتى. ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە : ئى ﷲنىڭ دۈشمىنى ئاسىيلىق قىلماقچىمۇ سەن؟ دەپ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇسەيرنىڭ كاللىسىغا قىلىچ بىلەن بىرنى



www.munber.org



سېلىۋىدى، ئۇسەير شۇ يەردىلا ھالاك بولدى. مۇسۇلمانلار ھەرىكەتكە كېلىپ يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى، خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

## ئوكەل ۋە ئورەينە ۋەقەسى

مۇشۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئوكەل، ئورەينە ئەرەبلىرىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە يەرلەشتى. ئۇلار مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ياقماي چىرايلىرى سارغىيىپ، قورساقلىرى كۆپۈپ ئاغرىپ قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تۆگىسى ئوتلاۋاتقان ئوتلاققا بېرىپ، تۆگىنىڭ سۈتى ۋە سۈيدۈكى بىلەن داۋالىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئوتلاققا بېرىپ ساقىيىۋېلىپلا توزكورلۇق قىلدى، پادىچىنىڭ پۇت - قوللىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ كورز ئىبنى جابىر باشچىلىقىدا يىگىرمە نەپەر ئاتلىقنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ، ئۇلار پادىچىنى قانداق قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭمۇ پۇت - قوللىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، سايغا تاشلاپ ئۆلتۈردى. تۇزلەمەيدىغان سۇيىقەستچىلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇ ئەبلەخلەرنىڭ قىلمىشى ئۇلارنىڭ تېگى - تەھدىتىنىڭ بۇزۇقلىقىنى، قەبىلىسىنىڭ پەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ پۇت - قوللىرىنى كېسىش جازاسىنى مەنئى قىلدى.



www.munber.org

## قوشۇن ئەۋەتىش

بىر كۈنى ئەبۇ سۇفيان توپلانغان خەلققە : مۇھەممەد بازاردا مېڭىپ يۈرىدۇ، كىم بېرىپ ئۇنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۇنىڭدىن قۇتۇلساق، دېدى. بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەبۇ سۇفياننىڭ دىگىنى بويىچە قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا ئات ـ ئۇلاق، خىراجەت بېرىپ ئۇنى جابدۇتتى. بۇ ئادەم ئاتلىنىپ ئالتە كۈندە مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ بەنى ئەبدۇ ئەشھەل مەسجىدىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ شۇ يەرگە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا: بۇ ئادەم ماڭا سۈيىقەست قىلماقچى، اللہ مېنى ئۇنىڭدىن ساقلايدۇ، دېدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير بۇ ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چاپىنىدىن تارتقان ئىدى، ئۇنىڭ كىيىمى ئىچىگە يوشۇرغان خەنجىرى چۈشۈپ كەتتى، بۇ ئادەم قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نىمىشقا مۇشۇنداق سۈيىقەست قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى راستلىق بىلەن ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى. ئۇ ئادەم: اللہغا قەسەمكى، ئۇ مۇھەممەد، مەن ئادەمدىن قورقمايتتىم، لېكىن سېنى كۆرۈشۈم بىلەنلا ھۇشۇمنى يوقىتىپ بوشىشىپ كەتتىم، مېنىڭ نىمە قىلماقچى بولغىنىمنى ھېچ كىشى بىلمىسىمۇ، سەن بىلىۋالدىڭ، ساڭا چېقىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم، سەن راست پەيغەمبەر ئىكەنسەن، ئەبۇ سۇفيان گۇرۇھى بولسا شەيتاننىڭ گۇرۇھى ئىكەن، دەپ مۇسۇلمان بولدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفياننىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن



www.munber.org



ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرىنى يەنە بىر كىشى بىلەن ئەۋەتتى. ئەمر بولسا جاھىلىيەت زامانىدا يۈرەكلىك، جەسۇر ئادەم ئىدى. ئۇلار مەككىگە كەلدى ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتىن بۇرۇن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا كىرىشتى. مەككىلىكلەردىن بىرى ئەمرنى تونۇپ قېلىپ: بۇ ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرە بىرەر يامانلىق بىلەن كەلدى، دېدى. مەككىلىكلەر ئۇلارنى بىلىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار قېچىشتىن باشقا ئامال تاپالماي، مەدىنىگە قايتىپ كېلىشتى. اللہ ئەبۇسۇفياننى ھايات قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا مەككىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىكەن.

## ھۇدەيبىيە غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرامغا كىرىپ، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆتەپ چۈش كۆرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنىڭ ئۆمرە *[3 كۈن قۇربان ھېيتتىن باشقا ۋاقىتتا كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئىلىپ بېرىش ئۆمرە دىيىلىدۇ. ـ ت ]* قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قۇرەيش تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچراشتىن ئېھتىيات قىلىپ، مەدىنە ئەتراپىدىكى كۆچمەن ئەرەبلەرنى بىللە بېرىشقا چاقىردى، لېكىن ئۇلار: پەيغەمبەر ۋە مۇسۇلمانلار ئۆز ئۆيلىرىگە سالامەت قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىشنى ئارقىغا سوزدى ۋە ئاخىرى ماللىرىمىز، بالا ـ چاقىلىرىمىز يالغۇز قالىدىكەن دېگەننى بانا قىلىپ، بىز ئۈچۈن خۇدادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن دېيىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقىشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن بولۇپ بىر



www.munber.org

ماڭ بەش يۈز كىشى بىلەن ئاتلاندى. مەدىنىدە ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەمۇ بىللە چىقتى. ئۇلار كىشىلەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن چىقمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەجدە قۇربانلىق قىلىدىغان ماللارنى ھەيدەپ ماڭدى. ساھابىلەردە قىنىغا سېلىقلىق قىلىچلاردىن باشقا قورال يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرەگە قىلىچلارنى يالىڭاچ كۆتىرىپ مېڭىشنى ياقتۇرمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلار قوزغىلىپ ئۇسفانغا يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە ئەۋەتكەن خەۋەرچىسى قايتىپ كېلىپ، مەككىلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك قارارىغا كېلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرلىشىنى توساش ئۈچۈن ئالدىنقى قىسىم سۈپىتىدە خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدا ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر چىقارغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىم بىزنى باشقا يول بىلەن باشلاپ ماڭىدۇ؟ دەپ سورىدى. ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىرسى: مەن باشلاپ ماڭىمەن دەپ، مۇسۇلمانلارنى ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن باشلاپ مېڭىپ، ئۇلارنى مەككىگە تۆۋەن تەرەپتىن كىرىدىغان بىر تۈزلەڭلىككە ئېلىپ چىقتى، بۇ ئەھۋالنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇقۇپ قېلىپ، قايتىپ بېرىپ مەككىلىكلەرگە مەلۇم قىلدى. مۇسۇلمانلار سەنىيە تۇلمۇرار [*مەككىگە يېقىن يەردىكى بىر قۇدۇقنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەر شۇ قۇدۇقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ـ ت*] دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى چۆك بولۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى. ساھابىلەر: تۆگە توختىۋالدى، دىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ توختىۋېلىش ئادىتى يوق، ئۇنى پىلنى توختاتقان اللە توختاتتى، اللەغا

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

قەسەمكى، مەككىلىكلەر بەيتۇللاھنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ھەرقانداق شەرت قويسا قوبۇل قىلىمەن، دېدى. مۇسۇلمانلار مۇنداق پەيتتە دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلسا، چوقۇم غەلىبە قىلاتتى. لېكىن اللە بەيتۇللاھنىڭ كېلىچەكتە پۈتۈن جاھان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ئاساسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن زىيارەت قىلىدىغان تىنچ ھەرەم بولۇپ قېلىشىنى ئىرادە قىلىپ، مەككە خەلقى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ھۇدەيبىيەگە [*مەككىگە يېقىن يەردىكى قۇدۇق بولۇپ، شۇ يەرنىڭ ئىسمىمۇ شۇنداق ئاتالغان. ـ ت*] نىڭ يىراق تەرىپىگە چۈشۈشكە بۇيرۇدى. بۇ يەردە بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا قۇرەيش تەرەپتىن ۋەكىل بولۇپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىش سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى، بۇدەيل قۇرەيشكە قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندا، ئۇلار بۇدەيلنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتتىپاقداش خۇزائە قەبىلىسىدىن دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۇلار: مۇھەممەد ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كىرمەكچىمىكەن؟ ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇرۇش ھالىتى مەۋجۇت تۇرسا! ئەرەبلەر بۇنى ئاڭلىسا، مۇھەممەد زورلۇق بىلەن كىرىپتۇ، دېمەمدۇ؟ كۆزىمىز ئۈچۈقلا بولىدىكەن، مۇسۇلمانلارنى ھەرگىز كىرگۈزمەيمىز، دېيىشتى. مەككە خەلقى ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەھابىشنىڭ باشلىقى ھۇنەين ئىبنى ئەلقەمەنى ئەۋەتتى، ئەھابىش خەلقى قۇرەيشنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ: بۇ ئادەم قۇربانلىق ماللىرىنى چوڭ بىلىدىغان خەلقتىن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا

www.munber.org

تۆگىلىرىڭلارنى ئەۋەتىڭلار، كۆرسۇن دېدى. تۆگىلەر ھۈنەيىننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلدى، كىشىلەر ھۈنەيىننى تەلبىيە *[ھەج قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا. ـ ت]* ئېيتىپ قارشى ئالدى. ھۈنەيىن بۇنى كۆرۈپ: اللە پاكتۇر، ئۇلارنى ھەج قىلىشتىن توساش لايىق ئەمەس، بۇلار پەقەتلا ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن، لەخمە، جۇزام، ھىمىيەر قەبىلىلىرى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىۋاتقان يەردە، ئابدۇلمۇتەللىب ئوغلى مۇھەممەدنى توسامدۇق؟ قۇرەيش ھالاك بولسۇن، دېدى. قۇرەيش خەلقى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: جىم ئولتۇر، سەن ھىيلە ـ مىكرىنى بىلمەيدىغان سەھرالىقسەن، دېدى. ئاندىن ئۇلار تائىف خەلقىنىڭ باشلىقى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدنى ئەۋەتتى. ئۇرۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى مۇھەممەد، سەن ساياق ئادەملەرنى يىغىپ، ئۆز قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىڭ بولغان قۇرەيش خەلقىنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ قۇرەيش خەلقى سېنىڭ زورلۇق بىلەن كىرىشىڭگە يول قويماسلىققا اللە بىلەن قەسەم قىلدى. اللە بىلەن قەسەمكى، مېنىڭچە، سېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىڭ سېنى تاشلاپ كېتىدۇ، دېدى. ئەبۇبەكرى خاپا بولۇپ، ئۇرۋەگە: ۋاي زاۋال تاپقۇر! بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ كېتەمدۇق؟ دېدى. ئۇرۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقىلىغا قول تەككۈزۈپ تۇرۇپ گەپ قىلغان ئىدى، مۇغىرە ئىبنى شۇئبە ئۇرۋىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى. ئۇرۋە ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالسا، تاھارەت ئالغان سۈيىنى تالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا پەس ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىكىلىپ قارىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتقاندىن كېيىن قۇرەيش خەلقىغە: مەن كىسرا (ئىران پادىشاھى) ، قەيسەر (رۇم پادىشاھى) ، نەجاشى (ھەبەشىستان پادىشاھى) لارنىڭ ھۇزۇرىدا بولدۇم، لېكىن مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھۆرمەت ـ ئېتىۋارىنى بۇ پادىشاھلارنىڭ ھېچبىرىدە كۆرمىدىم، مۇھەممەدنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، مۇھەممەدنىڭ قويغان تەكلىپى توغرا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، مەن سىلەرگە كۆيۈنىمەن، مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىڭلارغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، دېدى. قۇرەيش خەلقى: مۇنداق گەپلەرنى قىلما، مۇھەممەدنى بۇ يىل قايتۇرۋېتەيلى، كېلەر يىلى كەلسۇن، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش خەلقىغە مەقسىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. تۇققان يوقلاپ كېلىشكە رۇخسەت سورىغان ئون كىشىمۇ ئوسمان بىلەن بىللە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننى مەككىدە قالغان ئاجىز مۇسۇلمانلارغا غەلىبىنىڭ يېقىنلىقى ۋە اللەنىڭ دىنىنى غالىب قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خوش خەۋەر يەتكۈزۈشكە تەۋسىيە قىلدى، ئوسمان مەككىگە ئىببان ئىبنى سەئىد ئەمەۋىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا كىرىپ، مۇشرىكلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. مۇشرىكلار: مەككىگە مۇھەممەدنىڭ زورلۇق بىلەن كىرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دېيىشتى. ئاندىن ئوسماندىن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئوسمان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلەنگەن تۇرۇقلۇق مەن تاۋاپ قىلمايمەن، دېدى. مۇشرىكلار ئوسماننى سولاپ قويدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەن سۆز تارالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: مۇشرىكلار بىلەن ئېلىشمىغىچە قايتمايمىز، دېدى.



www.munber.org

## رىزۋان بەيئىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. ساھابىلەر بۇ يەردىكى بىر دەرەخ *[ ئۆمەر ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ بۇ دەرەخنى تەۋەررۈك قىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كېسىپ تاشلىغان (بۇنى ئويلاپ بېقىڭلار) ]* نىڭ سايىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈمدىن قاچماسلىققا بەيئەت قىلدى (كېيىن بۇ دەرەخ رىزۋان دەرىخى دەپ ئاتالغان) . بۇ بەيئەتنىڭ خەۋىرى قۇرەيشلەرگە تارقىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق قورقۇنچقا سېلىپ قويدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، مىكرەز ئىبنى ھەفس باشچىلىقىدا ئەللىك ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ گۈزەتچىسى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۇلارنى ئەسىرگە ئالدى، ئەمما باشلىقىنى قاچۇرۇپ قويدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇنى ئاڭلاپ، بىر توپ ئادەم ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىدىن ئون ئىككى ئادەم ئەسىر چۈشتى، مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم شېھىت بولدى.

## ھۇدەيبىيە سۈلھىسى

بۇ چاغدا قۇرەيش خەلقى قورقۇپ، سۇھەيل ئىبنى ئەمرنى مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھە تۈزۈش توغرىلىق سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى. سۇھەيل ئىبنى ئەمر مۇسۇلمانلار قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد، يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىزنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرىمىزنىڭ پىكرى بىلەن بولغان ئەمەس، بۇ بىر قىسىم نادان كىشىلىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشى.



www.munber.org



ئەسىر ئېلىنغانلارنى قويۇپ بەرسەڭلار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئالدى بىلەن بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى قويۇپ بەرسەڭلار، ئاندىن بىزمۇ قويۇپ بېرىمىز، دېدى. مۇشرىكلار ئوسماننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان ئون ئادەمنى قويۇپ بەردى. ئاندىن سوھەيل قۇرەيش خەلقى مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزمەكچى بولغان سۈلھىنىڭ ماددىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1) ئىككى تەرەپ ئون يىلغىچە ئۇرۇش قىلماسلىق؛

2) قۇرەيش تەرىپىدىن قېچىپ كەلگەنلەرنى مۇسۇلمانلار قايتۇرۇپ بېرىش، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قېچىپ كەلگەنلەرنى قۇرەيش قايتۇرۇپ بەرمەسلىك؛

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يىل بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي قايتىپ كېتىپ، كېلەر يىلى قۇرەيش خەلقى مەككىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە كىرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇش ۋە مەككىگە قىنىغا سېلىنغان قىلىچ ۋە ئوق ـ يالاردىن باشقا قۇراللارنى ئېلىپ كىرمەسلىك؛

4) ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى ياكى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما مۇسۇلمانلارغا ئېغىر تۇيۇلۇپ، ئۇلار: سۇبھانالللا، ئۇلاردىن بىزگە مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەنلەرنى قايتۇرۇپ بېرىدىكەنمىزۇ، ئۇلار بىزدىن مۇرتەد بولۇپ بارغانلارنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىكەن، بۇ قانداق بولغىنى؟! دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىزدىن ئۇلارغا



www.munber.org

قىچىپ بارغانلارنى الله بىزدىن يىراقلاشتۇرسۇن، ئۇلاردىن بىزگە قىچىپ كەلگەنلەرنى قايتۇرۇپ بەرسەك، الله ئۇلارغا ئاسانلىق ۋە چىقىش يولى بېرىدۇ، دېدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يىل بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي قايتىپ كېتىشى توغرىسىدىكى 3ـ ماددا بولسا، مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بەيتۇللاھقا ئامان ـ ئېسەن كىرىپ چۈشەپ قالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇلار بۇنى ئۆمەر، ئەبۇبەكرىدىن سورىۋىدى، ئەبۇبەكرى ئۇلارغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يىلى شۇنداق بولىدۇ دېگەنمىدى؟ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ ماددىلىرى يېزىلدى. سۈلھىنامىنى ئەلى ئىبنى تالىب يازدى. ئۇ بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، دەپ يېزىۋىدى، سۇھەيل: بىسمىكەللا ھۇممە (ئى الله سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن) دەپ ياز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى سۇھەيلنىڭ دېگىنىدەك يېزىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئەلى: اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد شۇنىڭغا سۈلھى قىلىدۇكى، دەپ يېزىۋىدى، سۇھەيل: بىز سېنىڭ اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان بولساق، ساڭا قارشى چىقمىغان بولاتتۇق. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا دەپ ياز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى خەتنى ئۆچۈرۈپ، سۇھەيل دېگەندەك يېزىشقا بۇيرۇۋىدى، ئەلى ئۆچۈرۈشكە ئۇنىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈردى، سۈلھىنامە ئىككى نۇسخا يېزىلىپ، بىرى مۇسۇلمانلارغا، يەنە بىرى قۇرەيشلەرگە تاپشۇرۇلدى. سۈلھىنامە يېزىلىپ بولغاندا، ئەبۇ جەندەل ئىبنى سۇھەيل پۇتىدىكى ئىشكەل بىلەن سەكرەپ كىرىپ كەلدى، ئۇ مۇسۇلمان بولغانلىقتىن ئاتىسى ئۇنى سولاپ قويۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن توسقان. شۇنىڭ

www.munber.org





بىلەن ئۇ مۇسۇلمانلاردىن پانا تىلەپ قېچىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا : سەۋرى قىلغىن، نارازى بولمىغىن. الله ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش ئاجىز مۇسۇلمانلارغا ئامانلىق ۋە چىقىش يولى بېرىدۇ. بىز قۇرەيش بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ۋەدىلەشتۇق. ئۇلارغا خىيانەت قىلمايمىز، دەپ ئۇنى قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇپ بەردى. خۇزائە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە، بەنۇبەكرى قەبىلىسى قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىردى.

سۈلھىنامە تۈزۈلۈپ بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، قۇربانلىق قىلىپ، ئۆمرەدىن چىقىشقا ئەمرى قىلدى. مۇسۇلمانلار سۈلھىنامىدىن زور قايغۇغا چۆمۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشقا ئالدىراشمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئېغىر شەرتلەر بىلەن سۈلھى تۈزدۇڭ، مۇسۇلمانلار مەككىنى ئالماي قايتىشتىن قاتتىق قايغۇردۇ، ئۇلارنى كەچۈرگىن. سەن ئالدى بىلەن ئىھرامدىن چىققىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ چىقىپ قۇربانلىق قىلدى، چېچىنى ئالدۇردى، مۇسۇلمانلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ شۇنداق قىلىشتى. ئاندىن مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كېلىشتى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن ئەمىن بولۇشتى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيتنىڭ قىزى، ئوسماننىڭ ئانا بىر ھەمشىرىسى ئۇممۇ كۇلسۇم ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلدى، مۇشرىكلار مۇسۇلمانلاردىن ئۇممۇ كۇلسۇمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇممۇ كۇلسۇم: ئى

www.munber.org

رەسۇلۇللاھ مەن بولسام ئايال كىشى، مېنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرسەڭ، ئۇلار مېنى دىنىمدىن چىقىرىدۇ، دېدى. بۇ توغرىدا الله مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ئى مۆمىنلەر، سىلەرگە مۆمىنە ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار. ئۇلارنىڭ ئىمانىنى الله ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى مۆمىن دەپ بىلسەڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار. ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس. كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئەرلىرىنىڭ مەھرلىرىنى بېرىپ ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار، سىلەردە ھېچ گۇنا يوق. كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كاپىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، اللهنىڭ ھۆكۈمى ئەنە شۇ. الله ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. الله ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.“ (سۈرە مۇمتەھىنە، 10 ـ ئايەت) ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللار ئۆز يۇرتلىرىدىن باشقا يۇرتقا قىزىققانلىقتىن ياكى بىرەر مۇسۇلمان ئەرگە قىزىققانلىقتىن ھىجرەت قىلغان بولماي، پەقەتلا اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى دوست تۇتقانلىقتىن ھىجرەت قىلغانلا بولسا، مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمەيتتى، مۇشرىك ئەرلىرىگە مەھرى قايتۇرۇپ بېرىلەتتى، شۇندىن كېيىن بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشى دۇرۇس بولاتتى. مەزكۇر ئايەتتە مۇسۇلمان بولمىغان خوتۇننى خوتۇن قىلىۋېرىشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرىۋېلىپ، ئۇ خوتۇننى ئائىلىسىگە قايتۇرىۋېتىشنىڭ لازىملىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئەبۇ بەسىر ئوتبە ئىبنى ئۇسەيد سەقەفى مۇسۇلمان بولۇپ

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا قېچىپ كەلدى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئادەم ئەۋەتىپ، رەسۇلۇللاھتىن ئۇنى تەلەپ قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەسىرنى ئۇلار بىلەن قايتىشقا بۇيرۇدى. ئەبۇ بەسىر: ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى الله كاپىرلاردىن قۇتقۇزغان تۇرسا، سەن مېنى دىنىمدىن چىقىرىدىغان كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: الله ساڭا ۋە قېرىنداشلىرىڭغا قۇتۇلۇش يولى بېرەر، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نائىلاجلىقتىن قۇرەيشنىڭ ئىككى ئەلچىسى بىلەن قايتىپ كېتىشكە يولغا چىقتى. زۇلھۇلەيفە دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئەبۇ بەسىر ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قاچۇرۇپ قويدى. ئەبۇ بەسىر مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، سەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىلدىڭ، مەن قۇتۇلدۇم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: خالىغان جايىڭغا كەت، مەدىنىدە تۇرما، دېدى. ئەبۇ بەسىر شام يولىدا قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنى ئۆتىدىغان بىر يەرگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. مەككىدىن قېچىپ كەلگەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەبۇ جەندەل ئىبنى سۇھەيلمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. سەھرا ئەرەبلىرىدىن بىر توپ كىشىلەر بۇلارغا قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ قۇرەيشنىڭ يولدىن ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىنى بۇلاشقا باشلىدى. چارىسىز قالغان قۇرەيش خەلقى رەسۇلۇللاھتىن سۈلھنامىنىڭ 2ـ ماددىسىنى بىكار قىلىپ، قېچىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزۇشنى ئۆتۈندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشىنى قوبۇل قىلدى. ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەندەلنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بەرگەندە، الله مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا ئېغىر تۇيۇلغان بۇ غەمدىن خالاس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرى ئۆزلىرىنىڭ پىكرىدىن ئۈستۈن ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ ئارىلىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنى كاپىرلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: ئىسلامدا ھۇدەيبىيە غەلىبىسىدىن چوڭراق غەلىبە بولغان ئەمەس، دېگەن. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىغا كىشىلەرنىڭ ئەقلى يەتمىگەن. بەندىلەر ئالدىراپ كېتىدۇ، الله بولسا ئالدىرىماي، ئىشلارنى ئۆز خاھىشىچە ئورۇنلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتقاندا، قۇرئاندىكى فەتھ سۈرىسى نازىل بولدى. پاك الله سۈرىنىڭ بېشىدا مۇنداق دەيدۇ: ”ساڭا بىز بىر روشەن غەلىبىنى ئاتا قىلدۇق.“ (سۈرە فەتھ 1ـ ئايەت) ھۇدەيبىيە غازىتىنىڭ روشەن غەلىبە دەپ ئاتىلىشى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى تەستىقلايدۇ.

پادىشاھلارغا مەكتۇپ يوللاش

ھىجرىيە 6ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كەلدى. يوللار قۇرەيشلەردىن ئەمىن بولدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىقلىم پادىشاھلىرىغا ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپلارغا بېسىش ئۈچۈن كۈمۈشتىن موھۇر ياساتتىپ، ئۇنىڭغا: ”مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دېگەن سۆزنى ئويدۇردى. رۇم پادىشاھى قەيسەرگە دىھيەتۇ كەلبە دېگەن كىشىدىن بىر پارچە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى مەكتۇپنى بۇسرانىڭ ۋالىيسى ئارقىلىق پادىشاھقا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى.



www.munber.org



## قەيسەرگە مەكتۇپ يوللاش

مەكتۇپ مۇنداق يېزىلغان: ”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللادىن رۇمنىڭ چوڭى ھىرەقلىگە:

توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەن سېنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان بولىسەن، الله ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىدۇ (بىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا، ئىككىنچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن. ـ ت) ، ئەگەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىساڭ، پۈتكۈل خەلقىڭنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت اللهغىلا ئىبادەت قىلىش، اللهغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللهنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى، دىگىن. ئەگەر ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلمىسا، بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار، دەڭلار. (سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت)

## ئەبۇ سۇفياننىڭ ئېيتقانلىرى

قەيسەر بۇ مەكتۇپنى ئالغاندىن كېيىن: مۇھەممەدنىڭ قەۋمىدىن بىرەر ئادەمنى تېپىپ كېلىڭلار، مۇھەممەد توغرىلىق گەپ سورايمىز، دېدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان بىر قانچە قۇرەيش بىلەن بىللە شامدا سودا قىلىۋاتاتتى. قەيسەرنىڭ ئەلچىلىرى ئەبۇ سۇفياننى پادىشاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا چاقىردى. ئەبۇسۇفيان ھەمراھلىرى بىلەن قۇددۇسقا كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى، قەيسەر تەرجىمان ئارقىلىق ئۇلارنىڭ

قايسىسىنىڭ نەسەبى پەيغەمبەرگە يېقىن ئىكەنلىكىنى سورىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەبۇسۇفيانلا ئەبدۇماناف جەمەتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ: مېنىڭ نەسەبىم يېقىن، دەپ جاۋاب بەردى. قەيسەر ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تۇرغۇزۇپ، قالغانلارنى كەينىدە تۇرغۇزدى. ئاندىن تەرجىمان ئارقىلىق ئەبۇسۇفياننىڭ ھەمراھلىرىغا: مەن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ھېسابلىغان مۇھەممەد توغرىلىق گەپ سوراش ئۈچۈن، ئەبۇسۇفياننى ئالدىڭلاردا تۇرغۇزدۇم. ئەگەر ئۇ يالغان ئېيتسا، ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغۇزدۇم، دېدى. ئاندىن قەيسەر بىلەن ئەبۇسۇفياننىڭ ئارىسىدا مۇنداق سوئال ـ جاۋابلار بولدى:

- ئىچىڭلاردا مۇھەممەدنىڭ نەسەبى قانداق؟

- نەسەبى ئېسىل.

- مۇھەممەدتىن بۇرۇن ئاتا بوۋىلىرىدا پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كىشى بولغانمۇ؟

- ياق.

- ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلىغىنىڭلار بارمۇ؟

- ياق.

- ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدە پادىشاھ بولغان كىشى بارمۇ؟

- ياق.

- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر يۇقىرى تەبىقىدىنمۇ، تۆۋەن تەبىقىدىنمۇ؟

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

- تۆۋەن تەبىقىدىن.

- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ، ئازىيىۋاتامدۇ؟

- كۆپىيىۋاتىدۇ.

- ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنىنى ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟

- يوق.

- مۇھەممەدنىڭ ۋەدىگە خىيانەت قىلغان يېرى بارمۇ؟

- يوق. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا كېلىشىم بار، بۇنى بۇزامدۇ، يوقمۇ بىلمەيمەن.

- ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟

- قىلدۇق.

- قايسىڭلار غالىپ كەلدىڭلار؟

- بەزىدە ئۇ غالىپ كەلدى، بەزىدە بىز غالىپ كەلدۇق.

- ئۇ سىلەرنى نىملەرنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

- يالغۇز بىر اللهغا ئىبادەت قىلىشقا، اللهغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىنى تاشلاشقا، ناماز ئوقۇشقا، سەدىقە بېرىشكە، ئىپپەتلىك بولۇشقا، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

قەيسەر ئەبۇسۇفيانغا مۇنداق دېدى: مۇھەممەدنى ئېسىل نەسەپلىك دېدىڭ، پەيغەمبەر شۇنداق ئېسىل نەسەپلىك بولىدۇ.

www.munber.org

ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىچىڭلارغا ھېچكىم پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلمىغانلىقىنى ئېيتتىڭ، ئەگەر پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان بىرەر كىشى بولغان بولسا، مۇھەممەدنى ئۇنى دوراپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان دەيتتىم. ئۇ بۇرۇن يالغانچىلىق بىلەن قارىلانمىغان دېدىڭ، ئۇ كىشىلەرگە يالغانچىلىق قىلمىغان ئىكەن، ﷲغا يالغانچىلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن پادىشاھ بولغان كىشى يوق دېدىڭ، بولغان بولسا، ئۇ ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىپتۇ، دەيتتى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر دېدىڭ، پەيغەمبەرلەرگە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىدۇ، ئەگەشكۈچىلىرىنى كۆپىيىۋاتىدۇ دېدىڭ، ئەھلى ئىمان شۇنداق كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدە ئىماندىن يېنىۋالغانلار يوق دېدىڭ، ئىمان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەندە شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقانلىقىڭلارنى، گاھى ئۇنىڭ، گاھى سىلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىڭلارنى ئېيتتىڭ، پەيغەمبەرلەر شۇنداق سىنىلىدۇ، ئاخىر ئۇلار ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ نامازغا، سەدىقە بېرىشكە، ئىپپەتلىك بولۇشقا، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدىغانلىقىنى ۋە خىيانەت قىلمىغانلىقىنى ئېيتتىڭ، پەيغەمبەرلەر شۇنداق بولىدۇ. مۇھەممەدنىڭ ھەقىقى پەيغەمبەرلىكىنى بىلدىم. ئۇ مەيدانغا كەپتۇ، ئۇنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا، مۇھەممەد رۇم زېمىنىنىمۇ ئىشغال قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قېشىغا بارالايدىغان بولسام، بېرىشقا ئەلۋەتتە ئۇرۇنۇپ باققان بولاتتىم، دېدى. (ئەبۇسۇفيان: بۇ چاغدا قەيسەرنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرى چوقان سېلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىدىم، شۇنىڭ بىلەن

www.munber.org





بىزنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، دەيدۇ.) ئەبۇسۇفيان ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ: مۇھەممەدنىڭ ئىشى رۇم پادىشاھىنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ، دېدى.

قەيسەر ھىمىس شەھرىگە قايتىپ كېلىپ، رۇمنىڭ چوڭ ئەرباپلىرىنى يىغىپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىتىپ قويۇپ: ئى رۇملۇقلار، توغرا يولنى ۋە پادىشاھلىقىڭلارنىڭ داۋاملىشىشىنى خالىساڭلار، مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىڭلار، دېدى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ ياۋايى ئېشەكلەردەك دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. قارىسا دەرۋازىلار تاقاقلىق تۇرغان. قەيسەر ئۇلارنىڭ نەپرەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ: يۇقىرىقى سۆزلەرنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا مۇستەھكەم ياكى مۇستەھكەم ئەمەسلىكىڭلارنى سىناش ئۈچۈن دېگەن ئىدىم، دېدى. ئۇلار قەيسەرگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشتى. قەيسەر پادىشاھلىقىنى ئىسلام دىنىدىن ئارتۇق كۆردى. خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، ئۆزىنىڭ ۋە پۇقرالىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە يۈكلىۋالدى. لېكىن ئۇ ئەلچى دىھيەتۇ كەلبەنى چىرايلىق مۇئامىلە بىلەن قايتۇردى.

## بۇسرا ۋالىسىغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىس ئىبنى ئۇمەير ئەزدىدىن بۇسرانىڭ ۋالىسىغا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى. ھارىس مۇئتە دېگەن كەنتكە يېتىپ بارغاندا، شۇرەھبىل ئىبنى ئەمر غەسسانى ئۇچراپ قېلىپ، ھارىستىن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ھارىس شامغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇرەھبىل ئۇنىڭغا: سەن مۇھەممەدنىڭ

www.munber.org

ئەلچىسى بولساڭ كېرەك؟ دېدى. هارىس: هەئە، دېدى ۋە شۇئان ئۆلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئەلچىلىرى ئۆلتۈرۈلمىگەن ئىدى.

## هارىس ئىبنى ئەبى شىمىرگە مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هىرەقىل تەرىپىدىن قويۇلغان دەمەشىق ۋالىيسى هارىس ئىبنى ئەبى شىمىرگە شۇجا ئىبنى ۋەھبىدىن بىر پارچە مەكتۇپ يوللىدى. هارىس شەھەر چېتىدە تۇراتتى، مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە ئىدى:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن هارىس ئىبنى ئەبى شىمىرگە:

توغرا يولغا ئەگەشكەن، ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغانلارغا سالام، مەن سېنى هېچ شېرىكى يوق تەنھا بىر ئاللاھقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىمەن، شۇنداق قىلساڭ، ۋالىيلىقىڭ داۋاملىشىۋېرىدۇ.“

هارىس مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى چۆرۈۋېتىپ: مېنىڭ ۋالىيلىقىمنى كىم تارتىۋالىدىكەن؟ دېدى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇ ئەلچىگە: قايتىپ بېرىپ، كۆرگەنلىرىڭنى مۇھەممەدكە ئېيت، دېدى. ئاندىن بۇ توغرىلىق قەيسەردىن يولىيۇرۇق سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئادەم قەيسەرنىڭ هۇزۇرىغا كىرگەندە، قەيسەرنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى دىھيە بار ئىدى. قەيسەر هارىسقا خەت



www.munber.org



يېزىپ، ئۇنى مەزكۇر نىيىتىدىن قايتىشقا ۋە قەيسەرنىڭ ئىلىيانى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن هازىرلىق قىلىشى ئۈچۈن هازىرلىق كۆرۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. قەيسەر ئىراننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئىلىيانى زىيارەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى. هارىس قەيسەرنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، شۇجا ئىبنى ۋەھبىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى يول راسخوتى ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

## مۇقەۋقىسقا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيسەر تەرىپىدىن قويۇلغان مىسىر ۋالىيسى مۇقەۋقىسقا هاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئەدىن مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە ئىدى:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن قىبتىنىڭ *[قىبتى ـ مىسىردىكى قەدىمقى بىر مىللەتنىڭ نامى. بۇ يەردە مىسىر كۆزدە تۇتۇلغان. ـ ت]* چوڭى مۇقەۋقىسقا:

توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەن سېنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان بولىسەن، ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىدۇ؛ ئەگەر يۈز ئۆرۈسەڭ، قىبتىلەرنىڭ گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ. 'ئى ئەھلى كىتاب پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە هۆرمەت قىلايلى، دېگىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار، دەڭلار.` “ (سۈرە ئال ئىمران، 64 ـ ئايەت)



www.munber.org

ھاتەب ئىسكەندىرىيىگە بېرىپ، مەكتۇپنى مۇقەۋقىسقا تاپشۇردى. مۇقەۋقىس مەكتۇپنى ئوقۇپ: ئەگەر مۇھەممەد راست پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە ئۇنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغانلارغا بەددۇئا قىلسا بولمامدۇ؟ دېدى. ھاتەب ئۇنىڭغا: سەن مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسانى اﷲنىڭ ئەلچىسى دەپ ئىشىنىسەنغۇ؟ ئىيسانى خەلقى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، اﷲ ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئىيسا نىمىشقا ئۆز خەلقىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن بەددۇئا قىلمىغان؟ دېدى. مۇقەۋقىس: توغرا ئېيتتىڭ، سەن دانىشمەن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن دانىشمەن ئىكەنسەن. مەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرىغا قارىسام، ئۇ كىشىلەرنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇمايدىكەن، ياخشى ئىشلاردىن توسمايدىكەن، ئۇ ئازغان سېھىرگەرمۇ ئەمەس، كاززاپ پالچىمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭدا يوشۇرۇن غايىپ ئىشلارنى بىلىش، مەخپىي سىرلارنى بىلىشتەك پەيغەمبەرلىك پەزىلىتى بارلىقىنى بىلدىم، قاراپ باقايلى، دېدى ۋە جاۋاب ئۈچۈن مۇنداق مەكتۇپ يازدى:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. قىبتىلەرنىڭ چوڭى مۇقەۋقىستىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاغا سالام:

مەكتۇبىڭنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا ئېيتقانلىرىڭنى ۋە نىمىگە دەۋەت قىلىدىغانلىقىڭنى بىلدىم. مەن پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۇنى شامدىن چىقىدۇ دەپ ئويلايتتىم. سېنىڭ ئەلچىڭنى ھۆرمەتلىدىم، ساڭا قىبتىلەر ئىچىدە زور ئورۇنغا ئىگە ئىككى كېنىزەك ئەۋەتتىم ھەمدە كىيىم ـ كېچەك، مىنىشىڭگە بىر خېچىر سوۋغا قىلدىم، ۋەسسالام.“

مەزكۇر كېنىزەكلەرنىڭ بىرى بولغان مارىيەنى پەيغەمبەر

www.munber.org





ئەلەيھىسسالام ئەمرىگە ئالدى، بۇنىڭدىن بالىسى ئىبراھىم تۆرەلدى؛ يەنە بىر كېنىزەكنى ھەسسان ئىبنى سابىتقا بەردى. مۇقەۋقىس بولسا مۇسۇلمان بولماي قېلىۋەردى.

## نەجاشىغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زىمرىيدىن تۆۋەندىكىچە مەكتۇپ يوللىدى:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، اﷲنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەددىن ھەبەشىستاننىڭ چوڭى نەجاشىغا سالام:

اﷲنى شۇنداق ماختايمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. اﷲ پۈتكۈل كائىناتنىڭ پادىشاھى، ئەيىپ ـ نوقسانلاردىن پاك، مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچى، مۆمىنلەرنى ئازاپتىن ساقلىغۇچى، شەيئىلەرنى باشقۇرغۇچى. شۇنىڭغا گۇۋالىق بېرىمەنكى، ئىيسا مەريەمنىڭ ئوغلى، اﷲغا مەنسۇپ روھ ۋە اﷲنىڭ مەريەمگە ئىلقا قىلغان سۆزىدۇر. اﷲ ئىيسانى پاك، ئىپپەتلىك، دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن مەريەمگە ئىلقا (تاشلاش) قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەريەم ھامىلدار بولدى. اﷲ قۇدرەت قولى بىلەن ئادەمنى ياراتقاندەك، ئىيسانى ياراتتى. مەن سېنى شېرىگى يوق بىر اﷲغا ئىشىنىشكە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا، ماڭا ئەگىشىشكە، ماڭا كەلگەن ۋەھىيلەرگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىمەن. مەن اﷲنىڭ ئەلچىسى. مەن سېنى ۋە خەلقىڭنى اﷲغا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. مەن سىلەرگە اﷲنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم، نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار، توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام.“

نەجاشى مەكتۇپنى ئېلىپ، ئەلچىنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى ۋە ئەلچىگە: الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئىيسانىڭ مۇھەممەدتىن بېشارەت بەرگەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن مېنىڭ ھەبەشىستاندا ياردەمچىلىرىم ئاز، ياردەمچىلىرىمنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى يۇمشاتقىچە كۈتكىن، دېدى. ئەمىر ئىلگىرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا قايتىشقا تەكلىپ قىلدى. مۇھاجىرلارنىڭ قاتارىدا ئەبۇسۇفيانىنىڭ قىزى، ئۇبەيدۇللا ئىبنى جەھشنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبەمۇ بار ئىدى، ئېرى ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىدى، لېكىن ئۇبەيدۇللا گۇمراھلىشىپ خرىستىئان دىنىغا كىرىپ كەتكەن ۋە كېيىن ئۆلگەن. ئۇممۇ ھەبىبە ھەبەشىستاندىكى ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشىنى ۋەكىل قىلىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالدى.

## كىسراغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىران پادىشاھى كىسراغا ئابدۇللا ئىبنى ھۇزافە سەھمىدىن تۆۋەندىكىچە مەكتۇپ يوللىدى:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن ئىراننىڭ چوڭى كىسراغا:

توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەمگە، اللهغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان ئېيتقان، اللهدىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، اللهنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ شاھادەت ئېيتقان كىشىلەرگە سالام. مەن سېنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. مەن الله تەرىپىدىن پۈتۈن



www.munber.org



ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر. مەن تىرىك ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىمەن، سۆزۈمنى ئىنكار قىلغانلارنى اللهنىڭ ئازابىغا قالىسەن دەپ قورقۇتىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان بولىسەن. ئەگەر بۇنىڭدىن باش تارتساڭ، پۈتۈن مەجۇسىلارنىڭ *[مەجۇسىلار ـ ئوتقا چوقۇنغۇچىلار. ـ ت]* گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ.“

كىسرا مەكتۇپنى ئوقۇپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۇنى يىرتىپ تاشلىدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: الله ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلىۋەتسۇن! دېدى. ھەقىقەتەنمۇ ئىران دۆلىتى ئەڭ بۇرۇن يىمىرىلىپ تاشلاندى. بۇ بەدبەخت تاجاۋۇزچىلىقنى باشلاپ، يەمەندىكى ۋالىيسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. الله كىسرانى ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئوغلى شىرۇەينى ئۈز ئاتىسىغا قارشى چىقىرىش ئارقىلىق يولى بىلەن ئۆلتۈرگۈزدى. شىرۇەي يەمەن ۋالىيسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئاتىسى بۇيرۇغان ئىشنى قىلىشتىن توستى.

## مۇنزىر ئىبنى ساۋىغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەھرەيننىڭ ۋالىيسىغا ئەلائىبنى ھەزرەمىدىن مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. مەكتۇپ مۇنداق يېزىلغان:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. مەن اللهنى ماختايمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. بىزنىڭ نامىزىمىز (بەش ۋاقت ناماز) نى ئوقۇغان، قىبلىمىزگە قارىغان، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ماللىرىمىزنى



www.munber.org

يىگەنلەر مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. الله ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. مەجۇسىلاردىن شۇنداق قىلىشنى ياقتۇرغانلار مۆمىن سانىلىدۇ، باش تارتقانلاردىن باج ـ خىراج ئېلىنىدۇ.“

بەھرەيىن ۋالىسى مۇنزىر ئىبنى ساۋى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇنداق مەكتۇپ يازدى:

”ئى رەسۇلۇللاھ سىزنىڭ مەكتۇبىڭىزنى بەھرەيىن خەلقىگە ئوقۇپ بەردىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنىنى ياقتۇرۇپ مۇسۇلمان بولدى، بەزىلىرى ياقتۇرمىدى. مېنىڭ يېرىمدە مەجۇسىلار ۋە يەھۇدىيلار بار، بۇلار ھەققىدە نىمە قىلىشىمنى بۇيرۇيسەن؟“

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق مەكتۇپ يازدى:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن مۇنزىر ئىبنى ساۋىگە سالام.

مەن اللهنى مەدھىيىلەيمەنكى، ئۇ تەنھادۇر. شۇنىڭغا گۇۋالىق بېرىمەنكى، اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد بولسا اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. مەن ساڭا اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلىتىمەن: كىمكى ماڭا سادىق بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە پايدىلىق ئىش قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمگە ئىتائەت قىلىدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ بۇيرۇغىنى بىجا كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ' مېنىڭ ئەلچىلىرىم سىزنىڭ ياخشى تەرىپىلىرىڭىزنى قىلدى. سىزنىڭ خەلقىڭ ئۈچۈن ئارا تۇرۇشۇڭنى قوبۇل قىلدىم. مۇسۇلمان بولغانلارغا چېقىلما، مەن گۇناھكارلارنى كەچۈردۈم، سەنمۇ كەچۈرگىن. سەن ئاينىپ كەتمىسەڭلا، سېنى مەنسۇبىڭدىن ئېلىپ تاشلىمايمىز. يەھۇدىي ۋە مەجۇسىلارنىڭ ئۆز دىنىدا قالغانلىرىدىن خىراج ئېلىنسا

www.munber.org





بولىدۇ. “

## ئومانىنىڭ ئىككى ۋالىسىغا مەكتۇپ يوللاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ئاستىن ئومانىنىڭ ئىككى ۋالىسىغا يەنى جۇلەندىنىڭ ئوغۇللىرى جەيفەر بىلەن ئەبدىگە مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپ مۇنداق يېزىلغان:

”بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن جۇلەندىنىڭ ئوغۇللىرى جەيفەر بىلەن ئەبدىگە:

توغرا يولغان ماڭغانلارغا سالام. مەن سىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭلار ئامان بولىسىلەر، مەن تېرىك ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە كاپىرلارغا اللهنىڭ ئازاۋىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن اللهنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن، مۇسۇلمان بولساڭلار، سىلەرنى مەنسۇبىڭلاردا قالدۇرىمەن، مۇسۇلمان بولمىساڭلار، مەنسۇبىڭلار قولۇڭلاردىن كېتىدۇ. لەشكىرىم زېمىنىڭلارنى ئىشغال قىلىپ، پەيغەمبەرلىكىمنى ئاشكارا قىلىدۇ، ۋەسسالام.“

ئىبنى ئاس ئۇلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەبدى ئىبنى جۇلەندى ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىلەرگە بۇيرۇيدىغانلىقى ۋە نېمىلەردىن مەنئى قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. ئىبنى ئاس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى اللهغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، اللهغا ئاسىيلىق قىلىشتىن توسىدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. زۇلۇم قىلىشنى، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشنى، زىنا قىلىشنى، ھاراق

www.munber.org

ئىچىشنى، تاشلارغا، بۇتلارغا، سەلب (كىرست) كە چوقۇنۇشنى مەنئى قىلىدۇ، دېدى. ئەبدى ئىبنى جۇلەندى: ئۇنىڭ دەۋەت قىلغان نەرسىلىرى نېمە دېگەن ياخشى! مېنىڭ قېرىندىشىم ئۇنىسلا، مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ مۇسۇلمان بولاتتۇق، لېكىن قېرىندىشىمنىڭ مۇھەممەدكە تەۋە بولۇپ، ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، دېدى. ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا: قېرىندىشىڭ مۇسۇلمان بولىدىغان بولسا، مەنسىۋىدە قالدۇرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايلاردىن زاكات ئېلىپ ئۇنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، دېدى. ئەبدى ئىبنى جۇلەندى: بۇ ياخشى ئەخلاقتۇ! زاكات دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. ئەمر ئىبنى ئاس اللهنىڭ زاكات توغرىسىدىكى كۆرسەتكەن بەلگىلىمىسىنى بايان قىلىپ چارۋىلار ئۈستىدە توختالغاندا، ئەبدى ئىبنى جۇلەندى: ئوتلاقلاردا بېقىلىۋاتقان چارۋىلىرىمىزدىنمۇ زاكات ئېلىنامدۇ؟ دەپ سورىدى. ئەمر ئىبنى ئاس: ھەئە، ئېلىنىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئەبدى ئىبنى جۇلەندى: اللهغا قەسەمكى، قەۋمىم يۇرتلىرى يىراق، چارۋىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، دېدى. ئاندىن ئەبدى ئىبنى جۇلەندى ئەمر ئىبنى ئاسنى قېرىندىشى جەيفەرگە ئەۋەتتى. جەيفەر ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن كۆڭلى يۇمشاپ، قېرىندىشى بىلەن ئىككىسى مۇسۇلمان بولدى، ئەمر ئىبنى ئاسنى زاكات يىغىشقا قويدى.

## ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە مەكتۇپ يوللاش

"مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەلىت ئىبنى ئەمردىن يەمامەنىڭ ۋالىسى ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە تۆۋەندىكىچە مەكتۇپ يوللىدى:

www.munber.org





بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە:

توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. بىلگىنكى، مېنىڭ دىنىم ھەممە يەردە باش كۆتىرىدۇ. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان بولىسەن، سېنى ۋالىلىغىڭدا قالدۇرىمەن."

ھەۋزە مەكتۇپنى ئېلىپ مۇنداق جاۋاب يازدى:

"سېنىڭ دەۋەت قىلغان ئىشلىرىڭ نېمە دېگەن ياخشى ۋە گۈزەل! مەن بولسام قەۋمىمنىڭ شائىرى ۋە تاتىغى، پۈتۈن ئەرەب خەلقى مەندىن تەپ تارتىدۇ. مېنى ئىشىڭغا شېرىك قىلساڭ، ساڭا ئەگىشىمەن."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەكتۇبىنى كۆرگەندىن كېيىن: ئەگەر مەندىن بىر پارچە يەر سورىسىمۇ بەرمەس ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ھاكىمىيىتىمۇ ھالاك بولىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىپ قايتقاندا، ھەۋزە ئىبنى ئەلى ئۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەربىر قەۋمگە ئۇلارنىڭ چوڭىنى باشلىق قىلىپ قوياتتى.

ھىجرىيىنىڭ 7 ــ يىلى

## خەيبەر غازىتى

ھىجرىيىنىڭ 7 ــ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈشكە بۇيرۇدى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى خەندەك غازىتى

www.munber.org

ۋاقتىدا ئەرەب قەبىلىلىرىنى ھەدەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان ئىدى. يۇقىرىدا كەئىب ئىبنى ئەشرەف ۋەقەسىدە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇلار ھېلىمۇ قىر ئەرەبلىرى بىلەن تىرىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە ئۆزى بىلەن بىللە بولغان سەھرا ئەرەبلىرىنى سەپەرۋەرلىككە چاقىردى. ھۇدەيبىيە غازىتىغا چىقمىغانلار كېلىپ، بۇ قېتىمقى جەڭگە چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: غەنىمەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت جىھادقا قىزىقىدىغىنىڭلار چىقىڭلار، غەنىمەتتىن ھېچنەرسە بەرمەيمەن، دېدى. ۋە بۇنى جاكاچى ئارقىلىق ئىلان قىلدۇردى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سىبا ئىبنى ئۇرفەتەنى قالدۇرۇپ ئاتلاندى. بۇ سەپەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇممۇ سەلەمە بىللە چىقتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەدىنىنىڭ غەربى شىمالىدىكى يۆزىلىچە كېلىدىغان خەيبەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۈنلۈك تەكبىر ۋە دۇئا ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاستا تۇۋلاڭلار! سىلەر گاسقا، يوق نەرسىگە ئەمەس، ھەممىشە سىلەردىن ئايرىلمايدىغان، سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى اللەغا دۇئا قىلىۋاتىسىلەر، دېدى. خەيبەر قورغانلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ئۆچ ئىدى. ئۇلار نەتات، كەسىبە، شەق دېگەن قورغانلار بولۇپ، نەتات قورغىنى يەنە نائىم، سەئىب، قۇللە قورغانلىرىغا، كەسمە قورغىنى يەنە ئۇبەي، بەرى قورغانلىرىغا، شەق قورغىنى يەنە قەمۇس، ۋەتىھ، سولالىم قورغانلىرىغا بۆلۈنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى نەتات قورغانلىرىدىن باشلىدى؛ قوشۇنى قورغاننىڭ شەرقىدىكى ئوق




www.munber.org



يەتمەيدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇردى. دۈشمەننى ھەيۋە بىلەن مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن، قوشۇننى ئۇلارنىڭ خورما دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى، مۇسۇلمانلار تۆت يۈز تۈپچە خورما دەرىخىنى كېسىپ تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئۇرۇشۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلىپ، خورما دەرەخلىرىنى كېسىشنى توختاتتى. ئاندىن نائىم قورغىنىغا ئوق ئېتىش بىلەن ئۇرۇشنى باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلەمى مۇھاجىرلاردىن بىرىنىڭ قولىدا ئىدى. بۈگۈنكى ئۇرۇشتىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ قېرىندىشى مەھمۇد ئىبنى مەسلەمە مۇشۇ كۈنى شېھىت بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ دۈشمەن بىلەن كىچىك ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى. ھەركېچىسى بىر مۇسۇلماننى قوشۇننىڭ كۆزەتچىلىكىگە قوياتتى. 7 ـ كېچىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كۆزەتچىلىك قىلغان ئىدى، ئۇ يېرىم كېچىدە سىرتقا چىققان بىر يەھۇدىينى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى، يەھۇدىي قورقۇپ كېتىپ: ماڭا ئامانلىق بەرسەڭلار، سىلەرگە پايدىلىق بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىمەن، دېدى. يەھۇدىيغا ئامانلىق بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ: قورغاندىكىلەر زېرىكتى، چارچىدى، باللىرىنى شەق قورغىنىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇلار ئەتە چىقىپ سىلەر بىلەن ئۇرۇشماقچى، ئەتە قورغاننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغاندا، سىلەرگە مەنجەنىق (ئىستىھكاملارغا تاش ئاتىدىغان قورال) ، دەببابە *[بىر خىل ئۇرۇش قورالى، ئەسكەرلەر ئۇنى قورغان تۈۋىگە ئاپىرىپ، ئىچىگە كىرىۋېلىپ قورغاننى تېشىدۇ.]* ، نەيزە ۋە قىلىچلار بار ئۆينى كۆرسىتىپ قويىمەن، سىلەر مۇشۇ قوراللارنى ئىشلىتىپ، باشقا




www.munber.org

قورغانلارنى ئاسان ئىشغال قىلالايسىلەر. مەنجەنىقنى بەللەپ قويۇپ، دەببابىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قورغاننى تەشسەڭلار، ئۇن شۇ كۈنىلا ئىشغال قىلىسىلەر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەگە: ئەتە ئەلەمنى شۇنداق بىر ئادەمگە تۇتقۇزىمەنكى، ئۇ اللهنى ۋە پەيغەمبەرنى سۆيىدۇ، اللهمۇ ۋە پەيغەمبەرمۇ ئۇنى سۆيىدۇ، دېدى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ شۇ كىشى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ يېتىپ قېلىشتى، ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: مەنسەپنى پەقەت مۇشۇ كېچىدىلا ئارزۇ قىلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى سورىدى. بىرسى ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ قويۇۋىدى، كۆزى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە ئەلەمنى تۇتقۇزۇپ، قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقا ماڭدى. بۇ چاغدا يەھۇدىيلارمۇ ئۇرۇشقا راسلىنىپ تۇرۇشقان ئىدى. بىر يەھۇدىي يەكمۇ ـ يەك چۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ چىقتى، ئەلى ئۇنى ئۆلتۈردى، ئاندىن دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ باتۇرى ھېسابلانغان مەرھەب يەكمۇ ـ يەك چىقىشنى تەلەپ قىلىپ چىقىۋىدى، ئۇنى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۆلتۈردى. ئاندىن مەرھەبنىڭ قېرىندىشى ياسىر چىقتى، ئۇنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئۆلتۈردى، مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە يەھۇدىيلار قاچتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى سۈرۈپ قورغانغا بېسىپ كىردى. دۈشمەنلەر يېنىدىكى سەئىب قورغىنىغا چېكىندى. مۇسۇلمانلار نائىم قورغىنىدىن نۇرغۇن نان ۋە خورما غەنىمەت ئالدى. ئاندىن يەھۇدىيلارنى قوغلاپ سەئىب قورغىنىغا كىردى. يەھۇدىيلار بۇ يەردە قاتتىق ئۇرۇشۇپ مۇسۇلمانلارنى

www.munber.org





چېكىندۈرىۋىدى، ھەباب ئىبنى مۇنزىر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ قاتتىق ئۇرۇشۇپ يەھۇدىيلارنى مەغلۇب قىلىپ، قورغانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار بۇ قورغاندىن نۇرغۇن ئاش ـ ئوزۇق غەنىمەت ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتلەرنى غازىلارنىڭ ئۆزلىرى يېيىشكە ۋە ئۇلاقلىرىغا بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى، ئېلىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى جاكاچى ئارقىلىق ئۇقتۇردى. بۇ قورغاندا مەغلۇب بولغان يەھۇدىيلار قۇللە قورغىنىغا كىرىۋېلىشتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى سۈرۈپ يۈرۈپ بۇ يەردە ئۈچ كۈن مۇھاسىرە قىلدى. بۇ قورغاننى ئىشغال قىلىش قىيىن بولدى. تۆتىنچى كۈنى، ئەسىرگە چۈشكەن بىر يەھۇدىينىڭ كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، قورغاندىكى يەھۇدىيلار چىقىپ قاتتىق ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇب بولۇپ شەق قورغىنىغا كىرىۋالدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سۈرۈپ كىرىپ، ئۇبەي قورغىنىنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىدى. يەھۇدىيلار چىقىپ قاتتىق ئۇرۇشتى. ئەبۇدۇ جانە ئەنسارىي ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، مەردانىلىق بىلەن قورغانغا بېسىپ كىردى. مۇسۇلمانلار بۇ قورغاندا نۇرغۇن ئۆي جاھازلىرىنى، قوي ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى غەنىمەت ئالدى. مەغلۇب بولغان يەھۇدىيلار بەرى قورغىنىغا قېچىپ كىرىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ يەردىكى يەھۇدىيلار ئوق ۋە تاش ئېتىشقا ئۇستا ئىدى، ئۇلار ئاتقان ئوق ۋە تاشلارنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللاھقىمۇ تەگدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارىتىپ مەنجەنىقنى تىكلەپ قويۇۋىدى، بۇنىڭدىن يەھۇدىيلار قورقۇپ كېتىپ، قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قېچىپ كېتىشتى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنىڭ مىس ۋە ساپال قاچا ـ قۇمۇچلىرىنى ئۇچراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇلارنى يۇيۇۋېتىپ تاماق ئەتسەڭلار بولىدۇ، دېدى. مۇسۇلمانلار قالغان دۈشمەنلەرنى

www.munber.org

كەسسىبە قورغىنىغا قوغلىشۋەتتى، قەمۇس قورغىنىنى يىگىرمە كۈن مۇھاسىرە قىلدى، ئاندىن بۇ قورغاننى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىشغال قىلدى. بۇ قورغاندا ھۇبەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىييە ئەسىر ئېلىندى. ئاندىن مۇسۇلمانلار ۋەتىھ بىلەن سۇلالىم قورغانلىرىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ماڭدى. بۇ قورغانلاردىكى يەھۇدىيلار بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ، ئۆچىسىدىكى كىيىملىرى بىلەن خەيبەردىن سالامەت چىقىپ كېتىشكە يول قويۇلۇش شەرتى ئاستىدا تەسلىم بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى. مۇسۇلمانلار بۇ قورغاندىن يۈز ساۋۇت، تۆت يۈز قىلىچ، مىڭ نەيزە، بەش يۈز ئەرەب ئوق ـ ياسىنى غەنىمەت ئالدى. ئۇلار بۇ يەردە تەۋرات پارچىلىرىنى ئۇچراتقان بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا بېرىۋەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەنانە ئىبنى ھوقەيقنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، چۈنكى ئۇ ھۇبەي ئىبنى ئەختەبتىن قالغان قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرىنى تىقىپ قويۇپ تانغان ئىدى. بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى مۇسۇلمانلار تېپىۋالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىلەيزۈك، پايە ئۈزۈك، سىرغا، ئالتۇن ئۈزۈك، مەرۋايىت ۋە زۇمرەت كۆزلۈك مونچاق ۋە باشقىلار بار ئىدى.

خەيبەر غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن ئون بەش كىشى شېھىت بولدى، يەھۇدىيلاردىن توقسان ئۈچ كىشى ئۆلدى. بۇ غازات ۋاقتىدا بىر يەھۇدىي خوتۇن بىر قويىنىڭ سېتىنىنى پىشۇرۇپ زەھەر قوشۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گوشتتىن بىر چىشلەم ئاغزىغا سېلىپلا، ئۇنىڭغا زەھەر قوشۇلغانلىقىنى سېزىپ تۈكۈرىۋەتتى، بىشىر ئىبنى يەرا گۆشتتىن يەپ، شۇ زامات ئۆلدى. يەھۇدىي خوتۇن چاقىرىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا ئۇ:



www.munber.org



ئەگەر مۇھەممەد راست پەيغەمبەر بولسا، ئۇنىڭغا زەھەر كار قىلمايدۇ، راست پەيغەمبەر بولمىسا، زەھەرنى يەپ ئۆلسۇن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلايلى دەپ شۇنداق قىلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ سەفىيىگە ئۆيلىنىشى

خەيبەر غازىتى غەلىبىلىك ئاياقلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىيىنى ئەمرىگە ئالدى، سەفىيىنى ئازاد قىلىش ئۇنىڭ مەھرى قىلىپ ھېسابلاندى. سەفىيە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى.

ۋاقىت بەلگىلەپ ئۆيلىنىشنىڭ چەكلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىكى چېغىدا نىكاھى مۇتئەنى چەكلىدى. نىكاھى مۇتئە مۇددەت بەلگىلەپ ئۆيلىنىش دىمەكتۇر. بۇنداق ئۆيلىنىش جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا دۇرۇس دەپ قارىلاتتى. لېكىن بۇ ئادەت مۇشۇ يىلى شەرىئەت تەرىپىدىن چەكلەندى؛ شۇنىڭدەك خەيبەردە ئىشەك گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى. خەيبەردە مۇسۇلمانلار قازانلاردىكى پىشقان ئېشەك گۆشلىرىنى يىمەي تۆكۈۋەتتى.

## ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ قايتىپ كېلىشى

مۇسۇلمانلار خەيبەردىن قايتقاندىن كېيىن، جەفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى ھەبەشىستاندىن



www.munber.org

قايتىپ كەلدى. بۇلار ھەبەشىستاندا ئون يىلچە تىچ، خاتىرجەم ياشىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارغا خەيبەردە ئېلىنغان غەنىمەتلەردىن بەردى. جەفەر بىلەن بىللە ئەبۇسۇفياننىڭ قىزى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ھەبىبىمۇ بىللە كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دەۋس قەبىلىسى خەلقلىرى كەلدى. ئەبۇ ھۇرەيرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ غەنىمەتلەردىن بەردى.

## فەدەكنىڭ فەتھە قىلىنىشى

خەيبەر فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىپ، فەدەك *[مەدىنىدىن ئالتە كۈنلۈك نېرىدىكى خەيبەرگە يېقىن بىر قورغان.]* يەھۇدىيلىرىنىڭ بويسۇنۇشى ۋە ئىتائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك، مال ـ مۈلۈك ۋە زىمىنلىرىنى رەسۇلۇللاھقا بېرىش شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزدى. فەدەكنىڭ يەرلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇپ، رەسۇلۇللاھ يەرنىڭ كىرىمىنى ئۆزىگە ۋە ھاشىم جەمەتىنىڭ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللىرىغا سەرپ قىلاتتى.

## تەيما سۈلھىسى

تەيما *[مەدىنىدىن سەككىز كۈنلۈك نېرىدىكى بىر كەنت.]* يەھۇدىيلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، يۇرتلىرىدا تىچ، خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن، باج ـ



www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

خىراجەت تۆلەش شەرتى ئاستىدا، مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھى تۈزدى.

## ۋادى قۇرانىڭ فەتھى قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋادى قۇرا يەھۇدىيلىرىنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار رەت قىلىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشتى، يەھۇدىيلاردىن ئون بىر كىشى ئۆلدى، مۇسۇلمانلار نۇرغۇن غەنىمەتلەرگە ئىگە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتلەرنى بەشكە بۆلۈپ تەقسىم قىلدى؛ ھۇسۇلنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن يەرلەرنى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىدا قالدۇردى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەنمۇ شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋادى قورا يەھۇدىيلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى باھالاشقا ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنى ئەۋەتتى. رەۋاھەنىڭ باھالىشى يەھۇدىيلارغا ئېغىر كەلدى. ئۇلار رەۋاھەگە پارە بەرمەكچى بولغاندا، رەۋاھە: ئى اﷲنىڭ دۈشمەنلىرى! ماڭا ھارامنى بەرمەكچىمۇ سىلەر؟ مەن ئۆزەم ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىنىڭ قېشىدىن كەلدىم. مەن سىلەرنى مايمۇن ۋە توڭگۇزدىنمۇ بەتتەر ئۆچ كۆرىمەن! مەن سىلەرگە بولغان ئۆچلىكىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن ئادىل بولماي قالمايمەن! دېدى.

مۇسۇلمانلار مەدىنىگە خوشنا بولغان بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ بويسۇنۇشىدىن ۋە ئوتتۇرىدا ھەرقانداق ۋەدە ـ قەسەملەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ھامان خىرس قىلىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ۋادى قۇرادىن غەلىبە بىلەن قايتتى.

خالىد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمرىيىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى



www.munber.org

يۇقىرىقى غەلىبىدىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ئۈچ نەپەر ئاتاقلىق شەخس مۇسۇلمان بولدى. بۇلار خالىد ئىبنى ۋەلىد مەخزۇمى، ئەمر ئىبنى ئاس سەھمى، ئوسمان ئىبنى ئەبى تەلھە ئەبدەرىلەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ خالىدقا: سېنى ھىدايەت قىلغان اللەغا شۈكرى، سېنى ئەقىللىق ھېسابلايتتىم، ئەقلىڭنىڭ سېنى ھىدايەتكە يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، دېدى. خالىد: ئى رەسۇلۇللاھ ساڭا قارشى نۇرغۇن جەڭلەردە بولدۇم، دۇئا قىلساڭ، الله گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلسا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى گۇناھلار سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، دېدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىل شەئبان ئېيىدا تەرەبە دېگەن يەردىكى ھاۋازىن ئەرەبلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب باشچىلىقىدا ئۇلارغا قارشى ئوتتۇز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى، بۇنى ئاڭلىغان ھاۋازىن ئەرەبلىرى تارقاپ كېتىشتى. ئۆمەر ئۇلارنىڭ زېمىنىدا بىرەر ئادەمنى ئۇچراتمىغانلىقتىن قايتىپ كەلدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى شەئبان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەدەك تەرەپتىكى بەنى مۇررە ئەرەبلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا بەشىر ئىبنى سەئد

www.munber.org





ئەنسارى باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن دۈشمەن يېرىدە ھېچ ئادەمنى ئۇچراتمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ ماڭدى. بەنى مۇررە ئەرەبلىرى ئويمانلىقتا ئىدى، ئۇلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، قوشۇننى قوغلاپ، ئۇلارغا كېچىسى يېتىشىۋالدى ۋە ئارىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ كۆپچىلىكى قىرىلىپ تۈگىدى. قوشۇن باشلىقى بەشىر قاتتىق يارىلانغاچقا، دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلغان ئىدى. دۈشمەنلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بەشىر ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

مۇشۇ يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيفەئە خەلقىغە غالىب ئىبنى ئۇبەيدۇللا لەيسى باشچىلىقىدا بىر يۈز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈردى، بەزىسىنى ئەسىر ئالدى. ئۇرۇش داۋامىدا ئوسامە ئىبنى زەيد بىر مۇشرىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، مۇشرىك كەلىمە شاھادەت ئېيتقان بولسىمۇ، بۇنىڭغا قارىماي ئۇنى ئۆلتۈردى. ئوسامە بۇ مۇشرىكنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ شاھادەت ئېيتتى دەپ گۇمان قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئوسامەگە: لائىلاھە ئىللەللا دېگەن تۇرسىمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېگەن سۆزنى قانداق قىلماقچىسەن؟ دېدى. ئوسامە: ئى رەسۇلۇللاھ ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىمان ئېيتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆرۈپ سۆزىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلگەنمىدىڭ؟ دېدى. ئوسامە: ئى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ ئۈچۈن

www.munber.org

ئىستىغفار ئېيت، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېگەن تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۆلتۈردۈڭ؟ دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. ھەتتا ئۇسامە شۇ كۈنىلا مۇسۇلمان بولسامچۇ دەپ ئارزۇ قىلغان، الله بۇ توغرىلىق قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئادەمنى، دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى كۆزلەپ، سەن مۆمىن ئەمەس، دېمەڭلار . اللهنىڭ دەرگاھىدا غەنىمەتلەر بار.“ (سۈرە نىسا، 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئۇسامە بىر مۇسۇلماننى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر قۇل ئازات قىلىشقا بۇيرۇدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىنىڭ غەتافان قەبىلىسىدىن خەيبەرنىڭ يېنىدىكى يۇمن، جۇبار دېگەن جايلاردا تۇرىدىغان بىر جامائەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا يىغقانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەشىر ئىبنى سەئد باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن كېچىسى مېڭىپ، كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەننىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەلدى ۋە نۇرغۇن چارۋا غەنىمەت ئالدى. پادىچىلار قېچىپ بېرىپ قەۋمىگە خەۋەر قىلدى. ئۇلار قورقۇپ يۇرتلىرىنىڭ ئېگىز جايلىرىغا چىقىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئىككى ئادەمنى تۇتۇۋالدى. بۇ ئىككىسى كېيىن مۇسۇلمان بولدى. مۇسۇلمانلار غەنىمەتلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.



www.munber.org



## ئۆمرەنىڭ قازاسى

ھۇدەيبىيە كېلىشىمىگە بىر يىل تولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتكەن يىلقى ئۆمرەنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرىنى ئېلىپ مەككىگە ئاتلاندى؛ مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا ئەبازەر غىفارىنى قالدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتمىش تۆگە ئالدى ۋە قۇرەيشنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قوراللارنىمۇ ئېلىۋالدى. بەشىر ئىبنى سەئد باشچىلىقىدىكى يۈز ئاتلىق ئەسكەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقتى. ئۇلار مەدىنە مەسجىدىدىن ئېھرام باغلاپ چىقتى. ئۇلار زۇلھۇ لەيفە دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئاتلىقلارنى ئالدىدا ماڭغۇزدى. بەزىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ، سۈلھىدە قورال ئالماسلىق شەرت قىلىنغان ئىدى، قورال ئېلىپ ماڭدىڭىزغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەرەمگە قورال بىلەن كىرمەيمىز، قوراللارنى يېقىن جايدا قويۇپ قويۇپ، مەككىلىكلەر ھۇجۇم قىلىپ قالسا ئىشلىتىمىز، دېدى. مۇسۇلمانلار مەررۇ زەھران دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر قانچە ئادەم ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، قۇرەيش خەلقىغە بېرىپ خەۋەر قىلدى. قۇرەيشلەردىن بىر تۈركۈم ياشلار كېلىپ: ئى مۇھەممەد، اللهغا قەسەمكى، سەن كىچىكىڭدىنلا خىيانەت دېگەننى بىلمەيتتىڭ. بىزدىن ھېچقانداق ئىش سادىر بولغىنى يوققۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: بىز ھەرەمگە قورال بىلەن كىرمەيمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىش ئالدىدا، مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشىنى كۆرگۈسى كەلمەي، مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلىرى قىلىچلىرىنى



www.munber.org

ئاسقان ھالدا كەدا تۆپىلىگەندىن مەككىگە كىرىپ كېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە مۇنداق دەپ ماختاتتى: ”يالغۇز بىر اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. الله ۋەدىسىدە تۇرۇپ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلدى، ئەھلى ئىسلامنى غالىپ ۋە ئۈستۈن قىلدى، مۇشرىكلارنى مەغلۇب قىلدى.“ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى، قولىدىكى ئۇچى ئەگرى تاياق ئارقىلىق ھەجەر ئەسۋەدنى ئىستىلام ئەتتى (تۇتتى) . مۇشرىكلارغا كۈچلۈك كۆرۈنۈش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بەيتۇللاھنى تېزلىك بىلەن ئۈچ قېتىم تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى مۇشرىكلار ساھابىلىرىگە قارىتىپ: مەدىنىنىڭ ناچار ھاۋاسىدا ئاجىزلاشقانلار بوگۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، دېيىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسەتكەن ئادەمگە الله رەھمەت قىلسۇن، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەردانىلىك ئىزھار قىلىپ رىداسىنىڭ ئوڭ يېڭىنى ساپمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدە ئايان بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلار بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئىشىنى تولۇق تامامىلىدى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ مەيمۇنىگە ئۆيلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇرۇپ ھارىس ئىبنى ھىلالنىڭ قىزى مەيمۇنىگە ئۆيلەندى. مەيمۇنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان تاغىسى ھەمزىنىڭ خوتۇنى، ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ ھاممىسى ئىدى. مەيمۇنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايالى ئىدى. پەيغەمبەر



www.munber.org



ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىقىپ سەرف دېگەن جايغا بارغاندا مەيمۇنە بىلەن بىر تەكىگە باش قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىقىپ، سىرتتا ئاتلارنى ساقلاشقا قالغانلارنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار بېرىپ تاۋاپ قىلىپ چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىنى اللهنىڭ ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا خوشال بولۇپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

### ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى

## قوشۇن ئەۋەتىش

بۇ يىل سەپەر ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۇدەيد دېگەن جايدا تۇرۇشلۇق بەنى مولەۋۋەھ ئەرەبلىرىگە غالىب ئىبنى ئابدۇللا لەيسى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەسكەرلەر كۇدەيد دېگەن يەرگە بارغاندا، ئىبنى بەرسا نامى بىلەن مەشھۇر ھارىس ئىبنى مالىك لەيسىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنى ئەسىر ئالدى. ھارىس مۇسۇلمانلارغا قاتتىق دۈشمەن ئىدى. ھارىس: مەن مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتىم، دېدى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا: مۇسۇلمان بولماقچى بولساڭ، بىرەر كېچە تۇرۇپ تۇرساڭ كېچىكمەيسەن، بولمىسا سېنى ئېنىقلايمىز، دېدى. ئۇلار بەنى مولەۋۋەھ يېرىگە يېتىپ بېرىپ، چارۋىلارنى ھەيدەپ ماڭغان ئىدى، مۇشرىكلار بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. لېكىن الله مۇسۇلمانلارغا ئىلتىپات قىلىپ يامغۇر ياغدۇرىۋەتتى، قاتتىق كەلكۈن كېلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تاشلىدى. مۇشرىكلار چارۋىلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيدەپ



www.munber.org

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، قايتۇرىۋېلىشقا قادىر بولالمىدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

غالىب مەدىنىگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن فەدەكتىكى بەنى مۇررە ئەرەبلىرىگە ئەۋەتتى. بەنى مۇررە ئەرەبلىرى بەشىر ئىبنى سەئد باشچىلىقىدا ئەۋەتىلگەن قوشۇننى شېھىت قىلغان ئىدى. قوشۇن دۈشمەنگە يېقىن بارغاندا، غالىب ئۆز ئەسكەرلىرىگە نۇتۇق سۆزلەپ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن: مەن سىلەرنىڭ شېرىكى يوق بىر اللهدىن قورقۇشۇڭلارنى، ماڭا ئىتائەت قىلىشىڭلارنى، بۇيرۇغۇمغا خىلاپلىق قىلماسلىقىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، دېدى. باشقىلار: ساڭا بويسۇنمىغان ئادەمنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ، دېدى. ئاندىن غالىب قوشۇندىكىلەرنى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئىككىدىن ـ ئىككىدىن قىلىپ بىر بىرىدىن ئايرىلمايدىغان بولىداش قىلىپ بېكىتتى ۋە: سىلەردىن ھېچكىم ھەمرىيىنى يۇقىتىپ تەنھا قايتىپ كەلگۈچى بولمىسۇن. مەن تەكبىر ئېيتسام، ھەممىڭلار قوشۇلۇپ تەكبىر ئېيتىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەننى قورشىۋېلىپ، بىردەك تەكبىر ئېيتىپ، دۈشمەنگە قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە بىر دۈشمەننىمۇ قاچۇرۇپ قويماي قىرىپ تاشلىدى. دۈشمەننىڭ چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى، ھەربىر ئادەمگە ئوندىن تۆگە تەگدى.

www.munber.org





## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىل رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شامدىكى زاتو ئەتلا دېگەن جايغا كەئب ئىبنى ئۇمەير باشچىلىقىدا ئون بەش كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ بۇ يەردىكى ئاھالىنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى، لېكىن ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ ئۇرۇشتى، ئۇلار سان جەھەتتىن كۆپ بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى شېھىت قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى كەئب ئىبنى ئۇمەير قۇتۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەقەدىن قايغۇردى، ئۇ ئۇلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ نىيىتىدىن قايتتى.

## مۇئتە غازىتى

مۇشۇ يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇن تەييارلاپ، بۇسرا ۋالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ھارىس ئىبنى ئۇمەير ئەزدىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولدى. قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ: زەيد شېھىت بولسا، جەفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب باشلىق بولسۇن؛ ئۇ شېھىت بولسا، ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە باشلىق بولسۇن، دېدى. قوشۇن ئۈچ مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: اللهنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ شامدىكى دۈشمەنلەر بىلەن غازات قىلىڭلار. چېركاۋلاردا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل

www.munber.org

بولۇۋاتقان كىشىلەرگە چېقىلماڭلار؛ ئاياللارنى، باللارنى، قېرى ــ چۆرىلەرنى ئۆلتۈرمەڭلار؛ دەرەخلەرنى كەسمەڭلار، ئۆي ــ ئىمارەتلەرنى بۇزماڭلار، دەپ تاپىلىدى.

قوشۇن ئاتلىنىپ، ھارىس ئىبنى ئۇمەير شېھىت بولغان مۇئتە دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە رۇملۇقلاردىن ۋە خرىستىئان دىنىغا كىرگەن ئەرەبلەردىن بولۇپ زور قوشۇن توپلانغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن غازىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلىش ياكى ئۇرۇش قىلىۋېرىش توغرىلىق مۇزاكىرىلەشتى. ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە قوپۇپ: ھەي خالايىق، غازات ئۈچۈن چىقتىڭلار، شېھىت بولۇشنى تەلەپ قىلىپ چىقتىڭلار. بىز كۈچكە ياكى ئادەم سانىنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ ئۇرۇش قىلمايمىز، پەقەت اللە بىزنى ئەزىز قىلغان ئىسلام دىنىغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز. بىز ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت مۇنداق ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئىگە بولىمىز، دېدى. كىشىلەر ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنىڭ سۆزىنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇللاپ، مۇنداق زور قوشۇنغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ جەڭگە كىرىشتى. زەيد ئىبنى ھارىسە جەڭدە شېھىت بولدى، بۇ چاغدا ئەلەمنى جەفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ئېلىپ:

جەننەت ئەجەپ بەلەندۇر ئاڭا كىرگەن ئىنسانغا،
شارابلىرى سوغاق ھەم شىرىن شۇنداق ماكانغا.
يات ئىرقلىق رۇملۇقلار شۇم نىيەتلىك يامانغا،
دەۋزەخ تەييار ئۇلاردەك دىننى ئىنكار قىلغانغا؛
نوچا بولساڭ بىز تەييار، چۈشكىن مانا مەيدانغا.

www.munber.org





دېدى ــ دە، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر شېھىت بولدى. جەفەر شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئەلەمنى ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە ئېلىپ ئالغا چامداپ، بىر ئاز ئىككىلەنگەندەك تۇرىۋالدى ــ دە، ئۆزىگە مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلدى:

قەسەم قىلدىم ئابدۇللا! ئېتىل دۈشمەن تامانغا!
مەيلى خالا ــ خالىما، چۈشكىن چوقۇم مەيدانغا.
ياۋلار تۇرسا ئالدىڭدا چوقان سېلىپ جاھانغا،
شېھىت بولۇپ كىرمەمسەن جەننەت دېگەن بوستانغا.
خاتىرجەملىك ئاز بولغان بۇ دۇنيادا سەن جانغا،
بەدەن ئىچرە گۇيا سەن سولانغانتىڭ زىندانغا.

ئاندىن ئۇ ئاتلىق جەڭگە كىرىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولدى. بۇ چاغدا بەزى مۇسۇلمانلار چېكىنىشنى ئويلىۋىدى، ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئۇلارغا: خالايىق! ئالغا بېسىپ ئۆلۈش چېكىنىپ ئۆلۈشتىن ياخشى! دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار چېكىنمىدى ۋە مەسلىھەتلىشىپ، ھەممىسى باتۇر خالىد ئىبنى ۋەلىدنى باشلىق قىلىپ سايلىدى. بۇ قوشۇن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ غەيرىتى ۋە ئۇرۇشتىكى ماھارىتى بىلەن ساقلىنىپ قالدى. بولمىسا، بۇ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنىغا قانداق تەڭ كېلەلەيتتى دەيسىز. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەلەمنى چىڭ تۇتقىنىچە، شۇ كۈنى كەچكىچە قاتتىق جەڭ قىلدى. ئەتىسى ئۇ قوشۇنىنىڭ سەپ تەرتىۋىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدىدىكىلەرنى ئارقىغا، ئارقىدىكىلەرنى ئالدىغا، ئوڭدىكىلەرنى سولغا، سولدىكىلەرنى ئوڭغا

www.munber.org

ئالماشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن رۇملۇقلار مۇسۇلمانلارغا ياردەم كەپتۇ دەپ ئويلاپ قورقۇشتى. ئاندىن خالىد قوشۇننى باشلاپ ئارقىغا چېكىنىپ، مۇئتەگە كېلىۋالدى. بۇ قوشۇن بۇ يەردە دۈشمەن بىلەن يەتتە كۈن كىچىك جەڭلەرنى ئېلىپ باردى، ئاندىن ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتى. چۈنكى كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ياردەم كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋەرگەندە، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ھالاك بولۇشتىن قورقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى. ئۇلارنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى كېلىشتىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە زەيد، جەفەر ۋە ئىبنى رەۋاھەلەرنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى يەتكۈزۈپ: ئەلەمنى زەيد تۇتقان ئىدى، شېھىت بولدى. ئاندىن جەفەر تۇتۇپ، ئۇمۇ شېھىت بولدى، ئاندىن ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھە تۇتقان ئىدى، ئۇمۇ شېھىت بولدى، دەپ ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئاندىن: ئەلەمنى اللهنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ (خالىد ئىبنى ۋەلىدنى دېمەكچى. ـ ت) ئالدى، شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، جەفەرنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاياللار ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يىغىدىن توساشقا بۇيرۇدى. ئۇ كىشى: توسسام ئۇنىمىدى، دەپ ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: يەنە توسقىن، دېدى. ئۇ كىشى ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ: توسسام ئۇنىمىدى، دېدى. رەسۇلۇللاھ: يىغىدىن توختىمىسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تۇپا چاچ، دېدى.

قوشۇن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، ئالدىغا چىققان ساھابىلەر ئۇلارنى قاچقۇنلار دەپ ئەيىبلىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق

www.munber.org





ئەمەس، ئۇلار غالىپلار، دېدى. مەدىنىلىكلەر خالىدنىڭ قوشۇن بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەغلۇبىيەت دەپ ئويلىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خالىدنىڭ ماھارىتىنى ماختىدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى جۇمادىيەل ئاخىر ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇزائە قەبىلىسى كىشىلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ۋادى قۇرانىڭ ئارقىسىغا توپلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامئ ئۇلارغا قارشى ئەمر ئىبنى ئاس باشچىلىقىدا مۇھاجىرلارنىڭ چوڭلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى؛ ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يەنە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ باشچىلىقىدا مۇھاجىرلاردىن ئىككى يۈز كىشىنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەرلەرمۇ بار ئىدى. ئالدىنقى قوشۇن دۈشمەن يېرىگە بارغىچە، كېيىنكى قوشۇن ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. قوشۇندىكى بەزى كىشىلەر ئوت ياقماقچى بولغاندا، ئەمر ئىبنى ئاس ئۇلارنى توستى، بۇنىڭغا ئۆمەر قارشى چىقتى. ئەبۇ بەكرى: بىزگە قارىغاندا، ئەمر ئىبنى ئاس جەڭ قائىدىسىنى ياخشىراق بىلگەچكە، رەسۇلۇللاھ ئۇنى بىزگە باشلىق قىلغان، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلما، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بويسۇندى. قوشۇن يېتىپ بېرىپ ھۇجۇم قىلىۋىدى، بىر سائەت ئۆتمەيلا دۈشمەنلەر مەغلۇب بولۇپ پىتىراپ كەتتى. مۇسۇلمانلار غەنىمەتلەرنى يىغدى. غازىلار دۈشمەن ئارقىسىدىن قوغلىماقچى بولغان بولسىمۇ، قوماندانى ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنىمىدى. مۇسۇلمانلار غەلىبە بىلەن مەدىنىگە قايتتى. قايتىپ كېلىۋېتىپ،

www.munber.org

ئەمر ئىبنى ئاس سوغاق بىر كېچىدە جۇنۇپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندە ئۇ: غۇسۇل قىلاي دىسەم، سوغاقتىن ھالاك بولىمەن، اللہ قۇرئاندا: ”ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار ھالاك قىلماڭلار“ (سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەت) دېگەن دەپ تەيەممۇم قىلىپ، قوشۇنغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادىتى بويىچە ئۇلاردىن بۇ قېتىمقى سەپەردىكى ئىشلارنى سورىدى، ساھابىلەر ئەمر ئىبنى ئاستىن ئاغرىنىپ، ئۇنىڭ ئوت قالاشنى توسقانلىقىدىن، دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشنى توسقانلىقىدىن ۋە جۇنۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقىدىن شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ مەزكۇر ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئەمر ئىبنى ئاس: دۈشمەن بىزنىڭ سانىمىزنىڭ ئازلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئوت قالاشقا رۇخسەت قىلمىدىم؛ دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنى بولۇشتىن قورقۇپ، ئارقىسىدىن قوغلاشقا رۇخسەت قىلمىدىم؛ اللہنىڭ قۇرئاندا ”ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلار ھالاك قىلماڭلار“ دېگەن سۆزى بولغانلىقتىن، غۇسۇل قىلسام سوغاقتا ھالاك بولۇشتىن قورقۇپ، جۇنۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇم، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئەمر ئىبنى ئاسنى ماختىدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

شۇ يىلى رەجەپ ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز ئاتلىق قوشۇن ھازىرلاپ، ئۇلارنى قىزىل دېڭىز بويىدا تۇرۇشلۇق جوھەينە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ يىل قەھەتچىلىك بولغانلىقتىن، قوشۇننىڭ ئوزۇقى



www.munber.org



ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا خورما بېرىلدى. ئۇلار قىزىل دېڭىز بويىغا بېرىپ، دۈشمەننى كۈتۈپ يېرىم ئايچە تۇردى. قوشۇننىڭ ئوزۇقى تۈگەپ كېتىپ، دەرەخنىڭ ياپراقلىرىنى سۇ بىلەن ھۆللەپ يېدى. قوۋۇزلىرى تىتىلىپ كەتتى. قوشۇننىڭ ئىچىدە مەرت ئادەمنىڭ ئوغلى مەرت قەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئۇبادە بولۇپ، ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قوشۇنغا بىردىن ئۈچ تۆگە سويۇپ بەردى. 4 ـ كۈنى يەنە سويماقچى بولغاندا، قوشۇننىڭ باشلىقى ئەبۇ ئۇبەيدە سويغىلى قويمىدى، چۈنكى قەيس بۇ تۆگىلەرنى ئاتىسىنىڭ نامىدا باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ سويۇۋاتاتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە قەيسنىڭ ئاتىسىنىڭ بۇ قەرزنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن قورقتى. قەيس: دادام كىشىلەرنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قويۇۋاتسا، ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىۋاتسا، اللہ يولىدا غازات قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئالغان قەرزىمنى بەرمەمدۇ؟ دېدى. دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۈمىد بولمىغانلىقتىن، قوشۇن ئاخىرى مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. قەيس ئاتىسىغا: قوشۇندا بولغان كۈنلىرىمدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى، دىۋىدى، ئاتىسى: مال سويۇپ بەرمىدىڭمۇ؟ دېدى. قەيس: سويۇپ بەردىم، يەنە ئاچارچىلىق يۈز بەردى، دېدى. ئاتىسى: يەنە سويۇپ بەرمىدىڭمۇ؟ دېدى. سويۇپ بەردىم، يەنە ئاچارچىلىق يۈز بەردى، دېدى. ئاتىسى: يەنە سويۇپ بەرمىدىڭمۇ؟ دېدى. قەيس: يەنە سويۇپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىنمىدى، دېدى.

## مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى

اللہ بىرەر ئىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ، تۇسالغۇلارنى تۈگىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش خەلقى بويسۇنمىغىچە، ئەرەبلەرنىڭ



www.munber.org

بويسۇنمايدىغانلىقىنى، مەككە ئىتائەت قىلمىغىچە، باشقا جايلارنىڭ ئىتائەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ مەككىنى فەتھى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىسىگە ناھايىتى ۋاپا قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ھۇدەيبىيەدە قۇرەيش بىلەن تۈزۈلگەن سۈلھى ئۈنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلاتتى. لېكىن، الله بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارماقچى بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. خۇزائە قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە، بەكىر قەبىلىسىنىڭ بولسا قۇرەيشلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەنلىكىنى يۇقىرىقى باپلاردا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. جاھىلىيەتتە خۇزائە قەبىلىسى بىلەن بەكىر قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك بېسىلىپ قالغان ئىدى، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، بەكىر قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەجۋى قىلىپ ناخشا ئېيتتى، بۇنى خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئاڭلاپ قېلىپ، ناخشا ئېيتقان ئادەمنى ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن يۇشۇرۇن ئاداۋەت قوزغالدى. بەنى بەكىر قەبىلىسى بۇرۇنقى ئۆچمەنلىكىنى ئەسلەپ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا بەل باغلاپ، ئىتتىپاقدىشى بولغان قۇرەيش خەلقىدىن ياردەم سورىدى. قۇرەيش خەلقى ئۇلارغا مەخپىي رەۋىشتە ئادەم ۋە قورال ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بەكىر قەبىلىسى خۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، تېپچ ئاھالىدىن يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان خۇزائە قەبىلىسى بۇنى كۆرۈپ، ئەمر ئىبنى سالىم يېتەكچىلىكىدە ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر





www.munber.org



ئەلەيھىسسالامغا بەنى بەكىر بىلەن قۇرەيشنىڭ قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا: سىلەرنى ئۆزەمنى قوغدىغاندەك قوغدايمەن، دېدى. قۇرەيش خەلقى بۇ ھەركەتتى بىلەن سۈلھىنى بۇزغانلىقىنى ئويلاپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇلار سۈلھىنى پۇختىلاپ، ئۇنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىپ ئىشنى رۇسلاپ كېلىش مەقسىتىدە، باشلىقى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربنى مەدىنىگە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەبۇسۇفيان ئاتلىنىپ، يۇقىرىقى ۋەقەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرى يوق دەپ ئويلاپ، مەدىنىگە كەلدى ۋە قىزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پالىزىدا ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇممۇ ھەبىبە پالازنى تارتىۋالدى. ئەبۇ سۇفيان: قىزىم، بۇ پالازنى ئەتىۋالغىنىڭمۇ ياكى مېنى ئەتىۋالغىنىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇممۇ ھەبىبە: سەن مۇشرىك نىجىس تۇرساڭ، سېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرىدىغان پالازدا ئولتۇرۇشۇڭغا بولمايدۇ! دېدى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا: قىزىم، مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇزۇلغان ئىكەنسەن، دەپ قىزىنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى. مەسجىدكە - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفياندىن بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ: ياق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا، بۇرۇنقى سۈلھى ۋە بەلگىلەنگەن مۇددەت بويىچە ئىش قىلىمىز دەپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئەبۇ سۇفيان مۇھاجىرلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى سورىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن،





www.munber.org

رەسۇلۇللاھ نىمە دىسە شۇ، دېگەن جاۋابنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي مەككىگە قايتىپ كەتتى. مەككىلىكلەر ئەبۇ سۇفيانغا: سەن ئاينىپ، ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ كەتتىڭ، دەپ تۆھمەت قىلدى. ئەبۇ سۇفيان ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن بۇتلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ چوقۇندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ساھابىلىرىنى سەپەرگە ھازىرلىق كۆرۈشكە بۇيرۇدى ۋە ئۆزىنىڭ مەككىگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئەبۇ بەكرىگە ئېيتىۋىدى، ئەبۇ بەكرى: ئى رەسۇلۇللاھ قۇرەيش بىلەن سىنىڭ ئاراڭدا توختام بار ئەمەسمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۇنداق، بىراق مەككىلىكلەر خىيانەت قىلىپ توختامنى بۇزدى، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلىرىنى سەپەرۋەرلىككە چاقىرىپ: كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، رامىزان ئېيىدا مەدىنىگە ھازىر بولسۇن! دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلەم، غىفار، مۇزەينە، ئەشجە، جۇھەينە قەبىلىلىرىدىن توپلانغان كىشىلەر مەدىنىگە كەلدى. رەسۇلۇللاھ خەۋەر تارقىلىپ كېتىپ، قۇرەيش خەلقى ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ قالمىسۇن، دەپ، مەككىگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى قوشۇندىن مەخپى تۇتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، بەلكى مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغان ھالدا مەككە خەلقىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن بويسۇندۇرۇش ئىدى. ئۇ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ: ئى ئاللاھ، مەن مەككىدە پەيدا بولغىچە، جاسۇسلارنىڭ مەككىلىكلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىغىن، دەپ دۇئا قىلدى. بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ساھابە ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇن بىلەن ئاتلانغانلىقى



www.munber.org



توغرىلىق خەت يېزىپ، ئۇنى بىر ئايالدىن يۇشۇرۇنچە قۇرەيش خەلقىغە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ۋەھيي ئارقىلىق خەۋەردار بولۇپ، ئۇ خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ خەتنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلى، زوبەير ۋە مىقدادلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار رەۋزەخاخ دېگەن يەردە ئۇ خوتۇنغا يېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن خەتنى سورىۋىدى، ئۇ خوتۇن يوق دەپ، خەتنى چىقارغىلى ئۇنىمىدى، ئۇلار خەتنى تاپشۇرمىسا، ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىلا، ئۇ خوتۇن ئاندىن خەتنى چېچىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ بەردى. ئۇلار خەتنى ئاپىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتەبنى چاقىرىپ، بۇنى سورىغاندا، ھاتەب: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمەس، مۇھاجىرلار قۇرەيش قەبىلىسىدىن، ئۇلارنىڭ قۇرەيشتىكى بالا ــ چاقىلىرىنى قوغدايدىغان يېقىنلىرى بار. مېنىڭ قۇرەيشتە يېقىنلىرىم بولمىغاچقا، ئۇلار مېنىڭ ياخشىلىقىمنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، قۇرەيشتە قالغان خوتۇن ــ بالىلىرىمنى قوغدىسۇن دېگەن مەقسەتتە خەت يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدىم. مېنىڭ مۇرتەد بولۇپ كەتكىنىم يوق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ راستىنى ئېيتتى، دېدى. ئۆمەر قوپۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ مېنى قويۇۋەت، بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھاتەب بەدرى غازىتىغا قاتناشقان. شۇنى بىلمەيسەنكى، اللە بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئۇلارغا خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، سىلەرنى مەغفىرەت قىلدىم، دېگەندۇ، دېدى. اللە بۇ توغرىلىق قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ئى مۆمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە ئۆز دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار



www.munber.org

قىلساڭلار، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار اللهغا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا كۆرەش قىلىش ۋە مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلەش يۈزىسىدىن چىققان بولساڭلار، ئۇلارغا قانداقمۇ دوستلۇق كۆرسىتىسىلەر؟ مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن. سىلەردىن كىمكى ئۇلارغا دوستلۇق كۆرسىتىدىكەن، ئۇ توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ.“ (سۈرە مۇمتەھىنە، 1ـ ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى قالدۇردى. قوشۇن ئون مىڭ غازىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. قوشۇن ئەبۋا دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىدىن ئىككى كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنىڭ قېرىندىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئىدى؛ يەنە بىرسى ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە ئىدى؛ ئۇلار مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ ۋە ناھايىتى خۇشال بولۇپ: ”سىلەر بۈگۈن ئەيىپلەشكە ئۇچرىمايسىلەر. الله سىلەرنى مەغفىرەت قىلسۇن، الله ئەڭ مەرھەمەتلىك زاتتۇر دېدى.“ *[يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆزرى ئېيتقاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابى. ـ ت]* (سۈرە يۇسۇف، 92 ـ ئايەت) . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۇدەيد دېگەن جايغا كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇپ قېينىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئېغىز ئېچىشقا

www.munber.org





بۇيرۇدى، ئۆزىمۇ ئېغىز ئېچىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يولدا بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىققان تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئۇچرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بالا ـ چاقىسىنى مەدىنىگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ مەككىگە بىللە بېرىشىنى ئېيتتى. قوشۇن مەرروزەھران دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭ يەرگە ئوت قالاشنى بۇيرۇدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇھەممەد چېكى يوق زور قوشۇن بىلەن كېلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب، ھەكىم ئىبنى ھىزام، بۇدەيل ئىبنى ۋەرقالارنى ئەۋەتتى. ئۇلار مەررۇ زەھرانغا كېلىپ قاراپ، گويا ئەرەفاتنىڭ *[مەككىدىن 22 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەڭ ۋادا. ھەج مەۋسۇمىدا بۇ يەردە تۇرۇش ھەج قىلىشنىڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن سانىلىدۇ. ـ ت]* ئوتلىرىغا ئوخشايدىغان ئوتلارنى كۆردى. ئەبۇ سۇفيان: بۇ ئوتلار ئەرافاتنىڭ ئوتلىرىغا ئوخشايدىغۇ؟ دېدى. بۇدەيل ئىبنى ۋەرقا: ئەمر ئايمىغىنىڭ ئوتلىرى، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: بەنى ئەمر ئايمىغىنىڭ ئوتلىرى مۇنداق كۆپ بولمايتتى، دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ كۈزەتچىلىرى بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ تۇتۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولدى. ئەبۇ سۇفيان كېتەي دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسقا: ئەبۇ سۇفياننى تاغنىڭ ئېغىزىدا تۇتۇپ تۇرغىن، ئۇ مۇسۇلمانلارنى كۆرسۇن، دېدى. ئابباس ئەبۇ سۇفياننى تاغنىڭ ئېغىزىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قەبىلىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەبۇ سۇفيان ھەر بىر توپنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى سورايتتى. ئەنسارىلارنىڭ قەبىلىسى ئۆتكەندە، بۇ قەبىلىنىڭ ئەلەمدارى سەئد ئىبنى ئۇبادە: ئى ئەبۇ سۇفيان،

www.munber.org

بۈگۈن قانلىق ئۇرۇش بولىدىغان كۈن، كەئبىدە ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس بولىدىغان كۈن، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: ئى ئابباس، كەئبىدە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن كۈن نېمە دېگەن ياخشى، دېدى. رەسۇلۇللاھ بار تۇپ كىچىكرەك توپ ئىدى، بۇ توپنىڭ ئەلەمدارى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ئىدى. ئەبۇ سۇفيان رەسۇلۇللاھقا سەئدنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ: سەئد يالغان ئېيتىپتۇ، بۈگۈن اللهنىڭ كەئبىسى ئۇلۇغلىنىدىغان، كەئبىگە يۆپۈق يېپىلىدىغان كۈن، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز توپىنىڭ ئەلەمىنى ھەجۇن *[مەككىنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر تاغ]* غا قاداشنى، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كۇدادىن كىرىشنى بۇيرۇدى. ئۆزى مەككىنىڭ يۇقىرىسى كەدادىن كىردى. جارچى چىقىرىپ، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ، مەسجىدكە كىرىۋالغان ئادەم ئامان قالىدۇ، ئەبۇ سۇفياننىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالغان ئادەم ئامان قالىدۇ، دەپ جاكالاتتى. بۇنداق ئامانلىق بېرىش رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ زور خىسلىتى ئىدى. مۇسۇلمانلارغا زور زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەن، گۇناھى چوڭ بىر گۇرۇھ كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى جاكالاندى. ئابدۇللا ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبى سەرھى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدى ۋە رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي يازىدىغان كاتىپ بولغان ئىدى، كېيىن مۇرتەد بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتانلارنى چاپلاپ: مۇھەممەد ئەلىمۇن ھەكىم دەپ ياز دېسە، غەفۇرۇن رەھىم دەپ يازسام، بۇمۇ بولىدۇ، دەيتتى، دېگەن ئىدى. ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، ھۇبار ئىبنى ئەسۋەد، ھارىس ئىبنى ھىشام، زۇھەير ئىبنى ئۇمەييە، كەئب ئىبنى زۇھەير، ھەمزەنىڭ قاتىلى ۋەھشى، ئەبۇ سۇفياننىڭ خوتۇنى ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند ۋە



www.munber.org



بۇنىدىن باشقا ئازغىنە كىشىلەرمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ تىغ كۆتۈرۈپ قارشى تۇرمىغان ھەر قانداق كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى قوشۇندىن چۆچۈپ، بۇ قوشۇننى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. نەتىجىدە مۇشرىكلاردىن يىگىرمە تۆت كىشى ئۆلدى، مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى شېھىت بولدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇماندانلىقىدىكى قوشۇن ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. رەسۇلۇللاھ اللهغا تاۋازۇ قىلىپ، اللهنىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكرى قىلىپ، تۆگىسى ئۈستىدە بېشىنى بەكمۇ تۆۋەن سېلىپ ماڭاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ پېشانىسى تۆگىنىڭ چومىغا تېگىپ قالاي دېگەن ئىدى، ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئىدى. مانا بۇ رامىزاننىڭ يىگىرمىسى بولۇپ، جۈمە كۈنى سەھەر ۋاقتى ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەجۇن دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، شۇ يەرگە ئەلەم قاداتتى، بارگاھ تىكتۈردى. ئۇممۇ سەلەمە ۋە مەيمۇنەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ يەردە ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرى بىلەن سۆزلەشكەچ ۋە سۈرە فەتھىنى ئوقۇغاچ مېڭىپ بەيتۇللاھقا يېتىپ باردى ۋە تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى. تايىغى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنى ئىستىلام قىلدى. بۇ چاغدا بەيتۇللاھنىڭ چۆرىسىدە ئۈچ يۈز ئاتمىش بۇت بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى تاياق بىلەن بۇتلارنى نوقۇپ: ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلدى، بۇتپەرەسلىك بەربات بولدى، بۇتپەرەسلىك قايتا باش كۆتۈرمەيدۇ، دەيتتى. ئاندىن



www.munber.org

بۇيرۇق قىلىپ بۇتلارنى ئېلىپ تاشلاتقۇزدى، بۇتلارنىڭ قاتارىدا ئىسمائىل ۋە ئىبراھىم پەيغەمبەرلەرنىڭ قوللىرىدا تەقسىم ئوقلىرى *[مەخسۇس پال سېلىشقا ئىشلىتىدىغان ئوقلار، ـ ت]* تۇتۇپ تۇرغان بۇتلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: الله مۇشرىكلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار ئىسمائىل بىلەن ئىبراھىمنىڭ تەقسىم ئوقلىرىنى ئەسلا ئىشلەتمىگەنلىكىنى بىلىدۇ، دېدى. مانا بۇ كەئبىنىڭ مەزكۇر بۇتلاردىن تۇنجى قېتىم تازىلانغان كۈنى ئىدى. سەھرالىق ۋە شەھەرلىك پۈتۈن ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدىغان مۇقەددەس كەئبە بۇ بۇتلاردىن تازىلىنىپ، ئازغىنىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئەرەب زېمىنىدا بۇتپەرەسلىك تۈگىتىلدى. ئەرەب زېمىنىدا بۇتپەرەسلىكنىڭ پۈتۈنلەي تۈگىتىلىپ، ئىزلىرىنىڭ يوقىتىلغانلىقى ئۈستىدە كېيىن توختىلىمىز.

## رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن ماقام ئىبراھىم (ئىبراھىم پەيغەمبەر كەئبىنى بىنا قىلغاندا دەسسەپ تۇرغان تاش) غا بېرىپ ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاب زەمزەمدىن ئىچتى ۋە مەسجىدتە ئولتۇردى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن، ئۆزىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە ئۆزى بىلەن ئۇرۇشقان قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى قانداق قىلىدىغانلىقىغا كۆز تىكىپ تۇرۇشقان ئىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق گۈزەل



www.munber.org



ئەخلاقى كۆرۈلدىكى، بۇنىڭدىن مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىروغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، الله ئۈچۈن بولۇش لازىملىقى ئۆگىنىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى قۇرەيش جامائەسى، مېنى سىلەرنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلاۋاتىسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: سەن بولساڭ مەرت قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى، مەرت قېرىندىشىمىز بىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: بېرىڭلار، ھەممىڭلار ئازات، دەۋەتتى.

ئىمام بۇسەيرىگە الله رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يازغان «ھەمزىيە» قەسىدىسىدە مۇنداق مىسرالار بار:

مۇھەببەت، نەپرىتى تەڭرى يولىدا بولسا ئىنساننىڭ،
ئۇنىڭ ئالدىدا ئوخشاشتۇر ھۆكۈم قىلغاندا يات ـ تۇققان.
ئۈچۈپ كەتمەس ئىدى ماختالسا پەيغەمبەر بولۇپ مەغرۇر،
بولۇپ كەتمەيتتى ھەم خاپا ئەگەر تىللىسا بىر نادان.
ئەگەر شەخسى ئۈچۈن ئۆچ ئالسا، ئاڭا زۇلمى قىلغانلار
جازاغا تارتىلاتتى، تۆكۈلەتتى بىگۇمان كۆپ قان.
جىمى ئىشلاردا اللهنىڭ رىزاسىنى تۇتۇپ كۆزدە،
ۋاپا قىلسۇن، جاپا قىلسۇن، ئادالەتنى شۇئار قىلغان.
يارالغاچ ئەسلىدە ئالىجاناپ يۈكسەك پەزىلەتلىك،
ئىدى ھەربىر ئىشى ياخشى، چىرايلىق قىلچە يوق نوقسان.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ

بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى بايان قىلدى، جۇملىدىن مۇنداق دېدى: ”كاپىرنىڭ بەدىلىگە مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. دىنى ئوخشىمىغان كىشى بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولمايدۇ. ھەر قانداق كىشى ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىنى ئېلىشقا بولمايدۇ. دەۋاگەر پاكىت كۆرسىتىدۇ، جاۋابكارغا قەسەم كېلىدۇ. ئايال كىشى مەھرەمسىز ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە چىقىشقا بولمايدۇ. بامداتتىن كېيىن كۈن چىققىچە، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كۈن پاتقىچە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ.“ ئاندىن مۇنداق دېدى: ”ئى قۇرەيش جامائەسى، اللە سىلەردىن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى غۇرۇرنى كەتكۈزدى. ئاتىلار بىلەن پەخىرلىنىشنى تۈگەتتى. سىلەر ھەممىڭلار ئادەم بالىلىرى؛ ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلدى.“ ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ”ئى ئىنسانلار، سىلەرنى بىز بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. اللە بولسا ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زاتتۇر.“ (سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت) ئاندىن كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ۋە ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھافىمۇ شۇ كۈنى مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى خۇشال بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيئەت ئۈچۈن كەلگەن بىر ئادەمنىڭ قورقۇپ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: قورقما، مەن پادىشاھ ئەمەس، قاقلانغان گۆش يەيدىغان بىر قۇرەيش خوتۇننىڭ بالىسىمەن، دېدى.

www.munber.org





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈمگە بۇيرۇغان كىشىلەرگە كەڭ زېمىن تارلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ مۇسۇلمان بولدى. ئابدۇللا ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبى سەرھى بولسا ئېمىلدەش قېرىندىشى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ئىلتىجا قىلىپ، پەيغەمبەردىن ئامانلىق ئېلىپ بېرىشنى سورىدى. مەككىدە تېچلىق ئورنىتىلغانغا قەدەر، ئوسمان ئۇنى يوشۇرۇن ساقلىدى. ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بېرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردىم، سەن ئۇنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر قانچە قېتىم تەتۈر قارىۋالغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلدى. ئوسمان بىلەن ئابدۇللا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: بايا بىرىڭلارنى ئابدۇللانىڭ كاللىسىنى ئالسۇن دەپ، ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالغان ئىدىم، دېدى. ساھابىلەر: بىزگە ئىشارەت قىلىپ قويساڭ بولماسمىدى؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پەيغەمبەر دېگەن كۆز خىيانىتى قىلسا بولمايدۇ، دېدى.

ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل بولسا مەككە فەتھى قىلىنغاندا قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇممۇ ھەكىم تاغىسى ھارىس ئىبنى ھىشامنىڭ قىزى بولۇپ، بۇ خوتۇن مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇممۇ ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېرى ئۈچۈن ئامانلىق ئېلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بارسا، ئېرى كېمىگە چىقاي دەپ تۇرغان ئىكەن، خوتۇنى ئۇنىڭغا: مەن ئەڭ ياخشى ئادەم پەيغەمبەردىن ساڭا ئامانلىق ئېلىپ كەلدىم. ئۆزەڭنى ھالاك قىلماي، مەن بىلەن قايتقىن، دېدى.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن ئىكرىمە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ: بىزگە ھىجرەت قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن ئادەمنى قارشى ئالىمىز، دېدى. ئىكرىمە مۇسۇلمان بولدى. بۇرۇنقى دۈشمەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىگە ئىستىغفار ئېيتىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتتى. ئىكرىمە شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى.

ھۆبار ئىبنى ئەسۋەد بولسا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنىۋالغان ئىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ جىئىررانە *[مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىسىدىكى جاي]* دىكى ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئىرانغا قېچىپ كەتمەكچى بولغان ئىدىم، لېكىن سېنىڭ سىلە ـ رەھىمىڭنى، ئۆزەڭنى رەنجىتكەنلەرنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىڭنى ئەسلەپ قايتىپ كەلدىم. بىز بۇتپەرەس ئىدۇق، اللە بىزنى سەن ئارقىلىق ھىدايەت قىلدى، ھالاكەتتىن قۇتقازدى. كەچۈرۈم قىلساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سېنى كەچۈردۈم، دېدى.

ھارىس ئىبنى ھىشام بىلەن زۇھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە مەخزۇملەرنى ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى ھىمايىسىگە ئالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سېنى ھىدايەت قىلغان خۇداغا شۈكرى، سەندەك ئادەم ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەي قالمايتتى، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھارىس ئىبنى ھىشام ئالدىنقى قاتاردىكى ساھابىلەردىن بولۇپ قالدى.



www.munber.org



سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە يوشۇرۇنىۋالغان ۋە ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىماقچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇمەير ئىبنى ۋەھب جۇمەھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى، سەفۋان ئۆز قەۋمىنىڭ باشلىقى، ئۇ قېچىپ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، سەن ھەممە ئادەمگە ئامانلىق بەرگەن ئىدىڭ، ئۇنىڭغىمۇ ئامانلىق بەرسەڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تاغاڭنىڭ ئوغلىغا بېرىپ ئېيتقىن، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردىم، دېدى. ئۇمەير: بۇنىڭ ئۈچۈن بىر بەلگە بەرسەڭ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەللىسىنى بەردى. ئۇمەير سەللىنى ئېلىپ سەفۋانغا بېرىپ: ئاتا ـ ئانام پىدايىڭ بولسۇنكى، مەن ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ غەمخور، ئەڭ مۆلايىم، ئەڭ ياخشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن كەلدىم. ئۇ سېنىڭ تاغاڭنىڭ ئوغلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىززىتى سېنىڭ ئىززىتىڭ؛ ئۇنىڭ شەرىپى سېنىڭ شەرىپىڭ؛ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭدۇر، دېدى. سەفۋان ئۇنىڭدىن قورقىمەن، دېۋىدى، ئۇمەير: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەك مۆلايىم ۋە بەك كەڭ قورساق ئادەم، دەپ ئامانلىقنىڭ بەلگىسى بولغان سەللىنى كۆرسەتتى. سەفۋان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇمەير ماڭا سېنى ئامانلىق بەردى دەيدىغۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: راست، شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى. سەفۋان: ئۇنداق بولسا ماڭا ئىككى ئايلىق سۈرۈك بەرسەڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت ئايلىق سۈرۈك بېرەي، دېدى. سەفۋان تۆت ئايدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ سادىق مۇسۇلمان بولدى.

ئوتبىنىڭ قىزى ھىندىمۇ يوشۇرۇنىۋالغان ئىدى، ئۇمۇ كېيىن كېلىپ مۇسۇلمان بولدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قارشى



www.munber.org

ئالدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ، بۇرۇن مەن يەر يۈزىدىكى خەلقلەر ئىچىدە سېنىڭ خەلقىڭگە مەغلۇپ بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمدى سېنىڭ خەلقىڭنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ناھايىتى خالايدىغان بولدۇم، دېدى.

كەئىب ئىبنى زۇھەيرنىڭ كېلىشى

كەئىب ئىبنى زۇھەير ناھايىتى قىسىلدى ۋە ھېچ ھىمايىچى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدىنىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا «قەسىدە بۇردە» دەپ ئاتالغان مەشھۇر قەسىدىنى ئوقۇدى. تۆۋەندىكى مىسرالار شۇ قەسىدىنىڭ بىر قىسمى:

دەيدۇ ئۈمىد باغلاپ كەلگەن دوستلىرىم:

قىلالمايمىز ساڭا ياردەم ـ شاپائەت.

دېدىم: كۆرەي ئۆز يۈلۈمغا قويۇڭلار،

پېشانەمگە پۈتۈلگەننى نىھايەت.

ئاخىر بىر كۈن ئۆلەر ئادەم بالىسى،

ئۇزۇن يىللار ياشىسىمۇ سالامەت.

رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۆلۈم بۇيرۇپتۇ،

ئۈمىدىم بار، كەچۈرەر قىپ ئىنايەت.

بەردى الله ساڭا رۇشەن قۇرئاننى،

ھەق دىنىغا قىلىپ سېنى ھىدايەت.

www.munber.org





كەئىب ئىبنى زۇھەير قەسىدىنى ئوقۇپ:

رەسۇلۇللاھ دۈشمەن ئۈچۈن اللهنىڭ

ئۆتكۈر، نۇرلۇق قىلىچىدۇر ئالامەت،

دېگەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۈستىدىكى تونىنى كىيدۈرۈپ قويدى.

ھەمزىنى ئۆلتۈرگەن ۋەھشىمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى ئوغلى ئوتبە بىلەن مۇئەتتەب كېلىپ مۇسۇلمان بولدى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن خۇشال بولدى. سۇھەيل ئىبنى ئەمرمۇ يۇشۇرۇنۇۋالغان ئىدى، ئۇنىڭغا ئوغلى ئابدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئامانلىق ئېلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۇ ھەيل ئەقىللىق ۋە ئېسىل ئادەم. بۇنداق ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي قالمايدۇ، دېدى. سۇھەيل بۇنى ئاڭلاپ: اللهغا قەسەمكى، پەيغەمبەر چوڭ ـ كىچىك ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، دېدى ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى.

## ئاياللارنىڭ بەيئەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەرلەر بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. ئاياللار اللهغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلاردىن بولغان بالىنى ئەرلىرىگە

www.munber.org

تاڭماسلىقىقا، ياخشى ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسلىق قىلماسلىقىقا بەيئەت قىلىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالنى كەئبىنىڭ ئۈستىدە ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇدى. بۇ، بەيتۇللاھنىڭ ئۈستىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئاشكارا جاكالىنىشقا باشلىنىشى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ كۈننى اللهنىڭ بەرگەن چوڭ نېمىتىگە ۋە ئۇلۇغ غەلىبىسىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ھېيت قىلىۋالسا ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار مەككىدە تۇققۇز كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا نامازنى قەسر *[قەسىر ـ 3 كۈنلۈك يولغا سەپەرگە چىققان ئادەمنىڭ تۆت رەكئەت نامازنى ئىككى رەكئەت قىلىپ قىسقارتىپ ئوقۇشى. ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى ھەر قانداق قاتناش قۇرالى بىلەن 80 كىلومېتىر يولغا سەپەرگە چىققان كىشىنى مۇساپىر ھېسابلىماقتا. ـ ت]* قىلىپ ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە ئەتتاب ئوسەيدنى ۋالى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا كۈنىگە بىر دەرھەمگە تويمىغان قوساقنى الله تويغۇزمىسۇن، دېدى.

## ئۇززا بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە داخىل بولۇپ، بەشىنچى كۈنى خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا ئوتتۇز نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى ئۇززا دېگەن بۇتنى چېقىشقا ئەۋەتتى. ئۇززا قۇرەيشنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتى بولۇپ، بەتىن نەخلە دېگەن يەردە ئىدى؛ خالىد يېتەكچىلىدىكى قوشۇن بېرىپ ئۇنى چېقىۋەتتى.



www.munber.org



## سۇۋا بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ئاسنى سۇۋا بۇتىنى چېقىشقا ئەۋەتتى. بۇ زۇزەيل قەبىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتى بولۇپ، مەككىدىن ئۈچ مىل يىراقلىقتا جايلاشقان ئىدى. ئەمر ئىبنى ئاس بېرىپ ئۇنى چېقىۋەتتى.

## مانات بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى زەيد ئەشھەلى باشچىلىقىدا يىگىرمە نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى مانات دېگەن بۇتنى چېقىشقا ئەۋەتتى. مانات بولسا كەلب، خۇزائە قەبىلىلىرىنىڭ بۇتى بولۇپ، مۇشەللەلدە ئىدى. مۇشەللەل دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان بىر تاغ بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇدەيدگە چۈشكىلى بولاتتى. ئۇلار بېرىپ ماناتنى چېقىۋەتتى.

## ھۇنەين غازىتى

مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ تۈگىتىلىشىدەك چوڭ غەلىبىدىن كېيىن، پۈتۈن ئەرەب خەلقى توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىردى. ھاۋازىن قەبىلىسى بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى تەكەببۇرلۇق غەيرىتى قوزغىلىپ، چوڭلىرى يىغىلىپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار، مۇھەممەد ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن فارىغ بولدى، ئەمدى بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇ ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن بىز ھۇجۇم قىلايلى، دېگەن قارارغا



www.munber.org

كېلىشتى ۋە مالىك ئىبنى ئەۋف نەسرىنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا قەبىلىلەردىن نۇرغۇن ئادەم توپلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنىگانىسىنىڭ قەۋمى بەنى سەئد ئايمىغىمۇ بار ئىدى. ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان دورەيد ئىبنى سىممەمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چىققان ئىدى. بىراق ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا، پىكىر قاتناشتۇرۇشتىن باشقا ئىش قىلالمايتتى. مالىك ئىبنى ئەۋف نەسرى كىشىلەرنى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە چارۋا ـ ماللىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. دورەيد بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، مالىك: كىشىلەر ئۆز يانلىرىدا بالا ـ چاقا، مال ـ ۋارانلىرى بولسا، ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىدۇ، دېدى. دورەيد: مەغلۇب بولغانلارنى قېچىشتىن ھېچنەرسە توسىيالمايدۇ، ئەگەر غەلىبە ساڭا يۈزلەنسە، پەقەت قوراللىق ئەرلەرلا ئەسقاتىدۇ؛ مەغلۇب بولساڭ، بالا ـ چاقىلىرىڭ سېنى ئاھانەتكە قويىدۇ، دېدى. مالىك ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماي، ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىغا ئاياللارنى سەپ قىلىپ تىزدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا تۆگىلەرنى، ئاندىن كالىلارنى، قويلارنى تىزدى. مالىك ئەسكەرلەرنىڭ قاچماسلىقىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىش قارارىغا كېلىپ، ئون ئىككى مىڭ غازى بىلەن ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئىككى مىڭى مەككىلىكلەر، قالغانلىرى مەدىنىدىن كەلگەن ساھابىلەر ئىدى. مەككىلىكلەر ئۇلجا ـ غەنىمەت تاماسىدا غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلاقلىق ۋە پىيادە بولۇپ چىقىشتى. ھەتتا ئاياللارمۇ چىققان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلاردىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە،



www.munber.org



سوھەيل ئىبنى ئەمر قاتارلىق سەكسەن كىشى بار ئىدى. ئەسكەرلەر دۈشمەن لاگېرىغا يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازىلارنى سەپكە تىزدى. مۇھاجىرلارنىڭ ئەلەمىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئەلەمىنى ھوباب ئىبنى مۇنزىرگە، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئەلەمىنى ئۇسەيد ئىبنى ھوزەيرگە تۇتقۇزدى، شۇنىڭدەك باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگىمۇ ئايرىم ئەلەملەرنى تۇتقۇزدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچىسىغا ئىككى قات ساۋۇت، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، خېچىرىغا مىنىپ ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن مەغرۇرلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ بولۇشى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى دۈشمەنگە يېقىنلىشىش بىلەن تەڭ، ۋادىنىڭ جىلغا يوللىرى ۋە تار جايلىرىغا يوشۇرۇنغان دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمە ئەسكەرلىرى مۇسۇلمانلارغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى قىسىمدىكىلەر ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى بۇراپ ئارقىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ئارقىدىكى ئەسكەرلەر ئالدىدىكىلەرنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ قاچقىلى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېچىردىن چۈشمەي جەڭ مەيدانىدا تەۋرەنمەي تۇردى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ جەڭ مەيدانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە دادىل تۇردى. ئۇلار: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلى، ئابباس ۋە ئۇنىڭ ئوغلى فەزلى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى رەبى ئىبنى ھارىس، مۇئتەب ئىبنى ئەبى لەھەبلەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنىڭ تىزگىنىنى ئابباس، ئىگىرىنى ئەبۇ سۇفيان تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى قاچماسلىققا چاقىرسىمۇ، ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى، قاچقانلارغا كەڭ زىمىن تارلىق قىلاتتى. تېخىچە بۇتپەرەسلىكتىن قول ئۈزمىگەن، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان مەككىلىكلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ مەغلۇبىيەتتىن خۇشال بولاتتى، بەزىلىرى بولسا خاپا بولاتتى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب: ئۇلار دېڭىزغا بارمىغىچە توختىمايدۇ، دەيتتى. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قېرىندىشى: ئەمدى مۇھەممەدنىڭ سېھرى بەربات بولدى، دېۋىدى، سەفۋان مۇشرىك تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا: ئاغزىڭنى يۇم! زۇۋانىڭ تۇتۇلغاي! ئەزبىرايى خۇدا، ماڭا ھاۋازىن قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ باشلىق بولغىنىدىن كۆرە قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنىڭ باشلىق بولغىنى تۈزۈك، دېدى. يەنە قۇرەيشلەردىن بىر ئادەم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: خوش خەۋەر! مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەغلۇب بولدى! ئۇلار مەغلۇبىيەتتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ، دېدى. سەفۋان ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ: تېخى سەن بەدەۋىلەرنىڭ غەلىبىسىدىن خوش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتامسەن؟! دېدى. ئىكرىمە ئەبۇ جەھىل ئۇ ئادەمگە: مۇسۇلمانلارنى مەغلۇبىيەتتىن ھەرگىز قۇتۇلالمايدۇ، دەمسەن؟ ئىش سېنىڭ ئىلكىڭدە ئەمەس، اللەنىڭ ئىلكىدە، بۇ مۇھەممەدنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس. ئۇ بۈگۈن مەغلۇب بولغان بولسا، ئەتە غەلىبە قىلىدۇ، دېدى. سوھەيل ئىبنى ئەمر ئىكرىمىگە: ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە سېنىڭ قارشى چىقىشىڭغا تېخى بالدۇر، دېدى. ئىكرىمە ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇزەيد، بىز بۇرۇن ناتوغرا يولدا ئىدۇق، ئەقلىمىزدىن ئاداشقان ئىدۇق. پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتقا چوقۇناتتۇق، دېدى. قاچقانلارنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرى مەككىگە يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىچە ئۆز جايىدا تەۋرەنمەي تۇرۇپ: مەن پەيغەمبەرمەن، يالغانچى

www.munber.org





ئەمەسمەن. ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلىمەن، دەيتتى. ئابباسنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئەنسارىلارنى توۋلا، دېدى. ئابباس: ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! ئى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار! دەپ توۋلىدى. بۇنى ۋادىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى. ئەنسارىلار: مانا بىز! مانا بىز! دېيىشىپ تۆگىلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى بۇراشتى. قاچقۇچى ئەرابىلارنىڭ كۆپلۈكى بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئەنسارىلار ساۋۇتلىرىنى ئۆشنىسىگە تاشلاپ قويۇپ، قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئېلىپ تۆگىلىرىدىن چۈشتى ـ دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەم توپلاندى. الله رەسۇلۇللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا غەيرەت ـ شجائەت بېغىشلىدى. كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە چۈشۈردى. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە بىردەك ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ سېپىنى بۇزۇپ تاشلىدى. دۈشمەنلەر بالا ـ چاقا، مال ـ ۋارانلىرىغا قارىماي، توغرا كەلگەن تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە جەڭگە قاتناشقان نۇرغۇن ئەرلەرنى ئەسىر ئالدى، دۈشمەنلەرنىڭ قاچقانلىرى قېچىپ كەتتى. بۇ غازاتتا خالىد ئىبنى ۋەلىد ئېغىر يارىلاندى. اللەنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ، مەككە مۇشرىكلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى.

بۇ غازاتتا مۇنداق بىر مۇھىم ھەربى ساۋاق قولغا كەلدى: بۇ قوشۇن مۇشرىكلار، ئەرابىلار ۋە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلاردىن تەركىب تاپقان ئارىلاشما قوشۇن بولغاچقا، ئىسلامنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇب بولۇشى بۇ قوشۇندىكى ئادەملەر ئۈچۈن بەربىر ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىرىنچى زەربىگە ئۇچراش بىلەنلا مەغلۇبىيەتكە يۈز

www.munber.org

تۇتتى. اللهنىڭ مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى بەربات بولۇشقا تاس قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قوشۇن ساداقەت بىلەن غازات قىلىپ دىننى ھەقىقى رەۋىشتە قوغدايدىغان ۋە اللهنىڭ قاتتىق ئازاۋىدىن قورقۇپ، قېچىشنى راۋا كۆرمەيدىغان كىشىلەردىن تەركىپ تېپىشى لازىم.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەر ۋە غەنىمەتلەرنى يىغىشقا بۇيرۇدى. غەنىمەتلەر يىگىرمە تۆت مىڭچە تۆگە، قىرىق مىڭدىن ئارتۇق قوي، تۆت مىڭ ئۇقىييە (بىر ئوقىييە 37.4 گرام) كۈمۈش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى جىئىررانە دېگەن يەرگە توپلاندى. ھۇنەيندە مەغلۇب بولغان مۇشرىكلار ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، بىر گۇرۇھى تائىفقا قاچتى، بىر گۇرۇھى نەخلەگە قاچتى، يەنە بىر گۇرۇھى ئەۋتاسقا قېچىپ بېرىپ توپلاندى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋتاسقا قاچقان مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇلار بېرىپ دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىپ، غەنىمەت ئېلىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ جەڭدە ئەبۇ ئامىر شېھىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەبۇ مۇسا قوماندانلىق قىلدى.

## تائىف غازىتى

سەقىف ۋە ھاۋازىن قەبىلىلىرىدىن قاچقان مۇشرىكلار تائىفقا

www.munber.org



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى

بېرىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنى سەركەردە قىلىپ، ساھابىلەرنى باشلاپ تائىفقا ئاتلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋف ئىبنى مالىك نەسرىنىڭ قەلئەسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ساھابىلىرىنى بۇ قەلئەنى بۇزۇپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. سەقىفلىق بىر كىشىنىڭ بېغى يېنىدىن ئۆتكەندە، باغ ئىگىسىنىڭ ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، باغقا مۆكۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېغىغا ئوت قويۇۋېتىلدى. مۇسۇلمانلار تائىفقا بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ بىر يىللىق ئوزۇق راسلاپ قورغانغا پۇختا جايلىشىۋالغانلىقىنى بىلدى ـ دە، قورغانغا يېقىن بېرىپ، بىر جايغا ئورۇنلاشتى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئوققا تۇتتى، مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشى يارىلاندى. ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ يارىسى ساقايماي ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ئاخىرى ئۇ ئاتىسىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە قازا تاپتى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كەتتى. مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى يارىلىنىپ شېھىت بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ داۋاملىق ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تائىفتىكى ھازىرقى مەسجىدنىڭ ئورنىغا چېكىندى. بۇ يەردە ئۇممۇ سەلەمە بىلەن زەينەپ ئۈچۈن ئىككى چېدىر تىكتۈردى. مۇھاسىرە ئون سەككىز كۈن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا خالىد ئىبنى ۋەلىد دۈشمەنلەرنى مەيدانغا چۈشۈشكە چاقىراتتى، ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمايتتى. سەقىف قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇيالىل خالىدنى توۋلاپ: سېنىڭ ئالدىڭغا ھېچقايسىمىز چۈشمەيمىز، قورغىنىمىزدا تۇرىۋېرىمىز، بىر قانچە يىللىق ئوزۇقىمىزنى توپلىۋالدۇق، بۇ ئوزۇقلار تۈگىگىچە مۇھاسىرە قىلىدىغان بولساڭ، شۇ چاغدا چىقىپ، بىرىمىز قالماي ئۆلۈپ تۈگىگىچە قىلىچۋازلىق قىلىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

www.munber.org

بۇيرۇقى بويىچە، ئۇلارغا قارشى مەنجانىق تىكلەندى؛ ئىستىھكامنى پارتلىتىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ساھابىلەر ئىككى دەببابە ئىچىگە كىردى. دۈشمەنلەر ئۇلارغا ئوت بىلەن قىزىتىلغان تۆمۈرلەرنى ئېتىپ، ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرنىڭ تالللىرى ۋە خورما دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرۇغان ئىدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كېسىشكە باشلىدى. قورغاندىكىلەر: ﷲنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەستۈرمىسەڭ، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماقۇل، ﷲنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەستۈرمەي، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، قورغاننى تاشلاپ چۈشكەنلەرگە ئامانلىق بېرىلىدۇ، دەپ جاكالاتتى. بۇنىڭ بىلەن قورغاندىن ئون نەچچە كىشى چۈشتى. دۈشمەننىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى ۋە تائىفنى فەتھى قىلىشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق مۇھاسىرە قىلىش ياكى كېتىش توغرىسىدا نەۋفەل ئىبنى مۇئاۋىيە دەيلىگە مەسلىھەت سالدى. نەۋفەل: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان تۈلكىنى قاماپ تۇرىۋەرسەڭ، ئاخىر ئۇنى تۇتىۋالىسەن؛ ئەگەر ئۇنى تاشلاپ كەتسەڭ، ئۇ ساڭا ھېچ زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. بەزى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەقىفلىكلەرگە بەددۇئا قىلىشنى سورىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ئى ﷲ، سەن سەقىف خەلقىنى ھىدايەت قىلغىن، ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ كەلسۇن! دەپ خەيرلىك دۇئا قىلدى.

www.munber.org





## غەنىمەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتلەر توپلانغان جىئىررانە دېگەن يەرگە قايتىپ بېرىپ، غەنىمەتلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇلارنى بەشكە بۆلدى. ئىسلام دىنى تېخى كۆڭلىدە تازا قارارلىشىپ كەتمىگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا غەنىمەتتىن خېلى كۆپ نەرسە بەردى. مۇسۇلمان بولمىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغىمۇ غەنىمەت بېرىلدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن بولغان ئەبۇ سۇفيانغا قىرىق ئوقىيە ئالتۇن ۋە يۈز تۆگە بېرىلدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ ئىككى ئوغلى مۇئاۋىيە بىلەن يەزىدقىمۇ شۇنداق بېرىلدى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، سەن تېچلىق شارائىتىدىمۇ، ئۇرۇش شارائىتىدىمۇ مەرت ئىكەنسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفيانغا قانچىلىك بەرگەن بولسا، ھەكىم ئىبنى ھىزامغىمۇ شۇنچىلىك بەردى. ھەكىم يەنە بېرىشنى سورىۋىدى، ئۇنىڭغا يەنە شۇنچىلىك بەردى. ئۇ يەنە بېرىشنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە شۇنچىلىك بەرگەندىن كېيىن: ئى ھەكىم، مال دېگەن چىرايلىق، شىرىن نەرسە، توقۇبىسىق بىلەن ئالسا، ئۇنىڭ بەركىتى بولىدۇ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالسا، ئۇنىڭ بەركىتى بولمايدۇ. مۇنداق ئادەم خۇددى يەپ تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بەرگەن قول تىلىگەن قولدىن ياخشى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەكىم دەسلەپ بېرىلگەن يۈز تۆگىنى ئېلىپ، قالغىنىنى ئالمىدى ۋە: سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ﷲغا قەسەمكى، سەندىن كېيىن تاكى دۇنيادىن ئۆتكىچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە ئالمايمەن، دېدى. رەسۇلۇللاھتىن كېيىن خەلىپىلەر ھەكىمگە غەزنىدىن تېگىشلىك

www.munber.org

مال بەرسىمۇ، ئۇ ئالمايتتى. يەنە ئىبنى ھىسنىگە يۈز تۆگە بېرىلدى، ئەقرە ئىبنى ھابىس، ئابباس ئىبنى مەرداسلارغىمۇ يۈزدىن تۆگە بېرىلدى. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەگە بىر جىرا كەلگىدەك چارۋا بېرىلدى. ئەسلىدە سەفۋاننىڭ بۇ چارۋىلارغا كۆزى چۈشكەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چارۋىلارنى كۆرسىتىپ: بۇ چارۋىلار سېنى قىزىقتۇرىۋاتامدۇ؟ دېدى. سەفۋان: ھەئە، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئالغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن، دېدى. سەفۋان كېيىن: شۇ چاغدا ھېچكىم مەندەك خۇشال بولغان ئەمەس، دېگەن. سەفۋاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق سوۋغىلارنى بېرىشتىن مەقسىتى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش بولۇپ، بۇ بىر خىل دىنىي سىياسەت ئىدى. زاكاتنىڭ بىر قىسمىمۇ ئىسلام دىنىغا مايىل قىلىنىدىغانلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى سوۋغىلىرى چوڭ پايدا كەلتۈردى. شۇ كۈنى سوۋغا بېرىلگەنلەرنىڭ دىللىرىغا بۇرۇن ئىسلام دىنى تازا ئۆزلىشىپ كەتمىگەن ئىدى، كېيىن سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان، ھارىس ئىبنى ھىشام ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن پايدىسى زور چوڭلىرىدىن بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى سابىتنى قالغان غەنىمەتلەرنى ھېسابلاپ چىقىپ، غازىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئەرابىلار توپلىشىۋېلىپ: غەنىمەتنى بۆلۈپ بەرگىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر دەرەخكە قىستاپ بارغان ئىدى، دەرەخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىدا (يەكتەك) سىنى ئىلىۋالدى. بۇ چاغدا



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرابىلارغا: ئى جامائەت، رىدايىمنى بېرىڭلار. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قولۇمدا تەھامە *[يەر ئىسمى. ـ ت]* نىڭ دەرەخلىرىدەك كۆپ مال بولسىمۇ ئۇزەمگە قالدۇرماي ھەممىسىنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن. مەن بېخىل، قورقۇنچاق، كۆزى كىچىك ئادەم ئەمەسمەن، دېدى. ئاندىن بىرىپ تۆگىنىڭ بىر تال يۇڭىنى ئېلىپ: ئى جامائەت ماڭا غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن باشقا مۇشۇنچىلىكمۇ نەرسە تەگمەيدۇ، تەگكەن بەشتىن بىرىمۇ سىلەرگە قايتۇرىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. غەنىمەتتىن يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاڭلار! غەنىمەتكە خىيانەت قىلغانلار قىيامەت كۈنى رەسۋا بولۇپ، ئازاپقا قالىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن غەنىمەتتىن ئوغۇرلۇقچە ئالغانلار بىر ئازمۇ قالدۇرماستىن قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتنى تەقسىم قىلىشقا كىرىشىپ، پىيادىلەرگە تۆتتىن تۆگە، قىرىقتىن قوي بەردى. ئاتلىقلارغا بۇنىڭدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق بەردى. مۇناپىقلاردىن بىرى قوپۇپ: بۇ تەقسىماتتا اللهنىڭ رازىلىقى كۆزدە تۇتۇلمىدى، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قىزىرىپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا: قارا سېنى، مەن ئادىل بولمىسام، كىم بولىدۇ؟ دېدى. لېكىن ئاچچىقىغا بېرىلىپ شەخسى ئۆچ ئالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلىشتىن خالى ئىدى. شۇڭا پەقەت نەسىھەت قىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بىلەنلا چەكلەندى. ئۆمەر بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالايلى، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: ياق، ئۇ ناماز ئوقۇشى مۇمكىن، دېدى. خالىد: تىلى باشقا، دىلى باشقا ناماز ئوقۇيدىغانلار كۆپقۇ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى يېرىپ كۆرۈشكە



www.munber.org

بۆيرۈلگىنىم يوق، دېدى. غەنىمەتتىن قۇرەيشلەرگە ۋە باشقا قەبىلىلەرگە بېرىلىپ، ئەنسارىلارغا ھېچ نەرسە بېرىلمىگەن ئىدى، ئەنسارىلاردىن بەزىلىرى خاپا بولۇپ: قىزىق ئىشقۇ! غەنىمەتتىن قۇرەيشلەرگە بېرىلدى ــ يۇ، قىلىچلىرىمىز قانغا بويالغان بىز قۇرۇق قالامدۇق؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، ئەنسارىلارنى يالغۇز بىر يەرگە يىغىپ دېدىكى: ”ئى ئەنسارىلار جامائىتى! سىلەر مۇنداق سۆزلەرنى قىلىپسىلەر. مەن كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەر گۇمراھ ئىدىڭلار، اللّٰه سىلەرنى مەن ئارقىلىق ھىدايەت قىلدى؛ كەمبەغەل ئىدىڭلار، اللّٰه سىلەرنى مەن ئارقىلىق باي قىلدى؛ بىر ــ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، اللّٰه سىلەرنى مەن ئارقىلىق دوستلاشتۇردى. قۇرەيش خەلقى بولسا كۇفرىدىن ئەمدىلا خالاس بولغان، يېڭىشىغا مۇسىبەت كەلگەن خەلق. مەن ئۇلارغا مال بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئالماقچى بولدۇم. ئى ئەنسارىلار جامائىتى! ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئازغىنا مال ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ مەن سىلەرنىڭ تەۋرەنمەس، مۇستەھكەم ئىمانىڭلارغا ئىشىنىپ، سىلەرگە غەنىمەتتىن بەرمىدىم. ئى ئەنسارىلار جامائىتى! كىشىلەر قوي، تۆگىلىرىنى ئېلىپ قايتسا، سىلەر رەسۇلۇللاھنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولمامسىلەر؟ اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھىجرەت بولمىغان بولسا، مەن ئەنسارى بولاتتىم، ئەگەر پۈتۈن خەلق بىر يولغا كىرىپ، ئەنسارىلار ئىككىنچى يولغا كىرىدىغان بولسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلارنىڭ يولىغا كىرگەن بولاتتىم. ئى رەببىم، ئەنسارىلارغا رەھمەت قىل، ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىغا رەھمەت قىل.“ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەنسارىلارنىڭ كۆڭلى ئېرىپ يىغلىشىپ، ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇلار،

www.munber.org





نىسۋىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ بولۇشىغا رازىمىز، دېيىشىپ تارقاشتى.

## ھاۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا زوھەير ئىبنى سەرد باشچىلىقىدا ھاۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئۇلار ئەسىر ئېلىنغان ئاياللارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى، بولمىسا ئۇمۇسقا قالدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلتىماس قىلدى. زوھەير رەسۇلۇللاھقا: ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ئىنىگانلىرىڭ، ھاممىلىرىڭ ۋە سېنى باققان تەربىيىچىلىرىڭمۇ بار، دېدى. ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالۋۇرۇپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

كەچۈرگىن ئى رەسۇلۇللاھ، قىلىپ سەن مەرھەمەت بىزگە،
كۈتەرمىز ئىلتىپاتىڭنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ھەردەم.
كەچۈرگىن سەن ئەمگۈزگەن ئاياللارغا قىلىپ شەپقەت،
ئۇلارنىڭ مول سۈتى بىلەن ئىدى ئاغزىڭ ھەمىشە نەم.
قىلارمىز كۆپ تەشەككۇرلەر سېنىڭ بۇ ئىلتىپاتىڭغا،
قالۇر مەڭگۈگە ئۇنتۇلماي كۆڭۈللەر ئىچرە نامىڭ ھەم.
ئۈمىد شۇكى ئېرىشكەيمىز ئاجايىپ كاتتا ئەپۇڭگە،
كەچۈرسەڭ قانچە كۆپ، شۇنچە ساڭا نۇسرەت بولۇر ھەمدەم.
سېنى ئاق سۈت بېرىپ باققان ئاياللارنى كەچۈرگەيسەن،
بۇرۇندىن مەرتىلىگىڭ مەشھۇر بىلەر بۇنى جىمى ئالەم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ئەڭ راست سۆزنى ياخشى كۆرىمەن. سىلەر ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرۇڭلار، يەن يا بالا ــ چاقاڭلارغا تۇرۇڭلار، يا مېلىڭلارغا. سىلەرنى كۈتۈۋېرىپ، كەلمەسمىكىن دەپ ئويلىغان

www.munber.org

ئىدىم، دېدى. ئەلچىلەر: نەسلىمىزگە ھېچ نەرسىنى تەڭ قىلمايمىز. خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگىن، ئۇلار بىز ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. قوي، تۆگە توغرىلىق ئېغىز ئاچمايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆز قولۇمدىكى ۋە ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتىنىڭ قولىدىكى ئەسىرلەرنى قايتۇرىمەن، پېشىن نامىزىدىن كېيىن، سىلەر خەلققە مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىن، مۇسۇلمانلار ئارقىلىق رەسۇلۇللاھتىن شاپائەت تىلەيمىز دەپ، ئۆزەڭلارنىڭ دىنى قېرىنداش ئىكەنلىكىڭلارنى ئېيتىڭلار، دېدى. ئەلچىلەر شۇنداق قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: سىلەرنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىڭلار تەۋبە قىلىپ كەپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم. ياقتۇرغانلار شۇنداق قىلسۇن، ياقتۇرمىغانلار ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە غەنىمەت ئالسۇن، دېدى. مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار: قولىمىزدىكى ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپ، دېيىشتى. ئەرابىلەردىن ئەقرە ئىبنى ھابىس، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى، ئابباس ئىبنى مەرداس قاتارلىق بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئەسىرلەرنى قايتۇرۇشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى ئۇلاردىن قەرز ھېساۋىدا ئېلىپ ئەلچىلەرگە قايتۇردى. رەسۇلۇللاھ ھاۋازىن بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ باشچىسى مالىك ئىبنى ئەۋف نەسرىنىڭ ئائىلىسىنى ئۇلارنىڭ مەككىدىكى ھامىمىسى ئۇممۇ ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ يېنىدا قاماپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئەلچىلەر: ئۇلار بىزنىڭ چوڭلىرىمىز ئىدى، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇلارغا مەن يامانلىق قىلمايمەن، دېدى. رەسۇلۇللاھ مالىكنى سورىۋىدى: سەقىف بىلەن قېچىپ كەتتى، دېيىشتى.

www.munber.org





رەسۇلۇللاھ: مالىكقا ئېيتىڭلار، ئەگەر ئۇ مېنىڭ قېشىمغا مۇسۇلمان بولۇپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا خوتۇن ـ بالىلىرىنى، ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە يۈز تۆگە بېرىمەن، دېدى. مالىك بۇنى ئاڭلاپ قورغاندىن يوشۇرۇن چۈشۈپ، جىئىررانەگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدا مۇسۇلمان بولدى، مېلىنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مالىكنى ھاۋازىن قەبىلىسىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا باشلىق قىلىپ قويدى.

## جىئىررانە ئۆمرەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلماقچى بولۇپ جىئىررانەدىن ئېھرام *[ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن ئىلگىرى ھەجنى نىيەت قىلىپ ئۈستىگە ئورىۋالىدىغان، يىڭنە بىلەن تىكىلمىگەن كىيىمى. ـ ت]* باغلاپ، كېچىسى مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى، ھەجەر ئەسۋەد *[بەيتۇللاھدىكى قارا تاش. ـ ت]* نى سۆيدى ۋە شۇ كېچىسى مەككىدىن قايتىپ چىقىپ، جىئىررانەدە ئون ئۈچ كۈن تۇردى، ئاندىن قوشۇننى ئاتلىنىشقا بۇيرۇپ، زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى مەدىنىگە ئامان ـ ئېسەن كىردى.

ھۇنەين غازىتىدا الله مۇشرىكلارنى پارچىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى تۆكتى، ئاھالىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ھاۋازىن قەبىلىسى ئۇرۇش قىلالايدىغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە تۆگە، قويلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. الله دۈشمەنلەرنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى مۇسۇلمانلارغا غەنىمەت قىلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى.

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار قالمىدى، شۇڭا ھاۋازىن قەبىلىسى تارمار قىلىنغان ھۇنەيىن غازىتىنى مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ئاخىرقىسى دېيىشكە بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە ئەقىلسىزلىق بىلەن قۇراللىق قارشى چىقىدىغان ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا پارلاق ھەقىقەتنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ قورال تاشلايدىغان ئازغىنە جامائەلەر قالغان ئىدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، سۇدا (يەمەندە تۇرۇشلۇق بىر قەبىلە) نى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، سۇداغا قەيس ئىبنى سەئد باشچىلىقىدا تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. سۇدا قەبىلىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن قەۋمىمدىن ئەلچى بولۇپ كەلدىم. ئەسكىرىڭ قايتسۇن، مەن قەۋمىمنى ئېلىپ كېلەي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلىرىنى قايتىشقا بۇيرۇدى.

## سۇدا قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

بۇ ئادەم قەۋمىگە بېرىپ ئون بەش ئادەم بىلەن ئەلچى بولۇپ كېلىپ، سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشتى. ئاندىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدى. ئاندىن: بۇ يەرگە كېلەلمىگەن خەلقلىرىمىز ئۈچۈنمۇ بەيئەت قىلىمىز، دېيىشتى. ئۇلار قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىسلام

www.munber.org





دىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئومۇملاشتى. ھەججەتۇلۋەدا (خوشلىشىش ھەججى) دا ئۇلاردىن يۈز ئادەم كېلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىشر ئىبنى سۇفيان ئەدۋىنى خۇزائە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بەنى كەئب ئەرەبلىرىدىن زاكات ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بەنى كەئب ئەرەبلىرىنىڭ خوشنىسى بەنى تەمىم قەبىلىسى ئۇلارنى زاكات بېرىشتىن توستى. بۇ خەۋەر رەسۇلۇللاھقا يەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى باشچىلىقىدا ئەرابىلاردىن تەركىب تاپقان ئەللىك ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇلار بېرىپ بەنى تەمىم قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئون بىر ئەر، يىگىرمە بىر ئايال ۋە ئوتتۇز بالىنى ئەسىر ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى ھارىسىنىڭ قىزى رەملەنىڭ قوراسىدا ساقلاشقا بۇيرۇدى.

## تەمىم قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن، ئەسىرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بەنى تەمىمنىڭ چوڭلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ھەيئىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇتارىد ئىبنى ھاجىب، زەبرىقان ئىبنى بەدرە ۋە ئەمر ئىبنى ئەھتەملەر بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىككەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ ھوجرىسىغا بېرىپ، قاتتىق ئاۋاز

www.munber.org

بىلەن: ھەي مۇھەممەد، بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىققىن! سەن بىلەن پەخىرلىنىش ئۈچۈن كەلدۇق، بىز ماختىغان كىشىمىزنى كۆككە كۆتىرىۋېتىمىز، ھەجۋى قىلغان كىشىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىۋېتىمىز! دەپ توۋلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن نارازى بولغان ھالدا چىقتى. قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەر شۇلار توغرىسىدا نازىل بولدى: ”ھوجراڭنىڭ ئارقىسىدىن سېنى توۋلىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەقىلسىز ئادەملەردۇر، ئۇلار سەن چىققىچە سەۋرى قىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. الله مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىۋاندۇر.“ (سۈرە ھوجۇرات، 4 ـ، 5 ـ ئايەتلەر) بۇ چاغ پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ، بىلال ئەزان ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا چىقتى. ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېپىشىۋېلىپ: بىز بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بولىمىز. شائىرىمىزنى، ناتىقىمىزنى ئېلىپ كەلدۇق، سەن بىلەن مۇشائىرىلىشىمىز، پەخىرلىشىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: مەن الله تەرىپىدىن شېئىر ئېيتىشقا ئەۋەتىلمىگەن، پەخىرلىنىشكە بۇيرۇلمىغان، دەپ جاۋاب بېرىپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن پەخىرلىنىشكە باشلىدى. ئەمر ئىبنى ئەھتەم زەبرىقان ئىبنى بەدرىنى ماختاپ: ئۇنىڭ سورۇنلاردا گېپى ئۆتىدۇ، ئۇ ئۆز قەبىلىسىنىڭ خوجىسى، دېدى. زەبرىقان قوپۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ، ئەمر مېنىڭ شەرىپىمنى كۆرەلمەي، يۇقىرقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئېيتمىدى، دېدى. ئەمر: زەبرىقان ئادەمگەرچىلىكى كەم، پىخسىق، تېگى پەس ئادەم، دېدى. ئەمر ئىككى

www.munber.org





خىل گەپ قىلغانلىقتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئەمر: ئى رەسۇلۇللاھ، ئالدىنقى سۆزۈم راست، كېيىنكى سۆزۈممۇ يالغان ئەمەس، چۈنكى ئالدىدا ئۇنىڭدىن مەن رازى بولغان، ئۇنىڭ توغرىسىدا بىلىدىغان ئەڭ ياخشى سۆزۈمنى قىلدىم. كېيىن ئۇنىڭدىن رەنجىگەن، ئۇنىڭ ھەققىدە بىلىدىغان ئەڭ يامان سۆزۈمنى قىلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: پاساھەتلىك سۆز كىشىگە سېھىردەك تەسىر قىلىدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئوبدان مۇكاپاتلارنى بەردى. ئۇلار مەدىنىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، قۇرئان ۋە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگەندى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇستەلىق ئەرەبلىرىدىن زاكات ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتنى ئەۋەتتى. مۇستەلىق ئەرەبلىرى ۋەلىدنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قۇراللىق ئادەم چىقاردى. ئۇلار زاكاتقا بېرىدىغان تۆگىلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققان ئىدى. جاھىلىيەت زامانىدا ۋەلىد بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بولغانلىقتىن، ۋەلىد ئۇلارنى ئۇرۇشقىلى چىقتى دەپ ئويلاپ، دەرھال قايتىپ بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇلار مۇرتەد بولۇپتۇ، زاكات بېرىشتىن باش تارتتى، دەپ مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. خالىد يوشۇرۇنچە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ناماز بامدادقا ئېيتقان ئەزىنىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مۇرتەد بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى

www.munber.org

بىلدى ۋە قايتىپ بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن زاكات ئېلىشقا ۋەلىددىن باشقا ئادەمنى ئەۋەتتى. ۋەلىد توغرىسىدا قۇرئاندا مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ”ئى مۆمىنلەر، ئەگەر سىلەرگە بىر فاسىق ئادەم بىرەر خەۋەرنى يەتكۈزسە، سىلەر بىرەر خەلقنى بىلمەستىن رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېنىقلاپ بېقىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالىسىلەر.“ (سۈرە ھۇجۇرات، 6 ــ ئايەت)

## قوشۇن ئەۋەتىش

ھەبەشىستانلىقلاردىن بىر توپ ئادەمنىڭ جىددە ئاھالىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەلقەمە ئىبنى مۇجەززىز باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. بۇلار جىددىگە يېتىپ بېرىپ، دۈشمەننى تۇتۇش ئۈچۈن كېمىگە چۈشتى. ھەبەشلەر بۇ يەردە بىر ئارالغا توپلانغان ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان قوشۇننى كۆرۈپ قاچتى، ئارىدا ئۇرۇش بولمىدى، ئەلقەمە قوشۇننى ئېلىپ قايتتى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، ئەسكەرلەر ئىچىدىكى يۇگرۈكلەرنى ئالدىدا تېزراق كېتىۋېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارغا ئابدۇللا ئىبنى ھوزا فەسەھمىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئابدۇللا چاخچاقچى ئادەم ئىدى، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر يەرگە ئوت ياقتى ۋە ئەسكەرلىرىگە: سىلەر ماڭا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلغان ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئۇلار: ھەئە، دېيىشتى. ئابدۇللا: ئۇنداق بولسا، مۇشۇ ئوتقا سەكرەڭلار، دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: بىز ئوتتىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولغان تۇرساق، دېيىشتى. بەزىلىرى سەكرىمەكچى بولۇشتى. ئابدۇللا ئۇلارنى توساپ: چاخچاق قىلغان

www.munber.org





ئىدىم، دېدى. بۇ ۋەقەنى رەسۇلۇللاھ ئاڭلاپ: ﷲ ئالدىدا گۇنا بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ، دېدى.

ھىجرىيىنىڭ 9 ــ يىلى

## قوشۇن ئەۋەتىش

بۇ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب باشچىلىقىدا ئەللىك نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى تەي قەبىلىسىنىڭ فۇلس دېگەن بۇتىنى چېقىپ تاشلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ فۇلسنى چېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. تەي قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى قارشى چىققانلىقتىن، ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئالدى ۋە بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئەسىر ئالدى. ئەسىر ئېلىنغانلار ئىچىدە ھاتەم*[ئەرەبلەر ئىچىدە سېخىلىق بىلەن ئاتىقى چىققان ئادەم. ــ ت]* نىڭ قىزى سەففانەمۇ بار ئىدى. مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، سەففانە رەسۇلۇللاھتىن ئېتىۋار بېرىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازات قىلىۋەتتى، چۈنكى قولى كەڭ ئادەملەرنى ھۆرمەتلەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىتى ئىدى. سەففانە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىپ: ئىلاھىم، بايلىقتىن كەمبەغەللىشىپ قالغانلار ساڭا رەھمەت ئوقۇسۇن؛ كەمبەغەللىكتىن بېيىغانلارنىڭ قولىغا سېنى قاراتمىسۇن؛ سېنىڭ ياخشىلىقلىرىڭنى ئۆز جايىغا تەككۈزسۇن؛ سېنى بېخىل ئادەمگە مۇھتاج قىلمىسۇن؛ خار بولۇپ قالغان ئەزىز ئادەمنى سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن قايتا ئەزىز قىلسۇن، دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى سەففانىنىڭ قېرىندىشى ئەدى ئىبنى ھاتەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ئەدى

www.munber.org

ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئەلەملىرىنى كۆرۈپ شامغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. سەففانە شامغا بېرىپ، قېرىندىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، ئەدى سەففانىدىن قانداق قىلىش توغرىلىق مەسلىھەت سورىۋىدى، سەففانە ئەدىغا: مېنىڭچە، تېزدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بارغىن. ئۇ راست پەيغەمبەر بولسا، بۇرۇنراق بېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭ سېنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ پادىشاھ بولسا، سەن يەنىلا ئەدى پېتىڭچە قېلىۋېرىسەن، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئەدى: ئەزبىرايى خۇدا، توغرا مەسلىھەت بەردىڭ، دېدى.

www.munber.org

## ئەدى ئىبنى ھاتەمنىڭ كېلىشى

ئەدى مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار كېتىۋاتقاندا بىر ئاجىز موماي ئۇچراپ رەسۇلۇللاھنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرى توغرىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئەدى ئىچىدە: ئەزبىرايى خۇدا، بۇ كىشى پادىشاھ ئەمەس ئىكەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىنى باشلاپ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىچىگە خورمىنىڭ قوۋزىقى قاچىلانغان تېرە ياستۇقنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ياستۇق ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى بولسا داق يەردە ئولتۇردى. ئاندىن ئى ئەدى، مۇسۇلمان بولساڭ ئامان بولىسەن، دەپ ئۈچ قېتىم ئېيتتى. ئەدى مېنىڭ دىنىم بار، دېدى(ئۇ خىرىستىيان دىنىدا ئىدى) . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دىنىڭنى سېنىڭدىن ياخشىراق بىلىمەن، دېدى. ئەدى: دىنىمنى مېنىڭدىن ياخشىراق بىلەمسەن؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:





ھەئە، دېدى ۋە خىرىستىئان دىنىدىكى باشلىقلارنىڭ ئەرەبلەرنى دوراپ، غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغان، ئەسلىدە خىرىستىئان دىنىدا يوق بىر قانچە ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن: ئى ئەدى، ماڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ كەمبەغەللىكىنى ۋە ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمايۋاتىدىغانسەن؟ مەن اللهغا شۇنداق قەسەم بېرەلەيمەن: مۇسۇلمانلاردا مال كۆپ بولىدىغان شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ئۇنى ئالغىلى ئادەم چىقماي قالىدۇ. ئېھتىمال بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمايۋاتىدىغانسەن؟ ھىرەگە بارغانمىدىڭ؟ دېدى. ئەدى: ھىرەنى كۆرگىنىم يوق، ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. رەسۇلۇللاھ: اللهغا قەسەمكى، ئىسلام دىنىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن شۇنداق ئەمىنلىك بولىدۇكى، خوتۇن كىشى ئۆزى يالغۇز ھىرەدىن چىقىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كېلەلەيدۇ. ئېھتىمال، پادىشاھلىق، ھاكىمىيەت بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمايۋاتىدىغانسەن؟ اللهغا قەسەمكى، ئۇزاق ئۆتمەي، بابىلنىڭ ئاق سارايلىرىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلايسەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدى مۇسۇلمان بولدى ۋە كېيىن رەسۇلۇللاھ ئېيتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردى.

www.munber.org

## تەبۇك غازىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇم [شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى. ـ ت] لۇقلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ چاغ قاتتىق قەھەتچىلىك ۋە قاتتىق ئىسسىق بولۇۋاتقان، مېۋىلەر پىشاي دەپ قالغان مەزگىل ئىدى، كىشىلەر باغلاردا سايداپ

ئۆلتۈرۈشنى خالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ھازىرلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ بۇ قېتىمقى غازاتتىن ئىلگىرىكى غازاتلاردا، دۈشمەنگە تۇيغۇزماسلىق ئۈچۈن، غازاتقا چىقىشنى ئاشكارا جاكالىمايتتى، لېكىن يول ئۇزۇن، دۈشمەن كۆپ بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ قېتىم ئاشكارا جاكارلىدى. مەككىگە ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىگە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى جابدۇتۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىبنى ئەففان ئون مىڭ دىنار، يەنە ھەممە جابدۇقلىرى بىلەن ئۈچ يۈز تۆگە ۋە ئەللىك ئات ئىئانە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى الله، ئوسماندىن رازى بولغىن! مەن ئۇنىڭدىن رازى، دېدى. ئەبۇ بەكرى تۆت مىڭ دەرھەمگە تەڭ بارلىق مېلىنى ئىئانە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بالا - چاقىلىرىڭغا بىرەر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ؟ دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى: ئۇلارغا اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قالدۇردۇم، دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مېلىنىڭ يېرىمىنى ئىئانە قىلدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف يۈز ئۇقىييە ئالتۇن ئىئانە قىلدى. ئابباس بىلەن تەلھەمۇ نۇرغۇن مال ئىئانە قىلدى. ئاسىم ئىبنى ئەدى يەتمىش تۆگە خورما ئىئانە قىلدى. ئاياللارمۇ پۈتۈن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ساھابىلەرنىڭ فەقىھلىرىدىن *[شەرىئەت ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىدىغان كىشى. — ت]* يەتتە كىشى كېلىپ ئۆزلىرىنى جابدۇتۇشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى جابدۇتۇشقا قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇلار جابدۇتۇش خىراجىتى تاپالمىغانلىقتىن قايغۇرۇپ، كۆزلىرى ياش ھالدا قايتىپ كېتىشتى. ئۇلاردىن ئۈچ كىشىنى ئوسمان جابدۇتتى، ئابباس ئىككى كىشىنى جابدۇتتى، ئىككى كىشىنى يامىن ئىبنى ئەمىر

www.munber.org





جابدۇتتى. كىشىلەر توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. ئورنىغا مەدىنىدە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى، ئائىلىسىگە قاراشقا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى قويدى. ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي باشچىلىقىدىكى نۇرغۇن مۇناپىقلار ئاتلانماي قېلىپ قالدى. ئۇلار: مۇھەممەد ئىسسىقتا جاپا چېكىپ يىراق يەرگە بېرىپ، رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، رۇملۇقلار بىلەن جەڭ قىلىشنى ئويۇن چاغلاۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قالماي ساھابىلىرى بىلەن ئارقانلارغا باغلىنىپ ئەسىر بولىدۇ، دېيىشەتتى. مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سۆزلەرنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئەممار ئىبنى ياسىرنى ئەۋەتتى، ئۇلار: بىز چاخچاقلىشىپ ۋە ئوينىشىپ تۈرلۈك پاراڭلارنى سېلىشقان ئىدۇق، دەپ جاۋاب بېرىشتى. جەد ئىبنى قەستەك بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قوشۇندىن قېلىپ قالماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرە ئېيتماقچى بولدى. ئۇلار كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، بىزگە قېلىشقا رۇخسەت بەرگىن، چۈنكى بىز رۇملۇقلارنىڭ ئاياللىرىنى كۆرسەك گۇنا قىلىپ قويىمىز، دېدى. ئەرابلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرمۇ ئاجىزلىقلىرىنى ياكى خىراجەتتىن قىسىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ، چىقماسلىققا رۇخسەت سورىغان ئىدى، ئۇلارغا رۇخسەت بېرىلدى. شۇنىڭدەك رۇخسەت سورىغان نۇرغۇن مۇناپىقلارغىمۇ رۇخسەت بېرىلدى. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق رۇخسەت بەرگەنلىكىگە كايىپ، قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”الله سېنى كەچۈردى. سۆزى راستلار بىلەن سۆزى يالغانلار ساڭا ئېنىق بولمىغىچە، نېمىشقا رۇخسەت بەردىڭ؟“

(سۈرە تەۋبە، 43 ـ ئايەت) ئاندىن مەزكۇر مۇناپىقلار ھەققىدە الله مۇنداق دېدى: "سەندىن پەقەت اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە دىللىرىدا گۇمان بارلارلا رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا ئارىسالدا بولۇپ تۇرىدۇ." (سۈرە تەۋبە، 46 ـ ئايەت) ئاندىن الله مۇناپىقلارنىڭ ئۆزرىسىنىڭ يالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: "ئەگەر ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقىش نىيىتى بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن الله ئۇلارنىڭ بۇ سەپەردە بولۇشىنى ياقتۇرماي، ئۇلارنى توستى، ئۇلارغا ئاجىزلار بىلەن بىللە قېلىڭلار، دېيىلدى." (سۈرە تەۋبە، 46 ـ ئايەت) ئاندىن مۇناپىقلارنىڭ قېلىپ قالغانلىقىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قايغۇرماسلىقى ئۈچۈن الله مۇنداق دېدى: "ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلاتتى، ئاراڭلارغا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ تىڭ ـ تىڭتايلىدىغانلىرى بار، الله زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ." (سۈرە تەۋبە، 47 ـ ئايەت) ئىمانىدا شەك يوق بىر گۇرۇھ مۇسۇلمانلارمۇ قالدۇرۇلدى. كەئىب ئىبنى مالىك، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە، مىرارە ئىبنى رەبى ۋە ئەبۇ خەيسەمەلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامئ ئەلىنى قالدۇرغاندا، مۇناپىقلار، ئەلى سۆرەلمە بولغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشلاپ كەتتى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، مۇناپىقلارنىڭ سۆزىدىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: ھارۇن پەيغەمبەر مۇسا پەيغەمبەرگە قانداق يېقىن بولسا، سەن ماڭا شۇنداق يېقىن بولغانلىقىڭدىن مەمنۇن بولمامسەن؟ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن بىلەن ئاتلاندى. قوشۇننىڭ چوڭ

www.munber.org





ئەلىمنى ئەبۇ بەكرى سىددىقىقا تۇتقۇزدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غازاتتا ئەلەمنى ئەبۇ بەكرىگە تۇتقۇزۇشىدا ۋە ئائىلىسىگە قاراشقا ئەلىنى قالدۇرۇشىدا چوڭقۇر دانالىق بار ئىدىكى، بۇ كىتابخانغا چۈشىنىشلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلەملەرنى تەقسىم قىلدى، مۇھاجىرلارنىڭ ئەلىمىنى زۇبەيرگە، ئەۋسىنىڭ ئەلىمىنى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە، خەزرەجنىڭ ئەلىمىنى ھوباب ئىبنى مۇنزىرگە تۇتقۇزدى. قوشۇن سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتى ھىجىر دېگەن يەردىن ئۆتكەندە، رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنىڭ اللهنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىدىن قورقۇپ تەسىرلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا: ھالاك بولغان كاپىرلارنىڭ ماكانلىرىغا ماكانلىرىغا يىغا ـ زارە بىلەن كىرىڭلار! دېدى. ئەبباد ئىبنى بىشىر قوشۇننىڭ كۆزەتچىلىكىگە قويۇلدى. ئەبۇ بەكرى قوشۇنغا ئىماملىقتا تەيىنلەندى. قوشۇن تەبۇكقا يېتىپ باردى، بۇ چاغدا تەبۇكتا ئاۋاتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلگە: ئۆمرۈڭ بولسا، بۇ يەرلەرنىڭ باغۇ ـ بوستانلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈسەن، دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك بولدى. قوشۇن بۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرغاندا، ئەبۇ خەيسەمە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: ئەبۇ خەيسەمە ئىسسىق بىر كۈنى ئائىلىسىگە كىرگەن ئىدى. ئىككى خوتۇنى باغچىسىدا ئۇنىڭغا ئىككى ساتما تەييارلاپ قويغان ۋە سوغاق سۇ، تاماقلارنى ھازىرلاپ قويغان ئىدى. كۈن تولىمۇ ئىسسىق ئىدى. ئەبۇ خەيسەمە بۇلارغا قاراپ، بەيتۇللاھ مۇنداق ئىسسىقتا جاپا چېكىۋاتسا، مېنىڭ دەرەخ سايىسىدا گۈزەل خوتۇنلارنىڭ قۇچىقىدا سۇ ئىچىپ يېتىشىم مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئىككى خوتۇنىغا: اللهغا قەسەمكى، ھېچ بىرىڭلارنىڭ ساتمىسىغا كىرمەي،

www.munber.org

رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىمەن. ماڭا ئۇزۇق ھازىرلاپ بېرىڭلار! دېدى. ئۇلار ئۇزۇق ھازىرلاپ بەرگەندىن كېيىن، ئەبۇ خەيسەمە قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئېلىپ، تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەبۇكتا يېتىشىۋالدى.

## ئەيلە ھاكىمىنىڭ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملۇقلارنىڭ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، تەبۇكتا دۈشمەن قوشۇنىنى كۆرمىدى، بۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇردى. شۇ ئەسنادا ئەيلەنىڭ ھاكىمى يۇھەننا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەربا، ئەزرۇھ، مىنا ئاھالىسىمۇ كەلدى. يۇھەننا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي، باج ـ خىراج تۆلەشكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە ئەھدىنامە يېزىپ بەردى:

"بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. بۇ اللهدىن ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن يۇھەنناغا ۋە ئەيلە ئاھالىسىگە، مەيلى ئۇلار قۇرۇقلۇقتا ياكى دېڭىزدا بولسۇن، ئامانلىق بېرىلگەن ئەھدىنامىدۇر. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان شام خەلقى، يەمەن خەلقى، دېڭىز خەلقى اللهنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. ئۇلاردىن كىمكى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مېلى، جېنى ھىمايە قىلىنمايدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ مېلى تارتىپ ئالغۇچىلارغا ھالال ھېسابلىنىدۇ. مۇئاھىدە بويىچە ئىش قىلغانلار قەيەردە بولسا، مەيلى دېڭىزدا ياكى قۇرۇقلۇقتا بولسۇن، ئۇلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمايدۇ."

www.munber.org





رەسۇلۇللاھنىڭ ئەزرۇھ ۋە جەربا ئاھالىسىگە ئەھدىنامە يېزىپ بېرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزرۇھ ۋە جەربا ئاھالىسىگە مۇنداق ئەھدىنامە يېزىپ بەردى: "بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. بۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەزرۇ ۋە جەربا ئاھالىسىگە بەرگەن ئەھدىنامىسىدۇركى، ئۇلار اللهنىڭ ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھىمايىسىدە تېچ ياشايدۇ. ئۇلار ھەر يىلى رەجەپ ئېيىدا تولۇق يۈز دىنار خىراجەت تۆلەيدۇ. مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا الله كېپىلدۇر."

مىنا ئاھالىسى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۆتتىن بىرىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىش شەرتى ئاستىدا ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈلدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتىن ئۆتۈپ شام تەرەپلىرىگە بېرىش توغرىلىق ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئەگەر ئالغا مېڭىشقا بۇيرۇلغان بولساڭ، ماڭغىن، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئەگەر مېڭىشقا بۇيرۇلغان بولسام، مەسلىھەت سالمايتتىم، دېدى. ئۆمەر: ئى رەسۇلۇللاھ، رۇملۇقلارنىڭ سانى كۆپ، شامدا بىرەرمۇ مۇسۇلمان يوق، دۈشمەن بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزدىن قورقتى. بۇ يىل قايتىپ كەتسەك، كېيىنچە ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز ياكى الله بىرەر ياخشى ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرەر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇننى قايتىشقا بۇيرۇدى؛ قوشۇن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

www.munber.org

## زىرار مەسجىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا زىرار مەسجىدى توغرىلىق خەۋەر ئاڭلىدى. مۇناپىقلاردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر مۇسۇلمانلار جامائىتىنى پارچىلاش ئۈچۈن زىرار مەسجىدىنى قۇبا مەسجىدىگە تاقابىل سالغان ئىدى. مۇناپىقلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى سىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇلار: بىز ياخشى نىيەت بىلەن سالدۇق، دەپ اللهنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىشتى. الله گۇۋالىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بىر توپ ئادەمنى بۇ مەسجىدنى بۇزۇۋېتىشكە ئەۋەتتى؛ ئۇلار بېرىپ مەسجىدنى بۇزۇپ تاشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غازاتقا چىقماي قالغانلاردىن بىر تۈركۈم ئادەم يالغان ئۆزرىلەر ئېيتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سىرتتىغا قاراپ ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئىچكى ئەھۋالىنى اللهغا تاپشۇردى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتتى.

## تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان ئۈچ كىشى ھەققىدە ھېكايە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەئب ئىبنى مەلىك خەزرەجى، مىرارە ئىبنى رەبى ئەۋسى ۋە ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئەۋسىلەر كېلىپ



www.munber.org



خاتالىقلىرىنى ئىقرار قىلدى. كەئب رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ سوغاققىنا كۈلۈمسىرەپ: نىمىشقا قېلىپ قالدىڭ؟ دەپ سورىدى. كەئب: ئى رەسۇلۇللاھ، سەندىن باشقا ئادەمنىڭ ئالدىدا بولىدىغان بولسام، گەپدانلىقىم بىلەن بىرەر ئۆزرە ئېيتىپ ئۇنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلاتتىم، لېكىن الله بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مەن ساڭا يالغان گەپ قىلىپ رازىلىقىڭنى ئالغىنىم بىلەن، اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىم مۇمكىن. راستىمنى ئېيتسام، ماڭا خاپا بولسەن، اللهنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەنكى، غازاتقا چىقماسلىقىقا ھېچقانداق ئاساسىم يوق ئىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: راستىنى دېدىڭ، تۇر، اللهنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتكىن، دېدى. كەئبنىڭ ئىككى ھەمرىيىمۇ كەئبكە ئوخشاش راستىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغىمۇ كەئبكە قىلغان سۆزنى قىلدى. ئۇلارنى مۇسۇلمانلار بىلەن سۆزلىششتىن ۋە ئارىلىششتىن چەكلىدى. ئۇلارغا خوتۇنلىرى بىلەنمۇ ئارىلاشماسلىقنى بۇيرۇدى. ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايىلى ئۆز ئېرىنىڭ خىزمەتچىسى يوق قېرى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا رۇخسەت سورىغان ئىدى، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلدى. ئۇلار مۇشۇ ئەھۋالدا قالغانلىقتىن ئۆزلىرىگە كەڭ زېمىن تار تۇيۇلدى، يۈرەكلىرى سىقىلدى، پەقەت اللهدىن باشقا پانا يوقلۇقىنى بىلىشتى. الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، اللهنىڭ بۇ چوڭ نېمىتى بىلەن بېشارەت بەردى. توپ ـ توپ كىشىلەر ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى اللهنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى تەبرىكلىدى. كەئب مەسجىدكە كىرگەن چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ: ئى كەئب،

ساڭا ئۆتكەن ئۆمرۈڭدىكى ئەڭ خۇشال كۈن بىلەن بېشارەت بېرىمەن، دېدى. كەئىب: بۇ بېشارەت سەن تەرەپتىنمۇ، ﷲ تەرەپتىنمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ﷲ تەرەپتىن، دەپ جاۋاب بەردى. كەئىب: ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ تەۋبەمنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مېلىمنى ﷲ ۋە رەسۇلۇللاھقا سەدىقە قىلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر قىسىم مېلىڭنى ئېلىپ قالغىن، ئۆزەڭگە لازىم بولىدۇ، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسى توغرىلىق نازىل بولغان مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى: ”ﷲ غازاتتىن قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبە قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلدى. چۈنكى كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار بىلىنگەن، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى سىقىلغان، ئۇلار ﷲدىن باشقا سېغىنىدىغان ھېچكىم يوقلىغىنى بىلگەن ئىدى. تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ﷲ تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىۋاندۇر.“ (سۈرە تەۋبە، 118 ـ ئايەت)

## سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. بۇ ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى مۇنداق بولغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىگە قىلغان مۇھاسىرىسىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، سەقىف قەبىلىسىدىن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ۋە ئۇنىڭغا خەلقىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئۇلار سېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، دېگەندە، ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇلار ئۈچۈن



www.munber.org



قىزلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈك، دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ مەرتىۋىلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە قاراپ، خەلقىم ماڭا ئىتائەت قىلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە يولغا چىققان. چۈنكى ئۇ قەۋمى ئىچىدە ھەممىسى ياخشى كۆرىدىغان نوپۇزلۇق ئادەم ئىدى. ئۇرۋە تائىفقا كېلىپ مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەنلا، قەۋمى ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان. ئۇ ئۆلۈپ بىر ئايدىن كېيىن، سەقىف قەبىلىسىدىكىلەر ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىتىكى پۈتۈن ئەرەب خەلقى بىلەن ئۇرۇشۇشقا قادىر ئەمەسلىكىنى بايان قىلىشقان ۋە بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئەۋەتىش قارارىغا كېلىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئابدۇ يالىل ئىبنى ئەمرنىڭ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشقان بولسىمۇ، ئابدۇ يالىل باش تارتىپ: ماڭا بىر قانچە ئادەم قوشمىساڭلار بارمايمەن، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا چوڭلاردىن بەش ئادەمنى قوشۇپ ئەۋەتكەن. ئۇلار ئەلچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلگەن.

رەسۇلۇللاھ بۇ ئەلچىلەرنىڭ قۇرئان تىڭشىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشىنى كۆرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇلارغا بىر چېدىر تىكىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى، يۈك ـ تاقلىرىنىڭ قېشىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاسنى قالدۇردى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ قۇرئان ئۆگىنەتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئەبۇ بەكرىدىن ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قۇرئاندىن كۆپ نەرسىلەرنى يادلىۋالدى. ئوسمان بۇنى ھەمرالىرىدىن يوشۇردى. مەزكۇر ئەلچىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ،



www.munber.org

رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىگە بىرسىنى باشلىق قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاس ئىسلام دىنىغا، قۇرئان ئوقۇشقا ۋە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىشكە ھېرىس بولغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ بەردى.

تائىف ئاھالىسىگە يېزىلغان مەكتۇپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەلچىلەرگە تائىف ئاھالىسىگە قارىتىپ مەكتۇپ يېزىپ بەردى. مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە ئىدى:

"بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم. ﷲنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن مۆمىنلەرگە: ۋەج (تائىفتىكى بىر جىلغا. ـ ت) نىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش، ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش ھارامدۇر. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان كىشىنىڭ كىيىمى سالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇلىدۇ."

ئەلچىلەر ئىسلام دىنى قەۋمىمىزنىڭ قەلبىگە سىڭىۋالسۇن ۋە نادان خوتۇنلار چۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ، رەسۇلۇللاھتىن سەقىفلىكلەرنىڭ بۇتىنى بىر ئاي كېچىكتۈرۈپ چېقىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ماقۇل كۆردى. ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشلىقى: مەن سەقىفلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىمەن، شۇڭا سىلەر مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى ئۇلاردىن يوشۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قورقىتىڭلار، ئۇلارغا: مۇھەممەد بىزنى قىيىن ئىشلارغا دەۋەت قىلغان ئىدى، بىز ئورۇنلاشتىن باش تارتتۇق، ئۇ بىزدىن بۇتلارنى چېقىشنى، زىنا قىلماسلىقنى، ھاراق ئىچمەسلىكنى، جازانىخورلۇق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى دەڭلار، دېدى. ئەلچىلەر يۇرتىغا يېتىپ

www.munber.org





بارغاندىن كېيىن، سەقىف ئاھالىسىگە: بىز قۇرال بىلەن مەيدانغا چىققان كىشىلەر بويسۇنغان قۇپال ئادەمنىڭ يېنىدىن كەلدۇق، ئۇ بىزنى قىيىن ئىشلارغا دەۋەت قىلدى دەپ، يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئېيتتى. سەقىف ئاھالىسى: مۇھەممەدكە ھەرگىز ئىتائەت قىلمايمىز، دېيىشتى. ئەلچىلەر: ئۇنداق بولسا، قۇراللىرىڭلارنى تۈزەپ، قورغانلىرىڭلارنى پۇختىلاپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىڭلار، دېدى. ئۇلار شۇنداق قىلماقچى بولدى. ئەمما ئىككى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىپ قويدى. ئۇلار ئەلچىلەرگە: مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۈچىمىز يەتمەيدىكەن، سىلەر قايتىپ بېرىپ، ئۇ دەۋەت قىلغان ئىشلارنى قوبۇل قىلىڭلار، دېدى. ئەلچىلەر: شۇنىڭ بىلەن بىز كېلىشكەن ۋە مۇسۇلمان بولغان ئىدۇق، دېيىشتى. ئۇلار: نېمىشقا بۇنى بۇرۇن بىزدىن يوشۇردۇڭلار؟ دەپ سورىغاندا، ئەلچىلەر: سىلەردىن شەيتان كىبىرىسى تۈگىگىچە يوشۇرايلى دېگەن ئىدۇق، دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن سەقىف ئاھالىسى مۇسۇلمان بولدى.

## لات بۇتىنىڭ چېقىۋېتىلىشى

رەسۇلۇللاھ سەقىف ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەبۇ سۇفيان بىلەن مۇغىرە ئىبنى شۇئبە سەقەفىنى سەقىف قەبىلىسىنىڭ تائىفتىكى لات دېگەن بۇتىنى چېقىپ تاشلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ، لات بۇتىنى چېقىپ تۈپ ـ تۈز قىلىۋەتتى.

### ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەج قىلىشى

www.munber.org

ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجگە بارىدىغان كىشىلەرگە ئەبۇ بەكرىنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. ئەبۇ بەكرى مەدىنىدىن ئۈچ يۈز كىشى بىلەن ئاتلاندى. قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ بەرگەن يىگىرمە تۆگىنى، ئۆزى ئۈچۈن بەش تۆگىنى ئېلىپ ماڭدى. ئەبۇ بەكرى ئاتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھقا بارائەت سۈرىسىنىڭ باش تەرىپى نازىل بولدى. رەسۇلۇللاھ ھەججى ئەكبەر (چوڭ ھەج) كۈنىدە بۇ سۈرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن: بۇنى ماڭا ۋاكالىتەن مېنىڭ ئائىلەمگە مەنسۇپ ئادەم يەتكۈزىدۇ دەپ، ئەلىنى ئەۋەتتى. ئەلى يولدا ئەبۇ بەكرىگە يېتىشىۋالدى. ئەبۇ بەكرى ئەلىدىن رەسۇلۇللاھ ھەجگە سېنى يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئەلى : ياق، مېنى كىشىلەرگە بارات سۈرىسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى، دېدى. كىشىلەر قۇربان ھېيت كۈنى مىنادا يىغىلغان چاغدا، ئەلى ئۇلارغا بارات سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئون ئۈچ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. بۇ ئايەتلەردە ۋەدىسىدە تۇرمىغان مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى، ئۇلارغا تۆت ئاي مۆھلەت بېرىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ مۆھلەت ئىچىدە خالىغان يەرلىرىگە بارالايدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارغا قارشى چىقمىغان ۋە خىيانەت قىلمىغان مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنىڭ مۇددىتى توشقىچە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەلى مەزكۇر ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، بۇ يىلدىن باشلاپ بەيتۇللاھنى مۇشرىكلارنىڭ ۋە يالىڭاچ ئادەملەرنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئەلى بۇ سەپەردە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى.



www.munber.org



## ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ۋاپاتى

بۇ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ئۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى ئۆزى ئوقۇدى. دەپنە قىلىنغان چاغدا ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ بولدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئابدۇللانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ھەمدە خەزرەج قەبىلىسىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ مەرتىۋىسى چوڭ بولغانلىقتىن، بۇ قەبىلە قەۋمىنىڭ دىللىرىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئۆلۈمىگە قىلغان ياخشى مۇئامىلىسىنى كۆرگەن نۇرغۇن مۇناپىقلار مۇشۇ كۈندىن باشلاپ مۇناپىقلىقنى تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن الله پەيغەمبىرىنى مۇناپىقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن مەنئى قىلىپ، قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ”ئۇلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ ھەرگىز نامىزىنى چۈشۈرمە ۋە قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرما.“ (سۈرە تەۋبە، 84 ـ ئايەت)

## ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ ۋاپاتى

بۇ يىل رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئايالى ئۇممۇ كۇلسۇم ۋاپات بولدى.

ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى

## قوشۇن ئەۋەتىش

مۇشۇ يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام



www.munber.org

يەمەننىڭ نەجران دېگەن يېرىدىكى ئابدۇ مەدان ئايمىقىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئۈچ قېتىم دەۋەت قىلىشقا، باش تارتسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇدى. قوشۇن يېتىپ بېرىپ ئاتلىقلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمان بولساڭلار ئامان بولىسىلەر، دەپ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇ مەدان ئايمىقىنىڭ كىشىلىرى توپ ـ توپ بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىردى. خالىد ئۇلارغا ئىسلام دىنىدىن ۋە قۇرئاندىن تەلىم بەردى. شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ خەت يازدى. رەسۇلۇللاھ ئابدۇ مەدان قەۋمىگە ئەلچى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ: جاھىلىيەت دەۋرىدە سىلەر بىلەن ئۇرۇشقانلار ئۈستىدىن نېمە بىلەن غەلىبە قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورىدى. ئەلچىلەر: ھەممىمىز ئۇيۇم ئىدۇق، بىر ياقىدىن باش چىقىراتتۇق، كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلمايتتۇق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: راست ئېيتتىڭلار، دېدى ۋە ئۇلارغا زەيد ئىبنى ھۇسەيننى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى.

## قوشۇن ئەۋەتىش

شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مەزھىچ ئايمىقى (يامانىيىدىكى بىر قەبىلە) غا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئەلى باشچىلىقىدا قوشۇن ئويۇشتۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلىگە ئۆز قولى بىلەن سەللە يۆگەپ: ئۇلارنىڭ جايىغا بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى ”بىر اللهدىن باشقا ئىلاھ يوق“ دېيىشكە دەۋەت قىلغىن. بۇنى قوبۇل قىلسا ئۇلارنى پەرز نامازنى ئۆتەشكە بۇيرۇغىن. سەن ئارقىلىق الله بىرەر ئادەمنى ھىدايەت قىلسا، بۇ سەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ياخشى.

www.munber.org





ئۇلار ئالدى بىلەن ساڭا ئۇرۇش باشلىمىغىچە، سەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشما، دېدى. ئەلى يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان ئىدى، ئۇلار بۇنىڭدىن باش تارتىپ، مۇسۇلمانلارغا ئوق ئاتتى. ئەلى قوشۇننى سەپراس بولۇپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. دۈشمەن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەلى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا قايتا دەۋەت قىلدى. ئۇلار بۇ قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، باشلىقلىرى رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدى ۋە ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەردى. ئەلى رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چاغدا قايتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلدى.

## يەمەنگە ۋالىلارنى تەيىنلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەنگە ئۆز تەرىپىدىن ۋالىلارنى قويدى: يەمەننىڭ ئەدەن تەرەپتىكى يۇقىرى رايونىغا مۇئاز ئىبنى جەبەلنى، تۆۋەنكى رايونىغا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى ئەۋەتتى. رەسۇلۇللا ئۇلارغا مۇنداق تەۋسىيە قىلدى:دىننى ئىشارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلاركى، قىيىنلاشتۇرماڭلار. كىشىلەرگە بېشارەت بېرىڭلار، ئۇلارنى ھۈركىتىپ قويماڭلار. مۇئازغا يەنە مۇنداق دېدى: سەن ئەھلى كىتاب بولغان خەلقنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن. ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلىللا دەپ ئېيىشقا دەۋەت قىلغىن. ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا، اللهنىڭ مۇسۇلمانلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنى قوبۇل قىلسا، بايلىرىنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىپ كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنىمۇ قوبۇل قىلسا، زاكاتنى ئۇلارنىڭ ياخشى ماللىرىدىن ئالمىغىن. مەزلۇملارنىڭ بەددۇئاسىدىن

www.munber.org

ساقلانغىن، مۇنداق دۇئا بىلەن اللەنىڭ ئارىسىدا پەردە يوقتۇر. مۇئاز رەسۇلۇللا ۋاپات بولغىچە يەمەندە تۇردى. ئەبۇ مۇسا بولسا رەسۇلۇللا ۋىدالىشىش ھەجىنى قىلىۋاتقاندا مەككىگە قايتىپ كەلدى.

## ۋىدالىشىش ھەجى

ھىجرىيىنىڭ 10-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلار بىلەن خوشلىشىش ھەجىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن باشقا ھەج قىلمىغان ئىدى. ئۇ زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 25-كۈنى يەنى يەكشەنبە كۈنى ئاتلاندى، مەدىنىدە ئورنىغا ئەبۇ دۇجانە ئەنسارىينى قالدۇردى. ھەجگە رەسۇلۇللاھ بىلەن نۇرغۇن ئادەم چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى توقسان مىڭغا يېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجگە مىنگەن ئۇلىغى قوزغالغان يەردە ئېھرام باغلىدى، ئاندىن:"لەببەيكەللاھۇممە لەببەيكە لاشەرىكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلكە لاشەرىكەلەكە" (ئى اللە، مەن سىنىڭ ئېتائەتىڭدىمەن، سىنىڭ ئېتائەتىڭدىمەن. سىنىڭ شېرىكىڭ يوق، سىنىڭ ئېتائەتىڭدىمەن. پۈتۈن ھەمدۇ-سانا، مەخلۇقلارنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇش ۋە نېمەت ساڭا خاس. سېنىڭ شېرىكىڭ يوق) دەپ تەلبىيە ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئۈستۈنكى تۆپىلىكتىن يەنى كەدا تۆپىلىكىدىن مەككىگە كىردى. ئۇ بەيتۇللاھنى كۆرگەندە: ئى اللە، ئۇنى تېخىمۇ شاراپەتلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە تېخىمۇ بەلەن قىلغىن، دېگەندىن كېيىن، بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى، ھەجەر ئەسۋەدنى ئىستىلام قىلدى، ماقام ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئابى زەمزەمنى ئىچتى. ئاندىن كېيىن سافا بىلەن مەرۋە



www.munber.org



ئارىسىدا ئۇلاقلىق يەتتە قېتىم ماڭدى. ئۇ سافا تېغىغا چىققان چاغدا مۇنداق دەيتتى:" بىر اللەھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، اللە ئۇلۇغ، تەنھا، بىر اللەھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. اللە ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە (پەيغەمبىرىگە) ياردەم بەردى، تەنھا اللە مۇشرىك توپىنى مەغلۇب قىلدى". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8-كۈنى مىناغا كېلىپ شۇ يەردە قوندى.

## ۋىدالىشىش نۇتقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9-كۈنى ئەرەفاتقا چىقتى ۋە بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە شاخچىلىرى بايان قىلىنغان ئۇلۇغ نۇتقىنى سۆزلىدى. نۇتۇقنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:" ھەممە مەدھىيە اللەغا خاس، اللەنى مەدھىيىلەيمىز، اللەدىن كەچۈرۈم سورايمىز، اللەغا تەۋبە قىلىمىز. اللەغا سېغىنىپ، نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە يامان ئىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، اللە ئازدۇرغان ئادەمنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر اللەدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، اللەنىڭ شېرىكى يوق، شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. سىلەر اللەنىڭ بەندىلىرى، سىلەرنى اللەغا تەقۋادارلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، اللەغا ئىتائەت قىلىشقا ئۈندەيمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەرغىب قىلىمەن. سۆزۈمنى خەيرلىك ئىشلاردىن باشلايمەن. ئى خالايىق، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! بۇ يىلدىن كېيىن مۇشۇ جايىمدا سىلەر بىلەن ئۇچراشماسلىقىم مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. ئى خالايىق! تاكى رەببىڭلارنىڭ دەرگاھىغا بارغىنىڭلارغا قەدەر، بىر-بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا چېقىلىش خۇددى مۇشۇ ئاينىڭ، مۇشۇ



www.munber.org

www.munber.org

كۈنىنىڭ، مۇشۇ جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىقتا ئوخشاشلا ھارامدۇر، سىلەرگە شۇنى يەتكۈزىمەنكى، ئى الله، گۇۋاھ بولغىن، قولىدا كىشىلەرنىڭ ئامانەتلىرى بار ئادەملەر ئامانەتنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرسۇن؛ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلىنغان جازانىخورلۇق بىكار قىلىنىدۇ، ئالدى بىلەن تاغام ئابباس ئىبنى مۇتتەلىبنىڭ جازانىخورلىقىنى بىكار قىلىشتىن باشلايمەن. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان قەرز بىكار قىلىنىدۇ، ئالدى بىلەن ئامىر ئىبنى رەبىئە ئىبنى ھارىسنىڭ قان قەرزىنى بىكار قىلىشتىن باشلايمەن. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئادەتلەردىن كەئبىنى، ئاب زەمزەمنى باشقۇرۇشتىن باشقىلىرى بىكار قىلىنىدۇ. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر كىشىنى تاياق بىلەن ياكى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، قىسمەن قەستەنلىك ھېسابلىنىپ، قىساسقا يۈز تۆگە تۆلىتىۋېلىنىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپ قىلغان كىشى جاھىلىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىشى. ئى خالايىق! شەيتان سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا خۇدا بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. لېكىن ئۇ سىلەر كىچىك سانايدىغان ئىشلاردا سىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. ئى خالايىق! نەسى دېگەننى قوللىنىش كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، كاپىرلارنى ئازدۇرىدۇ، الله ھارام قىلغان ئاينى ئۆزلىرىچە ھالال قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، يەنە بىر يىلى ھارام قىلىشىدۇ، الله ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ۋاقىتتىن تارتىپ، زامان ئۆز پېتىچە دەۋر قىلىپ كەلدى. قۇرئاندا اللهنىڭ ھۆكمىدە ئاسمان-زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ، ئايلارنىڭ سانى ئون ئىككى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغان، بۇ ئايلارنىڭ ئۈچى ــ زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم بىر- بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. جۇمادىيەل ئاخىر ئىبىي بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەجەپ





www.munber.org

ئېيى بولسا يالغۇز كېلىدۇ. سىلەرگە تەبلىغ قىلدىمۇ؟( اللهنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزدىمۇ) ئى الله، گۇۋاھ بولغىن. ئى خالايىق! زېمىنىڭلاردا ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەققى بار، ئاياللىرىڭلارنىڭ زېمىنىسىدىمۇ ئۇلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بار. سىلەرنىڭ ھەققىڭلار شۇكى، ئاياللىرىڭلار تۆشەكلىرىگە سىلەردىن غەيرى ئادەملەرنى يولاتماسلىقى، سىلەر خوپ كۆرمەيدىغان ئادەملەرنى سىلەردىن رۇخسەتسىز ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكى ۋە پاھىشە قىلماسلىق لازىم. ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلسا، الله سىلەرنىڭ ئۇلارنى چەك تۇتۇشۇڭلارغا، ئۇلارنى ئۆيدىن چىقارماسلىقىڭلارغا، ئۇلار بىلەن بىر تۆشەكتە ياتماسلىقىڭلارغا، ئۇلارنى ئاستىراق ئۇرۇشۇڭلارغا رۇخسەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چەكلىنىپ سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى چىرايلىقچە ئاش- نان، كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەڭلار. سىلەرنىڭ ئەمرىڭلاردىكى ئاياللار ئۆزلىرىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنى اللهنىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار، ئۇلارنى نىكاھ ئارقىلىق ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. ئاياللار توغرىسىدا اللهدىن قورقۇڭلار، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدىكى ۋەسىيەتلەرنى قوبۇل قىلىڭلار. سىلەرگە تەبلىغ قىلدىمۇ؟ ئى الله، گۇۋاھ بولغىن. ئى خالايىق! مۆمىنلەر بىر - بىرىگە قېرىنداش، قېرىنداشنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمىگەن مېلى ھېچكىمگە ھالال ئەمەس. سىلەرگە تەبلىغ قىلدىمۇ؟ ئى الله، گۇۋاھ بولغىن.مەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ بىر-بىرىڭلارنى قىرىدىغان كاپىر بولماڭلار! سىلەرگە مەن اللهنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى قويۇپ كەتتىم. قۇرئاننى مەھكەم تۇتساڭلار، ئازمايسىلەر. تەبلىغ قىلدىمۇ؟ ئى الله، گۇۋاھ بولغىن. ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەم ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. كىم

ئەگەر مۇتتەقى (اللهنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن چەكلەنگەن ئادەم) بولسا، شۇ ئادەم اللهنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر. ئەرەب بولغان ئادەم، بىلەن غەيرى ئەرەب بولغان ئادەمنىڭ قايسىسى تەقۋادار بولسا، شۇ ئەۋزەل. تەبلىغ قىلدىممۇ؟ ئى الله، گۇۋا بولغىن. سۆزۈمنى بۇيەرگە ھازىر بولغانلار ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن. ئى خالايىق! الله ھەربىر ۋارىسقا مىراس نىسىۋىسىنى بەلگىلىدى. مىراسنى بىرلا ۋارىسقا ۋەسىيەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس؛ مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ۋەسىيەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس . بالا ئەرنىڭ بولىدۇ، زىنا قىلغۇچىنىڭ بولمايدۇ. كىمكى ئاتىسىدىن باشقا بىرسىنى ئاتا دەپ، خوجىسىدىن باشقا بىرىنى خوجا دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ اللهنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ھەممە كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ بەرگەن نەرسىسى ۋە گۇۋالىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. سىلەرگە ئامانلىق ۋە اللهنىڭ رەھمىتى بولسۇن.“مۇشۇ كۈنى الله مۆمىنلەرگە بەرگەن نېمىتىنى قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزى بىلەن بايان قىلدى: ”بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالەتكە يەتكۈزدۈم، سىلەرگە بەرگەن نېماتنى تاماملىدىم ۋە دىنىڭلارغا ئىسلامنى تاللىدىم.“(سۈرە مائىدە، 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇشۇ كۈننى اللهنىڭ بۇ چوڭ نېمىتىگە شۈكرى ئىزھار قىلىدىغان بايرام ۋە بەختلىك كۈن قىلىۋالسا، ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، چېچىنى ئالدۇرۇش، تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆتەپ، مەككىدە ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى. مەدىنىنى كۆرگەندە ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ: ”تەنھا بىر اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، اللهنىڭ شېرىكى يوق، الله پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. جىمى



www.munber.org



مەدھىيە اللهغا خاس، الله ھەممە نەرسىگە قادىر، بىز رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، سەجدە قىلغۇچىلارمىز، ھەمدۇ ئېيتقۇچىلارمىز. الله ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، پەيغەمبىرىگە ياردەم بەردى، مۇشرىكلار توپىنى يالغۇز ئۆزى مەغلۇب قىلدى“دىدى.

## ئەلچىلەر

شۇيىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھقا توپ-توپ بولۇپ كېلىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ئىدى. بۇ ئەلچىلەرنىڭ خەۋەرلىرىدە تەربىيە كۆرگەن ئادەمنىڭ چۈشىنىۋېلىشىغا تېگىشلىك گۈزەل تەلىماتلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشەنچىگىزنى كۈچەيتىدىغان ۋە كۆز نۇرىڭىزى روشەنلەشتۈرىدىغانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## نەجران ئەلچىلىرى

نەجران خىرىستىئانلىرىنىڭ ئەلچىلەر ھەيئىتى ئاتمىش ئادەمدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن چاغدا ئۇچىلىرىدا ناھايىتى قىممەتلىك يىپەك كىيىملەر، قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈكلەر بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە ئۈچۈن رەسىملىك گىلەملەرنى ۋە يۇڭ كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەسىملىك گىلەملەرنى قوبۇل قىلماي، يۇڭ كىيىملەرنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىش ۋاقتى بولغاندا مەسجىدتە بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ئىبادەت



www.munber.org

قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىۋىدى، ئۇلار: بىز سىلەردىن بۇرۇن دىنغا ئىشەنگەن دېيىشىپ، مۇسۇلمان بولۇشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭلارغا، بىرىنچىدىن، سەلىبگە (كىرىست بەلگىسىگە) چوقۇنۇشۇڭلار، ئىككىنچىدىن، توڭگۇز گۆشى يېيىشىڭلار، ئۈچىنچىدىن، اللهنىڭ بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلىشىڭلار توسالغۇ بولىدۇ، دېدى. ئۇلار: كىم ئىيساغا ئوخشاش ئاتىسىز يارىتىلغان؟ دېدى. بۇ توغرىدا الله قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: "اللهنىڭ قارىشىچە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشايدۇ. الله ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا بول دېۋىدى، ئۇ بولدى." (سۈرە ئال ئىمران، 59- ئايەت) الله خرىستىئانلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىدىن شەكلىنىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ، " سەن ئىيسا توغرىلىق ھەققى مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىمكى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، اللهنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن دەپ اللهغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى، دېگىن. " (سۈرە ئال ئىمران، 61- ئايەت) رەسۇلۇللا ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلار بۇنىڭدىن باش تارتىپ، ھەر يىلى سەپەر ئېيىدا مىڭ قۇر كىيىم، رەجەپ ئېيىدا مىڭ قۇر كىيىمگە بىر ئۇقىيىيە ئالتۇن قوشۇپ خىراجەت تۆلەشكە رازى بولۇشتى ۋە مەزكۇر خىراجنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئىشەنچىلىك بىر ئادەمنى قوشۇپ ئەۋەتىشنى ئېيتىشتى. رەسۇلۇللا ئۇلارغا ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىسلام

www.munber.org





ئۈممىتىنىڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى دەپ ئاتالدى.

## زىمام ئىبنى سەئلەبىنىڭ كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇراتتى . سەھرا ئەرەبچىلىرىدىن چېچى چۇۋۇق، ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئەمما نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىر ئادەم كىرىپ كېلىپ، تۆگىسىنى مەسجىدكە ئەكىرىپ چۆكتۈردى. ئاندىن ئۇ: قايسىڭلار ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى؟ دەپ سورىدى.ساھابىلەر رەسۇلۇللانى كۆرسىتىپ قويىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا: مەن سەندىن قوپاللىق بىلەن سوئال سورايمەن، خاپا بولمىغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خالىغان نەرسىلىرىڭنى سوراۋەرگىن، دېدى. ئۇ: اللهغا قەسەم بىرىش بىلەن سورايمەنكى، الله سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: شۇنداق، دېدى. ئۇ: الله سېنى بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشىمىزغا بۇيرۇدىمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ئەلۋەتتە شۇنداق، دېدى. ئۇ: بايلىرىمىزنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بېرىشكە بۇيرۇدىمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: شۇنداق، دېدى. ئۇ: ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشىمىزغا بۇيرۇدىمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ:ئەلۋەتتە شۇنداق، دېدى. ئۇ: قادىر بولغانلىرىمىزنى ئۆمرىمىزدە بىر قېتىم بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇدىمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: ئەلۋەتتە شۇنداق، دېدى. ئۇ: مەنكى زىمام ئىبنى سەئلەبە مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتىم ۋە تەستىق قىلدىم، دېدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئادەم دىننى ئىشلارغا ئالىم بولدى، دېدى. زىمام قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ، قەۋمىنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، ئىسلام

www.munber.org

دىنىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى.

## ئەبدۇلقەيىس ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ: بۇ يەرگە شەرق ئەھلىنىڭ ياخشىسى بولغان بىر جامائە يولنىڭ يىراقلىقىغا ۋە ئۇزۇق- تۈلۈكنىڭ يېتىشمەسلىكىگە قارىماي، ئىختىيارىي يوسۇندا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.ئى الله! ئەبدۇلقەيىس ئايمىقىغا مەغپىرەت قىلغىن، دېدى. ئەبدۇلقەيىس ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنى ئۇلاقلىرىنىڭ ئۈستىدىن مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە ئېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىشكە ئالدىراشتى. ئەلچىلەر ئىچىدە ئابدۇللا ئىبنى ئەۋف ئەشەج ئىسىملىك بىرسى بولۇپ، ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئۇ تۈگىلەرنىڭ يېنىدا قېلىپ، تۈگىلەرنى چۆكتۈرۈپ يۈك- تاقلىرىنى يىغىشتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككى ئاق كىيىمنى چىقىرىپ كىيىپ، ئاستا بېرىپ رەسۇلۇللاھقا سالام بەردى. ئابدۇللا كۈرۈمسىز ئادەم ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈزىنىڭ چىرايىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ئى رەسۇلۇللاھ، كىشىنىڭ چىرايىغا سۇ قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئادەم دېگەن دىلى ۋە تىلى بىلەن ئادەم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەندە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدىغان مۇلايىملىق ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت بار ئىكەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەلچىلەر ھەيئىتىگە: خورلۇققا قالماي ۋە نادامەتمۇ چەكمەي كەلگەن قەۋمنى قارشى ئالىمىز، دېدى. ئەلچىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ساڭا يىراق جايدىن





كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ يۇرتىمىز بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدا مۇزەر كاپىرلىرىنىڭ قەبىلىسى بار، سىنىڭ يېنىڭغا پەقەت قان تۆكۈش ھارام قىلىنغان ئايلاردىلا كېلەلەيمىز، بىزگە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئوچۇق بايان قىلغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:سىلەرنى اللهغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيمەن، بۇنى بىلەمسىلەر؟ اللهغا ئىمان ئېيتىش دېگەن ”لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دەپ گۇۋالىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش غەنىمەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت. سىلەرنىڭ قاپاق، ھەنتەم(مەخسۇس ماي بىلەن مايلانغان قاچا) ، نەقىر (خورما ياغىچىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان سوغا) لەردە شاراپ ئىچىشىڭلارنى مەنئى قىلىمەن، دېدى. ئەشەج: ئى رەسۇلۇللاھ، يۇرتىمىزنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ھاراق ئىچمىسەك، قورسىقىمىز كۆپۈپ ئاغرىپ قالىمىز، بىزگە ئازراق ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت قىلساڭ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئازغا رۇخسەت قىلسام كۆپىنىمۇ ئىچىسىلەر ئاندىن بىر- بىرىڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشىسىلەر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر قاچىلارنى مەنئى قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ تولاراق شۇ قاچىلاردا ھاراق ئىچىدىغانلىقىدىن ئىدى

## بەنى ھەنىفە ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى

بەنى ھەنىفە ئايمىقىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەززاب مۇسەيلىمەمۇ بار ئىدى. مۇسەيلىمە:مۇھەممەد ئۆزىدىن كېيىن ئورنىغا مېنى خەلىپە قىلسا ئۇنىڭغا ئەگىشەتتىم، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيس ئىبنى شەمماس بىلەن چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدا خورما شېخىنى تۇتقان ھالدا مۇسەيلىمىنىڭ



www.munber.org

ئالدىغا كېلىپ:سەن مەندىن مۇشۇ شاخنى سورىساڭمۇ بەرمەيمەن. مەن سېنى چۈشۈمدە كۆرگەندەك قىلىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدا ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك بولۇپ، ۋەھيى بويىچە ئۇلارنى پۈۋدىسە، ئۇلار ئۇچۇپ كېتىپ كۆرگەن چۈش ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ چۈشكە ئۆزىدىن كېيىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ مەيدانغا چىقىدىغان ئىككى يالغانچى بار دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى. مۇسەيلىمە شۇ ئىككى يالغانچىنىڭ بىرى ئىدى؛ يەنە بىرى بولسا سەنئانىڭ ھاكىمى تولەيھە ئەنسى ئىدى. بەنى ھەنىفە ئايمىقى ئاخىر مۇسۇلمان بولدى.

## تەي قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەي قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى؛ ئۇلارنىڭ باشلىقى زەيد خەيلى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ توغرىسىدا: ئەرەب خەلقى ئىچىدە زەيدنى ئەڭ ياخشى ئادەم ھېسابلىدىم، دېدى ۋە ئۇنىڭغا زەيد خەير (ياخشى زەيد) دەپ نام بەردى.

## كەندە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالارمنىڭ يېنىغا كەندە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى؛ ئۇلارنىڭ باشلىقى ئەشئەس ئىبنى قەيس ئىدى. ئەشئەس خەلقى ئىچىدە گېپى ئۆتىدىغان نوپۇزلۇق ئادەم ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ، رەسۇلۇللاھنى سىناش ئۈچۈن: بىز بىر نەرسىنى يۇشۇرۇپ قويدۇق. پەيغەمبەر بولساڭ، شۇنى تاپ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇبھانالللا مەن كاھىن ئەمەسمەن، كاھىنلار دەۋزەققە كىرىدۇ. ئاللا مېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، ھەرگىز



www.munber.org



ئۆزگەرمەيدىغان ۋە خاتاسى يوق قۇرئاننى نازىل قىلدى، دېدى. ئۇلار: قۇرئاننى ئاڭلىساق، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى: ”سەپ- سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان ۋە كالامۇللانى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان قوشۇنلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ھەقىقەتەن بىردۇر. ئۇ ئاسمان، زېمىننىڭ، ئۇلار ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە مەشرىقلەرنىڭ رەببىدۇر.“(سۈرە سافات، 1- ئايەتتىن 5- ئايەتكىچە) رەسۇلۇللاھ تىلاۋەتتىن توختىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلىرى ساقىلىغا ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: خۇدادىن قورقۇپ يىغلاۋاتامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، اللهدىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن. مېنى الله قىلىچنىڭ بىسىدەك نازۇك توغرا يول بىلەن ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن تېيىلسام ھالاك بولىمەن، دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ”ئەگەر بىز خالىساق، ساڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئاننى دىلىلاردىن، مۇسھەفلەردىن چوقۇم كۆتىرىۋېتەتتۇق، ئاندىن بىزگە قارشى ھامىي تاپالماس ئىدىڭ، لېكىن بىز ساڭا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنداق قىلمىدۇق. ساڭا ھەقىقەتەن اللە نىڭ پەزلى چوڭدۇر.“ (سۈرە ئىسرا، 86- 87- ئايەتلەر) ئاندىن ئۇلارغا: مۇسۇلمان بولمامسىلەر؟ دېدى. ئەلچىلەر مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: بوينۇڭلاردىكى نېمە قىلىدىغان تاۋار ئۇ؟ دېدى، ئۇلار بويۇنلىرىدىكى تاۋارنى ئېلىپ تاشلاشتى.

## ئەزدىشەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

ئەزدىشەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى سورەد ئىبنى ئابدۇللا ئەزدى ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ سورەد ئىبنى ئابدۇللانى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنى



www.munber.org

ئەتراپىدىكى مۇشرىكلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

### ھىمىيەر پادىشاھلىرى ئەلچىلىرىنىڭ كېلىشى

ھىمىيەر پادىشاھلىرى ھارىس ئىبنى ئابدۇ كۇلال، نوئمان، مۇئافىر ۋە ھەمىدانلار مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا مەكتۇپ يازدى.

### ھىمىيەر پادىشاھلىرىغا يېزىلغان مەكتۇپ

”بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەددىن ھارىس ئىبنى ئابدۇ كۇلال، نوئمان، مۇئافىر ۋە ھەمىدانلارغا:

مەن سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن بىر اللهغا ھەمدۇ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەۋەتكەن ئەلچىڭلار بىز رۇمدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا كەلگەن ئىكەن، ئۇلار بىلەن مەدىنىگە كېلىپ ئۇچراشتۇق. ئۇلار ماڭا سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى، مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى ۋە مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلارنى يەتكۈزدى. سىلەر توغرىلىقتىن بولۇپ، اللهغا، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، پەرز نامازنى ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى الله نىڭ يولىدا بەرسەڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەسسىسىنىمۇ بەرسەڭلار، مۆمىنلەرگە ۋاجىپ بولغان سەدىقىنى بەرسەڭلار، بۇ الله نىڭ سىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغانلىقىدۇر. مەن زەرئە ئىبنى سەيف زىيە زەنگە ئەلچىلىرىمنى ئەۋەتتىم. بارغان ئەلچىلىرىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇلار مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئابدۇللا ئىبنى زەيد، مالىك ئىبنى ئۇبادە، ئۇقبە ئىبنى ئەمر، مالىك ئىبنى مىراە ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىدۇر. سىلەر بەرگەن زاكاتنى ۋە غەيرىي

www.munber.org





دىندىكىلەردىن ئېلىنغان خىراجنى شۇلارغا تاپشۇرساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى مۇئاز ئىبنى جەبەلدۇر. ئۇلار سىلەردىن رازى بولۇپ قايتسۇن. مۇھەممەد شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. مالىك ئىبنى كەئىب ئىبنى مىراە سىېنىڭ ھىمىيەرلىكلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىمان ئېيتقانلىقىڭنى ۋە مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى يەتكۈزدى، ساڭا خەيرلىك بېشارەت بېرىمەن، سېنى ھىمىيەر خەلقىگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيمەن؛ ئۆز- ئارا خىيانەتتە بولماسلىقىڭلارنى، ئۆز- ئارا ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى بۇيرۇيمەن. مۇھەممەد سىلەرنىڭ باي، كەمبەغەل ھەممىڭلارنىڭ باشچىسى، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن سەدىقە ئېلىش دۇرۇس ئەمەس. سىلەرنىڭ زاكىتىڭلار كەمبەغەل مۇسۇلمانلارغا، مۇھتاج مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. مالىك ئەھۋالنى ساداقەتلىك بىلەن تولۇق يەتكۈزدى. سىلەرنى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيمەن. سىلەرگە سالام. الله سىلەرگە رەھمەت ياغدۇرسۇن ۋە بەرىكەت بەرسۇن.“

## ھەمىدانىنىڭ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمىدانىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستا شائىر مالىك ئىبنى نەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يەمەننىڭ يوللۇق ماتاسىدىن تىكىلگەن كونا تونلار ۋە باشلىرىدا ئەدەننىڭ سەللىلىرى بار ئىدى. مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

قەسەم تەڭرىگە، خەلق ئىتىپ تۆگىلەرنى باياۋانغا،
ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن سەپەر ئۈستىدە كارۋانغا.
رەسۇلۇللاھقا ئەگەشتۇق سۆزىگە بىز قىلىپ تەستىق،
ئىبەرمىشتۇر خۇدا بىزگە ئۇنى ئۆندەشكە ئىمانغا.
مۇھەممەددىنمۇ باتۇر دۈشمىنىگە يوق بەنى ئادەم،
تېپىلماس تەڭ كىلەر ئىنسان بۇ يەڭلىغ شاھى مەردانغا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مالىك ئىبنى نەمەتنى ئۇنىڭ قەۋمىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىدانلار ھەققىدە: ھەمىدان نېمىدىگەن ياخشى قەبىلە، ھەمىدانلارنىڭ ياردىمى تولىمۇ تېز بولىدى، ئۇلار جاپاغا تولىمۇ چىدامىلىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەرت ئادەملەر ۋە ئەرباپلار بار، دېدى.

## تۇجىبنىڭ ئەلچىلىرى

كەندە ئەرەبلىرىدىن تۇجىپ قەبىلىسىنىڭ ئون ئۈچ كىشىلىك ئەلچىلەر ھەيئىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇلار زاكات ماللىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن شادلاندى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلىدى. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ساڭا كەمبەغەللىرىمىزدىن ئاشقاننى ئېلىپ كەلدۇق، دېدى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مۇنداق ياخشى ئەلچىلەرنى كۆرمىگەن ئىدۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەۋھىسسالام: ھىدايەت اللهنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. الله بىرەر ئادەمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ دىلىنى ئىمان بىلەن خوش قىلىدۇ، دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق قۇرئاندىن تەلىم ئالدى، بۇنىڭ بىلەن رەسۇكللاغا



www.munber.org



بولغان مايىللىقى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇلار يۇرتىغا قايتماقچى بولدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن : نىمىشقا ئالدىرايسىلەر؟ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇلار: يۇرتىمىزدا قالغانلارغا رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچراشقانلىقىمىزنى ۋە ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىراۋاتىمىز، دېدى. ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ بىلەن خوشلاشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارنى بەردى ۋە ئۇلاردىن: سىلەردىن بىرەر ئادەم قېلىپ قالدىمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار ئارىمىزدا يېشى كىچىك بىر بالا يۈك- تاقلىرىمىزغا قاراشقا قالدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ بالىنى ئەۋەتىڭلار، دېدى. بالا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ساڭا كەلگەن ئەلچىلەردىن بولىمەن. ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدىڭ، مىنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: نىمە ھاجىتىڭ بار؟ دەپ سورىدى. بالا: ئاللادىن مەغپىرەت قىلىشنى، شەپقەت قىلىشنى ۋە دىلىمنى باي قىلىشنى سورىساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى الله، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، شەپقەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى باي قىلغىن، دېدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىگە نىمىنى بۇيرۇغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇنى بۇيرۇدى.

## سەئلەبە ئەرەبلىرىنىڭ ئەلچىلىرى

سەئلەبە ئەرەبلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ تۆت ئەلچى كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا سالام بىرىپ كىرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ، خەلقىمىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ساڭا بىلدۈرۈشكە ئەلچى بولۇپ كەلدۇق. ئاڭلىشىمىزچە، ھىجرەت قىلمىغانلار مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ دېگەن ئىكەنسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەيەردە بولساڭلارمۇ تەقۋا مۇسۇلمان بولساڭلار



www.munber.org

بولىۋېرىدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇلاردىن: يۇرتۇڭلار قانداق؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: يۇرتىمىز مولچىلىق، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: خۇداغا شۈكرى، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بىر قانچە كۈن مېھمان بولۇپ تۇردى. قايتىش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەربىرسىگە بەش ئۇقىييەدىن كۈمۈش بەردى.

## بەنى سەئد ئىبنى ھۇزەيىم ئەرەبلىرىنىڭ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قۇزائە قەبىلىسىدىن بەنى سەئد ئىبنى ھۇزەيىم ئەرەبلىرىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئەلچىلەر ئىچىدىكى نۇئمان دېگەن ئادەم مۇنداق دېدى: بىز رەسۇلۇللاھقا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاقىت يۇرتلار ۋە ئەرەبلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ بولغان ۋاقىت ئىدى. بويسۇنغانلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئىختىيارى بويسۇنغانلار، يەنە بىر قىسمى قىلىچتىن قورقۇپ بويسۇنغانلار ئىدى. بىز كېلىپ مەدىنىنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشتۇق، ئاندىن مەسجىدكە قاراپ ماڭدۇق. مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە بارساق، رەسۇلۇللاھ مەسجىدتە بىر جىنازىغا ناماز ئوقۇۋاتىدىكەن، بىز كىشىلەر بىلەن بىللە جىنازا نامىزىنى ئوقۇماستىن، رەسۇلۇللاھ ئوقۇپ بولغاندا بەيئەت قىلىمىز دەپ، بىر تەرەپتە كۈتۈپ تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ نامازدىن پارىغ بولۇپ بىزنى چاقىرىپ، كىملىكىمىزنى سورىدى. بىز بەنى سەئد ئىبنى ھۇزەيىن ئەرەبلىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ: مۇسۇلمانمۇ سىلەر؟ دەپ سورىدى. بىز: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردۇق. رەسۇلۇللاھ: بايىقى قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ جىنازا نامىزىنى نېمىشقا ئوقۇمىدىڭلار؟ دېدى. بىز: مۇسۇلمانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ساڭا بەيئەت قىلىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇساق دۇرۇس بولمامدىكىن، دەپتۇق، دېدۇق.

www.munber.org





رەسۇلۇللاھ: ئىسلام دىنىنى قايەردە قوبۇل قىلساڭلارمۇ ھامان مۇسۇلمان ھېسابلىنىۋېرىسىلەر، دېدى. مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ، رەسۇلۇللاھقا قول بېرىپ بەيئەت قىلدۇق، ئاندىن يۈك ـ تاقلىرىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتۇق. ئارىمىزنى يېشى كىچىك بىرسىنى يۈك ـ تاقلىرىمىزغا قاراشقا قويۇپ كەتكەن ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ئۇنى چاقىرتىپتۇ، بىز ئۇنى باشلاپ باردۇق. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئالدىمىزغا ئۆتۈپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ رەسۇلۇللاھقا قول بەردى. بىز: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ بىزنىڭ كىچىكىمىز ۋە خىزمەتچىمىز بولىدۇ، دىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قەۋمنىڭ خىزمەتچىسى قەۋمنىڭ خوجىسى ھېسابلىنىدۇ. ﷲ ئۇنى بەرىكەتلىك قىلسۇن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى سەۋەبىدىن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ۋە قۇرئاننى ئەڭ ئوبدان ئوقۇيدىغان كىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەر مۇكاپات ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

## فۇزارە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

بەنى فۇزارە قەبىلىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئۇلاردىن ئەلچىلەر كەلدى. بۇ قەبىلە قەھەتچىلىكتە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلچىلەردىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئۇلارنىڭ بىرى قوپۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ، يۇرتىمىزدا قەھەتچىلىك بولۇپ، چارۋىلىرىمىز ھالاك بولدى، بالا ـ چاقىلىرىمىز ئاچ قالدى. رەببىڭگە دۇئا قىلساڭ، يامغۇر بەرسە. رەببىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلساڭ، رەببىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﷲ پاكتۇر. قارا سېنى! مەن رەببىمنىڭ

www.munber.org

ئالدىدا شاپائەت قىلالامدىمەن؟ رەببىمىز ئالدىدا كىممۇ شاپائەت قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ، ئالى ئۇلۇغ زات، ئۇنىڭ ئەرشى ئاسمان ـ زېمىندىنمۇ چوڭ؛ اللهنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئەزىمەتىدىن ئاسمان ـ زېمىن تۆگىنىڭ يېڭى چومىدەك غىچىرلايدۇ (يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن) ، دېدى. ئاندىن مۇنبەرگە چىقىپ الله تائالاغا دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله چوڭ رەھمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا مول ياغدۇرۇپ بەردى.

## بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە زىرار ئىبنى ئەزۋەر ۋە كېيىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان تولەيھە ئىبنى ئابدۇللالار بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز بۇ قەھەتچىلىك يىلىدا قاراڭغۇ كېچىلەردە يول يۈرۈپ كەلدۇق، بىزگە كىشى ئەۋەتمىدىڭ، دېدى. الله بۇ توغرىدا قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: "ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقى بىلەن ساڭا مىننەت قىلىدۇ. سەن ئۇلارغا: سىلەر مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى ماڭا مىننەت قىلماڭلار، بولمىسا، الله سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن سىلەرگە مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، دېگىن." (سۈرە ھۇجۇرات، 17 ـ ئايەت) بۇلار رەسۇلۇللاھتىن جاھىلىيەت زامانىدا ئۆزلىرىنىڭ قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ پال بېقىش، كاھىنلىق قىلىش، شېغىل تاشلار بىلەن پال سېلىش ئىشلىرىنىڭ ھۆكۈمىنى سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەنئى قىلدى. ئاندىن ئۇلار پال بېقىش ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنى بىر پەيغەمبەر بىلەتتى، ئۇنى شۇ

www.munber.org





پەيغەمبەرنىڭ ئىلمىدەك ئىلمى بار ئادەملەر بىلىدۇ، باشقىلىرى بىلمەيدۇ، دېدى. ئۇلار بىر قانچە كۈن تۇرۇپ دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن مۇكاپات ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا قايتىشتى.

## بەنى ئۇزرە ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بەنى ئۇزرە، بەنى ئەلى، بەنى مۇررە ۋە يەمەندىكى خەۋلان قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا، ھەقەمسايىلەرگە ياخشى خوشنىدارچىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. ۋە زۇلۇم قىلغان كىشىنىڭ زۇلمى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ زۇلمەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، زۇلۇم قىلماسلىققا بۇيرۇدى.

## بەنى مۇھارىب ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بەنى مۇھارىب ئەلچىلىرى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇكازدا قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغدا ئۇلار قاتتىق رەت قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى ئۇلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بويسۇنغان ھالدا كەلتۈرگەن اللهنىڭ مەرھەمىتى نېمە دېگەن چوڭ ـ ھە!

## غەسسان ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا غەسسان، سەلامان، بەنى

www.munber.org

ئەبس، نەخە ئەرەبلىرىنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئەلچىلەرنى الله ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەن تەبىئى خۇشخۇيلۇق ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلارغا ئۇلار رازى بولغىدەك مۇكاپاتلارنى بەردى. قايتىپ بېرىپ خەلقلىرىگە ئۆگەتسۇن دەپ، ئۇلارغا ئىماندىن ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بەردى. بۇ ئەلچىلەر قىر ئەرەبلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا چوڭ ۋاستە ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ۋاپات بولۇشى

مۇشۇ يىلى (10 ـ يىلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولدى. مەرھۇم ئاسترونوم مەھمۇد پاشانىڭ ئېنىقلىشىچە، ئىبراھىم ھىجرىيىنىڭ 10 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى (مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) ۋاپات بولغان.

ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى

## قوشۇن ئەۋەتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بىر بۆلۈم قوشۇن ئويۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ باشچىلىقىدا رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇبنا دېگەن يەرگە ئەۋەتتى. ئىلگىرى ئۇسامەنىڭ ئاتىسى زەيد مۇشۇ يەردە شېھىت بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەگە: سەن ئاتاڭ شېھىت قىلىنغان جايغا



www.munber.org



ئاتلىنىپ بېرىپ دۈشمەننى تارمار قىلغىن! سېنى بۇ قوشۇنغا سەردار قىلىپ تەيىنلىدىم. ئۇبنا ئاھالىسىگە سەھەردە ھۇجۇم قىل، ئۇلارنىڭ ماكانلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلا! دۈشمەن خەۋەردار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تېز ماڭ. الله ساڭا غەلىبە قىلسا، دۈشمەن يېرىدە كۆپ تۇرما، يول باشلىغۇچىلارنى ھەمرا قىلغىن، چارلىغۇچىلارنى، چاپاۋۇللارنى ئالدىدا ماڭغۇز، دېدى. بۇ قوشۇندا ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە سەئىدگە ئوخشاش مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ چوڭلىرىمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەمنى ئۇسامەگە تۇتقۇزۇپ: بىسمىللا دەپ، اللهنىڭ يولىدا غازات قىلغىن، اللهنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئۇرۇشقىن، دېدى. مۇھاجىرلارنىڭ چوڭلىرى بار بىر قوشۇنغا ئون يەتتە ياشلىق ئۇسامەدەك بىر يىگىتنى سەردار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىگە بىر قىسىم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەيىپلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولۇپ چىقىپ مۇنداق دېدى: ئى جامائەت، مېنىڭ ئۇسامەنى سەردار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىمگە بەزىلىرىڭلارنىڭ نارازى بولغانلىقى مەلۇم. ئۇسامە توغرىلىق ماڭا تەنە قىپسىلەر، ئۇنىڭ ئاتىسىنى سەردار قىلىپ تەيىنلىگەن ۋاقتىمدىمۇ ماڭا تەنە قىلغان ئىدىڭلار. اللهغا قەسەمكى، ئۇسامەنىڭ ئاتىسىنىڭ سەردارلىققا لايىق بولغىنىدەك، ئۇسامەمۇ سەردارلىققا لايىق . ئۇسامە بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر، ئۇلارنى ئەڭ ياخشى دەپ ئويلايمەن. ئۇسامەگە ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىكى ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ياخشى ئادەملەرنىڭ بىرى، دېدى. بۇ قوشۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئاتلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ كېسەل بولۇشى بىلەنلا الله ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئىختىيار قىلدى. خۇدا خالىسا، بۇ



www.munber.org

قوشۇننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاتلانغانلىقىنى «سىيرەتۇلخۇلەفا» («خەلىپىلەرنىڭ تەرجىمھالى») ناملىق كىتاۋىمىزدا بايان قىلىمىز.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت اللە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق اللە ئۇنىڭ ئۈممىتىنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، اللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دەرگاھىدا بولۇشقا ئىختىيار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم مۇنبەردە تۇرۇپ: اللە بىر بەندىسىگە بۇ دۇنيادا قېلىش ياكى ئۇ دۇنياغا كېتىشنىڭ بىرىنى خالاش ئىختىيارىنى بەردى، ئۇ بەندە ئۇ دۇنياغا كېتىشنى ئىختىيار قىلدى، دېدى. ئەبۇ بەكرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىپ: ئى رەسۇلۇللاھ ئاتا ـ ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ئەبۇبەكرىنىڭ سۆھبىتىگە ئوخشاش ھېچ سۆھبەت كۆرمىدىم، مەن ئۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن. ئەگەر مەن دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەبۇبەكرىنى دوست تۇتاتتىم. لېكىن ئىسلام قېرىنداشلىقى كۆپايە قىلىدۇ. مەسجىدكە ئېچىلغان ئىشىكلەر *[بەزى ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرى مەسجىدكە تۇتىشىپ كەتكەچكە، ئۇلار ئۇدۇل مەسجىدكە چىقىدىغان ئىشىك ئېچىۋېلىشقان ئىدى]* دىن ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى تاقىۋېتىلسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ باشلىرىدا مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە باشلىنىپ، ئون ئۈچ كۈن سوزۇلدى. بۇ جەرياندا رەسۇلۇللاھ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يۆتكىلىپ تۇردى ۋە كېسىلى

www.munber.org





ئېغىرلاشقاندا، ئائىشە سىددىقىنىڭ ئۆيىدە بولۇشقا ئاياللىرىدىن رۇخسەت سورىدى، ئائىشەنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلگەندە ئاغرىق كۈچەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۈستۈمگە ئاغزى ئېچىلمىغان يەتتە تۇلۇمدىن سۇ قۇيۇڭلار، كىشىلەرگە ۋەسىيەت قىلاي، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشتەكتە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، بەدىنىگە بولدى دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلغانغا قەدەر سۇ قۇيۇلدى؛ كېيىمنىڭ ئۈستىدىن تۇتسا قولغا بىلىنىپ تۇرىدىغان قىزىتمىنى پەسەيتىش ئۈچۈن سۇ قويۇلغان ئىدى.

## ئەبۇبەكرىنىڭ نامازدا ئىمام بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامازغا چىقىش قىيىن بولغاچقا، ئۇ ئەبۇبەكرىنى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇبەكرىنى ئۆزىنىڭ خەلىپىسى (ئورۇنباسارى) قىلىشنى ماقۇل كۆرگەنلىكى ئىدى. ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغرىغى كۈچەيگەنلىكىنى بىلىپ، مەسجىدنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈشتى. ئاbbas پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئەنسارىلارنىڭ ئەندىشىسىنى بىلدۈردى. ئەلى بىلەن فەزلى رەسۇلۇللاھنى قولتۇقلاپ ماڭدى. ئاbbas ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى تېڭىلغان ئىدى. ئۇ مېڭىپ بېرىپ مۇنبەرنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا ئولتۇردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. ئۇ اللەغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: "ئى خالايىق! سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ۋاپات بولۇشىدىن قورقۇۋاتىسىلەر. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر مەڭگۈ ياشىغان ئەمەس، مەنمۇ مەڭگۈ ياشىمايمەن. مەن

www.munber.org

رەببىمنىڭ دەرگاھىغا بارىمەن، سىلەرمۇ كەينىمدىن بارىسىلەر. مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ دەسلەپكى مۇھاجىرلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. مۇھاجىرلارنىڭمۇ ئۆز ئارا بىر بىرىگە ياخشى مۇئامىلە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. اللە قۇرئاندىكى ۋەلئەسىر سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: 'زامان بىلەن قەسەمكى، پۈتكۈل ئىنسانلار زىيان ئىچىدىدۇر، پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر بىرىگە سەۋرىلىك بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.' ھەممە ئىش اللەنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ. ھېچ ئىشقا ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، اللە ئىنسانلاردەك ئالدىراڭغۇ ئەمەس. اللەغا ئۈرۈش ئاچقان ئادەم مەغلۇب بولىدۇ، اللەنى ئالدىماقچى بولغان ئادەم ئۆزى ئالدىنىپ قالىدۇ. 'ئەگەر سىلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزسەڭلار، زېمىندا يامان ئىش قىلامسىلەر ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويامسىلەر؟' (سۈرە مۇھەممەد، 32 ـ ئايەت) سىلەر مۇھاجىر، ئەنسارىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار، چۈنكى ئەنسارىلار سىلەر مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىشتىڭلاردىن بۇرۇن مەدىنىگە ماكانلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە سەمىمىلىك بىلەن ئىمان ئېيتقان. ئەنسارىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئەنسارىلار سىلەرنى مەھسۇلاتلىرىغا شېرىك قىلدى، ئۆيلىرىگە قوبۇل قىلدى، ئۆزلىرى مۇھتاج تۇرۇقلۇق، ئۆز نەپسىلىرىدىن كېچىپ، سىلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى بەردى. مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى ئەنسارىلارغا ۋالى بولىدىغان بولسا، ئەنسارىلارنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرسۇن، ئۇلاردىن ئۈستۈن بولۇۋالمىسۇن. مەن سىلەردىن بۇرۇن كېتىمەن، سىلەرمۇ مېنىڭ ئارقامدىن بارىسىلەر، سىلەر بىلەن جەننەتتە كۆرۈشىمىز. كىمكى ئاخىرەتتە جەننەتكە

www.munber.org





كىرىشنى خالايدىكەن، ئۇ تىلىنى ۋە قولىنى يامانلىقتىن تارتسۇن. رەببۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى (دۈشەنبە كۈنى) ئەبۇبەكرى مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھوجرىسىدىكى پەردىنى ئېچىپ، ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نامازغا چىقتى دەپ ئويلاپ، ئارقىسىدىكى سەپكە چېكىندى. مۇسۇلمانلار نامازدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن پاتپاراق بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن ئۇلارغا نامىزنى ئۆتەۋېرىشكە ئىشارەت قىلدى، ئاندىن ھوجرىسىغا كىرىپ پەردىنى يېپىۋەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى

شۇ كۈنى تېخى چۈش بولماي تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، اللەنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى. بۇ ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىلى رەببۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنى دۈشەنبە ئىدى. (مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ) . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى قەمەرىيە يىلى ھېساۋىدا تولۇق 63 ياش 3 كۈن، شەمسىيە يىلى ھېساۋىدا 61 ياش 84 كۈن ئىدى.

بۇ چاغدا ئەبۇبەكرى يوق ئىدى. ئۇ بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتىنىڭ جايلىرى بولغان سۇنھى دېگەن مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق خوتۇنى، خارىجە ئىبنى زەيدىنىڭ قىزى ھەبىبەنى يوقلاشقا كەتكەن ئىدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلدى دېگەنلەرگە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ تەھدىت سېلىپ: مۇسا پەيغەمبەر اللەنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ،

www.munber.org

خەلقتىن 40 كۈن ئايرىلىپ تۇرغاندەك، رەسۇلۇللاھنىڭ اللهنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. ئەزبىرايى خۇدا، چۈقۇم ئۈمىد قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قايتىپ كېلىپ، شۇنداق سۆز ـ چۆچەكلەرنى تارقاتقانلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ، دېدى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ كېلىپ، ئائىشەنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۈزىنى ئېچىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سۆيدى ۋە يىغلىدى ھەمدە: الله بىلەن قەسەمكى، ساڭا اللهنىڭ رەھمىتى بولسۇن. ئى رەسۇلۇللاھ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەن ھايات ۋاقتىڭدىمۇ، ئۆلگەندىمۇ ئىمىدىگەن خۇشبۇي. الله ساڭا ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈم بەرمىسۇن، دېدى. ئاندىن تاشقىرى چىقىپ اللهغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن: كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىمەن دەيدىكەن، مۇھەممەد ئۆلدى، كىمكى اللهغا ئىبادەت قىلىمەن دەيدىكەن، الله تىرىكتۇر، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ دەپ، اللهنىڭ قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزلىرىنى ئوقۇدى: ”سەنمۇ (رەسۇلۇللاھنى دىمەكچى. ـ ت) چۇقۇم ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ.“ (سۈرە زۇمەر، 30 ـ ئايەت) ”مۇھەممەد بولسا بىر پەيغەمبەر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ پەيغەمبەرلەر كېلىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ ئارقىغا يېنىۋالغانلارنىڭ اللهغا ھېچ زىيىنى يوق. شۈكرى قىلغۇچىلارنى الله مۇكاپاتلايدۇ.“ (سۈرە ئال ئىمران، 143 ـ ئايەت) ئۆمەر: بۇ ئايەتنى گۇيا بۇرۇن ئاڭلىمىغاندەك ۋە ئەبۇبەكرىدىن يېڭىلا ئاڭلىغاندەك بولدۇم، دېدى. تاكى مۇسۇلمانلار خەلىپە تەيىنلەپ چىققانغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنلىرى ۋە چارشەنبە كېچىسى دەپنە قىلىنماي ئۆيىدە تۇردى، ئاندىن كېيىن يۇيۇلۇپ دەپنە قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى

www.munber.org







ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب يۇدى، ئۇنىڭغا ئاباس، ئاباسنىڭ ئىككى ئوغلى فەزلى ۋە قوسەملەر، ئوسامە ئىبنى زەيد، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئازاتگەردىسى شۇقران ياردەملەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچ قەۋەت كىيىم بىلەن كېپەنلەندى، بۇ كېپەنلىكلەر ئىچىدە كۆينەك ۋە سەللە يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يۇيۇلۇپ ۋە كېپەنلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۆيىدىكى كارۋىتىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇلۇپ قويۇلدى. كىشىلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا كىرىپ جىنازا نامىزىنى ئوقۇدى، ئۇلارغا ھېچكىم ئىمام بولمىدى. ئاندىن ئائىشەنىڭ ھوجرىسىدا رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان جايغا لەھەت قېزىلدى. ئەلى، ئاباس، ئاباسنىڭ ئوغۇللىرى فەزلى، قۇسەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى لەھەتكە قويدى، قەبرىگە بىلال سۇ سەپتى. قەۋرە زىمىندىن بىر غېرىچچە كۆتۈرۈلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋاپات بولدى، لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلارغا ھەممىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر ھېكمەتلىك الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، چىڭ تۇتسا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچقانداق يالغان، تۆھمەتلەر تەسىر قىلالمايدىغان قۇرئاننى قويۇپ كەتتى؛ الله ئىسلام دىنىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغانغا قەدەر، ئىسلام دىنىنى يېشىپ بېرىدىغان، مەملىكەتلەرنى فەتھى قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە ھەققانى ئىسلام دىنىنىڭ قۇياشىنى ئاشكارىلايدىغان ھۆرمەتلىك ياخشى ساھابىلىرىنى قويۇپ كەتتى. الله ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. اللهدىن بىزنى ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ مەرھەمىتى ۋە ئۇلۇغ نېمىتىنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز.

www.munber.org

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى

الله پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ ھېچكىمگە بەرمىگەن دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ كامالەتلىرىنى ئاتا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، دۇنيادا ماختىلىشقا ۋە ئاخىرەتتە ساۋابقا ئىگە بولۇشىڭىز ئۈچۈن، بۇ باپتا *[ بۇ باپنىڭ كۆپىنچە مەزمۇنى قازى ئىيازنىڭ «شىفا» ناملىق كىتاۋىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى]* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىر قىسمىنى نەمۇنە سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر ھېسابلايمىز.

الله ساڭا ۋە ماڭا ھىدايەت ئاتا قىلىپ، بىزنى توغرا يولغا باشلىسۇن. ئىنساندا بولىدىغان ئۇلۇغلۇق ۋە كامالەت خىسلەتلىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، دۇنيالىق خىسلىتى زۆرۈرىيە بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە ياشاش زۆرۈرىيىتىنىڭ تەقەززاسىدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ ئىككىنچىسى بولسا دىنىي خىسلىتى كەسىيبە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلار ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ ۋە اللە غا يېقىن بولىدۇ. دۇنيالىق خىسلىتى زۆرۈرىيە كەسبىي بولمايدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ ئىختىيارىغىمۇ باغلىق ئەمەس. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىي كامالىتى، چىرايىدىكى گۈزەللىكى، ئەقلى قۇۋۋىتى، چۈشەنچىسىنىڭ دۇرۇسلىغى، تىلىنىڭ پاساھەتلىكى، تۇيغۇ-سېزىم ۋە ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى، ھەركىتىنىڭ موتىدىللىكى، نەسەبىنىڭ ئېسىللىكى، قەۋمى ۋە يۇرتىنىڭ ئۈستۈنلىكى قاتارلىق خىسلەتلەر بولۇپ، ياشاش زۆرۈرىيىتى تەقەززا قىلىدىغان غىزا، ئۇيقۇ،





كىيىم- كېچەك، تۇرالغۇ جاي، مال- مۈلۈك ۋە ئابروي قاتارلىق خىسلەتلەرمۇ شۇنىڭغا ياتىدۇ؛ دىن، ئىلىم، مۇلايىملىق، سەۋرى، شۈكۈر، ئادالەت، ھەققانىلىق، تاماسىزلىق، كەمتەرلىك، ئەپۇچانلىق، ئىپپەت، سېخىلىق، شىجائەت، ھايا، ئادەمگەرچىلىك، كەم سۆزلۈك، تەمكىنلىك، ئېغىر- بېسىقلىق، مېھرى- شەپقەت، چىرايلىق خۇلق، گۈزەل مۇئامىلە قاتارلىق يۈكسەك ئەخلاق- ئەدەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرەتلىك خىسلىتى كەسبىيە دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئۇلار گۈزەل ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ. تەبىي بولىدىغان غەيرى كەسبىي كامالەت خىسلەتلىرىگە نەزەر تاشلايدىغان بولسىڭىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق تېپىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىراي- شەكلىنىڭ گۈزەللىكى، بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە ئەزالىرىنىڭ راۋۇرۇسلۇغى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگى ئاق، نۇرانە؛ كۆزلىرى چوڭ، قارىچۇقلىرى قاپقارا، ئېقى قىزغۇچراق، كىرپىكلىرى قويۇق، قاشلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە؛ بۇرنى ئۇزۇنچاقراق ۋە قاڭشالىقراق، ئۇچى سەل ئىگىلگەن؛ چىشى ئاق ۋە ئاراشىراق؛ كەڭ پېشانىلىك، يۇمۇلاق يۈزلۈك، قويۇق ساقاللىق، كەڭ كۆكرەكلىك، غوللۇق، ئۇستىخانلىق، بىلەكلىرى ئۇزۇن، پۇت- قوللىرىنىڭ ئالقانلىرى كەڭ؛ ئوتتۇرا بوي، بەدىنى چىڭ ۋە تۈكلۈكرەك ئىدى، مەيدىسىدە تۆۋەنگە سوزۇلغان يۇمران تۈكلەر بار ئىدى؛ كۆلىسە چىشلىرى چاقماقتەك ۋە مۆلدۈردەك پارقىراپ كېتەتتى؛ سۆزلىسە چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن نۇر چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى؛ بوينى كېلىشكەن ئىدى. بەرا ئىبنى ئازىب: قارا چېچى قۇلىقىنى يېپىپ تۇرغان، قىزىل تونلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن



www.munber.org
www.munber.org

چىرايلىقراق ئادەمنى كۆرگىنىم يوق، دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە: رەسۇلۇللاھتىن چىرايلىقراق ئادەمنى كۆرگىنىم يوق، قۇياش گويا ئۇنىڭ يۈزىدە ئاققاندەك بىلىنەتتى، كۈلگەن چېغىدا يۈزىنىڭ شولىسى تاملارغا چۈشۈپ تۇراتتى، دېگەن. ئەبۇھالەنىڭ ھەدىسىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ تۇراتتى، دېيىلگەن. ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرقى سۈپەتلىشىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپ قارىغان ئادەمگە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ تونۇشقاندىن كېيىن سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى، دېگەن. ئەلى يەنە سۈپەتلەپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئادەمنى بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ كۆرمىدىم، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكىزلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پاكىزلىكتە، خۇشبۇيلۇقتا، پاسكىنىچىلىقتىن ۋە نىجاسەتلەردىن يىراقلىقتا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلغان ئىدىكى، بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭدىن باشقا كىشىدە تېپىلمايتتى. ئاللا يەنە ئۇنى شەرىئەتنىڭ پاكىزلىقى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەلەشتۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىسلام دىنى پاكىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان، دېگەن. ئەنەس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى خۇشبۇيلۇق مەن پۇرىغان ئەنبەرنىڭ، ئىپارنىڭ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرىدىنمۇ ئارتۇق ئىدى، دېگەن. جابىر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەڭزىمنى سىلاپ قويغۇيدى، ئۇنىڭ قولىنى گويا ئەتتار (ئەتىر ساتقۇچى) نىڭ قۇتىسىدىن چىققاندەك سوغاق ۋە خۇشبۇي ھېس قىلدىم، دېگەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلسۇن ياكى ئىستىمال قىلمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەچكىچە

www.munber.org





خۇشبۇيلۇق كەتمەيتتى. ئۇ بىرەر كىچىك بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويغان بولسا، ئۇ بالا خۇشبۇيلۇقى بىلەن باشقا بالىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئىمام بۇخارى چوڭ تارىخىدا جابىردىن رىۋايەت قىلىشىچە، بىرەر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن ماڭسا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشبۇيلۇقىدىن بۇ يولدا رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىنىڭ كاملىلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىنىڭ كامىللىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، سېزىملىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ھەرىكەتلىرىنىڭ نورماللىقى ۋە ئەخلاقىنىڭ گۈزەللىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ھوشيار ئادەم ئىكەنلىكىدە شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇن ئوقۇمىغان، مەشىق قىلمىغان، كىتابلارنى كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق، خەلقqe شۇنچە ئىلىملەرنى ئۆگىتىش ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئىچكى-تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى، ئاممىغا قوللانغان سىياستى، ئاجايىپ ئەخلاقى ۋە گۈزەل تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغا قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ كامىللىقىنى، چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىكى چېغىدا، خۇددى ئالدىدىكى نەرسىنى كۆرگەندەك، ئارقىسىدىكى نەرسىنىمۇ كۆرەتتى. اللەنىڭ قۇرئاندىكى " اللە نامازغا تۇرغان ۋاقتىڭدىكى ھەرىكەتلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ"(سۈرە شۇئەرا، 219 ـ ئايەت) دېگەن سۆزى شۇ مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەن. ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزى قاراڭغۇدىمۇ خۇددى يورۇقتا كۆرگەندەك كۆرەتتى. ھۆكەردىكى ئۇن بىر

www.munber.org

www.munber.org

يۇلتۇزنى سانىيالايتتى، دېگەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىنىڭ پەھلىۋانى ھېسابلانغان رەكانەنى يىقىتقان ۋە ئۇنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تېز ماڭىدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم. ئۇ ماڭسا، كىشىگە ئۇنىڭغا يەر قاتلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، بىر مۇشەققەت بىلەن ماڭساق، ئۇ پەسەنت قىلماي ماڭاتتى؛ كۆلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى، ماڭسا گويا ئېگىزدىن چۈشۈۋاتقاندەك سالماقلىق بىلەن ماڭاتتى، دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىنىڭ پاساھەتلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى يۇكسەك دەرىجىدە پاساھەتلىك ۋە چوڭقۇر مەنىلىك ئىدى. سۆزى تەبىئى، راۋان، ئۇسلۇبى گۈزەل، ئىخچام، جۈملىلىرى ئېنىق، چۈشىنىشلىك ۋە تولۇق، تۇغرا، مەزمۇنلۇق، تەكەللۇپسىز، قىسقا، مەنىلىك ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ۋە ئەرەب تىلى لەھجىلىرىنى بىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. ھەر بىر خەلققە شۇ خەلقنىڭ تىلى، شىۋىسى، ئۇسلۇبى ۋە سۆزىنىڭ پاساھىتى بويىچە سۆزلەيتتى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ساھابىلىرى تۈرلۈك جايلاردا ئۇنىڭدىن ئۆز سۆزىنىڭ مەنىسىنى شەرھىيلەپ بېرىشىنى ۋە يېشىپ بېرىشىنى سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋە تارىخىنى مۇلاھىزە قىلغان ئادەم بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇرەيش خەلقىغە قىلغان سۆزلىرى ھەزرى مەۋت ۋە يەمەننىڭ پادىشاھلىرىغا،





www.munber.org

نەجدنىڭ چوڭلىرىغا قىلغان سۆزلىرىدىن پەرقلىق ئىدى. ھەتتا ھەربىر قەبىلىگە سۆزقىلغاندا، شۇ قەبىلە ياقتۇرىدىغان ئاتالغۇنى ۋە سۆز ئۇسلۇبىنى قوللىناتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتىكى ئىخچاملىقى، چوڭقۇر مەنىلىكلىكى ۋە پاساھەتلىكلىكى توغرىسىدا كىتابلارنى، دىۋانلارنى تۈزۈپ چىقىشتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبارىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى شەرھىيلەنگەن كىتابلارنى يېزىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاساھەت جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن سۆز ئىبارىلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىبارىلەر مىسال بولالايدۇ: ”مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنى باراۋەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ تۆۋىنىمۇ باشقىلىرىنى قوغداش كويىدا بولىدۇ، دۈشمەنلەرگە قارشى ئۆز ـ ئارا ئۈم بولىدۇ.“ ”ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تاغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر.“ ”كىشى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىللە.“ ”سەن بىرسىگە راۋا كۆرگەننى ئۇ ساڭا راۋا كۆرمىسە، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولساڭ خەيرىيەت يوق.“ ”كىشىلەر مەدەن كانلىرىغا ئوخشايدۇ.“ ”ئۆز قەدرىـ قىممىتىنى چۈشەنگەن ئادەم ھالاك بولمايدۇ.“ ”مەسلىھەتكە چاقىرىلغان ئادەم ئىشەنچلىك ئادەم.“ ”سۆز قىلىپ ياخشىلىقتا ئېرىشكەن ياكى سۈكۈت قىلىپ ئامان قىلىپ ئامان قالغان ئادەمگە الله رەھمەت قىلسۇن.“ ”مۇسۇلمان بولساڭ، سالامەت بولىسەن، مۇسۇلمان بولساڭ الله ئەجرىڭنى ئىككى ھەسسە بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىق، كەمتەر، دوستلاشتۇرغۇچى ۋە دوستلاشقۇچى بولغانلىرىڭلار قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ يېقىن بولغانلىرىڭلاردۇر.“ ”ئۇ بىھۇدە

سۆزلەيدىغان ياكى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە بېخىللىق قىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن.“ ”ئۇ ئىككى يۈزلىمىچى ئادەم اللهنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئەمەس.“ شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھنىڭ بەس ــ مۇنازىرىنى، كۆپ سوئال سوراشنى، مالنى ئىسراپ قىلىشنى، ئانىلارنى قاخشىتىشنى، قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈشنى مەنئى قىلغان سۆزلىرىمۇ ئەڭ پاساھەتلىك، ئەڭ مەنىلىكتۇر. ئۇنىڭ: ”ھەرقانداق يەردە اللهغا تەقۋادارلىق قىل. يامانلىق قىلىپ سالساڭ، ئۇنى ياخشىلىق بىلەن يۇغىن. كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلغىن، ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرھال بولغىنىدۇر.“ ”دوستۇڭغا تولا يېقىنلىشىپ كەتمە، بولمىسا بىر كۈنى ئۇ سىنىڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.“ ”زۇلۇم قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان زۇلۇمى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قاراڭغۇ زۇلمەت بولىدۇ.“ دېگەن سۆزلىرى ۋە ئۇنىڭ بەزى دۇئاسىدىكى: ”ئى الله، شۇنى سورايمەنكى، سەن رەھمىتىڭ بىلەن قەلبىمنى ھىدايەت قىلغايسەن؛ ئىشىمنى تىرىپسىن قىلمىغايسەن، تارقاق ئىشلىرىمنى جەملىگەيسەن؛ ئۈمىد قىلغان ئىشلىرىمنى ئەپلەشتۈرگەيسەن؛ ئەمىلىمنى پاك قىلغايسەن؛ ئىشلىرىمنى توغرا يولغا سالغايسەن؛ دوستلۇغۇمنى قايتۇرغايسەن؛ مېنى ھەممە يامانلىقلاردىن ساقلىغايسەن. ئى الله، مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆلۈمنى، شېھىتلەرچە ئۆلۈشنى، بەختىيار ياشاشنى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى تىلەيمەن“ دېگەن سۆزلىرىمۇ ئەڭ پاساھەتلىك ۋە چوڭقۇر مەنىلىكتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان سۆزلىرى، نۇتۇقلىرى، خۇتبىلىرى، دۇئالىرى ۋە سۈلھىنامىلىرىمۇ پاساھەتلىكتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭغا:



www.munber.org



سەندىنمۇ پاساھەتلىكرەك سۆز قىلىدىغان ئادەمنى كۆرمىدۇق، دېگەندە، ئۇ: قۇرئان مېنىڭ تىلىم يەنى روشەن ئەربى تىلى بىلەن نازىل بولغان تۇرسا، شۇنداق بولماي قانداق بولاتتى؟ دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم: مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن كېلىپ چىقتىم، بەنى سەئد ئايمىغىدا ئۆستۈم، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ــ ئىبارىلىرىدە سەھرا سۆزىدىكى كۈچلۈكلۈك بىلەن سالماقلىق ۋە شەھەر سۆزىدىكى گۈزەللىك بىلەن نەپىسلىك جەم بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلىق قىلىدىغان ۋەھيي ئارقىلىق اللهنىڭ مەدىتىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە بولغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىبىنىڭ ئېسىللىكى

يۇرتىنىڭ ئۇلۇغلۇغى ھەممىگە ئايان، ھېچقانداق دەلىل ــ پاكىت تەلەپ قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقى قۇرەيشلەردىن بولۇپ، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ، ھاشىم جەمەتىنىڭ كۆزى، ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ئاتا ــ ئانا تەرەپتىن ئەڭ ھۆرمەتلىكى ئىدى؛ الله ئۈچۈنمۇ، پەيغەمبەر ئۈچۈنمۇ ئېزىز يۇرت بولغان مەككىلىك ئىدى. بۇ نوقتىلارنى كىتابنىڭ باش قىسمىدا يېتەرلىك بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا زۆرۈر بولغان بەزى نەرسىلەرنىڭ ئاز بولۇشى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، غىزالىنىش ۋە ئۇخلاشنىڭ ئاز بولۇشى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ئەرەبلەر ۋە ھۆكۈمالار ئەزەلدىنلا ئاز غىزالىنىش ۋە ئاز ئۇخلاشنى ماختاپ كەلگەن، كۆپ يېيىش ۋە كۆپ ئۇخلاشنى



www.munber.org

ئەيىپلىگەن. چۈنكى كۆپ يېيىش، كۆپ ئىچىش ئاچكۆزلۈكنى، ھېرىسلىقنى، شەھۋەتپەرەسلىكنى كۈرەستىدۇ. كىشىگە بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ زىيان ۋە تۈرلۈك كېسەللەرنى كەلتۈرىدۇ. كىشىنى خامۇش قىلىپ قويىدۇ، ئەقلىنى سۇسلاشتۇرىدۇ؛ ئاز يېيىش بولسا قانائەتچانلىقنى، نەپسىگە ئىگە بولۇشنى، شەھۋەتنى يېڭىشنى كۈرەستىدۇ، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ؛ كۆپ ئۇخلاش كىشىنى ئەزمە، زەئىپ، گومۇش، ھورۇن قىلىپ قويىدۇ، ئىنساننىڭ ئۆمرىنى پايدىسىز زايا قىلىدۇ، دىلنى قاسىۋەتلەشتۈرىدۇ (قاتتىقلاشتۇرىدۇ) ، غەپلەتتە قالدۇرىدۇ، دىلنى ئۆلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاز يەيتتى ۋە ئاز ئۇخلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاز يېيىشنى تەرغىپ قىلىپ: "ئادەم بالىسى قورساقتىنمۇ يامان قاچىنى تولدۇرغىنى يوق. تويۇش ئۈچۈن بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. يېيىش زۆرۈر بولغاندا، ئۇ ئاشقازاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماق ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرىنى سۇ ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئۈچۈن قويۇپ قويسۇن (بوش قالدۇرسۇن دېگەن مەنىدە. ــ ت) دېگەن. " كۆپ يېيىش بىلەن كۆپ ئىچىش كۆپ ئۇخلاشقا سەۋەب بولىدۇ. ھەزرىتى ئائىشە : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقى تاماققا تويۇپ باققان ئەمەس، ئۇ ئائىلىسىدىن ئالاھىدە تاماق سورىمايتتى، بەرگەننى يەيتتى، بەرگەننى ئىچەتتى، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسىدە "مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن" دېگەن سۆزى بار. كىشى چازا قۇرۇپ بىخىرامان يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە تاماقنى كۆپرەك يېگۈسى كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىمەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى ۋە : مەن بىر قۇل، تاماقنى قۇلدەك ئولتۇرۇپ يەيمەن، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇسىمۇ ئاز

www.munber.org





ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئۇخلىمايدۇ، دەيتتى.

ئىنساندا قانچە كۆپ ۋە قانچە يۇقىرى بولسا ، شۇنچە پەزىلەت ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەر بار، ئابروي شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئادەتتە، دانالارنىڭ نەزىرىدە، كىشىنىڭ ئابرويى قانچىلىك بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. الله ئىپىسا ئەلەيھىسسالامنى "دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق" دەپ سۈپەتلىگەن. رەسۇلۇللاھ بولسا پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئازار ــ كۈلپەت ۋە سۇيىقەست قىلىش نىيىتىدە بولسىمۇ، ئەمما ئالدىدا ئۇنىڭدىن تەپتارتاتتى، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. بۇ جەھەتتىكى مىساللارنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېڭى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. قىيلە دېگەن خوتۇننىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ئى مىسكىن، قورقما، ئۆزەڭنى بېسىۋال، دېگەن. ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىترەپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: قورقما، مەن پادىشاھ ئەمەس، دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر ــ قىممىتىنىڭ چوڭلۇقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك قەدىر ــ

www.munber.org

قىممىتىنىڭ چوڭلىغىغا ۋە اللهنىڭ ئۇنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدۇر. ئاخىرەتتە ئۇ، پۈتۈن ئادەم بالىلىرىنىڭ سەيىدىدۇر. كىشىلەر پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ماختىنىدۇ، مېلى كۆپ ئادەمنى نۇرغۇن كىشىلەر ھاجىتىمىزدىن چىقارمىكىن، ئەسقاتارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن چوڭ بىلىدۇ. مېلى كۆپ بولۇشنىڭ ئۆزى پەزىلەت ئەمەس، مېلى كۆپ ئادەم پۇل ـ مېلىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ۋە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ياخشى نامغا ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا، بۇ ئەھلى دۇنيا نەزىرىدە ئاندىن پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر ئاخىرەتنى كۆزلەپ، مېلىنى ياخشىلىق يوللىرىغا، پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلسا، بۇ ئاندىن ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىدە پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. مېلى كۆپ ئادەم بېخىل بولۇپ، مېلىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلماي، مال يىغىشقا ھېرىس بولىدىغان بولسا، بۇنداق مالنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئۇ ئادەم بېخىل دېگەن بەدنامغا، پەسكەش دېگەن ئەيىپكە قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا زېمىننىڭ غەزنىلىرى، مەملىكەتلەرنىڭ ئاچقۇچلىرى تاپشۇرۇلغان، غەنىمەتلەر ئۇنىڭغا ھالال قىلىنغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدىلا ھىجاز، يەمەن، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە شام، ئىراقلارنىڭ يېقىن جايلىرى فەتھى قىلىنىپ نۇرغۇنلىغان غەنىمەت، خىراج ۋە زاكات ماللىرى كەلتۈرۈلگەن ئىدى، ئەتراپىنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا سوغىلارنى يوللىغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ھېچنەرسىنى شەخسى ئىگەللىۋالمىدى، بىرەر تەڭگىلىك نەرسىنىمۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىنى تېگىشلىك ئورۇنلىرىغا سەرپ قىلدى؛ باشقىلارنى باي



www.munber.org



قىلىۋەتتى ۋە مۇسۇلمانلارنى كۈچەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنىڭدىن الله يولىدا سەرپ قىلىشقا ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا بىر دىنارنىمۇ يېنىمدا قالدۇرۇش مېنى خۇشال قىلمايدۇ“ دېگەن. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھنىڭ قولىغا نۇرغۇن دىنار چۈشۈپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئازغىنىسىلا يېنىدا ئېلىپ قالغان ۋە ئۇنىمۇ بىر ئايالىغا بەرگەن ئىدى، ياتقاندا ئۇخلىيالماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى قالدۇق دىنارلارنى باشقىلارغا ئۈلەشتۈرۈۋېتىپ: ئەمدى ئارام تاپتىم، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇنىڭ تۆمۈر كىيىمى ئائىلىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن رەنىگە قويۇقلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىراجەت، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جاي جەھەتتىن پەقەت ئېھتىياجلىقلىرى بىلەنلا كۇپايىلەنگەن، ئۇنىڭدىن ئوشۇقفا قىزىقمىغان. ئۇ كىيىم تاللىمايتتى، تولاراق قوپال توقۇلمىدىن تىكىلگەن تون ۋە باشقا كىيىملەرنى كىيەتتى. ۋاھالەنكى، ھوزۇرىغا كەلگەنلەرگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن شايى تونلارنى ھەدىيە قىلاتتى، كەلمىگەنلەرگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. يۇقىرىقىلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇل ـ مالغا بېرىلمەيدىغان پەزىلەتكە ۋە مالنى مۇستەھىق (زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر) لەرگە سەرپ قىلىش پەزىلىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەپلەردىن شەكىللەنگەن خىسلەتلەر ھۆسىن ـ خۇلق دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھدا مۇنداق خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسىن ـ خۇلقى كامالەتكە يەتكەن ئىدى. ھەتتا الله قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ: ”سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقفا ئىگىسەن“ (سۈرە نۇن، 4 ـــ ئايەت) ئائىشە پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئەخلاقى قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئەخلاقتۇر. ئۇ الله مەمنۇن بولغانغا مەمنۇن بولاتتى. غەزەپلەنگەنگە غەزەپلىنەتتى، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، دېگەن. ئەنەس: رەسۇلۇللاھ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق ئىدى، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا تەبىئىي ئەخلاقلىق ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر بولۇپ، اللهنىڭ نۇرى دىللىرىنى يورۇتۇشى بىلەن ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن. الله ئۇلارنى پەيغەمبەرلىككە تاللىشى بىلەنلا، ئۇلار ھېچقانداق تىرىشىش ۋە مەشىق قىلىش جەريانلىرىنى ئۆتكۈزمەيلا ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان. مۇنداق گۈزەل ئەخلاقلار ۋە ئېسىل خىسلەتلەر كۆپ. بىز بۇيەردە بۇلارنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ، تارماقلىرىنى ئىشارەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىز.

ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە مەركىزى نوقتىسى - ئەقىل. ئىلىم-مەرىپەت ئەقىلدىن تارقىلىدۇ. دانالىق، چوڭقۇر پىكىرلىق، راستلىق، توغرا ئوي-پىكىر، يىراقنى كۆرۈش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، نەپسى بىلەن كۆرەش كىلىش، شەھۋەت بىلەن كۆرەش قىلىش، توغرا سىياسەت، توغرا تەدبىر ۋە پەزىلەتلەرنى ھاسىل قىلىش، پەس ئارزۇ- ھەۋەسلەردىن خالى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەقىل ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقىل ۋە ئىلىم جەھەتتىن ھېچكىم يېتەلمىگەن يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى ۋە تارىخىنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ ئىخچام، مەنىلىك سۆزلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ۋە ھەدىسلىرىنى تەتقىق قىلغان ئادەملەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋرات، ئىنجىل



www.munber.org



ۋە باشقا مۇقەددەس كىتابلار توغرىسىدىكى بىلىمىنى تەتقىق قىلغان ئادەملەر، ئۇنىڭ پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى بىلىمىنى تەتقىق قىلغان ئادەملەر، ئۇنىڭ ماقال-تەمسىللەر، كىشىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن سىياسەتلەر، يولغا قويۇلغان شەرىئەتلەر توغرىسىدىكى بىلىمىنى مۇھاكىمە قىلغان ئادەملەر، ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا ئېتنوگرافىيە پەنلىرىنىڭ ئالىملىرى نەمۇنە كىلتۈرالغان سۆزلىرىنى تەتقىق قىلغان ئادەملەر بۇنى چۈشىنىدۇ. ئۇ ئۇممى پەيغەمبەر بولۇپ، ئوقۇغان ئەمەس، بۇرۇنقى كىتابلارنى كۆرگەن ئەمەس، بىرەرسىگە شاگىرت بولۇپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭ بىلىمىنى پەقەت الله ئۇنىڭ دىلىغا سېلىپ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن. اللهنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن ئىلىملىرى، كېيىن بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا، الله نىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى ۋە مۈلكى ئەزىمى توغرىسىدا بىلدۈرگەنلىرىدىن تاشقىرىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەقلىگە يارىشا مەلۇماتى بار ئىدى. الله قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: " الله ساڭا سەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلدۈردى، ئاللانىڭ پەزلى ساڭا چوڭدۇر" دېگەن (سۈرە نىسا، 112-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى، ئەپۇچانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى، كەڭ قوساقلىغى، ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈم قىلىشى، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كەلگەن چاغدىكى سەۋىرچانلىغى، چىدامىلىقلىغى ئۇنىڭغا الله



www.munber.org

سىڭدۈرگەن ئەخلاق ئىدى. الله قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ”ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ئەمرى- مەرۇپ قىلغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن.“ (سۈرە ئەئراف، 99- ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى سورىغاندا، جىبرىئىل: ”ئى مۇھەممەد، الله سېنى سېنى تاشلىۋەتكەنلەرگە يېقىنچىلىق قىلىشقا، ساڭا بەرمىگەنلەرگە بېرىشكە، ساڭا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ“ دېگەن. الله تائالا قۇرئاندا يەنە مۇنداق دېگەن: ”ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋرى قىلغىن، بۇ ئۇلۇغ ئىشتۇر. الله قۇرئاندا يەنە مۇنداق دېگەن: ”كىمكى سەۋرى قىلسا (زالىمدىن ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئۆچ ئالمىسا.- ت) ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلسا ، بۇ ئۇلۇغ ئىشتۇر.“ (سۈرە شۇرا، 42- ئايەت) ”ئەپۇ قىلسۇن، كەڭ قوساق بولسۇن. اللهنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.“ (سۈرە نۇر 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن ئۇنىڭ مەزكۇر سۈپەتلەردە ئەڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەرقانداق مۇلايىم ئادەم ھەمىشە مۇلايىم بولىۋەرمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇزى ئۇچرىغان شۇنچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە چىدىغان، ئۆزىگە ئازار- كۈلپەت قىلغان جاھىللارغا مۇلايىملىقىنى ئۆزگەرتمىگەن، ھەزرىتى ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلىشقا توغرا كەلگەندە، گۇنا بولمايدىغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ ئاسانراغىنى ئىختىيار قىلاتتى. ئەگەر گۇنا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئەڭ يىراق بولاتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئالمايتتى، پەقەت الله نىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندىلا، الله ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى، دېگەن. ئوھۇد غازىتىدا مۇشرىكلار



www.munber.org



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا شۇنچە زور كۈلپەتلەرنى سالغاندا، بەزىلەر ئۇنىڭ بەددۇئا قىلىشىنى سورىغان ئىدى، لېكىن ئۇ: ”ئى الله، قەۋمىمگە مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار ئۇقمايدۇ“ دەپ دۇئا قىلغان. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇلايىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئازار- كۈلپەت قىلغان، ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقارغان، ئاندىن ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان ۋە باشقا ئەرەب مۇشرىكلىرىنى كۈشكۈرتىپ توپلاپ كېلىپ ئۆزىگە قارشى تۇرغۇزغان قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنغان كۈنى ئۇمۇمى كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىش يېتەرلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ شۇ كۈنى ئۇلاردىن: مېنى قانداق قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار: سەن مەرت قېرىندىشىمىز ۋە مەرت قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى، سېنى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز، دېگەن. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئازات، دېگەن. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچىسىدا قوپال رەختتىن پەۋاز تۇتۇلغان تون بار ئىدى، بىر ئەرابى كېلىپ ئۇنىڭ تونىدىن سىلكىپ تارقان ئىدى، تونىنىڭ ياقىسى رەسۇلۇللاھنىڭ بوينىنى سۈرۈۋەتتى، بايىقى ئەرابى: ئى مۇھەممەد، يېنىڭدىكى الله مېلىدىن بۇ ئىككى تۆگەمگە يۈكلەپ بەر، بەرسەڭ ئۆز مېلىڭدىن ياكى ئاتاڭنىڭ مېلىدىن بەرمەيسەن، دېدى. رەسۇلۇللاھ بىر ئاز جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: مال الله نىڭ مېلى، مەن بولسام الله نىڭ بەندىسى، سېنىڭ قىلمىشىڭدىن قىساس ئالىمەن، دېۋىدى، ئەرابى: ياق، دېدى. رەسۇلۇللاھ: نېمىشقا ياق دەيسەن: دېگەندە، ئەرابى: چۈنكى سەن يامانلىققا يامانلىق قىلمايسەن، دېدى. رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىپ، ئەرابىنىڭ بىر تۆگىسىگە ئارپا، يەنە بىر تۆگىسىگە خورما



www.munber.org

يۈكلەپ بىرىشنى بۇيرۇدى. ئائىشە: مادامىكى، الله نىڭ ھۆرمىتى دەپسەدە قىلىنمايدىكەن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچ ئالغانلىقىنى ۋە شىكايەت قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. رەسۇلۇللاھ الله يولىدىكى جەڭدىن باشقا چاغدا بىرەرسىنى ئۇرمىغان؛ خىزمەتچىسى ياكى ئايىلىنى ئۇرغان ئەمەس، دېگەن. الله رەسۇلۇللاھقا رەھمەت قىلسۇن! سۈننىتىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەگىشىشى بىلەن ئۇنى رازى قىلسۇن!

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىلىقى

سېخىلىق، مەرتلىك سۈپىتى جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى تەڭ كېلەلمەيتتى. جابىر: رەسۇلۇللاھ ھەرقانداق سورىغان كىشىگە يوق دېمەيتتى، دېگەن. ئىبنى ئابباس: رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشىلىق ئۈچۈن قولى بەك ئۇچۇق ئىدى. رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ سېخى بولۇپ كېتەتتى؛ جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا بولسا، ياخشىلىق ئۈچۈن شامالدىنمۇ تېز ھەرىكەت قىلاتتى، دېگەن. خەدىچە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا: سەن ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايسەن، غېرىپلارغا ياردەم قىلىسەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاۋازىن قەبىلىسى ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىكى قىلغان ئىشلىرى؛ غەنىمەتلەرنى بۆلگەندە دىللىرى ئىسلام دىنىغا مايىل بولغانلارغا نۇرغۇن ماللارنى بەرگەنلىكى ئۇنىڭ سېخىلىقىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ. ئۇلارنى يۇقىرىدا تولۇق بايان قىلىپ ئۆتتۇق. رەسۇلۇللاھ بىر قېتىم قولىغا چۈشكەن 90 مىڭ دىنارنى بورىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ھەممىسىنى شۇ يەردىلا ساھابىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. بىر ئادەم كېلىپ



www.munber.org



رەسۇلۇللاھتىن نەرسە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: يېنىمدا ھېچ نەرسە يوق، لېكىن سېنىڭ سورىغىنىڭ ئۈستۈمدە قەرز بولۇپ تۇرسۇن، قولۇمغا بىرەر نەرسە چۈشكەندە بېرەي، دېگەن. بۇ چاغدا ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: اللهنىڭ سېنى ئۇرۇنلىيالمايدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلغىنى يوقتۇ؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ياقتۇرمىغان. ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ، بېرىۋەرگىن، خۇدا بار، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقما، دېگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ: مەن شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.، دېگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ سېخىلىقىغا دائىر مىساللار كۆپ بولۇپ، بۇنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىلار بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلۇقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ دەرىجىدە قەيسەر ۋە باتۇر ئىدىكى، باتۇرلۇق بىلەن شۆھرەت قازانغان كىشىلەر ئەڭ مۈشكۈل پەيتلەردە قاچقان چاغدىمۇ رەسۇلۇللاھ ئۆز مەۋقەسىدە تەۋرەنمەي تۇراتتى، ئالغا ئىلگىرىلەيتتى، ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەيتتى. ئۇنىڭ ھۇنەين ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىدىكى قەھرىمانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئىبنى ئۆمەر: رەسۇلۇللاھتىنمۇ باتۇر، سېخى، قانائەتچان كىشىنى كۆرمىدىم، دېگەن. ئەلى: بىز ئەڭ مۈشكۈل پەيتلەردە رەسۇلۇللاھقا ئىلتىجا قىلاتتۇق، جەڭ مەيدانلىرىدا رەسۇلۇللاھ دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن ئورۇندا تۇراتتى، بەدرى غازىتىدا رەسۇلۇللاھقا ئىلتىجا قىلغان ئىدۇق، ئۇ دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن جايدا تۇرۇپ، ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتتى، دېگەن. ئەنەس: رەسۇلۇللاھ ئەڭ قەھرىمان، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ سېخى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى مەدىنە خەلقى تەشۋىشلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ،



www.munber.org

دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى دەپ چۇچۇپ قۇراللىنىپ، ئاۋاز تەرەپكە ئاتلاندى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن ئىلگىرى چىققان، ئەبۇ تەلھەنىڭ يالىڭاچ ئېتىغا مىنگەن، قىلىچىنى ئاسقان ھالدا ئاللىقاچان ئەھۋالنى ئىنىقلاپ: قورقماڭلار! دەپ كېلىۋاتاتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى: رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۆڭى سۈزۈك ۋە نېپىز ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئالىجاناپ، ھايالىق بولغانلىقتىن، كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇلارغا يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى، دېگەن. ئائىشە: رەسۇلۇللاھ باشقىلارنىڭ بىرەر يامان گېپىنى ئاڭلىسا، پالانى مۇنداق قىپتۇ دەپ ئېيتىنى ئاتىماي، مۇنداق قىلغانلار بار ئىكەن دەپ، شۇ ئىشنى چەكلەيتتى، دېگەن. يەنە ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدەپ ـ ئەخلاقتا يات سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق ئىدى. بازارلاردا سۆرەن سالمايتتى، يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى، يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى، دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش مۇئامىلىسى

ھەزرىتى ئەلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ كەڭ قورساق، ئەڭ راستچىل، ئەڭ مۇلايىم ۋە ئەڭ خۇش مۇئامىلە ئىدى، دېگەن. رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتىكى، يىراقلاشتۇرمايتتى. ھەر بىر

www.munber.org





قەۋمىنىڭ ياخشى ئادىمىنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنى شۇلارغا باشلىق قىلىپ قوياتتى. كىشىلەرنى تەرىنى تۇرمەي ۋە مىجەزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى. ساھابىلىرىنى ئىزلەپ تۇراتتى، ھەربىر سۆھبەتدىشىغا ئۆزىگە لايىق ئورۇن بېرەتتى، ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ ھەربىرى ھەممىدىن مېنى ھۆرمەتلىدى، دېگەن ھېسسىياتتا بولاتتى. ئۇ ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەمنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى، ياكى ئۇلارنى سىلىق گەپ بىلەن قايتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، ئۇ كىشىلەرگە ئاتىدەك تۇيۇلاتتى. رەسۇلۇللاھقا ھەققەت ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر ئىدى. ئىبنى ئەبۇ ھالە ئۇنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: رەسۇلۇللاھ ھەمىشە ئوچۇق چىراي، يېقىملىق، مۇلايىم ئىدى. ئۇ توڭ، قوپال، سۆرەن سالىدىغان، ئەدەپسىز، ھەددىدىن زىيادە ئەيىپلىگۈچى ۋە مەدھىيىلىگۈچى ئەمەس ئىدى. الله قۇرئاندا رەسۇلۇللاھقا مۇنداق دېگەن: ”سەن اللهنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرىڭ قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيت، ھەممە ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەش.“ (سۈرە ئال ئىمران، 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) الله قۇرئاندا يەنە مۇنداق دېگەن: ”يامانلىققا ياخشىلىق قىلغىن. شۇنداق قىلساڭ، سەن بىلەن ئاداۋەتتە بولغان ئادەم دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ.“ (سۈرە فۇسسىلەت، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان يەرگە باراتتى، بېرىلگەن سوۋغىنى ئاز بولسىمۇ رەت قىلماي قوبۇل قىلاتتى ۋە لايىقىدا سوۋغا قايتۇراتتى؛ ساھابىلىرى بىلەن چاخچاقلىشاتتى، ئۇلار بىلەن

www.munber.org

ئارىلىشاتتى، مۇڭدىشاتتى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتەتتى ۋە ئۆز ھوجرىسىدا ئولتۇرغۇزاتتى؛ مەيلى ئازاد ئادەم بولسۇن ياكى قۇل بولسۇن، دىدەك بولسۇن، غېرىپ بىچارە بولسۇن، چاقىرغانلا ئادەمنىڭكىگە رەت قىلماي باراتتى. مەدىنىنىڭ ئەڭ يىراق جايىدىكى كېسەللەرنىمۇ يوقلاپ تۇراتتى؛ ئۆزرە بايان قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى؛ بىرەر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلسا، ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىگىچە بېشىنى نېرى ئېلىپ كەتمەيتتى؛ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە باشقىلار قولىنى قويۇۋەتمىگىچە قولىنى قويۇۋەتمەيتتى؛ ئۇچرىغانلارغا ئاۋال سالام بېرەتتى، ساھابىلىرىگىمۇ ئاۋال قول بېرەتتى؛ باشقىلارنى قىستاپ قويماسلىق ئۈچۈن، ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىككى پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرمايتتى؛ يېنىغا كىرگەنلەرنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئاستىغا چاپىنىنى ياكى تۆشىگىنى سېلىپ بېرەتتى، ئۇلارنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى؛ ساھابىلىرىنى فامىلىسى بىلەن ئاتايتتى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملىرى بىلەن چاقىراتتى؛ ھېچكىمنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەيتتى؛ قۇرئان نازىل بولۇۋاتمىغان ياكى ئۆزى ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلەۋاتمىغانلا بولسا، خۇش تەبەسسۇم ۋە خۇش كۆڭۈل يۈرەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئادەمگە مېھرىبان، مەرھەمەتلىك ئىدى. الله قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ”سىلەرگە كۆلپەت يەتسە، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ، ئۇ سىلەرگە ھېرىس، مۆمىنلەرگە مېھرىبان، مەرھەمەتلىكتۇر.“ (سۈرە تەۋبە،



www.munber.org



128 ـ ئايەت) ”سېنى بىز پۈتۈن جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق.“ (سۈرە ئەنبىيا، 109 ـ ئايەت)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئەرابى رەسۇلۇللاھتىن نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىپ: رازى بولدۇڭمۇ؟ دەپ سورىغان. ئەرابى: ياق، مېنى رازى قىلالمىدىڭ، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنى ئاڭلاپ، ساھابىلەر ئەرابىغا قارشى قوپۇشقاندا، رەسۇلۇللاھ ئىشارەت قىلىپ ئۇلارنى توختىتىپ قويغان ۋە ئەرابىنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا خېلى كۆپ نەرسە بېرىپ: رازى بولدۇڭمۇ؟ دېگەن. ئەرابى: ھەئە، ئەمدى رازى بولدۇم، الله ساڭا ئائىلەڭدىن ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىڭدىن ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەرابىغا: ئەگەر ياقتۇرساڭ، بۇ گېپىڭنى ساھابىلىرىمنىڭ ئالدىدىمۇ قىلغىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلسۇن، چۈنكى بايا قىلغان سۆزۈڭدىن غەش بولۇپ قالدى، دېگەندە، ئەرابى: بولىدۇ، دەپ ئەتىسى كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە: بۇ ئەرابى تۈنۈگۈن ھېلىقى گەپنى قىلغان ئىدى، ئۇنىڭغا يەنە بەرگىنىمدىن كېيىن، رازى بولغانلىقىنى ئېيتتى، راستمۇ؟ دەپ ئەرابىدىن سورىغان، ئەرابى: راست، الله ساڭا ئائىلەڭدىن ۋە خىش-ئەقرىبالىرىڭدىن ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! دېگەن. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە: بۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئىش مۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ: بىر ئادەمنىڭ بىر تۆگىسى قېچىپ كەتكەن، كىشىلەر ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلىغان، قوغلىغانسېرى تۆگە تېخىمۇ قاچقان. تۆگىنىڭ ئىگىسى ئۇلارغا: بولدى قويۇڭلار! تۆگىنى ئاستا ئۆزەم تۇتۇۋالاي، دەپ تۆگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەردىن ئازراق چاۋا ـ چاتقالنى ئېلىپ تۆگىگە تەڭلەپ تۆگىنى تۇتۇۋالغان، ئاندىن ئۇنى چۆكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ مىنىۋالغان. ئەگەر مەن



www.munber.org

ئەرابىنىڭ ھېلىقى سۆزى ئۈچۈن ئۇنى سىلەرگە قويۇپ بەرگەن بولسام، ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتىڭلار، ئۇ دەۋزەخقە كىرگەن بولاتتى. ساھابىلىرىم ئۈستىدە ماڭا سوخەنچىلىك قىلماڭلار! سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىلىم ساغلام چىقىشنى ياقتۇرىمەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھ نامازدىكى چېغىدا كىچىك بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىسا، نامازنى قىسقارتاتتى. ئىبنى مەسئۇد: رەسۇلۇللاھ بىزگە مالال كەلمىسۇن دەپ، ۋەزنى قىسقارتاتتى، دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپادار، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، سىلە ـ رەھىملىك زات ئىدى. ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ خەمسا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سېتىۋالغان ئىدىم، ئۇنىڭ مەندە بىر ئاز پۇلى قالغان ئىدى، پۇلنى شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ كېتىپ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن يادىمغا يېتىپ كەلسەم، ئۇ شۇ يەردە تېخىچە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ مېنى كۆرۈپ: يىگىت، تازىمۇ ساقلاتتىڭ! ئۈچ كۈندىن بىرى سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھ بىر يەردىن سوۋغا كېلىپ قالسا، بۇنى پالانى خانىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇ خەدىچىنىڭ دوستى ئىدى، خەدىچىنى ياخشى كۆرەتتى، دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ سىلە ـ رەھىم قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن بىر ئەلچىلەر ھەيئىتىنى ئۆزى خىزمەت قىلىپ كۈتكەندە، ساھابىلىرى ئۇنىڭغا: بۇ خىزمەتنى بىز قىلايلى، دېگەن. ئۇ: ئۇلار ساھابىلىرىمنى ھۆرمەت قىلغان، شۇڭا ئۇلارنى مۇكاپاتلاشنى خالايمەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلىك كەلگەن



www.munber.org



چاغدا، خەدىچە ئۇنىڭغا ئېيتقان گەپلىرى ئارىسىدا: بېشارەت شۇكى، الله سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. سەن سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىسەن، غېرىپلارنى يوقلايسەن، مېھماننى ياخشى كۈتىسەن، ھەقنى ئۆز جايىغا قارار تاپتۇرۇشقا يار ـ يۆلەك بولىسەن، دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى يۇقىرى، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولغىنى بىلەن، ئۆزى ناھايىتىمۇ كەمتەر ئىدى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇ پادىشاھ پەيغەمبەر بولۇش بىلەن بەندە پەيغەمبەر بولۇشنىڭ بىرىنى تاللاشقا تەكلىپ قىلىنغاندا، بەندە پەيغەمبەر بولۇشنى ئىختىيار قىلغان. رەسۇلۇللاھ بىر قېتىم ھاسىسىغا تايىنىپ ساھابىلەرنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ساھابىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ئەجەم (ئىرانلىق) لەر بىر ـ بىرىنى ئۇلۇغلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندەك تۇرماڭلار. مەنمۇ بىر بەندە، يېمەك ـ ئىچمەكتە، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا سىلەر بىلەن ئوخشاشمەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئىشەككە مىنەتتى ۋە ئارقىسىغا باشقىلارنى مىنگەشتۈرەتتى؛ مىسكىنلەرنى يوقلايتتى، غېرىپ ـ غۇرۋالار بىلەن ئولتۇراتتى، قول چىلىلىسىمۇ باراتتى، قايەر تۇغرا كەلسە شۇ يەردە ساھابىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ دائىم: مېنى ناسارالار ئىيسانى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرماڭلار. مەنمۇ بىر بەندە، مېنى اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار، دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ھەج قىلغاندا مىنگەن تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئەسكى چوم، ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدا تۆت دەرھەمگىمۇ ئەرزىمەيدىغان تىۋىت پالاس بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ: ئى الله، بۇ ھەجىمنى رىياسىز ۋە شۆھرەتسىز قىلغىن، دەيتتى. ۋاھالەنكى، بۇ چاغدا ئەرەب



www.munber.org

زىمىنى فەتھى قىلىنغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەجدە يۈز تۆگە قۇربانلىق قىلغان ئىدى. مەككە فەتھى قىلىنىپ، رەسۇلۇللاھ ئىسلام قوشۇنى بىلەن مەككىگە كىرگەندە، كەمتەرلىكتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، پېشانىسى تۆگىنىڭ چومىغا تېگەي دەپ قالغان. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ بىلەن بازارغا چىقىپ ئۇنىڭغا كىيىملىك سېتىۋالغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ كىيىمگە پۇلنى ئۇششۇقراق بەردى. ساتقۇچى خۇشاللىقىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ قولىنى سۆيۈشكە تەمشىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ قولىنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ: بۇ مەجۇسىلارنىڭ ئىشى. ئۇلار پادىشاھلىرىنىڭ قولىنى شۇنداق سۆيىدۇ. مەن پادىشاھ ئەمەس، سىلەرگە ئوخشاش ئاددى بىر ئادەم، دېدى. كىيىملىكنى مەن كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇ بەرمەي: كىشى ئۆز نەرسىسىنى ئۆزى كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك، دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىللىقى، ئاددى ـ ساددىلىقى، لەۋزىدە تۇرۇشى، ئىپپەتلىكلىكى ۋە راستچىللىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇندىنلا ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ راستچىل ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر ئۇنى ئەمىن دەپ ئاتىشاتتى، بۇنى كىتاۋىمىزنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نىكاھىمدا بولمىغان ئايالنىڭ قولىنى تۇتقىنىم يوق، دېگەن. ئەبۇلئابباس مۇنداق دەيدۇ: كىسرا كۈنلىرىنى تەقسىم قىلىپ،



www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى

بۇران چىققان كۈنى ئۇخلىغان ياخشى، ھاۋا تۇتۇق كۈنى ئوۋغا چىققان ياخشى، يامغۇر ياققان كۈنى نەغمە ـ ناۋا بىلەن شاراپ ئىچكەن ياخشى، ھاۋا ئوچۇق كۈنى ئىشلىگەن ياخشى، دېگەن. پەيغەمبىرىمىز كۈندۈزنى ئۈچكە تەقسىم قىلىپ، ئۇنىڭ بىر بۆلىكىنى الله ئۈچۈن، بىر بۆلىكىنى ئائىلىسى ئۈچۈن، بىر بۆلىكىنى ئۆزى ئۈچۈن بۆلگەن. ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن بۆلگەن قىسمىنى كىشىلەرنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان. يېنىدىكى كىشىلەرگە ئۇمۇمنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى تەرغىب قىلىپ: مەن ھاجىتىدىن چىقالمىغان كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىڭلار. ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىققان ئادەمنى الله قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەمىن قىلىدۇ، دېگەن. رەسۇلۇللاھ بىراۋنىڭ گۇناھى ئۈچۈن باشقا بىراۋنى جازاغا تارتمايتتى، بىراۋنىڭ ئۈستىدىن چېقىمچىلىق قىلغانلارنىڭ سۆزىگە چۈمپۈتمەيتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىر ـ بېسىقلىقى، تەمكىنلىكى، سۆزلەش ۋە سۈكۈت قىلىشتىكى بەزى پەزىلەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ۋەزمىن ۋە تەرتىپلىك، تولاراق يۈكۈنۈپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇراتتى. زۆرۈر بولغاندا سۆزلەيتتى، سۆزى دەل جايىدا ۋە تەلەپكە لايىق ئىدى؛ ياخشى سۆز قىلمىغانلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايتتى؛ كۈلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى؛ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆھبىتى مۇلايىم، ھايالىق، ياخشى ۋە ئەمىن



www.munber.org

كەيپىياتتا ئۆتەتتى، ئۇنىڭ سۆھبىتىدە ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ ۋە يامان گەپلەر بولمايتتى؛ رەسۇلۇللاھ سۆز قىلغاندا ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى باشلىرىغا قۇش قونغاندەك جىم تۇرۇشاتتى. ئىبنى ئەبۇھالە: رەسۇلۇللاھنىڭ سۈكۈتى مۇلايىملىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە تەپەككۇر ئىچىدە ئۆتەتتى، دېگەن. ھەزرىتى ئائىشە: رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى شۇنداق ئۇچۇق، دانە ــ دانە ئىدىكى، ئۇنى سانىغىلى بولاتتى. رەسۇلۇللاھ خۇشبۇي نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتى ۋە كۆپ ئىستىمال قىلاتتى ھەم شۇ نەرسىلەرنى تەرغىب قىلاتتى، دېگەن. رەسۇلۇللاھ تاماقنى ۋە ئىچىدىغان نەرسىلەرنى پۈۋلەپ يېيىش ۋە پۈۋلەپ ئىچىشنى مەنئى قىلاتتى، كىشىلەرنى تاماقنى ئۆز ئالدىدىن يېيىشكە، مىسۋاك ئىشلىتىشكە، پۇت، قول بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى تازىلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇيتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماسىزلىقى

بۇ توغرىدا يۇقىرىدا يېتەرلىك سۆزلىدۇق. رەسۇلۇللاھ دۇنياغا بېرىلمەيتتى، نۇرغۇن جايلار فەتھى قىلىنىپ مال ــ مۈلۈك يېتىپ ــ ئېشىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالمايتتى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ساۋۇتى ئائىلىسىنىڭ نەپىقىسى ئۈچۈن بىر يەھۇدىيگە رەنىگە قويۇلغان. ئۇ: ئى الله، مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈن ئۆتكىدەك بەرسەڭ كۇپايە، دەپ دۇئا قىلاتتى. ئائىشە: رەسۇلۇللاھ ھاياتىدا ئۇدا ئۈچ كۈن توق ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۆزىدىن كېيىن ئالتۇن، كۆمۈش، قوي، تۆگىدەك بىر نەرسىمۇ قالدۇرمىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا، مېنىڭ ئۆيۈمدە تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويغان تۆت قوش چاڭگال ئارپىدىن باشقا يەيدىغان نەرسە يوق ئىدى، دېگەن. رەسۇلۇللاھ: الله ماڭا مەككىنىڭ سايلىرىنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى ئېيتقان ئىدى، مەن: ياق رەببىم،



www.munber.org



بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق ئۆتسەم بولىدۇ. ئاچ ئۆتكەن كۈنۈمدە ساڭا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىمەن، توق ئۆتكەن كۈنۈمدە ساڭا شۈكرى قىلىمەن ۋە سانا ئېيتىمەن دېدىم، دېگەن. ئائىشە: بىز مۇھەممەد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئايلاپ قازان ئاسالماي، خورما، سۇ بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولغان، دېگەن. ئەنەس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شىرەدە ۋە لىگەندە تاماق يېمىگەن (بۇلارنى دۆلەتمەن ئادەملەر ئىشلىتەتتى) . قايتا ــ قايتا تاسقالغان يۇمشاق ئۇننىڭ نېنىنى يېمىگەن، قايناقسۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ گۆشىنىمۇ يېمىگەن، دېگەن (باي ئادەملەر قوينى قايناقسۇغا بېسىپ يۇڭدىۋېتىپ، تېرىسى بىلەن پىشۇرۇپ يەيتتى) . يەنە : رەسۇلۇللاھنىڭ ياتىدىغان تۆشىكى ئىچىدە خورما دەرىخىنىڭ قوۋزىقى قاپلانغان تېرە ئىدى، دېگەن. ھەفسە: رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىدىكى تۆشىكى بىرلا پالاس بولۇپ، ئۇنى ئىككى قاتلاپ سېلىپ بېرەتتۇق، ئۇ شۇنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايتتى. بىر كېچىسى پالاسنى تۆت قاتلاپ سېلىپ بەرگەن ئىدۇق، ئەتىگىنى ئۇ بىزدىن پالاسنى قانداق سېلىپ بەرگەنلىكىمىزنى سورىدى، بىز تۆت قاتلاپ سېلىپ بەرگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇدۇق، ئۇ، بۇرۇنقىدەك ئىككى سېلىڭلار، بۇ كېچە ئۇنىڭ يۇمشاقلىقى مېنى نامازدىن قويدى، دېدى، دېگەن. ئائىشە: رەسۇلۇللاھ تويغىدەك تاماق يېمەيتتى، لېكىن يوقسۇزلۇقتىن ھېچ كىشىگە زارلانمايتتى. بايلىققا قارىغاندا يوقسۇزلۇقنى ياخشى كۆرەتتى، ئاچلىقتىن تۈن بويى قورسىقى ئاغرىپ چىقاتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە كۈندۈزى روزا تۇتاتتى، ئەگەر ئۇ رەببىدىن پۈتۈن زېمىننىڭ غەزنىلىرىنى، مەھسۇلاتلىرىنى ھەمدە پاراۋان تۇرمۇشنى سورىسا، رەببى بېرەتتى، لېكىن ئۇ سورىمايتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئىچىم ئاغرىپ يىغلايتتىم،



www.munber.org

ئاچلىقتىن ئاغرىۋاتقان قورسىقىنى ئىككى قولۇم بىلەن سىلايتتىم. ساڭا جېنى پىدا بولسۇن، مال ــ دۇنيادىن قورسىقىڭغا يەتكۈدەك نەرسە تۇتساڭ بولماسمىدى؟ دېگىنىمدە، ئۇ: ئى ئائىشە، ماڭا مال ـ دۇنيانىڭ نىمە كېرىكى بار؟ مېنىڭ ئىرادىلىك پەيغەمبەر دوستلىرىم بۇنىڭدىن قاتتىقراق كۈنگىمۇ چىدىغان، ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا، ھۆرمەتكە، ساۋابقا ئىگە بولدى. مەن باياشات تۇرمۇش كەچۈرسەم، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋەمنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن. ھالبۇكى، ماڭا پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىم بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئەلا نەرسە يوق دەيتتى، دېگەن. ئائىشەنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ سۆزلىرىنى قىلىپلا بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى

رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھدىن قورقۇشى ۋە تائەت ـ ئىبادىتى ئۈنىڭ ئىلمىگە لايىق ئىدى. شۇڭا ئۇ، مەن بىلگەننى بىلىدىغان بولساڭلار، ئاز كۈلەتتىڭلار، كۆپ يىغلايتتىڭلار. مەن سىلەر كۆرمىگەننى كۆرۈپ تۇرىمەن، سىلەر ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئاسمان تولۋالىدۇ، ئۇنىڭ تولۋىلىشى ھەقلىق، ئاسماندا ھەر تۆت بارماقچىلىق ئورۇندا بىر پەرىشتە ئاللاھقا سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھقا قەسەمكى، مېنىڭ بىلگەنلىرىمنى بىلىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە، ئازكۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار؛ تۆشەكلىرىڭلاردا ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە يېتىپ لەززەتلەنمەيتتىڭلار، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ دۆڭ ـ چوققىلارغا چىقىپ كېتەتتىڭلار. كاشكى مەن كېسىپ تاشلىنىدىغان دەرەخ بولۇپ كەتسەمچۇ، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى كۆپ ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەندە، بەزىلەر



www.munber.org



ئۇنىڭغا: ئاللاھ سېنىڭ پۈتكۈل گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، يەنە شۇنچە مۇشەققەت چېكەمسەن؟ دېگەندە، ئۇ: مەن شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمامدىمەن؟ دېگەن. ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى توختىماي يېغىپ تۇرىدىغان يامغۇرغا ئوخشايتتى. قايسىڭلار رەسۇلۇللاھدەك تاقەت قىلالايسىلەر؟ رەسۇلۇللاھ روزا تۇتقاندا، ئېغىز ئاچمامدىكى دەيتتۇق، ئېغىز ئاچقاندا، روزا تۇتمامدىكى دەيتتۇق، دېگەن. ئەۋف ئىبنى مالىك: رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر كېچە بىللە بولغان ئىدىم، ئۇ مىسۋاك بىلەن ئاغزىنى يۇيدى، ئاندىن تەرەت ئېلىپ نامازغا تۇردى، مەنمۇ بىللە تۇردۇم. ئۇ، سۈرە بەقەرەنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئائىت ئايەتنى ئوقۇغاندا توختاپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىلتىجا قىلاتتى؛ ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئائىت ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا توختاپ، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن پانا تىلەيتتى. ئاندى رۇكۇ قىلاتتى، قىيامدا قانچىلىك تۇرغان بولسا، رۇكۇدىمۇ شۇنچىلىك تۇراتتى. رۇكۇدا: "قۇدرەتنىڭ، سەلتەنەتنىڭ ۋە بۈيۈكلۈكنىڭ ساھىبى بولغان ئاللاھ پاكتۇر" دەيتتى، ئاندى سەجدە قىلاتتى، سەجدىدىمۇ رۇكۇدا دېگەننى دەيتتى، ئاندى سۈرە ئال ـ ئىمراننى ئوقۇيتتى، ئاندىن كېيىن كەينىدىكى سۈرىلەرنى ئوقۇپ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى تەكرارلايتتى، دېگەن. يەنە بىرسى: رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتىدىكەن، ئىچىدىن قازاننىڭ قاينىغان ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى، دېگەن. ئىبنى ئەبۇ ھالە رەسۇلۇللاھنى ھەمىشە غەمكىن، ئويچان ئىدى، ئارام ئالمايتتى، دەپ سۈپەتلىگەن. ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇكى: مەن رەسۇلۇللاھتىن ئۇنىڭ سۈننىتىنى سورىسام، ئۇ مۇنداق دېگەن: "مەرىپەت ـ مېنىڭ دەسمايەم؛ ئەقىل ـ دىنىمنىڭ نېگىزى؛ ئاللاھنى دوست تۇتۇش ـ ئاساسىم؛ ئاللاھقا بولغان ئىشتىياقىم ـ ئۇلىغىم؛ ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈلپىتىم؛ ئاللاھقا بولغان



www.munber.org

ئىشەنچەم- غەزىنەم؛ قايغۇ - ھەمرىيىم؛ ئىلىم - قورالىم؛ سەۋرى - چاپىنىم؛ ئاللاھنىڭ قىسمىتىگە رازى بولۇش - غەنىمىتىم؛ ئاجىزلىق - پەخرىم؛ تاماسىزلىق - ھۈنىرىم؛ ئىمان - قۇۋۋىتىم؛ راستچىللىق - شاپائەتچىم؛ تائەت- ئىبادەت - مېنى قاندۇرىدىغان نەرسەم؛ جىھاد- مېنىڭ ئەخلاقىم؛ ناماز- خۇشاللىقىم؛ ئاللاھنىڭ زىكرى- قەلبىمنىڭ مۇئنىسى؛ غېمىم ئۈممىتىمدە؛ ئىشتىياقىم رەببىمگە."

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى ئۈممىتىدىن خەيرىيەتلەرگە ئىگە قىلسۇن! قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا، رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل، ئېسىل ئەخلاقلىرىنى، گۈزەل خىسلەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە مەھكەم ئېسىلغان بەندىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! ئى ئەڭ مېھرىبان ئاللاھ، مەرھەمەت قىلىپ، بىزنى ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغايسەن!

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇلۇغ ئىشلىرىنى، گۈزەل سىرەتى(تەرجىمھالى، تارىخى، تۇرمۇش ئۇسۇلى) ، ئاجايىپ ئىلمىنى، كۈچلۈك ئەقلىنى، مۇلايىملىقىنى، پۈتۈن كامالەتلىرىنى، بارلىق خىسلەتلىرىنى ۋە راستچىللىقىنى مۇلاھىزە قىلغان ئادەم ئۇنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە ۋە دەۋىتىنىڭ توغرىلىقىغا شەك قىلمايدۇ، مۇشۇ جەھەتلەرنى مۇلاھىزە قىلغان نۇرغۇن ئادەملەر باشقا مۆجىزە تەلەپ قىلمايلا مۇسۇلمان بولغان. ئابدۇللا ئىبنى سالام شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە



www.munber.org



كەلگەندە مەن ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھالىنى بىلمەك بولۇپ كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ، يالغانچى ئەمەسلىكىنى بىلدىم، دېگەن. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، زىماد ئاتلىق ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: بارچە مەدھىيە ئاللاھقا خاس، ئاللاھنى مەدھىيىلەيمىز، ئاللاھدىن مەدەت تىلەيمىز، ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يالغۇز بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، دېگەندە، زىماد رەسۇلۇللاھقا: بۇ سۆزلىرىڭنى تەكرارلىساڭ ئىكەن، بۇ سۆزلىرىڭ ۋايىغا يەتتى، قولۇڭنى بەرگىن، مەن بەيئەت قىلىمەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇممانىنىڭ پادىشاھىنى دىنغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇممانىنىڭ پادىشاھى: ئاللاھقا قەسەمكى، مېنى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىشىنىشكە شۇ نەرسە يېتەكلىدىكى، ئۇ كىشىلەرنى قانداق ياخشى ئىشقا بۇيرۇسا، شۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىدۇ؛ قانداق يامان ئىشنى مەنئى قىلسا، شۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلمايدۇ. غەلىبە قىلسا خوش بولۇپ كەتمەيدۇ، مەغلۇب بولسا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدۇ؛ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، پەقەت خىلاپلىق قىلماي ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شاھىدمەن، دېگەن. ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنۇ شېئىرنى ئېيتقان:

بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ روشەن دەلىلى،

چىقىپ تۇرار چېھرىدىن چۇقۇم پەيغەمبەرلىكى.

ئاللاھ ئىسلام دىنىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنى سان- ساناقسىز مۆجىزىلەرگە مۇيەسسەر قىلغان. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەرلەر ئىچىدە مۆجىزىلىرى ئەڭ كۆپ ۋە دەلىللىرى



www.munber.org

ئەڭ روشەن پەيغەمبەردۇر. سىزنى خۇرسەن قىلىش ۋە ئېتقادىڭىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ نۇرغۇن ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان ۋە مۇھەددىسلەر ئىشەنچلىك كىتابلىرىدا يازغان بىر قىسىم مۆجىزىلىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز. سۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتا ئەڭ روشەن مۆجىزە بولغان قۇرئان كەرىمدىن باشلايمىز

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى كۆپ، ئۇلارنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ نۇقتا: قۇرئاننىڭ چىرايلىق تۈزۈلۈشى، سۆزلىرىنىڭ جىپسىلىقى، پاساھىتى، ئىخچاملىقى، ئەرەبلەرنىڭ سۆز ئادىتىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىدۇر. ئەرەبلەر تىل سەنئىتىدە ئالدىغا كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدا تېپىلمايدىغان ھېكمەتلەرگە ئىگە ئىدى، تىلى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئۆتكۈر ۋە ئېنىق ئىدى. الله يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرنى ئەرەبلەردە تەبىئىي بار قىلغان ئىدى. ئۇلار تاسادىپىي سۆزلىگەندىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەيتتى، تۈرلۈك ئورۇنلاردا تىل ۋاستىسى بىلەن مەقسەتلىرىگە يېتەتتى، قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندىمۇ، جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ تاسادىپىي نۇتۇقلارنى سۆزلىيەلەيتتى؛ تىل ئارقىلىق ھەجۋىي قىلىسىمۇ، ماختىسىمۇ، دوستلۇق ئىزھار قىلىسىمۇ باشقىلاردا سېھىردەك تەسىر پەيدا قىلاتتى؛ سۆز دۇردانىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەتتى، ئاغرىق ـ ئاداۋەتلەرنى كەتكۈزەتتى ۋە قوزغايتتى، قورقۇنچاقلارنى يۈرەكلىك قىلاتتى، نامسىز ئادەملەرنى نامدار قىلىۋېتەتتى، داڭلىقلارنى نامسىز قىلىپ قوياتتى. سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ تىلى ساپ، ئېنىق، كەسكىن، تەنتەنىلىك بولۇپ،





ئۇلار ساپ تەبىئەتلىك، جەزبىلىك سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. شەھەر ئەرەبلىرىنىڭ تىلى گۈزەل ۋە ئىخچام بولۇپ، ئۇلار يىنىك تەبىئەتلىك، تەكەللۇپسىز ئىدى. مەيلى سەھرالىق، مەيلى شەھەرلىك بولسۇن، ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى تولىمۇ يۈكسەك ۋە تەنتەنىلىك ئىدى. سۆزلەشتە مەقسىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك، راۋان ئۇقتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى؛ تىلىنىڭ تۈرلۈك ئۇسلۇپ ۋە ئۇسۇللىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى، ئۇلارنى بەكمۇ ماھىرلىق بىلەن قوللىناتتى، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە تىل سەنئىتىنى جارى قىلدۇراتتى، نەسىر، نەزمە شەكىللىرىدىن ئوخشاشلا پايدىلىنىۋېرەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار دانا، ماختاشقا لايىق، الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، ھېچقانداق تەرەپتىن باتىل تەسىر قىلمايدىغان غالىپ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلدى. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى پۇختا، سۆزلىرى كەسكىن، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى ئەقىللەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى، پاساھىتى ھەرقانداق تىلنى بېسىپ چۈشتى. ئۇ تىل سەنئىتىدىكى بارلىق تاكاممۇللۇق، ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.الله تىل سەنئىتىنىڭ تۈرلۈك ساھەسىدە يۈكسەك دەرىجىگە ئېرىشكەن ئەرەب جامائەتچىلىكىگە قۇرئاندا يىگىرمە نەچچە يىل جەريانىدا ئاشكارا مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئۇلار قۇرئانى ئۆزى(مۇھەممەد) توقۇغان دېيىشەمدۇ؟ سەن ئۇلارغا:اللەدىن بۆلەك چاقىرالايدىغانلىكى ياردەمچىلەرنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى تۈزۈپ بېقىڭلار، ئەگەر راستچىل بولساڭلار، دېگىن“. (سۈرە يۇنۇس، 39ـ ئايەت) ”بىز بەندىمىزگە نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، ئالللادىن بۆلەك ياردەمچىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى تۈزۈپ بېقىڭلار، ئەگەر راستچىل بولساڭلار.“



www.munber.org

(سۈرە بەقەرە، 23- ئايەت) ئىنسانلار، جىنلار قۇرئاننىڭ تەڭدىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ، بىر- بىرىگە ياردەملەشسىمۇ مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.“ (سۈرە ئىسرا، 88- ئايەت) قۇرئانغا ئوخشاش تۈزۈلگەن ئون سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، دېگىن.“ (سۈرە ھود، 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قاتتىق ئەيىپلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىقىنى، تۇزۇمىنىڭ ناچارلىقىنى مالامەت قىلاتتى. بۇتلىرىنى، ئاتا - بوۋىلىرىنى سۆكەتتى، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى، دىيارلىرىنى، ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى يوللۇق ھېسابلايتتى، ئۇلار ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتىن قاچاتتى، قۇرئاننىڭ مىسلىنى كەلتۈرۈشكە ئاجىز ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چىن پۇتمەسلىك ۋە بۆھتان چاپلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ ئۆزلىرىنى ئالدايتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشەتتى: ”قۇرئان دېگەن تەسىر كۆرسىتىدىغان سېھىر، داۋاملىشىدىغان سېھىر، توقۇلغان بۆھتان، قەدىمقىلاردىن قالغان ھېكايىلەر.“ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ تېڭىرقاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ”بىزنىڭ دىلىمىز چۈشەنمەيدۇ، ئۇ پەردىلەنگەن، قولاقلىرىمىز ئېغىر، بىز بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا پەردە بار، بۇ قۇرئانغا قولاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار (ئوقۇۋاتقان چاغدا) “ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي چوڭ سۆزلەپ: ”ئەگەر خالىساق قۇرئانغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ چۈقۇم تۈزەلەيتتۇق“ دەيتتى. الله ئۇلارغا :”قۇرئاندەك سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ تۈزەلمەيسىلەر“دېگەن. ئەمەلدە، ئۇلار قۇرئاننىڭ تەڭدىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمىدى. مۇسەيلىمەدەك بەزى ئەخمەقلەر شۇنداق قىلىشقا ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ، رەسۋا بولدى. الله ئۇلارنى قۇرئانغا

www.munber.org





تەئەررۇز قىلالايدىغان قۇۋۋەتتىن مەھرۇم قىلدى. ئۇلار قۇرئاننىڭ تىل ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. قۇرئاندىكى” قىساس ئېلىنسا، سىلەر ھايات قالىسىلەر (قاتىل ئۆلتۈرۈلسە، قاتىللىق قىلىشقا جۈرئەت قىلغۇچىلار قالمايدۇ، باشقىلار ھايات قالىدۇ مەنىسىدە. ــ ت) .“ (سۈرە بەقەرە. 179- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ” ئۇلارنى دەھشەت باسقان، كۆرسەڭكى، ئۇلار قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ، ئۇلار دەۋزەققە يېقىن جايدا تۇتۇلىدۇ.“(سۈرە سەبە، 51- ئايەت) ”يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، سەن بىلەن ئاداۋەتتە بولغان دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ.“ (سۈرە فۇسسىلەت، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ”زېمىنغا: سۈيۈڭنى يۇت! ئاسمانغا: سۈيۈڭنى توختات! *[تويان بالاسىنىڭ توختىشىنى كۆرسىتىدۇ. ـ ت]* دېيىلدى. سۇ سۈرۇلدى، اللهنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىندى. كېمە جودى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. زۇلۇم قىلغان قەۋم ھالاك بولسۇن دېيىلدى.“ (سۈرە ھود، 44- ئايەت) ھەربىر قەۋمنى ئۇنىڭ قىلمىش گۇناھى سەۋەبىدىن ھالاك قىلدۇق، بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ھالاك قىلدۇق، بەزىسىنى يەرگە يۇتقۇزدۇق، بەزىسىنى سۇدا غەرق قىلدۇق؛ الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى.“(سۈرە ئەنكەبۇت، 40- ئايەت) قاتارلىق ئايەتلەرنى ھەتتا قۇرئاننىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلساڭ، قۇرئاننىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ئىبارىلىرىنىڭ قىسقا، مەنىسىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى، ھەرپلىرىنىڭ چىرايلىق تۈزۈلگەنلىكىنى، سۆزلىرىنىڭ مۇناسىپلىقىنى، ھەربىر ئىبارىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن جۈملىلەر ۋە مول ئىلىملەرنىڭ ياتقانلىقىنى، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن كىتابلارنىڭ

www.munber.org

يېزىلغانلىقىنى، تۈرلۈك مەنىلەرنىڭ چىقىرىلغانلىقىنى بىلىۋالىسەن. ناتىقلار ئادەتتە ئاجىزلىق قىلىدىغان، بايانىنىڭ گۈزەللىكى سۇسلىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن قىسسىلەردە، مەسىلەن، ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان يۈسۈپ قىسسىسىدەك ئۇزۇن قىسسىلەردە سۆز- ئىبارىلەر، بايانلار شۇنداق جىپسىلىشىپ كەتكەنكى، بۇ جەھەتلەرنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان ئادەمگە قۇرئاننىڭ قانچىلىك مۆجىزە ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئايان بولىدۇ. قۇرئاندىكى بەزى قىسسىلەر كۆپ تەكرارلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى تۈرلۈك بولغاچقا، سۆز- ئىبارىلەرنىڭ جىپسىلىقى ۋە گۈزەللىكى بۇزۇلمىغان، ئۇلارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن كىشى زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ.

2- نۇقتا: قۇرئاننىڭ ئاجايىپ چىرايلىق شەكىلدە تۈزۈلگەنلىكى، ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر ئۇسلۇپتا مەيدانغا كەلگەنلىكىدۇر. ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ مۇنداق ئۇسلۇپ مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ تەقلىدىنى ئىجاد قىلىشقا ھېچكىم قادىر بولالمىغان، قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى ئالدىدا ئەرەبلەر ھاڭ- تاڭ قېلىشقان، ئەرەبلەر مەيلى نەسىردە بولسۇن، نەزمىدە بولسۇن، قاپىيىداش سۆزدە بولسۇن ياكى شېئىردا بولسۇن، ھېچقاچان قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىدەك ئۇسلۇپنى تاپالىغان ئەمەس. قۇرئان پاساھەت جەھەتتىمۇ، ئۇسلۇپ جەھەتتىمۇ مۆجىزە بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇنىڭغا ھەر ئىككى جەھەتتىن تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلغان.

3- نۇقتا: قۇرئاننىڭ بولغۇسى ئىشلار توغرىسىدىكى خەۋەرلىرىدۇر. قۇرئاندا ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن ئىشلار كېيىن ئەينەن مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، قۇرئاندا:" ئىنشائاللا، چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا تېنچ - ئامان



www.munber.org



كىرىسىلەر"(سۈرە فەتھ 27- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. يەنە قۇرئاندا رۇملۇقلار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار مەغلۇب بولغاندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە غالىب بولىدۇ." (سۈرە رۇم، 3-، 4- ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى) قۇرئاندا يەنە: "اللّٰه ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەرنىمۇ، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغىنى، ئۇلار تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى"(سۈرە نۇر، 55- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. قۇرئاننىڭ نەسر سۈرىسىدە يەنە:" اللّٰهنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبە يېتىپ كەلگەن چاغدا، كىشىلەرنىڭ توپ- توپ بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسەن" (سۈرە نەسر، 1-، 2- ئايەت) دېيىلگەن.ئۇنىڭدا قانداق خەۋەر بېرىلگەن بولسا، ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق يۈز بەرگەن. دېمەك رۇملۇقلار فارس(ئىرانلىق) لار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان؛ كىشىلەر ئىسلام دىنىغا توپ- توپ بولۇپ كىرگەن؛ مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكىتى كېڭىيىپ بارغان. ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ فەتھى قىلغان زېمىنى غەرپ تەرەپتە ئەندەلۇس(ئىسپانىيە) مەملىكىتىنىڭ يىراق جايلىرىغىچە، شەرق تەرەپتە ھىندىستاننىڭ يىراق جايلىرىغىچە، شىمال تەرەپتە تۈرك مەملىكەتلىرىگىچە، جەنۇپ تەرەپتە سۇداننىڭ يىراق جايلىرىغىچە يېتىپ بارغان. قۇرئاندا يەنە: "بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز"(سۈرە ھىجر، 10- ئايەت) دېيىلگەن. خۇداغا شۈكرى، ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى. قۇرئاندا يەنە: "مۇشرىكلار جامائەسى مەغلۇب بولۇپ ئارقىغا چېكىنىدۇ"(سۈرە قەمەر، 45- ئايەت) دېيىلگەن. بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، كېيىن يۈز بەرگەن بەدرى غازىتىدا



www.munber.org

خۇددى شۇنداق بولغان. قۇرئاندا يەنە:" مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، اللە سىلەرنىڭ قولۇڭلار ئارقىلىق ئۇلارنى ئازاپلايدۇ"(سۈرە تەۋبە، 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. مۇناپىقلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ سىرلىرىنىڭ پاش قىلىنىشى ۋە يالغانچىلىقلىرى ھەققىدە بۇ كىتابتا يېزىلغان خەۋەرلەرمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، قۇرئاندا ئۇلار توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلار ئۆز ئىچىدە: بۇ سۆزىمىز سەۋەبلىك اللە نېمىشقا بىزگە ئازاپ قىلمايدۇ، دېيىشىدۇ." (سۈرە مۇجادەلە، 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) قۇرئاندا يەنە: "ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان سۆزلىرىنى كۆڭلىدە يوشۇرىدۇ" (سۈرە ئال- ئىمران، 154- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. قۇرئاندا يەنە: " يەھۇدىيلاردىن سۆزلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىرىمۇ بار. ئۇلار: ئاڭلىدۇق، لېكىن بويسۇنمىدۇق، (سەن بىزگە) قۇلاق سال، (بىز ساڭا) قۇلاق سالمايمىز، دەيدۇ. دىنغا تەنە قىلىش ئۈچۈن، رائىنا سۆزىنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ" (سۈرە نىسا، 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن.

4- نۇقتا: قۇرئاندا ئۆتكەنكى نام- نىشانى قالمىغان ئۈممەتلەرنىڭ، ئىز قالمىغان شەرىئەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرەر قىسسىسىنى ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆمۈر بويى ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان كاتتا ئالىملىرى بىلەتتى، بۇنداق قىسسىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەم- كۈتىسىز ھالدا ئەسلى بويىچە بايان قىلاتتى، ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى بۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەلۇماتلارغا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئەمەس. ناسارا ۋە يەسۇدىلارغا مەلۇم ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممى بولۇپ، يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن، مەكتەپ كۆرمىگەن، ئىلىم- بىلىم بىلەن مەشغۇل



www.munber.org



بولمىغان. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا مەخپىي ئەمەس ئىدى. ئەھلى كىتابلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئىلگىرىكى مۇقەددەس كىتابلاردا يېزىلغان نەرسىلەر توغرىلىق نۇرغۇن سوئاللارنى سورايتتى، قۇرئاندا مەزكۇر سوئاللارغا جاۋاب بېرىلەتتى، ئۇلارنىڭ ئالىملىرى قايىل بولاتتى، بېرىلگەن جاۋابلارنى يالغان دېيىشكە ئاساسسىز قالاتتى. شۇنداقلا مۇقەددەس كىتابلارغا خىلاپ كېلىدىغان بىرەرمۇ يېرى بارلىقىنى ھېچكىمشى ئېيتمىغان. ۋاھالەنكى، ئۇلار قۇرئاندا ئەيىبلىنىپ: "ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋرەتنى ئەكىلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، دېگەن"(سۈرە ئال- ئىمران، 93- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىلگەن. اللە نىڭ ئەھلى كىتابقا قارىتا ئېيتقان قۇرئاندىكى مۇنۇ سۆزى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:" جەننەت باشقا كىشىلەرگە ئەمەس، پەقەت سىلەرگىلا خاس بولىدىغان بولسا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر راستچىل بولساڭلار."(سۈرە بەقەرە، 94- ئايەت) ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلۈپ قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۇلار قىلغان- ئەتكەنلىرى سەۋەبلىك ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدۇ." (سۈرە بەقەرە، 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) .ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئاڭلانغىنى يوق. ۋاھالەنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغانچى قىلىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ نەجران ناسارالىرىنى ئۆزلىرىنىڭكىنى توغرا دەپ قەسەم ئىچىشكە چاقىرغاندىمۇ، ئۇلار خۇددى مۇشۇنداق باش تارتىشقان. ئۇلاردىن كەلگەن بايان قىلىنغان باپتا بۇ ھەقتە توختىلىپ



www.munber.org

ئۆتتۇق. قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، قۇرئاننى ئاڭلىغۇچىلارنى سۇر باساتتى؛ مۇشرىكلارغا قۇرئاننى ئاڭلاش ئېغىر تۇيۇلاتتى. ئۇلار ئاڭلاشتى قورقاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قۇرئان ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلارغا قىيىن تۇيۇلىدۇ، دېگەن. بۇ توغرا ھۆكۈمدۇر. مۆئمىن ئادەم قۇرئان ئوقۇغاندا ئۇنى سۇر بېسىشى ئۇنىڭ قۇرئانغا تېخىمۇ ئىشتىياقىنى ئاشۇرىدۇ، ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ. الله قۇرئاندە مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئاننى ئاڭلىغاندا، الله دىن قورققانلارنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىدۇ، ئۇلار اللهنىڭ رەھمەت- مەغپىرىتىنى ئەسلىگەندە تىترىكى بېسىقىپ، خاتىرجەم بولىدۇ."(سۈرە زۇمەر، 23- ئايەتنىڭ بىرقىسمى) الله قۇرئاندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر بۇ قۇرئاننى بىر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇ تاغنىڭ ئاللادىن قورققىنىدىن باش ئېگىپ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ." (سۈرە ھەشىر، 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) قۇرئاننىڭ قىيامەتكىچە باقى بولىشىمۇ ئۇنىڭ بىر مۆجىزىسىدۇر. الله ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا كېپىللىك قىلىپ: "بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز" دېگەن ۋە يەنە: "قۇرئانغا ھېچقايسى تەرەپتىن باتىل يۈزلەنمەيدۇ"دېگەن.

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى بولسا ئۆز زامانىسىدىلا تۈگەپ، ئۇلارنىڭ پەقەت خەۋەرلىرىلا قېلىپ قالغان. قۇرئان تاكى ھازىرقى ۋاقتىمىزغا قەدەر قۇدرەتلىك يېڭىلمەس مۆجىزە بولۇپ كەلدى. ھەربىر ئەسىردە نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار، ئالىملار، ئاتاقلىق ناتىقلار، مەشھۇر يازغۇچىلار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەھرىلەر ۋە ئىسلامغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر نەرسە ئىجاد

www.munber.org





قىلغىنى ياكى ئىككى ئېغىز سۆز تۈزەلىگىنى يوق ۋە ئۇنىڭغا دەل جايىدا زەربە بېرەلىگىنىمۇ يوق. بۇنىڭغا كۈچەپ ئۇرۇنغۇچىلارمۇ، قولىدىن كەلمەي، ئاخىرى مەغلۇب بولغان. قۇرئان توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن بۇ باپنى ئاياقلاشتۇرىمىز:

"الله نازىل قىلغان بۇ قۇرئان ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغۇچى، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىدۇر، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى ۋە ئۆرنىكىدۇر. قۇرئاندا سىلەر توغرىلىق، ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر توغرىلىق ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىلىق خەۋەرلەر بار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىشلارنى ھەل قىلغۇچى ھۆكۈملار بار. قۇرئان كۆپ تەكرارلاش ۋە كۆپ ئىشلىتىش بىلەن كونىراپ كەتمەيدۇ، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرى تۈگىمەيدۇ. قۇرئان چاقچاق ئەمەس، ھەق. قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئادەم ئادىل ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ؛ قۇرئانغا يۆلىنىپ ئۇرۇشقان ئادەم غەلبە قىلىدۇ؛ قۇرئان بىلەن ھۆكۈم چىقارغان ئادەم توغرا قىلغان بولىدۇ؛ قۇرئانغا ئەمەل قىلغان ئادەم ساۋاب تاپىدۇ؛ قۇرئاننى تۇتقا قىلغان ئادەم توغرا يول تاپىدۇ؛ قۇرئاندىن باشقا نەرسىدىن ھىدايەت تەلەپ قىلغان ئادەمنى الله ئازدۇرىدۇ؛ قۇرئاندىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئادەمنى الله ھالاك قىلىدۇ؛ قۇرئان ھېكمەتلىك زىكرىدۇر، روشەن نۇردۇر، توغرا يولدۇر، اللهنىڭ مەھكەم رىشتىسىدۇر، پايدىلىق دورىدۇر. قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى تۇتقا قىلغان ئادەمنى ئۇ ساقلايدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئادەم نىجاد تاپىدۇ. قۇرئاندا رۇسلاشقا تېگىشلىك ئەگرىلىك يوقتۇر؛ قۇرئان ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئەيىپلەشكە، كايىشقا ئۇچرىمايدۇ."

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن يەنە بىرى ئاينىڭ

www.munber.org

يېرىلىشى ئىدى، بۇ ۋەقەنى يۇقىرىدا تولۇق بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر مۆجىزىسى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن سۇنىڭ كۆپەيگەنلىكى ئىدى. بۇ ۋەقەنى ئەنەس، جابىر ۋە مەسئۇد قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان. ئەنەس: ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاز قالغان چاغدا رەسۇلۇللاھنى كۆردۈم. كىشىلەر تاھارەت ئالىدىغان سۇ ئىزلەپ تاپالمايۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئالىدىغان بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، قولىنى قاچىنىڭ ئىچىگە قويۇۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنى شۇ قاچىدىكى سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاھارەت ئالدى، دېگەن. ئۇنىڭدىن تاھارەت ئالغانلارنىڭ سانى توغرىلىق سورالغاندا، ئۇ ئۈچ يۈزچە ئادەم ئىدۇق، دېگەن. ئىبنى مەسئۇد: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدۇق، بىزدە سۇ يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئېشىپ قالغان سۇدىن بىر ئاز تېپىپ كېلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئۇ تېپىپ كەلگەن سۈيىمىزنى بىر قاچىغا قۇيۇپ، قولىنى قاچىغا سېلىۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققىلى تۇردى، دېگەن. جابىر: ھۇدەيبىيە غازىتىدا كىشىلەر ئۇسساپ كەتكەن ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك تۇلۇم بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدا تاھارەت ئالغان ئىدى. كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا: بىزدە سىنىڭ تۇلۇمىڭدىكىدىن باشقا سۇ قالمىدى، دېدى. رەسۇلۇللاھ تۇلۇمغا قولىنى قويۇۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بۇلاق ئېتىلغاندەك سۇ چىققىلى تۇردى، دېگەن. جابىردىن: ئۇ چاغدا سىلەر قانچىلىك كىشى ئىدىڭلار؟ دەپ سورالغاندا، بىز بىر مىڭ بەش يۈز كىشى ئىدۇق، ئۇ سۇ يۈزمىڭ كىشىگىمۇ يېتەتتى، دېگەن. بۇ ۋەقەنى



www.munber.org



ساھابىلەردىن نۇرغۇن كىشى رىۋايەت قىلغان. مۇنداق نۇرغۇن ئادەم بار يەردە بىرەر كىشىنىڭ يالغاننى توقۇپ چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس، توقۇپ چىققان تەقدىردىمۇ، ۋۇجۇدىغان ھەققانىيەت سىڭگەن مۇنداق كۆپ ساھابىلەر بۇنىڭ يالغانلىقىنى پاش قىلاتتى، سۈكۈت قىلىپ تۇرمايتتى. بۇ ۋەقەنى رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىم ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى ئىنكار قىلمىغان، بۇ ئۇلارنىڭ دىلىدىن تەستىقلىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ تۈتۈپ قويۇشى ۋە دۇئا قىلىشى بىلەن سۇنىڭ كۆپەيگەنلىكىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مۆجىزە. مەسىلەن، مۇئاز ئىبنى جەبەل تەبۇك غازىتىدا بولغان مۇنداق بىر ۋەقەنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەبۇك غازىتىغا كەلگەنلەر بىر بۇلاققا كەلگەن، بۇلاقتىكى سۇ ناھايىتى ئاز بولۇپ يالتىراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار سۇنى قولىدا ئوچۇملاپ ئالغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئاز سۇ يىغىلغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدا يۈزىنى ۋە قولىنى يۇيۇشى بىلەنلا بۇلاقنىڭ سۈيى كۆپىيىپ ئېقىشقا باشلىغان، كىشىلەر بۇ سۇدىن ئىچكەن. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، سۇدىن خۇددى چاقماق چېقىلغاندەك ئاۋاز چىققان. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ئى مۇئاز، ئۆمرۈڭ بولسا، بۇ يەرنىڭ باغۇ ـ بوستان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن، دېگەن. بۇ ھەقتە تەبۇك غازىتى بابىدا توختالدۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى بىلەن ھۇدەيبىيەدىكى بۇلاق سۈيىنىڭ كۆپەيگەنلىكى بەرا بىلەن سەلەمە ئىبنى ئەكۋەرلەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ قەتادەمۇ رىۋايەت قىلىپ: مەلۇم بىر سەپەر ئۈستىدە كىشىلەر رەسۇلۇللاھقا ئۇسسۇزلۇقتىن شىكايەت قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ

بىر ئۆرۈق سورىدى، مەن ئۆرۈق ئەكىلىپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ ئۆرۈقنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ، جوغىسىنى ئاغزىغا ئالدى، بۇنىڭغا دەم سالدىمۇ، يوقمۇ، بۇنى الله بىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇغىنى قاندۇردى، قاچىلىرىنىمۇ تولدۇرىۋالدى. بايىقىشىمچە، ئۆرۈق مەندىن ئېلىنغان چاغدىكىدەكلا تۇراتتى. بۇ سەپەردىكى كىشىلەر يەتمىش ئىككى ئىدى، دېگەن.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاردا بولغانلىقىنى نۇرغۇن ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان. ئىشەنچلىك ئادەملەر رىۋايەت قىلغانلىقتىن، بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئادەم شەك قىلمايدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەركىتى ۋە دۇئاسى بىلەن ئۇزۇقلۇقنىڭ كۆپەيگەنلىكىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىدى. تەلھەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەنەس قولتۇغىغا قىسىپ كەلگەن بىر قانچە ئارپا نېنى بىلەن يەتمىش ـ سەكسەن ئادەمنى ئۇزۇقلاندۇرغان. رەسۇلۇللاھ بۇ نانلارنى ئۇششاق ئۇشتۇپ، ئۇنىڭغا الله خالىغان دۇئالارنى ئوقۇغان.

جابىرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، خەندەك غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ بىر سا*[بىر سا ـ ئىككى كىلو 812 گىرام. ـ ت]* ئارپا ۋە بىر چىشى ئوغلاق بىلەن مىڭ ئادەمنى غىزالاندۇرغان. جابىر بۇ رىۋايەتتە: ﷲغا قەسەمكى، ئۇ كۈنى ھەممە ئادەم تويدى، ئاش ئېشىپ قالدى، ئاش قازاندا قايناۋاتاتتى، ئېشىپ قالغان خېمىردا نان يېقىلىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ خېمىرغا ۋە قازانغا سۈۋ دەپ قويۇشى بىلەنلا، خېمىر بەرىكەتلىك بولۇپ كەتتى، دېگەن. ئەبۇ ئەييۇبنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئەبۇبەكرگە ئىككى كىشىلىك تاماق ئەتكەن. رەسۇلۇللاھ تاماقنى يۈز سەكسەن ئادەمگە يەتكۈزگەن. مۇنداق ۋەقەلەرنى





ئابدۇراخمان ئىبنى ئەبۇبەكرى، سەلەمە ئىبنى ئەكۋە، ئەبۇھۇرەيرە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر رىۋايەت قىلىدۇ.

ياغاچنىڭ رەسۇلۇللاھنى سېغىنىپ نالە قىلغانلىقىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىدى. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رىۋايەت قىلىپ: مەسجىدنىڭ خورما ياغاچلىرىدىن قىلىنغان تۈۋرۈكلىرى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇغان چاغدا شۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرىگە يۆلىنىپ تۇتۇپ ئوقۇيتتى. مۇنبەر ياسىلىپ، رەسۇلۇللاھ خۇتبىنى مۇنبەردە ئوقۇيدىغان بولغاندىن كېيىن، تۈۋرۈكنىڭ بوغاز ھايۋاندەك نالە قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق، دېگەن. ئەنەسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تۈۋرۈكنىڭ ئاۋازىدىن مەسجىد تىترەپ كەتكەن. سەھلىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، كىشىلەر تۈۋرۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتكەن. مۇتتەلىبنىڭ رىۋايىتىدە، تۈۋرۈك يېرىلىپ كەتكەن، رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇنىڭغا قولىنى قويۇشى بىلەن جىم بولغان. بەزىلەر بۇ رىۋايەتكە مۇنۇ رىۋايەتنى قوشقان: رەسۇلۇللاھ: بۇ تۈۋرۈك ﷲنىڭ زىكرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نالە قىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنى تۇتۇۋالمىسام، بۇ تۈۋرۈك قىيامەتكىچە نالە قىلغان بولاتتى، دېگەن. رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ شۇنداق قىلغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇنبەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگە. بۇ ھەدىسنى ئىشەنچلىك كىشىلەر رىۋايەت قىلغان. ساھابىلەردىن ۋە تابىئىنلار (ساھابىلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولغان مۇسۇلمانلار تابىئىن دېيىلىدۇ. ـ ت) دىنمۇ نۇرغۇنلىرى رىۋايەت قىلغان.

كېسەللەرنى ۋە مېيىپلارنى ساقايتىشىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئوھۇد غازىتىدا قەتادە ئىبنى نۇئماننىڭ

كۆزى مەڭزىگە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى ئۆز جايىغا سېلىپ قويۇشى بىلەن ساقىيىپ، ئەڭ چىرايلىق كۆز بولۇپ قالغان. زىقەرەد غازىتىدا ئەبۇ قەتادىنىڭ يۈزى ئوق تېگىپ يارىلانغاندا، رەسۇلۇللاھ ئوق تەگكەن يەرگە دەم سېلىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يارا يىرىڭدىمىغان. ئىبنى مۇلائىب ئەسىننە ئىستىقا كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قالغاندا، ئەلچىسىنى رەسۇلۇللاھقا ئەۋەتكەن. رەسۇلۇللاھ يەردىن بىر چىمدىم تۇپىنى ئېلىپ سۈف دەپ ئەلچىگە بەرگەن، ئەلچى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، تۇپىنى ئېلىپ كېلىپ ئىبنى مۇلائىب ئەسىننەگە بەرگەن. بۇ چاغدا ئىبنى مۇلائىب ئەسىننەنىڭ كېسىلى ئېغىر بولۇپ، ئۇ تۇپىنى كاپ ئېتىپلا ساقىيىپ كەتكەن. خەيبەر غازىتىدا ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنى ساقايتقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىندى. رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىلىرى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشەنچلىك مۇسۇلمان ئالىملىرى رىۋايەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىمۇ ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك: مېنىڭ ئانام ئۇممۇ سۇلەيم، ئى رەسۇلۇللاھ، خىزمەتچىڭ ئەنەسكە دۇئا قىلساڭ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ، ئى اللە، ئەنەسنىڭ مېلىنى ۋە بالىلىرىنى كۆپ ۋە بەرىكەتلىك قىلغىن دەپ دۇئا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ (ئەنەسنىڭ) مېلىم ۋە بالىلىرىم كۆپ. ھازىر مېنىڭ بالىلىرىم ۋە نەۋرىلىرىم بولۇپ 100 گە يېقىن ئەۋلادىم بار، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفكە مېلىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ھەققىدە دۇئا قىلغان. ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ تۆت خوتۇنىنىڭ



www.munber.org



ھەربىرىگە 80 مىڭ دىناردىن مىراس تەگكەن. ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف بىر قېتىم يەتتە يۈز تۆگىدىن تەركىپ تاپقان بىر سودا كارۋىنىنى تۆگىلىرى، جابدۇقلىرى ۋە ماللىرى بىلەن قوشۇپ سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەن.

رەسۇلۇللاھ مۇئاۋىيىگە زىمىندا قۇدرەتلىك بولۇشقا دۇئا قىلغان ئىدى، كېيىن مۇئاۋىيە زىمىندا خەلىپە بولدى. رەسۇلۇللاھ سەئدگە دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇشقا دۇئا قىلغاچقا، سەئدنىڭ ھەركىم ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى ئىجاۋەت بولاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئۇ ئارقىلىق ئىسلامنى قۇۋۋەت تاپقۇزۇش ھەققىدە قىلغان دۇئاسىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇ ئەبۇ قەتادەگە: اللە ساڭا نىجادلىق بەرسۇن، بەدىنىڭدىكى چاچ ۋە تۈكلەرنى بەرىكەتلىك قىلسۇن، دەپ دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ قەتادە يەتمىش يىل ئۆمۈر كۆرگەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى 15 ياشلىق بالىنىڭكىدەك ئىدى.

بۇلاردىن باشقا، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىجاۋەت بولغان دۇئالىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ، كىتاۋىمىزنى ئوقۇپ چىققان ئادەمگە ئايان. اللەنىڭ رەسۇلۇللاھقا كېلىچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى بىلدۈرگەنلىك مۆجىزىسى ناھايىتى ئاشكارىدۇر. ھۇزەيفە رىۋايەت قىلىپ: رەسۇلۇللاھ مەلۇم بىر جايدا تۇرۇپ قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى قويماي سۆزلەپ بەرگەن. بۇ سۆزلەرنى ئىسىگە ئېلىۋالغانلارمۇ، ئۇنتۇپ قالغانلارمۇ بار. مېنىڭ بۇ ھەمراھلىرىم ئۇنى بىلىدۇ، شۇ ئىشلاردىن بىرەرسى يۈز بەرسە، خۇددى بىر كىشى ئۆزىنىڭ تونۇش ئادىمىنى ئۇزۇن زامان كۆرمەي، ئاندىن كۆرگەندە ئەسلەپ تونۇغاندەك، ئۇ ئىشنى ئەسلەپ بىلىمەن. مېنىڭ ھەمراھلىرىم بۇنى ئۇنتۇدىمۇ ياكى ئۇنتۇغان بولۇۋالدىمۇ ئۇقمايمەن. اللەغا قەسەمكى، قىيامەتكىچە مەيدانغا



www.munber.org

كېلىدىغان پىتنە ــ پاساتقا قۇماندانلىق قىلغۇچىلاردىن 300دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىسمىنى، فامىلىسىنى ۋە قەبىلىسىنى رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئالدىمىزدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە ئېيتىپ بەرگەن ئۇنىڭ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، مەككە، بەيتۇلمۇقەددەس، يەمەن، شام ۋە ئىراقلارنىڭ فەتھى قىلىنىشى، تىنچلىقنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشى ئارقىسىدا، ئايالالارنىڭ اللهدىن باشقىدىن خەۋپلەنمەي ھىرەدىن مەككىگىچە يالغۇز سەپەر قىلالىشى، مەدىنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىشى، ئەلىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا خەيبەرنىڭ ئەتىسلا فەتھى قىلىنىدىغانلىقى، ئۇممەتنىنىڭ اللهنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنى فەتھى قىلىپ، مال ــ مۈلۈكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە كىسرا، قەيسەرلەرنىڭ غەزىنىلىرىنى بۆلۈشىدىغانلىقىغا ئائىت ھەدىسلەرنى ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى ۋە ھەدىس ئىلمىنىڭ پېشىۋالىرى رىۋايەت قىلغان. مەزكۇر ئىشلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنغانلىرىنى بايان قىلدۇق، بۇ جەھەتتە كۆپ توختالمايمىز، يۇقىرقىلار كۇپايە.

اللهنىڭ رەسۇلۇللاھقا كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستى، زىيان ــ زەخمەتلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىلتىپاتىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىسى ئىدى. الله قۇرئاندا رەسۇلۇللاھقا قارىتا: ”الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.“(سۈرە مائىدە، 67 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ”رەببىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋرى قىل، سەن بىزنىڭ ھىمايىمىزدە.“ (سۈرە تۇر، 48 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ”الله بەندىسىگە كۇپايە ئەمەسمۇ؟“ (سۈرە زۇمەر، 36 ــ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ”بىز سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا چوقۇم تېتىيمىز.“ (سۈرە ھىجر، 95

www.munber.org





ــ ئايەت) دېگەن. ”الله سېنى ساقلايدۇ“ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ مۇھاپىزەتچىلىرىگە: كېتىڭلار، الله مېنى ساقلايدۇ، دېگەن. دۇسۇر پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، الله ئۇنى ساقلىغانلىقىنى، اللهنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئەبۇجەھىلنىڭ نۇرغۇن سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىغانلىقىنى، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان كېچىسى اللهنىڭ رەسۇلۇللاھقا قىلغان ئىلتىپاتىنى ۋە يولدا سۇراقە بىلەن بولغان ۋەقەنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

قىسقىسى، بۇ جەھەتتە شۇ نەرسە يېتەرلىككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشەددى دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا مەككىدە ئون ئۈچ يىل تۇردى. مەدىنىدە مۇناپىق ۋە يەھۇدىيلار ئارىسىدا ئون يىل تۇردى. بۇ جەرياندا، دۈشمەنلىرىدىن ھېچ بىرسى رەسۇلۇللاھقا زىيانكەشلىك قىلالمىدى. تاكى ئىسلام دىنى غەلىبە قىلىپ تاكامۇللاشقانغا قەدەر، ئىگىسى الله رەسۇلۇللاھنى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. اللهغا ھەمدۇ ئېيتىمىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەيمىز. الله كۆپ ھەمدۇ ئېيتقۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ؛ اللهدىن بۇ تەرجىمھالنى ئوقۇغانلارنى رەسۇلۇللاھقا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز!

خۇداغا شۈكرى، سەييىدىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە، دوستلىرىغا الله رەھمەت قىلسۇن!

www.munber.org